مۇھەممەت شاھنىياز

# كەلگۈسىنىڭ شائىرى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

مۇھەممەت شاھنىياز

# كەلگۈسىنىڭ شائىرى

( رومان )



مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم


ئاجايىپ سوۋغا ........................ 2
ئالتۇن ئاچقۇچ ........................ 10
مەنمۇ پىرچەڭگى بولىمەن ........................ 24
تىرىشقان تاپار، تاشقا مىخ قاقار ........................ 40
خاسىيەتلىك بىر كۈن ........................ 48
مىياۋلىغان مۈشۈك ........................ 55
ئىككى تامچە ياش ........................ 70
ئابدۇخالىقنىڭ ئىككىنچى مەكتىپى ........................ 87
سۈننەت توي ........................ 101
ئىككى مۆجىزە ........................ 116
بەگزادىنىڭ مىنىشكە ئېتى يوقمۇ ........................ 126
لىگالار بىلەن ئامىرلار پاجىئەسى ........................ 135
تام ئۈستىدە يېزىلغان شېئىر ........................ 142
ئاجايىپ بالا ........................ 153
يېڭى دوستلار ........................ 165
سىرلىق تېلېگرامما ........................ 177


## ئىككىنچى قىسىم


خۇش خەۋەر ........................ 187
ئابدۇخالىقنىڭ كېسىلى ........................ 194

غەلىتە كۈلكە ........................................ 205
ئۆگزىدە سايرىغان پاختەك ........................................ 223
قوش شەھىرى ........................................ 234
مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالسىلا جان ئاتا... ........................................ 253
بۇ — مېنىڭ ئانا يۇرتۇم ........................................ 263
دەقيانۇس رىۋايىتى ........................................ 270
چاقىرىلمىغان مېھمان ........................................ 284
ئەپچىل يول ........................................ 296
بالىلارنىڭ دوستى ........................................ 309
زۇلمەتلىك بىر كۈن ........................................ 319
مەشئەل ........................................ 328
باتۇرنىڭ بېشى ........................................ 337
تۇنجى سودا ........................................ 346
ئەڭ چوڭ شائىر ........................................ 355
تۇنجى سۆز — ئوچىن خاراشۇۋ① ........................................ 367

① ئوچىن خاراشۇۋ — ناھايىتى ياخشى (رۇسچە).

# برینچی قسم

# ئاجايىپ سوۋغا

1906 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاڭ سەھەر.

ئىدىقۇت تېغى كەينىدىن كۆلۈپ چىققان قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىدا كۆككە بوي سوزغان تۇرپان مۇنارى يىراقتىن ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. تۇرپان يېڭىشەھەرنىڭ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بازىرىدا ئەتىگەن بولغاچقىمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىن كوچا بويلاپ غەربكە قاراپ ئىككى چاقىرىمدەك ماڭغاندا، ئاندىن كىچىكرەك بىر مەيدانغا چىققىلى بولاتتى. مەيداننىڭ جەنۇبىي تۇرپاندىكى داڭلىق قازىخانا مەسچىتىگە تۇتىشاتتى. شىمالىي تەرەپتە پاكار - پاكار كىچىك دۇكانلار غېرىبسىنىپ قالغان مۇساپىرلاردەك چوقچىيىپ تۇراتتى. مەيداننىڭ غەربىدە راھىبسىز قالغان شىڭ سۈڭمياۋ بۇتخانىسى توپا - چاڭغا غەرق بولۇپ مىسكىن كۆرۈنەتتى. بۇ بۇتخانىنىڭ شىمالىي تەرىپى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان سودىگەر كوچىسى بىلەن تۇتىشاتتى. سودىگەر كوچىسىغا كىرىپ غەربكە قاراپ بىر چاقىرىمدەك يول يۈرگەندە كوچىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان سودىگەر مەسچىتىنىڭ ئالدىغا چىققىلى بولاتتى.

بۈگۈن ئەتىگەندە سودىگەر مەسچىتىنىڭ ئالدىدا نامازدىن يانغان بىر توپ ئادەم چوڭ سودىگەر مىجىت ھاجىنى ئورىۋالغانىدى. مىجىت ھاجى بۇ يىل ئەتىيازدا روسىيىگە سودىغا كېتىپ تېخى تۈنۈگۈنلا نۇرغۇن مال ئېلىپ قايتىپ كەلگەنىدى. كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشىغا يوغان سەللە ئورىغان، كۆزلىرى چوڭ، قاڭشارلىق، ئىككى مەڭزى گىردىدەك قىزىل پارقىراپ تۇرىدىغان، ئەپچىل ياسىنىۋالغان، قاپقارا ساقال - بۇرۇتىدىن

45 ياشلاردا ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىشقا بولىدىغان مىجىت ھاجى ھەممە كىشىنى ئۆز ئاغزىغا قارىتىۋالغانىدى.

مىجىت ھاجى خۇشخۇي، قىزغىن ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆز ئاغزىغا قاراپ تۇرغان قوشنا ـ قۇلۇم، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە تۇرپاندىن ئېلىپ بارغان ماللىرىنى ئالدىنقى يىللاردىكىدەك شەھىرىدىلا سېتىۋەتمەي، بەلكى ئۇ ماللارنى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ قازان شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ ئۇ يەردىن 6 ـ ئايدا يەرمەنكە بولىدىغان نوۋگورد شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ رۇس سودىگەرلىرىگە سېتىپ كۆپ پايدا ئالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان كىچىك سودىگەر، دۇكاندار، تىجارەتچىلەر ھەيران قېلىشتى.

مىجىت ھاجىنىڭ ھەمراھى ئەبەيدۇللا شەمەيچى قازان شەھىرىنىڭ چوڭلۇقى، ۋولگا دەرياسىنىڭ شەھەرنىڭ قېشىدىلا ئېقىپ تۇرىدىغانلىقى، دەريادا ئونلىغان كېمە، پاراخوتلارنىڭ ئۇزۇپ قاتنايدىغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ قازان شەھىرىدىن نوۋگورودقا بارغىچە ئوت ھارۋىسى ( پويىز ) غا ئولتۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگىنىدە تېخىچە ئاپتوموبىل ماشىنىسىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بۇ تۇرپانلىقلار ھەيران بولۇپ ئاغزىلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى.

مىجىت ھاجى بىلەن ئەبەيدۇللا شەمەيچى ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشىپ خېلى ئۇزاق ھايال بولدى. ئۇلار قۇياش ئۆرلەپ يەر ـ جاھاننى قىزدۇرۇشقا باشلىغان چاغدىلا تارقاشتى.

مىجىت ھاجى زۇپەر ھاجى كوچىسىغا جايلاشقان قورۇسىنىڭ ئالدىدا ئەبەيدۇللا شەمەيچى، زۇپەر ھاجىلار بىلەن خوشلاشتى. ئۇ قورۇ ئىچىگە كىرىپ تاشقىرقى ھويلىدا بەش ياشلاردىكى نەۋرىسى ئابدۇخالىقنى بىر توپ بالىلارنىڭ ئورىۋالغانلىقىنى كۆردى. كىچىك بالىغا ئامراق مىجىت ھاجى بالىلارغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

بۇ 8 — 10 بالىنىڭ يېشى چوڭراقلىرىنىڭ مۇرىسىگە ئېسى-ۋالغان جىلتىلىرىنىڭ ئىچىدىن ھەپتىيەك (قۇرئاننىڭ كىچىك سۈزلىرىدىن تۈزۈلگەن ئوقۇشلۇق) كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يېشى كىچىكرەك بالىلار بولسا موللىسى ئۆگەتكەن كۇندىلىك ساۋىقى (دەرسى) بولغان ئېلىپ ا (ئا)، بە (ب)، تە (ت)، سە (س) يېزىلغان قوينىڭ گۇرجەك سۆڭىكىنى، بەزەن بالىلار بولسا ئالى-قاندىن چوڭراق تاختىنىڭ تۇتقۇچىنى تېشىپ بوغقۇچ ئۆتكۈزۈپ بوينىغا ئېسىۋېلىشقانىدى. بۇ ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئوقۇشلۇقى ئىدى. جاھالەت بۇلۇتى قاپلىغان كونا تۇرپان دۇنيانىڭ ئىلغار تەرەققىياتىدىن نەچچە يۈز يىللار كەينىدە قېلىپ بىرەر پەننى مەكتەپ ئېچىشقىمۇ قادىر بولالمىغان ئىدى. شۇڭا نۇرغۇنلىغان بالىلار ئوقۇشسىز قالغان ئىدى. پەقەت ئاز ساندىكى بالىلارلا دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇيتتى.

ئابدۇخالىقنى ئورىۋېلىشقان بالىلار مىجىت ھاجى روسىيە-نىڭ قازان شەھىرىدىن ئالغاچ كەلگەن دەپتەر، قېرىنداش قە-لەم، قەلەم قۇتىسى، ئېلىپبە ۋە سومكىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قېلىشتى. ئۇلار ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان بۇ نەرسىلەرنى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ئادەتتىكى بۇ ئوقۇش قوراللىرى تۇرپان بالىلىرى ئۈچۈن چوڭ بىر يېڭىلىق ئىدى.

— ھوي ئوبدان ئاداشلىرىم، كۆرسەڭ كۆزگە پايدا، ئاغزىڭ-نى يۇمساڭ سۆزگە پايدا. مۇنداق تۇرساڭلىرا، مەنمۇ كۆرۈپ باقايلىلا، — دېدى بالىلارنىڭ قېشىدا تۇرغان ئورۇق، ئېگىزرەك كەلگەن كىيىملىرى كونا بىر بالا، ئۇ توپنىڭ كەينىدە ئىدى. ئۇ بالىلارنى نوقۇپ يۇرۇپ قىستىلىپ، ئوتتۇرىدىكى ئابدۇخالىقنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئابدۇخالىق ئۆزىدىن 5 — 6 ياش چوڭ، ناتونۇش بۇ بالىغا قاراپ يېتىرقاپ قالدى. ئۇ ھەيىيار بالا بۇنى سېزىۋالدى ـ دە:

— مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ ئابدۇخالىق ئۇكەم. ئەزان ئېيتىپ قويغان ئېتىم نۇرۇللا، سىلەر بىلەن تونۇشقۇ بىز بۇرۇن-

لا! — دېدى بىر كۆزىنى قىسىپ، بىر كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ. بالىلار:

— نۇرۇللا، بۇرۇنلا — دېيىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ئابدۇخالىققا نۇرۇللانىڭ گەپ - سۆزلىرى بىلەن ھەرىكەتلىرى قىزىق تۇيۇلۇپ ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى. ئۇ نۇرۇللاغا:

— مانا كۆرۈڭ، — دەپ قەلەم قۇتىسىنى سۇندى. نۇرۇللا قەلەم قۇتىسىنى قولىغا ئېلىپ:

— ۋۇي - يۇ، نېمانداق چىرايلىق قۇتا بۇ، — دەپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ ئابدۇخالىققا قايتۇرۇپ بەردى. ئاندىن ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ قولىدىكى ئېلىپبەنى ئالدى، ئالدىغا چۈشۈۋالغان جىلتىسىنى كەينىگە قىلىپ قويۇپ:

— بۇ ھەپتىيەككە ئوخشىمايدىغۇ، — دېدى كۆزىنى چەكچەيتىپ.

— بۇ دېگەن ئېلىپبە، — دېدى ئابدۇخالىق.

— بۇ ”ئېلىپ - بە“ بولسا مانا سىزگە بەردىم مە، — دەپ نۇرۇللا ئېلىپبەنى ئابدۇخالىققا قايتۇرۇپ بەردى.

نۇرۇللانىڭ ئۇرغۇلۇق گەپلىرى بالىلارنى يەنە بىر پەس كۈلدۈردى. نۇرۇللا ھېچ ئىش بولمىغاندەك بالىلارنىڭ قولىدىن دەپتەر، قېرىنداش قەلەمنى ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ بىر دەمدىن كېيىن قولىدىكى نەرسىلەرنى ئابدۇخالىققا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ سورىدى:

— بۇلارنى نېمە قىلىسىز؟

ئابدۇخالىق ئېلىپبەنى كۆرسىتىپ:

— بۇنى ئوقۇيمەن. ئۇ ماڭا بىلىم ئۆگىتىدۇ. ئاخشام ھاجىم دادام شۇنداق دېگەن، — دېدى.

ئاندىن ئۇ دەپتەر بىلەن قەلەمنى كۆرسىتىپ:

— ئۆگەنگەن خېتىمنى قەلەم بىلەن دەپتەرگە يازىمەن، — دېدى ئەستايىدىللىق بىلەن.

— بۇ چىرايلىق قۇتىنى نېمە قىلىسىز؟ — سورىدى نۇرۇللا.

— بۇ قەلەم سالىدىغان قۇتا، — دېدى ئابدۇخالىق.
ئاندىن ئۇ ئەترەڭ سىرلانغان، گۇللىرى چاقناپ تۇرغان سومكىنى كۆرسىتىپ:
— بۇ سومكا، — دېدى.
باللار:
— سومكا ـ سومكا، — دېيىشسە، نۇرۇللا:
— سومكا ـ پومكا، مومكا، — دېگىنىچە تۇردى.
— پومكا، مومكا ئەمەس، سومكا! دۇرۇس دەڭ، خاتا دېمەڭ، — دېدى ئابدۇخالىق قىزىرىپ.
ئابدۇخالىقنىڭ ئاچچىقى كەلگىنىنى سەزگەن نۇرۇللا:
— بولىدۇ سومكا، — دېدى ـ دە، ئابدۇخالىقنىڭ قولىدىن يان تەرىپىدە كىچىك تۇتقۇچى بار سومكىنى ئېلىپ ئاچتى. نۇرۇللا بىر قولى بىلەن سومكىنىڭ ئىچىنى تۇتۇپ كۆرۈپ دېدى:
— ئورۇس دېگەن ئەجەپ يامان خەق ئىكەن. بۇنىمۇ قەلەيدىن ياساپتۇ. ئاتام: «خوجىنىڭ خوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى» دېگەن. بۇ قەلەم بىلەن ئۇنى ئۇچلايدىغان بەكىنى بۇ قۇتىنىڭ ئىچىگە سالغۇدەك، بۇ قۇتا بولسا دەپتەر، ئېلىپبە بىلەن قوشۇلۇپ بۇ سومكىنىڭ ئىچىگە چۈشكىدەك.
نۇرۇللا سومكىنى ئابدۇخالىققا بېرىۋېتىپ قېلىن بىر دەپتەرنى قولىغا ئېلىپ دېدى:
— ئابدۇخالىق ئۇكەم، قالغان نەرسىلەرنى ھاجىم دادىڭىز قازان شەھىرىدىن سېتىۋالغان بولسىمۇ، بۇنى بىلسەم ـ بىلمىسەم تۇۋاق شەھىرىدىن سېتىۋالغان. يالغان دېسەڭلار مانا قاراڭلار، بۇ ھەممىسىدىن چوڭ تۇرمامدۇ؟
— ھا ـ ھا ـ ھا!
— پىخ ـ پىخ!
باللار كۈلۈشۈپ كەتتى. بىر چەتتە تۇرغان مىجىت ھاجىمۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. باللار شۇ چاغدىلا كەينىگە قاراپ مىجىت

هاجىنى كۆردى. مىجىت هاجى كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ
دېدى:
— ئۇنىمۇ قازان شەھىرىدىن سېتىۋالغان. سەن بىكار سۆز-
لىمە. تۇۋاق شەھىرى دەپ شەھەر يوق.
— قازان شەھىرى بولغان يەردە، تۇۋاق شەھىرىمۇ باردۇ
دەپتىمەن هاجىم دادا، — دېدى نۇرۇللا ھىجىيىپ. باللار پاراق-
لىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. مىجىت هاجى ئۈنچىقارمىدى. نۇرۇللا
مىجىت هاجىنىڭ تىكىلىپ قارىشىدىن خىجالەت بولۇپ، ماتا
ئىشتىنىنىڭ يىرتىق تىزىنى سىلاپ، توپا - چاڭ بېسىپ يېرىلىپ
كەتكەن يالاڭ ئاياغ پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ لېۋىنى چىشلىدى.
— ئەجەپ تۇرگۇن[1] بالىغۇ بۇ، ئاتاڭ كىم؟ — سورىدى
مىجىت هاجى نۇرۇللادىن.
نۇرۇللا يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:
— مەن جاي مەھەللىسىدىكى هاپىز داپىنىڭ بالىسى. چوڭ
مەسچىتتىكى خېلىل موللامدا ئوقۇۋاتىمەن، — دېدى كەينىگە
كەتكەن جىلتىسىنى ئالدىغا تارتىپ قويۇپ.
— موللىغا بارماي بۇ يەرگە كەپسەنغۇ، بىرەر ئىشىڭ
بارمىدى؟
— ئاتام ئەبەيدۇللا بايغا بىر گەپنى دەپ قويغىن دېگەن.
ئۇلارنىڭ ئىشىكىگە كەلسەم، جىق باللار مۇشۇ كۇرە[2] گە يۈگۈ-
رۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. «نېمە بولغاندۇ» دەپ مەنمۇ باللارنىڭ
كەينىدىن كەلگەن، — دېدى نۇرۇللا.
مىجىت هاجى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ مېھمانخانا ئۆيىگە
كىرىپ كەتتى.
باللاردىن بىرى ئابدۇخالىقنىڭ يېنىدا تۇرغان 7 — 8

---

(1) تورگۇن — جۈرئەتلىك، ئەقىللىق (تۇرپان شىۋىسى).
(2) كۇرە — هويلا، قورۇ.

ياشلارغا كىرىپ قالغان ھېسامىددىندىن سورىدى:
— ئاتاڭ ساڭا شەمەيدىن نېمە ئەكەپتۇ؟
— مۇنىنى ئەكەپتۇ، مېنىڭ نوچى مانا كۆردىڭمۇ، — ھېسامىددىن قولىدىكى ئويۇنچۇق تاپانچىنى بات قىلىپ كۆرسەتتى.
— بۇ نېمە؟ — باللار قىزىقىپ كۆردى.
— پاڭ - پاڭ قىلىپ دۇشمەننى ئاتىدىغان تاپانچا، — دېدى ھېسامىددىن.
باللار «تاپانچا - تاپانچا!» دېيىشىپ بىر - بىرىدىن تالىشىپ سەكرىشىپ كەتتى.
— توختاڭلار ئاداشلىرىم، — دېدى نۇرۇللا باللارغا. باللار چىپپىدە توختاشتى.
— بۇ تاپانچا دېگەن مىلتىقنىڭ بالىسى ئىكەن - دە، — دېدى نۇرۇللا تاپانچىنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈۋېتىپ.
باللار: «مىلتىقنىڭ بالىسى!» دېيىشىپ چۇرقىراشتى.
باللار ھېسامىددىندىن سوراشقا باشلىدى:
— ساڭا يەنە نېمە ئەكەپتۇ؟
— شاكىلات ئەكەپتۇ.
— شاكىلات دېگەن قانداق نېمە ئۇ، نېمە قىلىدۇ ئۇنى؟
— ھەي ساراڭ، ئۇچۇ ئەجەپ تاتلىق ئۇنى يەيمىز، — ھېسامىددىن يانچۇقىدىن بىرنەچچە تال شاكىلات ئېلىپ باللارغا بەردى.
ئۇچ بالىغا يەتمىۋېدى، ئابدۇخالىق يانچۇقىدىن ئۇچ تال شاكىلات ئېلىپ ئۇلارغا ئۇلەشتۇرۇپ بەردى. پەيزۇللا دېگەن سېرىق بالا:
— بۇ شاكىلات دېگەن بىر نېمە قەغەزدەكلا ئىكەنغۇ بۇنى قانداق يېگىلى بولىدۇ؟ — دېدى ئېپسەنگىرەپ.
— ھەي سېرىق ئالتۇنۇم، ھاماقەت ئالتۇنۇم، بۇ قەغەز

شاكىلاتنىڭ چامچىسى[1] ئورۇس دېگەن مىڭ بىر ھىيلىسى بار يامان خەق ئۇ، بىزنىڭدەك قولى توپا باللار تۇتسا يەيدىغان نېمە مەينەت بولىدۇ دەپ قەغەزگە يۆگەپ قويغان گەپ. قەغەزنى مۇنداق سويۇۋېتىپ، مۇنداق يېمەمسەن — نۇرۇللا ئابدۇخالىقنى دوراپ شاكىلاتنىڭ قەغىزىنى سويۇۋېتىپ مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلىدى. باللار شاكىلات يەۋېتىپ ئابدۇخالىقنىڭ يېنىدا تۇرغان ئورۇق، ئېگىزرەك كەلگەن ھەبىبۇللادىن سوراشتى:

— ساڭا ئاتاڭ نېمە ئەكەپتۇ؟

— ئاتام ماڭا مۇنىنى ئەكەپتۇ، ھەجەپ جىق، — دېدى ھەبىبۇللا يانچۇقىدىن بىر كاللەك قەنتنى چىقىرىپ.

نۇرۇللا ئاۋۋال ئابدۇخالىققا، ئاندىن ھېسامىدىن بىلەن ھەبىبۇللاغا قاراپ دېدى:

— ئۇچىڭلارغا ئاتاڭلارنىڭ شەمەيدىن ئېلىپ كەلگەن سوۋغىسى ئىچىدە مۇشۇ ئابدۇخالىققا ھاجىم دادىسى ئېلىپ كەلگەن سوۋغا بىر تۇرپاندا كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ سوۋغا ئىكەن، دېگەن بىلەن سىلەرگە ئەكەلگەن سوۋغىلارمۇ نوچىكەن.

نۇرۇللا ھېسامىدىن بىلەن ھەبىبۇللاغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— خوش ئاداشلار، مەكتىپىمگە كېچىكىپ موللامدىن ئەدىپىمنى يېمەي يەنە، — دەپ باللار بىلەن خوشلىشىپ ھويلىدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى نۇرۇللا. «ئابدۇخالىققا ھاجىم دادىسى شەمەيدىن ئاجايىپ سوۋغا ئەكەپتۇ» دېگەن بۇ خەۋەر ھايت-ھۇيت دېگۈچە تۇرپانغا پۇر كەتتى. بۇ ئاجايىپ سوۋغىنى كۆرۈشكە كەلگەن باللارنىڭ بىرنەچچە كۈنگىچە ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

---

[1] چامچا — كۆينەك.

# ئالتۇن ئاچقۇچ

ئورنى تۆت مو كېلىدىغان مىجىت ھاجى قورۇسى تاشقى ھويلا ۋە ئىچكى ھويلا دەپ ئىككىگە ئايرىلاتتى. بۇ چوڭ قورۇنىڭ زوپەر ھاجى كوچىسىغا قارايدىغان دەرۋازىسىدىن كىرگەندە دەرۋازا يېنىدىكى كىچىك ئۆيدە ئىككى خىزمەتكار تۇراتتى. جەنۇب تەرەپتىكى شەرقتىن غەربكە قاتار سېلىنغان بىرىنچى ئۆي مېھمانخانا، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئۆيلەر دۇكان ئىدى. بۇ دۇكاندا مىجىت ھاجى روسىيەدىن ئېلىپ كەلگەن ماللارنى ئۇنىڭ كۈيئوغلى ئابدۇراخمان مەخسۇم توپ ساتاتتى. دۇكانغا يانداش چوڭ ئاتخانا سېلىنغان ئىدى. ئاتخانا قورۇنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدىكى سىركىچى كوچىسىغا تۇتىشاتتى. بۇ قورۇنىڭ سىركىچى كوچىسىغا قارىغان چوڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى ئۆيدە ھارۋىكەش ئايۇپ بىلەن ئات باقار ئايىتلار يېتىپ قوپاتتى. ئادەتتە يۈك - تاق، مال ئېلىپ كەلگەن كارۋان، ھارۋىلار مۇشۇ دەرۋازىدىن كىرەتتى. ھويلىنىڭ ئىچىگە شەرقتىن غەربكە قاتارىسىغا ئالتە تال چوڭ تۈۋرۈك قويۇلۇپ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىن بىر مېتىردەك ئېگىز كۆتۈرۈپ لەمپە قىلىنىپ سېلىنغان ئىدى. بۇ لەمپىنىڭ ئاستى ئامبار قىلىنغان ئىدى. تاشقى ھويلا بىلەن ئىچكى ھويلىنى بىر تام ئايرىپ تۇراتتى. ئىچكى ھويلىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە جايلاشقان جەنۇبقا قارىغان ئىشىكىدىن كىرگەندە، ئىشىك تۈۋىدە بىر ئېگىز چوڭ ئۆي بولۇپ بۇ ئاشخانا ئىدى. بۇ ھويلىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدىكى كەينى سىركىچى كوچىسىغا تۇتىشىدىغان ئىككى ئېگىز ئۆي رۇسلارنىڭ پار مۇنچىسىغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان ھاممام ئىدى. ھويلىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى

شەرقتىن غەربكە قاتارىسىغا سېلىنىپ ئالدىغا ئايۋانچە چىقىرىلغان ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ كۆن چىقىش تەرەپتىكى تۆت ئېغىزىدا مىجىت ھاجى قوشناچى ئەرەمسىما خېنىم بىلەن نەۋرىسى ئابدۇ-خالىق تۇراتتى. كۈن پېتىش تەرەپتىكى ئالتە ئېغىز ئۆيدە مىجىت ھاجىنىڭ قىزى نىيازخان ئېرى ئابدۇراخمان مەخسۇم بالا - چاقىلىرى بىلەن بىرگە تۇراتتى.

مىجىت ھاجى 1897 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى ئەتىيازدا ئۇرپانىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن پاختا، قۇرۇق ئۈزۈم، يۇڭ - تېرە دېگەندەكلەرنى روسىيىنىڭ شەمەي شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ سېتىپ ئۇ يەردىن پولات - تۆمۈر، تۇنكە جابدۇقلار، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، قەنت - گېزەك، گەزمال ئېلىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ كۈيئوغلى ئابدۇراخمان مەخسۇم بۇ ماللارنى ئۇرۇمچى ۋە تۇرپاندا توپ ساتاتتى.

مىجىت ھاجى ياشلىقىدا لۈكچۈن خانلىق مەدرىسىنى پۈتكۈز-گەن بولۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان، خەنـ-زۇچە، رۇسچە تىللاردىن خەۋىرى بار، سودىدا ئېپى بار، بىرقانـ-چە دۆلەتلەرگە بارغان، كۆرگەن، بىلىدىغىنى كۆپ، كىتابخۇ-مار، يېڭىلىقنى ئۆزىگە تېز قوبۇل قىلىدىغان ئادەم ئىدى.

مىجىت ھاجى نەۋرىسى ئابدۇخالىقنى ئەگەشتۈرۈپ ئىچكى ھويلىغا كىرىشكە ئالدىغا ئەرەمسىما خېنىم چىقىپ كەلدى.

ئەرەمسىما خېنىم يېشى قىرىقتىن ھالقىغىنىغا قارىماي ياش-لىقىدىكى گۈزەللىكنى يوقاتمىغان، ئاق يۈزلۈك، ئاھۇ كۆزلۈك قاش - كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، بىلەكتەك توم قارا ئىككى ئۆرۈم چېچى ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان، قەددى - قامىتى كېلىشكەن ئايال ئىدى. ئۇ بېشىغا سېلىۋالغان لېچەكنى تۈزەپ قويۇپ مىجىت ھاجىغا دېدى:

— نامازدىن كېچىكىپ چۈشتىلەمۇ؟ ئەتىگەنلىك ناشتا تەييار بولغىلى نىكەم. ئابدۇخالىقمۇ ئۆيدىن چىقىپ يىتىپلا كەتتى.

ئۆزۈم بىر قاراپ باقايچۇ دەپ مېڭىشىم ئىدى.

مىجىت ھاجى كۈلۈمسىرەپ:

— بامداتتىن كېيىن ئەل ـ ئاغىنە، بۇرادەرلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، پاراڭدىشىپ تۇرۇپ قالدۇق، — دېدى.

— يۇرسىلە قېنى ئۆيگە، قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەندۇ، كۈن چىققىلى نەگاخ[1]، — ئەرەمسىما خېنىم شۇنداق دەپ ئابدۇ-خالىقنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى.

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن مىجىت ھاجى خاس خانىسىدا دەم ئېلىۋاتاتتى. خىزمەتكار كىرىپ مېھمان كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. مىجىت ھاجى بۇنى ئاڭلاپ ئىتتىك تاشقىرىقى ھويلىغا چىقتى. مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئالدىدا لۈكچۈن بەگ جەمەتىدىن بول-غان 28 ياشلىق تاھىر بەگ بىلەن ئاستانىلىق 21 ياشلىق ياش سودىگەر مەخسۇت مۇھىتى تۇراتتى.

مىجىت ھاجى قىزغىن سالام بەرگىنىچە ئىككى مېھمان بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرغىنىدا دەرۋازىدىن يەنە ئىككى مېھمان كىر-دى. ئۇلارنىڭ بىرى ئەنجان شەھىرىدىن سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن تۇرپانغا كېلىپ يەرلىشىپ تۇرۇپ قالغىنىغا 20 يىل بولغان يېشى 50 تىن ئېشىپ چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن بولسىمۇ تېتىك كەلگەن ئۆزبېك سودىگەر ئەھرارخان تۆرە ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ھەمراھى بولسا بېشىغا بادام دوپپا، ئۈچىسىغا ناۋاترەڭ شىرىستىن تىكىلگەن كۆينەك ۋە شىم كىيگەن 30 ياشلاردىكى ساقال ـ بۇرۇتلۇق سۆلەتلىك كىشى تۇرپانغا سودا قىلىپ كېلىپ تۇرۇپ قالغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان تاشكەنتلىك سودىگەر پولاتباي بەدەلبايىۋ ئىدى. تاھىربەگ بىلەن مەخسۇت مۇھىتى ساھىبخان مىجىت ھاجى بىللە بىلەن ئىككى مېھماننىڭ

---

[1] نەگاخ — نەۋاق ـ نىڭ تۇرپان شىۋىسى.

ئالدىغا بېرىپ سالاملاشتى. مىجىت ھاجى مېھمانلارنى مېھمانخا-
نىغا تەكلىپ قىلدى. ئالدىدا ياشقا چوڭ ئەھرارخان تۆرە، ئۇنىڭ-
دىن كېيىن پولاتباي، تاھىر بەگ، مەخسۇت مۇھىتلار بىر-
بىرلەپ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىشتى.

مېھمانخانا چوڭ، ئازادە بولۇپ ئاستى-ئۈستى تاختايلىق،
يوغان ئىككى دېرىزىلىك ئىدى. دېرىزىلەرگە يېشىل دۇخاۋا پەر-
دىلەر ئېسىلغان ئىدى. تۆر تامغا خوتەننىڭ لوڭقا گۈللۈك گىلە-
مى تارتىلغان. سول تەرەپ تامغا چىقىرىلغان چۆرىسى نەقىشلەن-
گەن ئىككى چوڭ ئويۇقتا چاقناپ تۇرغان ئانارگۈلى كەشتىلەنگەن
ياستۇق، دۇخاۋا كۆرپىلەر تىزىلغان. چوڭ ئويۇقنىڭ ئۈستىدى-
كى كىچىك ئويۇقلارغا ئاجايىپ نەپىس ئىشلەنگەن گۈل لوڭقى-
سى، لېگەن، ھەر خىل تۈردىكى ئېسىل تاۋاقلار تىزىلغانىدى.

مېھمانلار گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان مېغىزلاپ تىكىلگەن
كۆرپىلەردە ئولتۇرۇشتى. خىزمەتكار ئاپتۇۋا-چىلاپچا ئەكىرىپ
مېھمانلارنىڭ قولىغا بىر-بىرلەپ سۇ ئالدى. داستىخان سېلى-
نىپ مېھمانلارغا سوغۇق چاي تۇتۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن خىز-
مەتكار لېگەنلەردە ئىسسىق نان، تەخسىلەردە قەنت-گېزەك،
پېچىنە-پىرەنىك مېغىز، ئۆرۈك قېقى ئېلىپ كىرىپ داستىخان-
غا تىزدى. مېھمانلارغا قىزىق چاي تۇتتى. مېھمانلار چاي ئىچ-
كەچ مەزەلەرگە ئېغىز تېگىپ بولۇشىغا ئوخشىغان گۆش نان،
سامسا كەلتۈرۈلدى. مېھمانلار يەپ ئىچكەچ روسىيىدىكى يېڭى-
لىقلار، سودا-سېتىق ئىشلىرى ئۈستىدە قىزغىن پاراڭغا
چۈشۈپ كېتىشتى.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندە مېھمانخانىغا ئىككى ئادەم
كىرىپ كەلدى. ئىككى مېھماننىڭ ئالدىدىكىسى ئېگىز بويلۇق،
بۇغداي ئۆڭلۈك، ئات يۈزلۈك، ئەپچىل ساقال-بۇرۇت قويۇۋال-
غان، بېشىدىكى ئاق شاپاق بۆكى بىلەن ئۇچىسىدىكى ئاق يەكتى-

كى بويىغا ياراشقان 19 — 20 ياشلاردىكى بىر تالىپ[1] ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىكى مېھماننى باشلاپ كىرگەن ئادەم ئارا بوي، ئاق سېرىق، ساقاللىق كەلگەن ئۇچىسىغا ناۋاترەڭ گىرىپتىشنىدىن كۆينەك، شىم كىيگەن 25 ياشلاردىكى ئابدۇراخمان مەخسۇم ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — ياش تالىپ ئىشىكتىن كىرىپلا ئۆي ئىچىگە ئېگىشىپ سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ۋۇي بۇ نەمەت خەلپىتىمغۇ، — مىجىت ھاجى ئورنىدىن تۇرۇپ مېھماننىڭ ئالدىغا بېرىپ قىزغىن كۆرۈشتى.

— نەمەت خەلپىتىم بىر ئىش بىلەن ھەمدۇللا داموللامنىڭ ھۇزۇرىغا كەپتىكەن، تېخى باياتىن ئاتامنىڭ شەمەيدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ سالامغا كەپتۇ، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم.

— كۆپ رەھمەت خەلپەت ئىنىم، ھەر نېمە بولسا لەۋزىمنى يەردە قويماپسىز، قېنى مەخسۇت باينىڭ يېنىغا ھە، — دېدى مىجىت ھاجى تەكەللۇپ بىلەن.

نەمەت خەلپەت مېھمانلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ مەخسۇت مۇھتىنىڭ قېشىغا ئولتۇردى. مىجىت ھاجى مېھمانلارغا قاراپ دېدى:

— بىز نەمەت خەلپەت ئىنىمىز بىلەن بۇ يىل ئەتىيازدا شەمەيگە مېڭىشتىن بۇرۇن لوكچۇندە تاھىر بېگىمنىڭ كىچىك ئوغلىنىڭ خەتمە توي مەرىكىسىدە تونۇشۇپ قالغان. ئۇ چاغدا سورۇن ناھايىتى ھەشەمەتلىك تۈزۈلگەن ئىدى. مۇقامچى ھاسان بالا ساتارنى تەڭشەشنىڭ ئارىلىقىدا كىمدۇ بىرى «شائىرىمىز

[1] تالىپ — مەدرىسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى.

نەمەت خەلپەت ئۇستاز ئەخمەت ئاخۇنلۇقنىڭ[1] ‹تەنبىھ› دېگەن نەزمىسىنى ئوقۇپ بېرىدۇ» دەپ جاكا قىلدى. خەلپەت ئىنىمىز نەزمىنى شۇنداق خۇشناۋا، ئاھاڭلىق ئوقۇدىكى، مەن بۇ ئىقلىمدا مۇنداق نەزمە ئوقۇغان شائىرنى ئۇچراتمىغان.

بۇغداي ئۆڭلۈك سوزۇنچاق يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن نەمەت خەلپەت ئورنىدىن تۇرۇپ:

— رەھمەت ھاجى ئاكا، مەن خىجىل بولۇپ ئولتۇرالماي قالدىم. بەك ئاشۇرۇۋەتتىلە، — دېدى.

— ئەسلا ئاشۇرۇۋەتكىنىم يوق. مەن راست گەپنى قىلىۋاتىمەن. قېنى ئولتۇرۇڭ، چايغا ئىلتىپات قىلىڭ، — دېدى مىجىت ھاجى ئاندىن مېھمانلارغا قاراپ، — شۇ قېتىم نەمەت خەلپەت ئىنىمىزنى «تۇرپانغا بىزنىڭ ئۆيگە بېرىڭ» دېگەن ئىدىم. مانا بۈگۈن ئىنىمىز لەۋزىمنى يەردە قويماپتۇ ئەمەسمۇ.

تاھىربەگ چىرايلىق گۈللۈك يەلپۈگۈچتە ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ پەخىرلەنگەن ھالدا دېدى:

— مىجىت ھاجىمنىڭ ئېيتقانلىرى بەرھەق. ئىنىمىز نەمەت خەلپەت زېھنىي ئوچۇق، ئۆتكۈر، تىرىشچان بولغاچقا دىن ئىلمىدە بىزنىڭ لۈكچۈن مەدرىستىكى تالىپلارنى بېسىپ چۈشتى. شۇڭا ئۆتكەن يىل ئۇ مەدرىسكە باش خەلپەت بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇ نەزمىنى بەك كېلىشتۈرۈپ ئوقۇپلا قالماي ئۆزىمۇ نەزمە يازىدۇ، — نەمەت خەلپەت شائىر دېسىلە بىگىم، — دېدى ئەھرارخان تۆرە قىزىققان ھالدا تاھىربەگكە.

— شۇنداق تۆرەم، ئۇ دىيارىمىزنىڭ ياش شائىرلىرىدىن بولىدۇ، — دېدى تاھىربەگ بېشىنى لىڭشىتىپ.

— قېنى شائىر بىر غەزەل ئوقۇۋەتمەمسىز، — دېدى پولاتباي نەمەت خەلپەتكە.

[1] ئەخمەت ئاخۇنلۇق — شائىر ئەخمەت باقى خوجامنىياز قىسۇرى (1717 — 1827)

— شۇنداق قىلىڭ! — دېيىشتى ھەممەيلەن تەڭلا. دەل شۇ پەيتتە مېھمانخانا ئىشىكى ئالدىدا بېشىغا تۇرپانىنىڭ گۇللۇك دوپپىسىنى، ئۇچىسىغا ئاق پاڭچۇدىن تىكىلگەن ياقىسى ۋە يەڭلىرىگە كانۋا گۇل كەشتىلەنگەن كۆينەك كىيگەن ئوماق ئابدۇخالىق پەيدا بولدى. ئۇ ئىلىپبە كىتابىنى مەيدىسىگە باسقىنىچە چىڭ تۇتۇۋالغان ئىدى.

پەگادا خىزمەتكارغا پىچىرلاپ ئىش تاپشۇرۇۋاتقان ئابدۇراخمان مەخسۇم ئىشىكتە تۇرغان ئوغلىنى كۆرۈپ «بۇ يەرگە كىرىڭ» دېدى ئاستاغىنە. ئابدۇخالىق ئۆيگە كىردى. مىجىت ھاجى نەۋرە ئوغلىنى كۆرۈپ ئۇنى يېنىغا چاقىردى. ئابدۇخالىق كېلىپ چوڭ دادىسىنىڭ يېنىغا ئولتۇردى.

نەمەت خەلپەت چايدىن بىر ئوتلاپ قولىدىكى چىنىنى ئالدىغا قويدى. ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېلىپ شېئىر ئوقۇشقا تەييارلاندى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى نەمەت خەلپەتتە ئىدى. نەمەت خەلپەت خىجالەت بولغان ھالدا دېدى:

— دەماللىققا ھەرقايسى چوڭلىرىمدىن ئەيمىنىپ ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن.

— ئۇستازىمىز ئەخمەت ئاخۇنلۇق غەزەللىرى ئېسىڭىزدە باردۇر، — دېدى تاھىربەگ.

نەمەت خەلپەت «ھىم» دەپ تاھىربەگكە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ رۇس ئولتۇرۇپ بېشىنى كۆتۈردى - دە، 18 - ئەسىردە لۇكچۇندە ئۆتكەن قىسسۇرى تەخەللۇسلۇق ئاتاقلىق شائىر ئەخمەت باقى خۇجامنىيازنىڭ بىلىم تېمىسىدىكى بىر غەزىلىنى ناھايىتى تەسىرلىك ئاھاڭدا ئوقۇشقا باشلىدى:

— ئەي دىل سەركەشتە تاۋاپ ئەتكىل جانابى ئىلىمنى،
ئىستەگىل غەمكىن سەن ئەز - ئىشرەت شارابى ئىلىمنى.
... ... ... ... ... ...
خابى خوركەم، سۆزلىمەك كەم، سۆھبىتى ناجىنسى ھەم،

بۇ شارائىتلار بىلەن بەرگىنىڭ جاۋابى ئىلىمنى.
... ...
... ...
... ...
ساپى قىل كۆڭلۈڭ ھاۋايى، ئابى ناندىن ئۇرما دەم،
ئىستىسەڭ ئائىنە يەڭلىغ ئاپتابى ئىلىمنى.

يۈز ئىشكلەر باغى جەننەتتىن يۈزنىڭگە ئاچىلۇر،
كۆلبەھئى مېھنەت ئارا يايساڭ كىتابى ئىلىمنى.
... ... ... ... ... ...
ئەپتەرا ئادەمفە يەتكەي مالى دۇنيا نىسبىتى،
سەرۋەرى ئادەمگە قىلغۇڭ ئىنتىسابى ئىلىمنى.
... ... ... ... ... ...
نەمەت خەلپەت غەزەلنى ئوقۇپ بولۇپ چوڭقۇر نەپەس ئالغىنىدا مېھمانلار غەزەلنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى، نەمەت خەلپەتنىڭ ئۈنى تولىمۇ كېلىشتۈرۈپ بەك تەسىرلىك ئوقۇغانلىقىنى بىر پەس ماختاشتى.

— ئۇستازىمىزنىڭ بۇ نەزمىسى يوغان تاختايغا چىرايلىق يېزىلىپ بىزنىڭ لۈكچۈن خانلىق مەدرىسىنىڭ ئىشىك بېشىغا ئېسىلغان، — دېدى تاھىربەگ مېھمانلارغا قاراپ، — مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرگەن ھەربىر تالىپنى بۇ نەزمىنى پىششىق يادلىۋېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ لۈكچۈن خانلىق مەدرىسىنىڭ قائىدىسى ئىدى.

— بۇ غەزەل ناھايىتى گۈزەل، پاساھەتلىك تىلدا يېزىلغان ئىكەن. قىسسۇرى تۇرپان دىيارىنىڭ كاتتا شائىرى ئىكەن. بىزلەر غەزەلنى چۈشەندۇق، بىراق بالىجان چۈشەنمىدى بولغاي— دېدى. پولاتباي تاھىربەگكە قاراپ.

ھەممەيلەن خۇددى مەسلىھەتلىشۋالغاندەكلا تۇردە ئولتۇر-

غان تاھىربەگكە قارىدى.

تاھىربەگ «ھىم» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ نەمەت خەلپەتكە شېئىرنى قايتا ئوقۇتۇپ مەنىسىنى مۇنداق يېشىپ بەردى:

— ئەي بېشى ئايلانغان دىلىم، ئۇلۇغ ئىلىمنى تېپىپ تاۋاپ قىل، ئىلىمنىڭ ئىشرەت شارابىنى غەملەر ئىچىدە ئىستە.

... ... ... ... ...

كەم ئۇخلىساڭ، ئاز يېسەڭ، بىكارچىلار بىلەن كەم سۆھبەتتە بولساڭ، بۇ شەرتلەر ئاستىدا ئىلىمنىڭ جاۋابىنى تاپالايسەن.

... ... ... ... ...

... ... ... ... ...

... ... ... ... ...

كۆڭلۈڭنى ھاۋايى ھەۋەستىن ساپ قىلساڭ،

ئىستىسەڭ ئاپتاپقا ئوخشاش ئىلىمنى تاپالايسەن.

جەننەتنىڭ يۈزلەپ ئىشىكلىرى ساڭا ئېچىلىدۇ،

ئەگەر سەن كۆلبەڭدە مېھنەت ئەجرىڭ بىلەن كىتاب ئىلىمىنى ئاچساڭ.

... ... ... ... ...

دۇنيانىڭ كەينىگە كىرسەڭ ساڭا بەتتەرلىك كەلتۈرىدۇ،

لېكىن ئىلىم ئۆگەنسەڭ، ئالەمدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە قىلىدۇ.

... ... ... ... ...

تاھىربەگ غەزەلنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بولۇپ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتىۋاتقاندا خىزمەتكار قۇش قانىتىدىن ياسالغان تازىمۇ يوغان يەلپۈگۈچ بىلەن مېھمانلارنى كۆچەپ يەلپۈشكە باشلىدى.

چوڭ دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئابدۇخالىق ئورنىدىن

تۇردى. ئۇ ئاۋۋال مىجىت ھاجىغا، ئاندىن كېيىن ئاتىسى ئابدۇ-راخمان مەخسۇمغا قاراپ ئاغزىنى ئېچىپ گەپ قىلماقچى بولدى - يۇ، بىردىنلا يۈزى ۋۇللىدە قىزىرىپ ئېلىپبە كىتابىنى مەيدىسىگە باسقىنىچە لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى.

تاھىربەگ ئابدۇخالىقنىڭ بىر نېمە دېمەكچى بولغىنىنى، لېكىن خىجىل بولۇپ دېيەلمەيۋاتقىنىنى سېزىپ:

— ئابدۇخالىق بىزگە قولىڭىزدىكى كىتابىڭىزنى ئوقۇپ بېرەمسىز؟ — دېدى مۇلايىمغىنا.

«چىك!» ئابدۇخالىق تامىغىنى چىكىلدىتىپ بېشىنى چايقىدى. مىجىت ھاجى:

— تارتىنماڭ بالام، بۇ ئولتۇرغاننىڭ ھەممىسى ئۆزىڭىزنىڭ داداش، ئاكاشلىرىڭىز بولىدۇ، سىز دېگەن باتۇر بالا تۇرسىڭىز، مەيلى ئېلىپبەنى ئوقۇپ بېرىڭ — دېدى.

ئابدۇخالىق، نەمەت خەلپەتكە بىر قاراپ قويۇپ:

— مەنمۇ شېئىر ئوقۇيالايمەن، — دېدى.

بەش ياشلىق نەۋرىسىنىڭ بۇ گېپى مىجىت ھاجىنى سۆيۈندۈردى. — ئانداق بولسا ياخشى، قېنى ئوقۇڭ، — دېدى مىجىت ھاجى.

ئابدۇخالىق مېھمانلارغا بىر قارىۋېتىپ قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى بىلەن قەدىمكى ئىدىقۇت زامانىسىدىكى بىر شېئىرنى ياد ئوقۇشقا باشلىدى:

— بىلىك بىلىگىن يا بىگىم،
بىلىك ساڭا ئەش بولۇر.
بىلىك بىلگەن ئول ئەرگە،
بىر كۈن دۆلەت تۈش بولۇر.

ئابدۇخالىق شۇ يەرگە كېلىپ توختاپ قالدى. ئۇ خىيال قىلىپ بىر پەس توختاپ شېئىرنىڭ داۋامىنى يادلىدى:

— بىلىكلىك ئەر بەلىگە،

تاش قورشانسا قاش بولۇر.
بىلىكسىزنىڭ يانىڭا،
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر.

— نېمىدېگەن پاساھەتلىك مىسرالار بۇ، — دېدى ئەھرار-خان تۆرە شېئىرنى ماختاپ، ئاندىن ئابدۇخالىققا قاراپ:

— خۇدايىم بەختىڭىزنى بەرگەي بالىجانىم، بېرى كېلىڭ، مەن بۇ بالىنىڭ شېئىرنى شۇنداق زوق، شوخ بىلەن ئوقۇشىدىن كەلگۈسىنىڭ بۈيۈك، يېگانە شائىرنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن، مەڭ سۆيۈنچە! — دەپ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئابدۇخالىققا 10 سەرلىك[1] پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

ئابدۇخالىق ئەھرارخان تۆرىگە رەھمەت ئېيتىپ پۇلنى ئال-دى. مېھمانلارنىڭ ھەممىسىلا ئابدۇخالىقنى 5 — 10 سەر پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى. پولاتباي ئابدۇخالىقنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇ-ۋېلىپ سورىدى:

— بۇ شېئىرنى سىزگە كىم ئۆگىتىپ قويدى؟

— چوڭ ئانام.

— نېمىدېگەن ئەقىللىق بالا بۇ. كۆز تەگمىسۇن بۇ كەلگۈ-سى ئۇلۇغ زاتقا، — دېدى پولاتباي سۆيۈنۈپ.

— «قازىنىڭنىڭ قاينىشىغا باق، بالاڭنىڭ ئوينىشىغا» دې-گەن گەپ بارغۇ، دېدى تاھىربەگ — ئابدۇخالىق چوڭ بولسا چوقۇم بىر بىلىملىك ئادەم بولۇپ چىقىدۇ، كىم بىلىدۇ، چوڭ ئەمەلدار بولۇپ كېتەمدۇ تېخى.

— چوڭ سودىگەر بولۇپ دادا ئىزىدىن ماڭار ئەتىمالىم، — دېدى پولاتباي.

— خۇدا خالىسا، — دېدى مىجىت ھاجى مەمنۇن بولۇپ.

— مەيلى قانداق ئادەم بولسۇن، — دېدى تەكىتلەپ تاھىر-

---

① سەر — شىنجاڭنىڭ پۇل بىرلىكى. شۇ زاماندا 100 جىڭ پاختا 40 سەر ئىدى.

بەگ، — بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقانىكەن تەربىيىگە، بىلىم ئالماققا موھتاجدۇر.

— شۇنداق تاھىر بېگىمنىڭ گېپى بەرھەق، — دېيىشتى ھەممەيلەن بىردەك.

تاھىربەگ چىنىنى قولىغا ئېلىپ چايدىن ئوتلاپ بولغاندىن كېيىن مېھمانلارغا تەكشى قاراپ چىقىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا ئىكەن. بۇندىن تۆت يىل ئىلگىرى مۇقەددەم روسىيىگە سودىغا بېرىپ موسكۋادا بىرەر يىلدەك تۇرۇپ قالغان ئىدىم. بىر تەرەپتىن رۇسچە ئوقۇپ بىر تەرەپتىن سودىنىمۇ قولدىن بەرمىدىم. بىلىممۇ ئالدىم، پۇلنىمۇ تاپتىم. رۇسلارنىڭ نوۋگورد دەمدۇ، پېتربورگ دەمدۇ نۇرغۇن شەھەرلىرىگە باردىم. مىجىت ھاجىممۇ سۆزلەپ بەردىغۇ، ئۇ يەرلەردىكى تەرەققىيات، ئىلىم يېڭىلىقلىرىنى ئۈچ كېچە - كۈندۈز سۆزلەپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مەن ئۆتكەن يىلى جانابى چىڭگاڭ خوجامغا[1] تەرجىمان بولۇپ بېيجىنغا[2] بېرىپ، كەلگىچە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نۇرغۇن چوڭ شەھەرلەرنى كۆردۈم. ئۇ يەرلەرنىڭ تەرەققىياتى روسىيىنىڭكىگە يەتمىسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ تۇرپاندىن كۆپ تەرەققىي قىلغان ئىكەن. بىزنىڭ تۇرپان يات ئەللەردىن نەچچە يۈز يىللاپ كېيىن قاپتىمىز. قەدىمكى ئىدىقۇت زامانىسىدا دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئانا يۇرتىمىز بۈگۈنكى كۈندە پويىز تۇرماق، ماشىنىنىمۇ كۆرۈپ باقمىسا، تېخى يېڭى نىزامچە پەننىي مەكتەپ، كىتابخانا دېگەنلەر بىزدە بولمىسا، سان - ساناقسىز پۇقرالار ئىچىدە خەت ساۋاتلىق ئادەملەر بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا تۇرسا، ئاھ دەردىما، بۇ يۇرتنىڭ ھالى نە بولغاي؟!

دادىسى مىجىت ھاجىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ئابدۇخالىقتا

---

① چىڭگاڭ خوجام — لوكچۇن ۋاڭى.

② بېيجىن — بېيجىڭ.

تاھىربەگ ئاكاشىنىڭ گەپلىرى قىزىق تۇيۇلدى. ئۇ دادىسى ئۇچۇ- مىغا ئېلىپ بەرگەن مېغىزنى يەپ ئولتۇرۇپ تاھىربەگنىڭ گېپىـ- گە قۇلاق سالدى. تاھىربەگ سۆزلەيتتى:

— بىزگە ھازىر ئىلىم ئۆگىنىش ئانا سۇتىدەك ھالال، ئاش - ناندەك زۆرۈر بولۇپ قالدى. ئىلىم - مەرىپەت خۇددى بىر ئالتۇن ئاچقۇچكى ئۇنى ئىگىلىگەن ئادەم ئاسمان، زېمىندىكى بايلىق خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچالايدۇ. بىلىمسىز نادان مىل- لەت خارلىق، زەبۇنلۇقتا قېلىپ نامۇ - نىشانسىز يوقىلىدۇ. بىزگە ھازىردىن ئىلىملا ئەمەس، يېڭىچە پەننىي ئىلىممۇ ناھايىـ- تى زۆرۈر.

ئابدۇخالىق ھاياجان بىلەن گەپ قىلىۋاتقان تاھىربەگنىڭ گېپىنى تولۇق چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ «ئىلىم مەرىپەت خۇددى بىر ئالتۇن ئاچقۇچ» دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋىدىن كەتمىدى. ئۇنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتىكى ئۇچ كۈن بۇرۇن چوڭ ئانىسى ئەرەمسىما خېنىم ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى يىتتۇرۇپ قو- يۇپ، ئۇنىڭ قۇلۇپىنى ئاچالماي بەكمۇ تىت - تىت بولغانىدى. ئابدۇخالىق شۇ چاغدا چوڭ ئانىسىغا:

— چوڭ ئانا سىز چوڭ، ھەممىدىن يامان بولغاندىكىن ئاچقۇچنى ئىزدىمەيلا، ساندۇقنى ئاچمامسىز؟ — دېدى. ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان ئەرەمسىما خېنىم كۈلۈۋەتتى. ئۇ:

— جېنىم بالام ئاچقۇچ بولمىسا ھەممىدىن يامان[1] ئادەممۇ قۇلۇپنى ئاچالمايدۇ، — دېدى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ.

— ئاچقۇچ ھەممىدىن يامانمۇ؟ — ئابدۇخالىق كۆزىنى پار- قىرىتىپ چوڭ ئانىسىدىن سورىدى.

ئەرەمسىما خېنىم نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى دەماللىققا ئېسىـ- گە ئالالماي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

---

[1] يامان — بۇ يەردە كۈچلۈك، ئىقتىدارلىق مەنىسىدە كەلگەن.

ئابدۇخالىق باياتىن تاھىربەگنىڭ «ئىلىم ـ مەرىپەت خۇددى بىر ئالتۇن ئاچقۇچ» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلى يورۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ «مېنىڭمۇ شۇنداق ئالتۇن ئاچقۇچۇم بولغان بولسا چوڭ ئانام ئاچالمىغان قۇلۇپنى ئېچىپ بەرسەم ...» دەپ ئويلىدى. ئابدۇخالىقنىڭ خىيالىنى تاھىربەگنىڭ گېپى بۆلۈۋەتتى: — بەيگىگە يارامىلىق ئاتنى تاي چېغىدىلا بىلگىلى بولغىنىدەك قولىدىن چوڭ ئىشلار كېلىدىغان كەلگۈسى ئۇلۇغ زاتلارنىڭ مەلۇم خىسلەتلىرى كىچىك چېغىدىلا نامايان بولىدۇ، — دېدى تاھىربەگ گېپىنى داۋام ئېتىپ، — ئابدۇخالىقتا بىر خىسلەت بار جۇمۇ ھاجىم بۇ بالىنى مەكتەپتە ئوقۇتسىلا، كامالەتكە يەتكىچە ئوقۇتسىلا.

— رەھمەت تاھىر بېگىم، نىيەت ئىقبالىمىز بىر يەردىن چىقتى، — دېدى مىجىت ھاجى ئابدۇخالىقنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ، — بۇ بالا ھازىر بەش ياشتا، خۇدايىم بۇيرۇسا ئالتە ياشقا كىرگەندە ئوقۇشقا بېرىمىز.

— ناھايىتى ياخشى نىيەت قىپتىلا، — دېيىشتى مېھمانلار.

چوڭ دادىسىنىڭ ئۆزىنى مەكتەپكە ئوقۇشقا بەرمەكچى بولۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ئابدۇخالىق قەۋەتلا خۇشال بولدى. ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي بېشىنى سىڭايان قىلىپ چوڭ دادىسىغا قارىدى. چوڭ دادىسى ئۇنىڭغا قارىماي سودا ـ سېتىق توغرىسىدىكى پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ئابدۇخالىق ئەرەمسىما خېنىمنىڭ: «بالام چوڭ ئادەملەر گەپ قىلىۋاتقاندا، كىچىك بالا ئۈن چىقارماي تىنچ تۇرۇشى كېرەك.» دېگىنىنى يادىغا ئالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پەگادىكى ئايىغىنى كىيىپ ئاستاغىنە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

# مەنمۇ پىرچەڭگى بولىمەن

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتتى.

يەتتىنچى ئاينىڭ بېشىدىكى خەيرلىك بىر كۇننى تاللاپ مىجىت هاجى نۇرغۇن مال بىلەن تۇرپاندىن كارۋان تارتىپ شەمەيگە سەپەر قىلدى. بۇ يىل كۇزدىكى بۇ سودا سەپىرىگە يېڭى هەمراهلاردىن تاهىربەگ، سەنخۇچىلىڭ نىياز[1] مەخسۇت مۇهىتى قوشۇلغانىدى.

مىجىت هاجى يولغا چىقىدىغان چاغدا كىچىككىنە ئابدۇخالىق «مېنىمۇ شەمەيگە ئېلىپ بېرىڭ» دەپ جېدەل قىلىپ تۇرۋۇالدى. ئۇ چوڭ دادىسىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىغا يېپىشىۋېلىپ ئاجرىمايتتى. مىجىت هاجى ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ باقتى، شاكىلات بەردى. ياخشى گەپلەرنى قىلدى. بىراق هېچقايسىسى كار قىلمىدى. كارۋان مېڭىپ كەتكەنىدى. ئايىت ئات باقار دەرۋازا ئالدىدا ئارغىماق نەسىللىك ئاتنى تۇتۇپ خوجايىنىنى كۇتۇپ تۇراتتى.

ئەرەمسىما خېنىم ئۆيدىن بىر تۇگۇنچەكنى كۆتۇرۇپ چىقتى. ئۇ:

— بۇنى ئۇنتۇپ قاپتىلا، — دەپ مىجىت هاجىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

مىجىت هاجى ئەرەمسىما خېنىمغا ئابدۇخالىقنى ئېلىپ كېتىشنى شەرەت قىلدى. ئەرەمسىما خېنىم:

— ئابدۇخالىق ماڭا قاراڭچۇ بالام، سىزگە دەيدىغان مۇهىم

---

① سەنخۇچىلىڭ نىياز — لۇكچۇنلۇك باي سودىگەر. ئۇ تاهىربەگ بىلەن بىرلىكتە ئۇچ كىشى قوشۇلۇپ بىر شىركەت قۇرغاچقا «سەنخۇچىلىڭ» دەپ ئاتالغان.

بىر گېپىم بار، — دېدى سىرلىق قىلىپ.

ئابدۇخالىق چوڭ دادىسىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى قويۇۋېتىپ ئاغزىنى ئۈمچەيتكىنىچە چوڭ ئانىسىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— مەن سىزگە كۆندە ساۋاق بېرىدىغان تۇرسام، مەخسۇم ئاتىڭىز سىزگە خەت ئۆگىتىدىغان تۇرسا، چوڭ داداشقا ئەگىشىپ شەمەيگە كەتسىڭىز دەرستىن قالامسىز؟ — دېدى ئەرەمسىما خېنىم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ.

— چوڭ دادام ئۆزى ماڭا خەت ئۆگىتىدۇ، — دېدى ئابدۇ-خالىق ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ تۇرۇپ.

— ھەي بالام، چوڭ دادىڭىزنىڭ ئىشى جىق، سودا قىلىمەن دەپ چولىسى تەگمەيدۇ. سىز مېنىڭ بىلەن قالسىڭىز كۈندۈزى سىزگە ساۋاق بېرىمەن، خەت ئۆگىتىمەن، ئاخشىمى قىزىق چۆ-چەكلەرنى ئېيتىپ بېرىمەن. چوڭ دادىڭىز پاتلا قايتىپ كېلىدۇ ئەمەسمۇ، چوڭ داداش ھايال بولۇپ قالدى. ھەمراھلىرى مېڭىپ كەتكىلى نەۋاق، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم.

ئابدۇخالىقنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ مىجىت ھاجى-غا قاراپ:

— چوڭ دادا ئۆزلە ماڭسىلا، ئاناش ماڭا چۆچەك ئېيتىپ بەرگىدەك. مەن قالاي، — دېدى.

شۇ ئەسنادا ئابدۇراخمان مەخسۇم ئۈچ ياشقا كىرگەن ئوغ-لى، ئابدۇخالىقنىڭ ئۇكىسى ئابدۇقەييۇمنى ئەگەشتۇرۇپ، ئاب-دۇخالىقنىڭ ئاپىسى نىيازخان ئەمدىلا ئالتە ئايلىق بولغان قىزى ھەلىمىخاننى كۆتۈرۈپ ئىچكى ھويلىدىن چىقتى.

مىجىت ھاجى پىلتىڭلاپ يۈگۈرۈپ ئالدىغا كەلگەن ئابدۇقەي-يۇمنى يەردىن ئېلىپ كۆتۈرۈۋېلىپ پېشانىسىغا سۆيۈپ قويدى. ئۇ قىزى نىيازخاننىڭ قۇچىقىدىكى بارمىقىنى شوراۋاتقان ھەلى-مىخاننىڭ بېشىنى سىلاپ، مەڭزىگە يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ:

— خەير - خوش بالىلىرىم، ھەممىڭلارنى خۇداغا تاپشۇر-

دۇم، خۇدايىمغا ئامانەت، — دەپ تېتىك قەدەم بىلەن ئاتنىڭ قېشىغا بېرىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئالدى.

— خوش، خۇدايىمغا ئامانەت، ئاق يول بولسۇن! — دېيىشتى ئەرەمسىما خېنىم باشلىق ئۇزاتقۇچىلار ئايرىلىشقا قىيمىغان هالدا.

مىجىت هاجى چاققانلىق بىلەن ئاتقا مىندى - دە، ئىتتىك يۇرۇپ كەتتى.

مىجىت هاجى شەمەيگە كېتىپ ئىككى هەپتە بولمايلا ئابدۇخالىق «چوڭ دادام شەمەيدىن نېمىشقا كەلمەيدۇ؟» دەپ جېدەل قىلىشقا باشلىدى. ئۇ هەر كۇنى چۇشتىن كېيىن «بۇگۇن چوڭ دادام كېلىدۇ» دەپ كوچا بېشىغا چىقىۋالاتتى. ئەرەمسىما خېنىم ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئايۇپ هارۋىكەشنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇدى، كېيىنچە بۇ هەر كۇنى چۇشتىن كېيىن تەكرارلىنىدىغان بىر ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى.

ئايۇپ هارۋىكەش ئابدۇخالىققا ناهايىتى قىزىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. شۇڭا ئابدۇخالىق چوڭ ئانىسىنىڭ توسقىنىغا قارىماي غىپپىدىلا تاشقىرىقى هويلىغا چىقىپ كەينى دەرۋازا تۇۋىدىكى ئۆيگە كىرىپ ئايۇپنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇ ئېيتقان ئاجايىپ - غارايىپ چۆچەكلەرنى هەممىنى ئۇنتۇغان هالدا بېرىلىپ تىڭشايتتى.

ئايۇپ هارۋىكەش ئابدۇراخمان مەخسۇمنى ئېلىپ پات - پات يېزىلارغا باراتتى. شۇڭا ئۇ ئۆيدە تۇرالمايتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا بولسا ئابدۇخالىق چوڭ ئانىسى ئەرەمسىما خېنىمغا «چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭ» دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇ هەر ئاخشىمى بىر چۆچەك ئاڭلىمىغىچە ئۇخلىمايتتى.

ئەرەمسىما خېنىم نۇرغۇن چۆچەك، رىۋايەت، لەتىپە، خەلق قوشاقلىرى ۋە داستانلارنى بىلەتتى. ئۇ چاتقال يېزىسىنىڭ ئاخۇنى موللا سادىق ئاخۇنۇمنىڭ قىزى بولۇپ بالىلىق چاغلىرىدىن

باشلاپلا ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىدە ساۋاتلىق بولغان ۋە كېيىن مول-لىدا ئوقۇپ قۇرئان تاماملىغان ئىدى. بويىغا يەتكەندىن كېيىن ئەرەمسىما خېنىم شۇ زاماندىكى ھۆكۈمەتنىڭ چاتقال يېزىسىدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارى ئابلىمىت كۇندى بەگنىڭ چوڭ ئوغلى مە-جىت ئاخۇنغا ياتلىق قىلىنغان ئىدى. مەجىت بىلەن ئەرەمسىما خېنىم توي قىلىپ بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى مەجىتنىڭ كىچىك خوتۇنى زۆھرەخاندىن تۇغۇلغان 14 ياشقا كىرگەن ئوغلى ھەسەننىمۇ بىرگە ئېلىپ ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن تۇرپاندىن روسىيىنىڭ شەمەي شەھىرىگە سودىغا بارىدىغان كارۋانلار بىلەن 1902 - يىلى 3 - ئاينىڭ بېشىدا يولغا چىقتى. مەجىت تۇرپانـدىن نۇرغـۇن پاخـتا، قوي يۇڭى، تېرە، قۇرۇق مېۋە - چېۋە ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇ بۇ ماللىرىنى شەمەيدە تېزلا سېتىپ خېلى كۆپ پايدىغا ئېرىشتى. ئۇ سودا قىلىۋېتىپ قازان شەھىرىدىن كەلگەن بىر تاتار سودىگەر بىلەن تونۇشۇپ قالدى. مەجىت بۇ تاتار سودىگەرگە بۇ يىل ھەج تاۋاپ قىلىشقا مەككىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تاتار سودىگەر بۇنى ئاڭلاپ قازان شەھە-رىدە بىرنەچچە دوست - بۇرادەرلىرىنىڭمۇ ئۇلۇغ ھەج سەپىرىگە تەييارلىق قىلىپ قالغانلىقىنى ئۆزىنىڭ ئەتە قازانغا قايتىدىغانلى-قىنى، خالىسا ئەتە بىرگە قازان شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ مەككى-گە يولغا سېلىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەجىت بۇنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولدى. ئۇ تۇرپاندىن بىللە كەلگەن ھەمراھلىرى بىلەن خوشلاشتى. ئەتىسى ئەرەمسىما خې-نىمنى ئېلىپ تاتار سودىگەر بىلەن قازان شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار 10 كۈندىن ئۇشۇق يول مېڭىپ ئاخىرى قازان شەھىرىگە يېتىپ باردى.

تاتار سودىگەر گېپىدە تۇرۇپ مەجىت بىلەن ئەرەمسىما خې-نىم ۋە ھەسەننى قازان شەھىرىدىن ھەج قىلىشقا بارىدىغانلارغا قوشۇپ يولغا سېلىپ قويدى.

تاتار ھاجىلار: «قۇرۇقلۇق يولى جاپالىق. يىراق بولسىمۇ دېڭىزدا پاراخوت بىلەن ماڭايلى» دېيىشىپ قازان شەھىرىدىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ۋولگا دەرياسى ئارقىلىق روسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاستىراخان شەھىرىگە باردى. ئۇ يەردىن ھارۋا كىرا قىلىپ ئۇدۇل غەربكە مېڭىپ قارا دېڭىز بويىغا يەتتى. ئۇ يەردىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ تۈركىيىنىڭ ئىستامبول شەھىرىگە باردى. مىجىت بىلەن ئەرەمسىما خېنىم بۇ گۈزەل شەھەردە ھەمراھلىرى بىلەن بىر ھەپتە دەم ئالدى. مىجىت كىتابخۇمار ئادەم بولغاچقا ئىستامبولدىكى چوڭ كىتابخانىدىن بىرقانچە پارچە داڭلىق كىتابلارنى سېتىۋېلىپ بەك سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇلار بىر ھەپتىدىن ئوشۇق پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ئۇدۇل شەرققە يول ئېلىپ مىسىرنىڭ ئىسكەندىرىيە شەھىرىگە يېتىپ باردى. ئۇ يەردىن سوۋەيش قانىلى ئارقىلىق قىزىل دېڭىزغا كىردى. ئۇلار قىزىل دېڭىز ئارقىلىق كۆزلىگەن مۇددەتتە ھىجاز[1] نىڭ جىددە شەھىرىگە چۈشتى. ئۇلار جىددەدىن ناھايىتى تېزلا مۇقەددەس شەھەر مەككىگە يېتىپ باردى.

مىجىت بىلەن ئەرەمسىما خېنىم ۋە ھەسەن مۇقەددەس مەككە شەھىرىدە ئۇلۇغ ھەج تاۋاپ قىلىش پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەردىن شىمالدىكى يەنە بىر مۇقەددەس شەھەر مەدىنىگە باردى، ئۇلار مەدىنە شەھىرىدە بىر يىلدەك تۇرۇپ قالدى. بۇ مەزگىلدە مىجىت ھاجى مەدىنە مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇدى. بوش ۋاقىتلىرىدا سودا تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى، ھەسەن بىر دىنىي مەكتەپتە ئوقۇدى. ئەرەمسىما خېنىم ئېرىگە كۈندە تاماق قىلىپ بېرىشتىن باشقا ئىش بولمىغاچقا ئۆزلىرى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ خوجايىنى موللا ئايالدىن كۈندە دەرس ئېلىپ ئوقۇدى.

---

① ھىجاز — ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانى.

كېيىنكى يىلى ئۇلار قۇربان ھېيتتىن بىر ھەپتە بۇرۇن مۇقەددەس شەھەر مەككىگە يېتىپ باردى. ئۇ يەردە ئۇلۇغ ھەج تاۋاپ قىلىش پەرزىنى تولۇق ئادا قىلدى. ھەج تاۋاپ قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۇلار شىمال تەرەپكە يول ئېلىپ پەلەستىنگە كەلدى، پەلەستىندىكى مۇقەددەس شەھەر قۇددۇس شېرىپ (ئېرۇسالېم) قا بېرىپ بەيتۇل مۇقەددەس ئاقسا مەسچىتىنى تاۋاپ قىلدى. ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن تۆگىلىك، شىمالدىكى لىۋاننىڭ بېيرۇت شەھىرىگە باردى. بېيرۇتتا بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن يەنە تۆگىلىك شام (سۇرىيە) غا سەپەر قىلدى. ئۇلار شامدا مەشھۇر دەمەشىق شەھىرىدىكى مۇقەددەس جايلارنى زىيارەت قىلىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىجىت ھاجى بىلەن ئەرەمسىما خېنىم يەنە تۆگىگە مىنىپ شەرققە — ئىراققا مېڭىپ كەتتى. ئۇلار تالاي يوللارنى بېسىپ ئون نەچچە كۈندە مەشھۇر قەدىمىي شەھەر باغدادقا يېتىپ باردى. ئۇلار باغدادقا بارغان ۋاقىت 6 - ئاي مەزگىلى بولغاچقا ئىسسىققا چىدىيالماي قالدى. شۇڭا بۇ شەھەردە ئۇزۇن تۇرمايلا جەنۇبقا يول ئېلىپ بەسىرە شەھىرىگە يېتىپ باردى. ئۇلار بەسىرەدىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ جەنۇبقا مېڭىپ پارس قولتۇقىدىن ئۆتۈپ ئەرەب دېڭىزىغا يەتتى. ئۇلار داۋاملىق شەرققە مېڭىپ ھىندى ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتۈپ ھىندىستاننىڭ غەربىدىكى چوڭ شەھەر بومبايغا يېتىپ باردى. ئۇلار بومباينىڭ ئىسسىقىغا چىدىيالمىدى. شۇڭا بومبايدا ئۇزۇن تۇرماي ھىندىستاننىڭ شىمالدىكى كەشمىرنى كۆزلەپ يولغا چىقتى. ئۇلار كەشمىرنىڭ سىرىناگار شەھىرىگە 7 - ئاينىڭ ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ئۇلار كەشمىردە دەم ئېلىپ ئىككى ھەپتە تۇرۇپ قالدى. 8 - ئاينىڭ بىر كۈنى ئۇلارنىڭ تەلىيىگە قەشقەرگە بارىدىغان بىر چوڭ كارۋاننىڭ ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. مىجىت ھاجى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ قەشقەرگە بارىدىغان كارۋان-

نىڭ خوجايىنى مەمتىمىن ھاجىنى ئىزدەپ تاپتى. مەمتىمىن ھاجى مىجىت ھاجى، ئەرەمسىما خېنىم، ھەسەن ھاجىغا بەش ئات ئاجرىتىپ بەردى. مىجىت ھاجى بىلەن ئەرەمسىما خېنىم، ھەسەن ھاجى ئۈچ ئاتنى مىنىپ، ئىككىسىگە يۈك ـ تاقىلىرىنى ئارتىپ كارۋان بىلەن بىرگە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئىككى ئايغا يېقىن يول يۈرۈپ قەشقەرگە يېتىپ باردى. مىجىت ھاجى بىلەن ئەرەمسىما خېنىم ھەسەن ھاجىلار قەشقەردە بىر ھەپتە دەم ئالغاندىن كېيىن مەمتىمىن ھاجى بىلەن خوشلىشىپ تۇرپاننى كۆزلەپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ ئۈچ ھاجى 12 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تۇرپانغا يېتىپ باردى. ئەرەمسىما خېنىمنىڭ تۇنجى بالىسى نىيازخان ئىدى.

نىيازخان چوڭ بولۇپ بويىغا يەتكەندە تۇرپاندىكى مەشھۇر دىنىي زات ھىزبۇللا مۇپتىنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇراخمان مەخسۇمغا ياتلىق قىلىندى. مىجىت ھاجىنىڭ نىيازخاندىن باشقا بالىسى بولمىغاچقا قۇدىسى ھىزبۇللا مۇپتىغا تەلەپ قويۇپ نىيازخان بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇمنى باغرى يېزىسىدىن تۇرپان يېڭشەھەرگە، ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا ئەكېلىۋېلىپ بەش ئېغىز ئۆينى ئاجرىتىپ، ئۆي تۇتۇپ بەردى.

نىيازخان ئابدۇراخمان مەخسۇم بىلەن توي قىلىپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن تۇنجى بالىسى ئابدۇقادىر كۆز يورۇدى. بەختكە قارشى ئابدۇقادىر يېشىغا توشمايلا كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ ئابدۇخالىق دۇنياغا كەلدى. بۇ 1901 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئىدى. ئابدۇخالىق ئىككى ياشتىن ئاشقاندا نىيازخان ئۈچىنچى بالىسى ئابدۇقەييۇمنى كۆز يورۇدى. ئابدۇقەييۇم بىر ياشقا كىرگەندە مىجىت ھاجى بىلەن ئەرەمسىما خېنىم يالغۇزلۇق ھېس قىلغانمۇ، نەۋرىسى ئابدۇخالىقنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالدى. مانا ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى. ئابدۇخالىقنىڭمۇ بويى ئۆسۈپ ئالتە ياشقا

قاراپ ماڭدى.

مىجىت ھاجى شەمەيگە كېتىپ تۆت ئاي بولغاندا يەنى 1906 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا چۆچەكتىن كەلگەن بىر ئادەم بۇ يىل قىش شەمەي تەرەپتە قار بەك قېلىن يېغىپ يوللار توسۇلۇپ كەتكەچكە مىجىت ھاجى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى «قىش كېتىپ، باھار كېلىپ يوللار ئېچىلغاندا تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقىمىز» دەپ شەمەيدە تۇرۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئەرەمسىما خېنىم بۇ خەۋەرنى ھەر كۈنى ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىغا قارىماي «دادام كېلىدۇ» دەپ كوچا دوقمۇشىغا چىقىۋالىدىغان ئابدۇخالىققا چۈشەندۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇخالىق «دادام شەمەيدىن ئەتىياز بولغاندا كېلىدۇ» دەپ كوچا دوقمۇشىغا چىقىۋالىدىغان ئادىتىنى تاشلىدى. بىراق ئۇ ھەر ئاخشىمى ئەرەمسىما خېنىم چۆچەك ئېيتىپ بەرمىگۈچە ئۇخلىمايتتى.

ئۇزۇن قىش كېچىلىرى ئەرەمسىما خېنىم چۆچەك ئاڭلاشقا ھېرىسمەن نەۋرىسى ئابدۇخالىققا ئاجايىپ قىزىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. بەزىدە ئۇ ئابدۇخالىقنى ھەيران قالدۇرۇپ بېيىت، قوشاقلارنى ئېيتاتتى. بۇ بېيىت - قوشاقلارنىڭ بەزى كۇپلېتلىرىنى ئابدۇخالىق يادلاپمۇ ئالاتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلىدىغان چوڭ ئانا ئۆز نەۋرىسىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مول، رەڭگارەڭ، گۈزەل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەزىنىسىنىڭ سەلتەنەتلىك سارىيىغا باشلاپ كىرىپ ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە ئاجايىپ جۇش ـ قۇن ھېس - تۇيغۇلارنى ئويغاتتى.

1907 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئاخشىمى ئەرەمسىما خېنىم نامازشامنى ئوقۇپ بولۇپ جايىنامازنى يىغىشتۇردى. ئۇ ئىسسىق كاڭغا ئورۇن سېلىپ ئابدۇخالىقنى «يېتىپ ئۇخلاڭ بالام» دېۋىدى، ئۇ «ياق» دەپ بېشىنى چايقاپ تۇرۇۋالدى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— تېخى چۆچەك ئاڭلىمىغان تۇرسام قانداق ئۇخلايمەن؟

ئەرەمسىما خېنىم ئابدۇخالىققا قارىدى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ ئۇماق چىرايىدىن كۈچلۈك تەقەززالىق ۋە ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى ھېس قىلدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئابدۇخالىق «قىلىمەن» دېگىنىنى قىلمىغۇچە زادى ئۇنۇمايتتى.

ئەرەمسىما خېنىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ بېشىدىكى لېچەكنى كېيىم ئاسقۇچقا ئېلىپ قويدى. ئۇ ياستۇققا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپ خىيال دېڭىزىغا كىرىپ سالدى. «دىر - دىر قوزام»، «يېرىلىڭ تاش»، «ئۇر توقماق»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «يەتتە يىگىت ۋە يەتتە قىز»، «يالغۇز ئوغۇل ئېرىقى رىۋايىتى» ... بۇ چۆچەك، رىۋايەتلەرنى ئابدۇخالىق بۇرۇنلا ئاڭلاپ بولغان. ئەستا: ئەمدى ئابدۇخالىققا نېمىنى سۆزلەپ بەرگۈلۈك؟

بىر ھازادىن كېيىن خۇددى پايانسىز دېڭىزدا نىشانىنى تاپالماي كېتىۋاتقان يالغۇز كېمە بىردىنلا قىرغاقنى كۆرۈپ قالغاندەك ئەرەمسىما خېنىمنىڭ تۇرۇلگەن قاپىقى ئېچىلىپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. شۇ پەيتتە ئۆزىمۇ خۇددى مۇشۇ ئابدۇخالىقتەك كىچىك بالا چېغىدا 60 ياشلىق چوڭ ئانىسىدىن ئاڭلىغان ناخشا پىرى — پىرچەڭگى[1] ھەققىدىكى رىۋايەت ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئۇ كاڭنىڭ لېۋىدە دومسىيىپ ئولتۇرغان ئابدۇخالىققا قاراپ دېدى:

— يادىمغا ئاجايىپ بىر رىۋايەت - ئەپسانە كېلىۋاتىدۇ. شۇنى ئېيتىپ بېرەي.

ئابدۇخالىق ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ چوڭ ئانىسىنىڭ قېشىغا كەلدى.

ئەرەمسىما خېنىم چۆچەك ئېيتىشقا ئۇستا ئىدى. ئۇ چۆ-

① پىرچەڭگى — قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە، رىۋايەتلىرىدىكى ناخشا پىرى.

چەكنى شۇنداق تەسىرلىك قىلىپ ئېيتاتتىكى ئاڭلىغۇچى شۇ ۋەقەنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ياكى شۇ ئىشنىڭ ئۈستىدە ئۆزىمۇ باردەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالاتتى. ئابدۇخالىق چوڭ ئانىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ شۈك ئولتۇردى. چوڭ ئانا پىرچەڭگى ھەققىدىكى ئەپسانىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ پىر - ئۇستازى بولغىنىدەك قەدىمكى زاماندا ناخشىچىلارنىڭمۇ پىرى بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى پىرچەڭگى ئىكەن. پىرچەڭگى ئاجايىپ مۇڭلۇق، خۇشناۋا ناخشىلارنى ئېيتىپ ئىنسانلارغا خۇشاللىق، بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئازار يېگەن خەستە دىللىرىغا تەسەللىي، ناتىنچ كۆڭۈللىرىگە ئارام بېغىشلايدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرى شۇنداق مۇڭلۇق، شۇنداق تەسىرلىككەنكى، بۆشۈكتە يېتىپ يىغلاۋاتقان بوۋاقلار پىرچەڭگىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىسا دەرھال يىغىدىن توختايدىكەن. بالىسىدىن ئايرىلىپ زار - زار نالە قىلىۋاتقان ئانىلار پىرچەڭگىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىسا ئۆز پەرزەنتى بىلەن دىدار كۆرۈشكەندەك نالە زارى چىپپىتە توختايدىكەن. يوقسۇزلۇق، نامراتلىقتىن بالىلىرىغا يەيدىغان ئاش، ئۈچىسىغا كىيىدىغان كىيىم تاپالماي زارلىنىۋاتقان ئاتىلار پىرچەڭگىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىسا ئۈمىد، ئىشەنچكە تولۇپ زارلىنىشتىن توختايدىكەن. ئەرلىرىدىن بىر مەزگىل ئايرىلىپ ئۇنىڭ دەرد - ئەلىمىگە چىدىماي ھەسرەت چېكىۋاتقان خوتۇنلار پىرچەڭگىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىسا، ھەممىنى ئۇنتۇپ شادلىققا چۆمىدىكەن. ئۇرۇشۇۋاتقان، جەڭگى - جېدەل قىلىشىۋاتقان ئادەملەر پىرچەڭگىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىسا جېدەللىشىشتىن توختاپ قالىدىكەن. كۆڭۈللىرى دەرد - ئەلەمگە تولغان بوۋاي، مومايلار پىرچەڭگىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىسا، ياشلىق، قىرانلىق چاغلىرى ئەسلىرىگە كېلىپ، ئۆزلىرىنى ياشىرىپ قالغاندەك سېزىپ، شادلىققا چۆمۈلىدىكەن.

پىرچەڭگىنىڭ ناخشىلىرى شۇنداق خۇشناۋا، يېقىملىق ئىكەنكى، ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغان بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇپ سايراشتىن توختاپ پىرچەڭگىنىڭ ناخشىسىغا قۇلاق سالىدىكەن. ئانىسىنى ئىمىۋاتقان قوزىلارمۇ پىرچەڭگىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىسا، ئىمىشتىن توختاپ قۇلاق سالىدىكەن. يايلاقتا چېپىپ كېتىۋاتقان تايچاقلار پىرچەڭگىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىسا، ھەيران قېلىپ جايىدا تۇرۇپ قالىدىكەن. پىرچەڭگى ئەنە شۇنداق ماھىر ناخشىچىكەن. ئۇ تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ، چۆل ـ باياۋانلارنى بېسىپ، يۇرت كېزىپ ئىنسانلارغا ناخشا ئېيتىپ بېرىپ، ئۇلارنى خۇش قىلىدىكەن. ئۇ كۆنلىرىنى ئاشۇنداق مەنىلىك ئۆتكۈزىدىكەن. شۇڭا ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن رازى ئىكەن. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى ئىنسانلارغا ناخشا ئېيتىپ بېرىپ ئۆتكۈزگەچكە، ئىنسانلار ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپتۇ. خۇدامۇ ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىپتۇ. شۇڭا پىرچەڭگى مىڭ يىل ياشاپتۇ.

پىرچەڭگى ئۆمرىدە ناھايىتى نۇرغۇن ناخشىچىلارنى تەربىيىلەپتۇ. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالي ۋە جەنۇبىغا، تۇرپان ۋە تارىم ۋادىسىغا تارقىلىپتۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ باللىرى تۇغۇلۇپ تىلى چىقىش بىلەن تەڭ ناخشا ئېيتالايدىكەن. ئايىغى چىقىش بىلەنلا ئۇسسۇل ئوينىيالايدىكەن.

پىرچەڭگى بىر كۈنى بىر يۇرتتىكى ئادەملەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرىپ كەچقۇرۇن ئۆيىگە قايتماقچى بوپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ قاراڭغۇدا يولدىن ئېزىپ بىر قەبرىستانلىققا بېرىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ يەرنىڭ قەبرىستانلىق ئىكەنلىكىنى تەستە پەرق ئېتىپ، بىر يولنى ئىلغا قىلىپ ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرغان ئىكەن، بىردىنلا بەكمۇ ئېچىنىشلىق يىغا ـ زارە، داد ـ پەرياد ئاڭلىنىپتۇ. پىرچەڭگى: «بۇ نېمە ئالامەت؟» دەپ بىردەم جىم تۇرۇپ قۇلاق سالسا، بۇ يىغا ـ زارە ساداسى يەر ئاستىدىن ئاڭلىنىۋاتقىدەك. يىغا ـ زارە ساداسى بارغانسېرى كۈچىيىپ، پىرچەڭگىنىڭ

يۈرەك - باغرىنى ئېزىپتۇ. ئۇ قەددىنى رۇسلاپ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مۇڭلۇق ناخشىسىدىن بىرنى ئېيتىشقا باشلاپتىكەن، يەر تېگىدىن ئاڭلىنىۋاتقان نالە - پەرياد ساداسى بىردىنلا چىپ توختاپ قاپتۇ. پىرچەڭگى تېخىمۇ روھلىنىپ ناخشىسىنى تولۇق ئېيتىپ بوپتۇ. ئۇ ئەمدىلا بەش قەدەم مېڭىشىغا يەر تېگىدىن يەنە نالە - پەرياد ساداسى كۆتۈرۈلۈپتۇ. پىرچەڭگى بۇنىڭغا چىدىماي يەنە ناخشا باشلاپتىكەن. ناخشىنىڭ مۇڭلۇق ساداسى قەبرىستانلىق ئارا ياڭراش بىلەنلا يەر تېگىدىن ئاڭلىنىۋاتقان نالە - پەرياد شۇ زامات توختاپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پىرچەڭگى ھەيران قاپتۇ. ئۇ:

— بۇ زادى نېمە گەپ؟ مەن ناخشا ئېيتسام نالە - پەرياد توختايدۇ. مەن ناخشا ئېيتىشتىن توختىسام نالە - پەرياد قايتا يەنە كۈچىيىپ كېتىدۇ. بۇ قانداق گەپ؟ نالە - پەرياد قىلىنىۋاتقانلار كىم؟ — دەپتۇ.

قەبرىستانلىقتىكى گۆرلەرنىڭ ئىچىدىن بىر سادا ئاڭلىنىپتۇ:

— ئەي دۇنيادىكى ئەڭ ئاق كۆڭۈل، ئەڭ ساپ دىل، سەمىمىي، ئالىيجاناپ ئۇستاز پىرچەڭگى، بىز ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ گۆرلىرىدىكى روھلار بولىمىز. بىز ئۆلۈپ گۆرگە كۆمۈلگەندىن كېيىن ھەر كېچىسى پەرىشتىلەر بىزنى ئازابلايدۇ. بىز شۇنىڭغا يىغلاپ نالە قىلىمىز. بۈگۈن كېچە سەن كېلىپ ناخشا ئېيتىۋېدىڭ، پەرىشتىلەر ناخشا ئاڭلانغان يەردە تۇرمىغاچقا ئۇلار كېتىپ قالدى. بىز ئەمدىلا ئازابتىن قۇتۇلدۇق دەپ تۇرغاندا، سەن ناخشا ئېيتىشنى توختىتىۋېدىڭ، پەرىشتىلەر يەنە قايتىپ كېلىپ بىزنى ئازابلاۋاتىدۇ. بىزلەر شۇنىڭغا چىدىماي يىغلاۋاتىمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پىرچەڭگىنىڭ ئازاب چېكىۋاتقان روھلارغا ئىچى ئاغرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاجايىپ مۇڭلۇق ناخشىدىن

بىرنى باشلاپتۇ. ناخشا ساداسى قەبرىستانلىق ئارا ياڭراش بىلەنلا پەرىشتىلەر كېتىپ قاپتۇ ـ دە، روھلار قىيىنلىش ئازابىدىن قۇتۇلۇپ خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن پىرچەڭگى ئۆز شاگىرتلىرىنى يۇرت كېزىپ ھايات ياشاۋاتقان ئادەملەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۆزى بولسا ھەر كېچىسى قەبرىستانلىققا بېرىپ ناخشا ئېيتىپ ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ روھلىرىنى ئازابتىن قۇتقۇزۇپتۇ. پىرچەڭگىنىڭ بۇ ئىشىغا قاتتىق خاپا بولغان پەرىشتىلەر خۇداغا ئەرز قىلىپ دەپتۇ:

— ئەي خۇدا بىز سېنىڭ ئەمرىڭنى بەجا كەلتۈرۈپ قەبرىستانلىققا بېرىپ ھەر كېچىسى روھلارنى ئازابلاپ كەلگەن ئىدۇق. بىراق، بىرنەچچە كېچە بولدى. پىرچەڭگى ئىسىملىك بىر بەندەڭ قەبرىستانلىققا كېلىپ ناخشا ئېيتىپ بىزگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. سەن پىرچەڭگىنى جازالاپ ئۇنى ناخشا ئېيتقۇزما ئاندىن بىز سېنىڭ پەرمانىڭنى بەجا كەلتۈرىمىز.

خۇدا پەرىشتىلەرنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ، پىرچەڭگىنى جازالاشقا پەرىشتە ئەۋەتىپتۇ. پەرىشتە ئاسماندىن چۈشۈپ خۇدانىڭ ئەمرى بويىچە پىرچەڭگىنىڭ ئىككى پۇتىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. پەرىشتىلەر:

— ئەمدى پۇتى يوق پىرچەڭگى قەبرىستانلىققا بارالمايدۇ. ئۇ ئەمدى ئىككىنچى ناخشا ئېيتماس، — دېيىشىپتۇ.

پەرىشتىلەر شۇندىن كېيىن ھەر كېچىسى قەبرىستانلىققا بېرىپ گۆرلەردىكى ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ روھلىرىنى ئازابلاشنى داۋام قىلىپتۇ. قەبرىستانلىقتىكى گۆرلەردىن كۆتۈرۈلگەن روھلارنىڭ نالە ـ پەريادى پىرچەڭگىنىڭ قۇلىقىغا يەنە ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ، ئۇ خۇددى ئۆزى ئازاب چېكىۋاتقاندەك بولۇپتۇ. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە:

— مەن بۇ ئالەمگە زادى نېمە ئۈچۈن تۆرەلگەن؟ مېنىڭ

ئىنسانلارغا قىلىپ بېرىشكە تېگىشلىك بۇرچۇم نېمە ئىدى؟ — دەپتۇ.

پىرچەڭگى چىشىنى چىڭ چىشلەپ ناھايىتى زور غەيرەت قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇ قەبرىستانلىقتا بېرىپ روھلارنى ئازابتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ناخشا ئېيتماقچى بوپتۇ. شاگىرتلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ:

— بۇ ئىشنى بىز قىلايلى، — دېيىشىپتۇ.

بىراق، پىرچەڭگى پەقەت ئۇنىماپتۇ. ئۇ شاگىرتلىرىنى كۈندۈزى ھايات ياشاۋاتقان ئادەملەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇ شاگىرتلىرىغا دەپتۇ:

— مەن بۇ دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت، قايغۇ - ئەلەم، ھەسرەت - نادامەت چېكىشىنى خالىمايمەن. مەن ئۇلارنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئارام، روھىغا ئەركىنلىك، تۇرمۇشىغا بەخت - سائادەت بېغىشلاشنى ئويلايمەن. مەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش - تالاشلارنىڭ مەڭگۈ تۈگىشىنى، مەڭگۈلۈك تىنچلىقنى ئۈمىد قىلىمەن. چوڭ - كىچىك ئەللەرنىڭ، چوڭ - كىچىك مىللەتلەر، قەۋملەرنىڭ ئىناق، ئىجىل، تەڭ باراۋەر ياشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ئىنسانلار ئارا ئادالەت، كۆيۈمچانلىق، سەمىمىيلىك، مۇرۇۋۋەتنىڭ نۇر چېچىشىنى تىلەيمەن. مەن مۇشۇ يولغا ھاياتىمنى ئاتىۋەتكەن، شۇڭا ئىرادەمدىن قەتئىي يانمايمەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان پىرچەڭگىنىڭ شاگىرتلىرى يىغلىشىپ كېتىپتۇ.

پىرچەڭگى ناھايىتى زور غەيرەت قىلىپ ئۆملەپ يۈرۈپ قەبرىستانلىققا مىڭ تەسلىكتە بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قەبرىستانلىقتا يەنە قايتىدىن پىرچەڭگىنىڭ ناخشا ساداسى جاراڭلىق ياڭراپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پەرىشتىلەر ئۇ يەردىن كېتىپتۇ.

روهلار شادلىقتا چۆمۈپتۇ.

بۇ ئىشقا قاتتىق غەزەپلەنگەن پەرىشتىلەر خۇداغا يەنە ئەرز قىلىپتۇ. خۇدا پەرىشتىلەرنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىپ پىرچەڭگىنىڭ جېنىنى ئېلىشقا ئەزرائىلنى ئەۋەتىپتۇ. ئەرەمسىما خېنىم رىۋايەتنى سۆزلەپ بولۇپ ئابدۇخالىققا كۆزى چۈشۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ.

ئابدۇخالىق ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى!

— نېمە بولدىڭىز بالام؟ — ئەرەمسىما خېنىم ئېڭىشىپ ياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتىۋېتىپ سورىدى.

— پىرچەڭگىگە ئىچىم ئاغرىدى. نېمىشقا خۇدا ئەسكىلەرنىڭ جېنىنى ئالماي، ياخشى ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئالىدۇ؟ — ئابدۇخالىق ئۆكسۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى. ئەرەمسىما خېنىم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ:

— بۇ دېگەن بىر چۆچەك بالام، ئۇنىڭغىمۇ يىغلامسىز، بولدى يېتىۋېلىڭ، — دېدى.

ئابدۇخالىق ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ كىيىملىرىنى سېلىپ ئورنىغا كىرىپ يېتىۋالدى. ئۇ بىر ھازاغىچە ئۇخلىيالمىدى. ئەرەمسىما خېنىم تەسۋى سىيرىپ دۇرۇت ئوقۇپ ئۇنىڭغا دەم سېلىپ سۈپۈكۈچ قىلاتتى.

ئەرەمسىما خېنىم تەسۋىنى قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئۇخلاپ قالغان ئابدۇخالىق جۆيلۈپ كەتتى:

— مېنى تۇسۇۋالماڭلار، مەن پىرچەڭگى بولىمەن! ئەرەمسىما خېنىم دەرھال ئابدۇخالىقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ چاقىردى:

— ئابدۇخالىق، ھەي ئابدۇخالىق!

ئابدۇخالىق ئويغىنىپ كۆزىنى پاللىدا ئاچتى. ئۇ ئاۋۋال چوڭ ئانىسىغا ئاندىن ئىككى ياققا، ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىغا قاراپ بىر كىمنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى.

— نېمە بولدى بالام؟

— مەنمۇ چوڭ بولسام پىرچەڭگىگە شاگىرت بولىمەن، — دېدى ئابدۇخالىق ئاستا لېكىن ۋەزمىن ئاھاڭدا.

— سىزنى قارا بېسىپتۇ، بىسمىللا دەپ ئوڭ يېنىڭىزنى بېسىپ يېتىڭ بالام، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم.

ئابدۇخالىق ئوڭ يېنىغا ئۆرۈلدى ـ دە، بىسمىللانى پىچىر-لاپ ئوقۇپ ئاستا ـ ئاستا ئۇخلاپ قالدى.

# تىرىشقان تاپار، تاشقا مىخ قاقار

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ئابدۇخالىق بالدۇرلا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ چوڭ ئانىسىنىڭ:

— ھازىر سىزگە ئەتىگەن، يەنە بىزە ئۇخلاڭ، — دېگىنىگە ئۇنىماي كىيىملىرىنى ئۆزى كىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

چىرايلىق كۈمۈش شامدانىدىكى پىلىلداپ كۆيۈۋاتقان شام ئۆي ئىچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. يوغان كانىيى كاڭغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن چويۈن مەشتە ئوت گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتاتتى. مەش ئوتىنىڭ تەپتىدىن قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۆينىڭ ئىچى خۇددى ياز كۈنىدەكلا ئىسسىق ئىدى. كاڭنىڭ بىر تەرىپىگە سېلىنغان جاينامازدا تەسۋى تارتىپ دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرغان ئەرەمسىما خېنىم تەسۋىنى بىر يانغا قويۇپ بىر ئايەتنى ئوقۇپ دۇئا قىلدى. ئۇ پىيمىسىنى كىيىۋاتقان ئابدۇخالىقتىن سورىدى:

— سىزگە نېمە بولدى؟

ئابدۇخالىق ئانىسىغا قاراپ چۈشىرلاپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئاخشامچۇ ئانا، ئۆزلە ئېيتىپ بەرگەن پىرچەڭگىنىڭ چۆچىكىنى ئاڭلاپچۇ، ئۇخلاپ ـ ئۇخلاپ ئەجەپ قىزىق چۈش كۆرۈپتىمەن.

— ھە! قانداق چۈش كۆرۈپسىز، قېنى سۆزلەڭ، — دېدى چوڭ ئانىسى ئابدۇخالىقنىڭ بېشىنى سىلاپ.

ئابدۇخالىق كېچە كۆرگەن چۈشىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن چۈشۈمدە باغدىكى ئۆيگە بارماقچى بوپتۇمەن. يېڭىشەھەردىن كوناشەھەرگە بېرىپتىمەن. ئۇ يەردىن چىقىپ چوڭ

يول بويلاپ كېتىپ بارسام، يول ياقىسىدىكى قەبرىگاھلىقنىڭ يېنىدا پىرچەڭگى تۇرغىدەك. مەن ئۇنى كۆرۈپ:

— ھەي ناخشا پىرى، مېنى شاگىرتلىققا ئالساڭچۇ، — دەپتىمەن. پىرچەڭگى ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ:

— سەن ھازىر بىزە كىچىك، ئاگال مەكتەپتە ئوقۇغىن، بىلىم ئال، چوڭ بولغىنىڭدا سېنى چوقۇم شاگىرتلىققا ئالىمەن، — دەپتۇدەك. مەن پىرچەڭگى بىلەن خوشلىشىپ باغدىكى ئۆيگە بېرىپتىمەن. ئۇ يەردە ئاپئاق ئايلام[1] ماڭا بىر ھاي - ھاي جىلتە تىكىپ قويۇپتىدەك. مەن ئۇ ھاي - ھاي جىلتىنى ئېسىپ مەكتەپكە ئوقۇشقا مېڭىپتىمەن. يولدا ماڭا ئاپئاق ساقاللىق بىر داداش ئۇچراپتۇ. مەن ئۇ چوڭ داداشقا سالام بېرىپتىمەن. ئۇ ماڭا:

— ئەي ئەدەپلىك ياخشى بالا، مەن بىر تىل تۇمارىمنى يوقىتىپ قويدۇم. ئۇ بەك خىسلەتلىك تىل تۇمار ئىدى. سەن ئۇنى ئىزدىشىپ بەرگىن — دەپتۇ.

مەن: «بۇ قېرى ئادەمكەن. چوڭ ئانام ماڭا ‹چوڭلارنى ھۆرمەت قىل›، دېگەنغۇ. مەن ئۇنىڭغا ياردەم بېرەي» دەپ خىيال قىپتىمەن.

ئۇ چوڭ داداش:

— بەك ياخشى بالا ئىكەنسىز، ئاق يول بولسۇن، — دەپ ماڭا دۇئا قىپتۇ.

مەن ئىككى قولۇمنى كۆتۈرۈشۈمگە، قولۇم قانات بولۇپ ئاسمانغا چىقىپ ئۇچۇپ كېتىپ بارغۇدەكمەن. ئۇچۇپتىمەن - ئۇچۇپتىمەن. نۇرغۇن مەھەللە، يۇرتلاردىن، چۆللەردىن، تاغلاردىن، باغلاردىن ئۆتۈپتىمەن. تىل تۇمار كۆرۈنمەپتۇ. مەن يەنە ئۇچۇپتۇدەكمەن. بىر چاغدا قورسىقىم ئېچىپ، ھېرىپ ئۇسساپ كېتىپتىمەن. مەن: «كەينىمگە قايتىپ كېتەيمۇ يە» دەپ خىيال

---

① ئاپئاق ئايلام — ئابدۇخالىق ئاپىسى نىيازخاننى شۇنداق دەيدىكەن.

قىلىپتىمەن. تۇرۇپلا يەنە: «ياق بولمايدۇ، مەن تىل تۇمارنى تاپىمەن دەپ چوڭ داداشقا ۋەدە بەرگەن تۇرسام، ياخشى بالا ۋەدىسىدە تۇرىدۇ» دەپتۇدەكمەن. مەن چىشىمنى چىشلەپ غەيرەت قىلىپ يەنە ئۇچۇپتۇدەكمەن، ئۇچۇپ - ئۇچۇپ ئالەمنىڭ نىرىقى چېتىگىچە بېرىپتىمەن. ئۇ يەرگە قارىساممۇ تىل تۇمار يوق. مەن تىل تۇمارنى ئىزدە - ئىزدە ئاسمانغا چىقىپ بۇلۇتلاردىنمۇ ئېگىز ئۆرلەپ يەرگە قارىسام تۇرپان مۇنارى تۇرغىدەك. مەن مۇنارنى كۆزلەپ ئاسماندىن يەر يۈزىگە چۈشۈپ قارىسام كۈن چىقىش تەرەپتىكى يىراق بىر يەردە بىر نەرسە پارقىراپ تۇرغىدەك. مەن ئاشۇ پارقىراپ تۇرغان نەرسىنى كۆزلەپ يەنە قانات چىقىرىپ ئۇچۇپتىمەن - ئۇچۇپتىمەن. بىر چاغدا پارقىرىغان نەرسىنىڭ ئۈستىگە يېتىپ بېرىپ يەرگە چۈشۈپتىمەن. پارقىراپ كۆرۈنگەن نەرسە مەندىن يىراقلاپ كېتىپ بارغۇدەك. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ مېڭىپتىمەن - مېڭىپتىمەن. پۇتۇمدىكى كېپىچىمنىڭ چەمى تېشىلىپ كېتىپتۇدەك. مەن چوڭ داداشقا بەرگەن ۋەدەمنى ئويلاپ چىشىمنى چىشلەپ پۇتۇم قاناپ، قانلار ئاقسىمۇ، ئاغرىققا چىداپ مېڭىپتىمەن - مېڭىپتىمەن. ئاخىرى پارقىراپ تۇرغان نەرسىگە يېقىنلاپ بېرىپتىمەن. ئەتراپقا قارىسام ئۇ يەر ئەشا[1] ئىكەن. ئەشانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆينىڭ ئىچىدىن ھېلىقى نەرسە پارقىراپ كۆرۈنۈۋاتقۇدەك. مەن ئۇ ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىسام بىر ساندۇق تۇرغۇدەك. چوڭ داداشنىڭ تىل تۇمارى ساندۇق ئىچىدە تۇرغۇدەك. مەن ساندۇقنى ئاچىمەن دەپ ئاچالماپتىمەن. مەن ھېرىپ قېلىپ ئولتۇرسام ھېلىقى چوڭ داداش كەپتۇدەك. ئۇ ساندۇققا قاراپ:

— ئەي ساندۇقۇم مېنىڭدىن،
خاپىلىقنى كەتكۈزۈڭ.

---

① ئەشا — ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىنى يەرلىك ئادەملەر شۇنداق ئاتايدۇ.

ئالدىمدا چوڭ ئېچىلىپ،
مۇرادىمغا يەتكۈزۈڭ.
دەپ قوشاق ئوقۇپتۇدەك.

شۇنىڭدىن كېيىن ساندۇق جاراقىدە ئېچىلىپتۇدەك. چوڭ داداش ساندۇقتىن تىل تۇمارنى ئېلىپ ماڭا بېرىپتەك. ئۇ چوڭ داداش:

— بۇ تىل تۇمار بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك. مەن ساڭا بۇنى بېرەي، سەن ئۇنى بوينىڭغا ئېسىۋال. بۇنى ئېسىۋېلىپ بۇنىڭدىكى ھېكمەتكە ئەمەل قىل، ئىلىمگە ئىخلاس قىل، تىرىشىپ ئوقۇ. بىلىملىك ئادەم بول. پىرچەڭگىگە ئوخشاش ئىنسانلارنى ئازابتىن قۇتقۇزۇپ ئۇلارغا شادلىق ئاتا قىل، — دەپتۇدەك.

مەن:

— چوڭ دادا گەپلىرىنى ئېسىمدە چىڭ ساقلاپ ئۇنى ئورۇندايمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇدەكمەن.

چوڭ داداش:

— كۆزۈڭنى يۇم — دەپتۇدەك.

مەن كۆزۈمنى يۇمۇپتىمەن. چوڭ داداش بۇ تىل تۇمارنى بوينۇمغا ئېسىپ قويۇپتەك.

ئۇ ماڭا:

— كۆزۈڭنى ئاچ — دەپتۇدەك.

مەن كۆزۈمنى شۇنداق ئاچسام قېشىمدا ھېچكىم يوق، ئۆزۈم يالغۇز تۇرغۇدەكمەن.

............

ئابدۇخالىق سۆزلەشتىن توختىدى. ئۇ چۈشىدە بوۋاي ئېسىپ قويغان تىل تۇمارنى تۇتۇپ كۆرمەكچى بولغاندەك بويىنىنى ۋە مەيدىسىنى سىلاپ قويدى. ئەرەمسىما خېنىم ئابدۇخالىق سۆزلىگەن چۈشنى ئاڭلاپ:

— توۋا ئاللاھ ئىگەم، مۇشۇ بالامنىڭ كېچە كۆرگەن چۈشىنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇردۇم، — دەپ تۆۋبە ئىستىغپار ئېيتىپ، پىچىرلاپ دۇرۇت ئوقۇدى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا بىر ئايەتنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ ئابدۇخالىقنىڭ بەخت - تەلىيىنى تىلەپ دۇئا قىلدى. ئۇ دۇئا ياندۇرۇپ بولۇپ ئابدۇخالىققا قاراپ:

— كېچە ياخشى چۈش كۆرۈپسىز بالام. ئاللاھ ئىگەم مۇرادىڭىزغا يەتكۈزگەي، — دېدى ئۈمىد بىلەن.

ئابدۇخالىق شىرىت قىلىپ بۇرنىنى تارتىپ قويدى. ئۇ پاختىلىق چاپىنى بىلەن تۇمىقىنى كىيدى. كاڭدىن پەسكە چۈشۈپ تاشقىرىغا چىقماقچى بولدى. ئۇ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— نەگە بارىسىز بالام؟

— ئاپئاق ئايلام ماڭا تىكىپ قويغان ھېلىقى هاي - هاي جىلتىنى ئەكېلىۋالىسام، ئابدۇقەييۇم تۇتۇپ مەينەت قىلىۋەتمىگەي يەنە.

ئەرەمسىما خېنىم نەۋرىسىنىڭ كېچە كۆرگەن چۈشىنى ئەسلەپ قىلىۋاتقان ئىشىغا كۆلگىسى كەلدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ھازىر تېخى كۈن چىقمىدى، ئەتىگەن. ھازىر خالەگە بېرىپ تەرەت سۇندۇرۇپ كېلىڭ، ئاندىن يۈزىڭىزنى يۇيۇۋېلىڭ. ئەتىگەنلىك چاي تەييار بولغۇچە تۈنۈگۈن مەن ئۆگىتىپ، يېزىپ بەرگەن خەتنى ئوقۇپ تەكرار قىلىپ، يېڭى بەتكە كۆچۈرۈڭ، — دېدى ۋە «ھازىر ئاق ئايلىڭىز ناماز ئوقۇۋاتقاندۇ ھەقاچان، چاي ئىچىپ بولۇپ كىرىڭ» دەپ قوشۇپ قويدى.

ئابدۇخالىق چوڭ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:

— بولىدۇ، ھازىر ئۇ يەرگە كىرمەيمەن، — دەپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى.

ئابدۇخالىق بىر پەستىن كېيىن تالادىن كىردى. ئۇ چوڭ ئانىسى ئىشىكنىڭ كەينىگە قويۇپ قويغان ئاپتۇۋىدىكى ئىسسىق سۇ بىلەن يۈزىنى يۇيدى. ئۇ يۈزىنى يۇيۇپ بولۇپ چوڭ ئانىسى

كاڭغا قويۇپ بەرگەن شىرەگە سومكىسىنى قويدى. سومكىدىن
دەپتەر قەلىمىنى ئالدى ـ دە، ئۆگىنىشنى باشلىۋەتتى. ئابدۇخا-
لىق تۇنۇگۇن چوڭ ئانىسى ئوقۇشنى ئۆگىتىپ چىرايلىق يېزىپ
بەرگەن بىر قۇر خەتنى ھەجىلەپ ئوقۇشقا باشلىدى. بىرقانچە
ئون قېتىم تەكرارلاپ ئوقۇغاندىن كېيىن ئابدۇخالىق ساۋىقىنى
خېلىلا راۋان ئوقۇيالايدىغان بولدى. ئۇ شۇ چاغدىلا يېنىك نەپەس
ئېلىپ قەلەمنى قولىغا ئېلىپ خەتنى ئۆز ئەينى پېتى كۆچۈرۈشكە
باشلىدى. بىر ھازادىن كېيىن ئەرەمسىما خېنىم ئىش ـ كۇشنى
تۇگىتىپ نەۋرىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.
ئابدۇخالىق چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى
سېزىپ يېزىشتىن توختىدى، دەپتەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ چوڭ
ئانىسىغا قارىدى ـ دە، بۇرنىنىڭ ئۇستىدىكى گۇل بەرگىگە
قونغان تاڭ شەبنىمىدەك پارقىراپ تۇرغان تەرنى قولىنىڭ ئالقى-
نى بىلەن ئېرتىۋېتىپ كۇلۇمسىرىدى. چوڭ ئانا نەۋرىسىنىڭ
دەپتىرىنى قولىغا ئېلىپ يېڭى بەتتىكى قىڭغىر ـ قىيسىق يېزىل-
غان ئىككى قۇر خەتكە كۆز يۇگۇرتۇپ چىقىپ دېدى:
— ھەي بالامەي، خەتنى باشلىغان قۇردىن چىقىپ كەتمەي
شۇ قۇرنىڭ ئاخىرىغا چىقىرىپ يېزىپ بولۇپ يېڭى قۇردىن باشلى-
ماي، ئۇچىنچى، تۆتىنچى قۇرلارغا چۇشۇرۇپ يېزىپسىزغۇ، ياز-
غانلىرىڭىز ساپلا قىڭغىر ـ مايماق. مانا قاراڭچۇ، يېزىپ بەرگى-
نىم قانداق ئىكەن؟
ئابدۇخالىق بىر ئۆزىنىڭ يازغىنىغا، بىر چوڭ ئانىسى ئۇلگە
كۆرسىتىپ يېزىپ بەرگەن خەتكە قاراپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ
بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئاستىنقى كالپۇكىنى چىشلىدى. ئەرەم-
سىما خېنىم كۆرسەتكۇچ بارمىقى بىلەن ئۆزىنىڭ يېزىپ بەرگەن
خېتى بىلەن ئابدۇخالىق يازغان خەتنى بىر ـ بىرلەپ سېلىشتۇ-
رۇپ ئابدۇخالىقنىڭ خاتا يەرلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى.
بۇ ئىش ئابدۇخالىققا ئېغىر كەلدى. ئۇ پاڭىدە يىغلىۋېتىش-

كه تاسلا قالدى. ئۇنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزارغان ئىدى. ئۇ يازغان ئىككى قۇر خەت بىر بەتنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگە-لىگەن ئىدى. ئۇنىڭغا تېخى بايىلا ئۆزى يازغان بۇ خەتلەر خېلى تۈز ۋە چىرايلىقتەك كۆرۈنگەن ئەمەسمىدى؟ مانا ئەمدى چوڭ ئانىسى خاتاسىنى كۆرسىتىپ بېرىۋېدى، راستتىنلا ئۇ شۇنچە تىرىشىپ، كۆڭۈل قويۇپ كۆچۈرگەن بۇ خەتلەر ئەمدىلىكتە سەت ۋە قىڭغىر - سىڭغىر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاشۇ يېرىمى ئۇس-تۈنكى قۇردا قېلىپ يېرىمى ئاستىنقى قۇرغا چۈشۈپ كەتكەن خەتلەرگە گويا جان كىرىپ ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئابدۇخالىق ئاستىنقى قۇرغا يېزىپ قويغان ھەرپلەر: «بىزنى نېمىشقا ئاستىنقى قۇرغا چۈشۈرۈۋەتتىڭ؟ نېمىشقا ئۆز جايىغا يازمىدىڭ؟ شۇ ھالىڭغا خەت يازىمەن دېدىڭمۇ تېخى» دەۋاتقاندەكلا تۇيۇلدى. ئۇ ئاستىنـقى كالپۇكـىنى قاتتىق چىش-لىدى - دە، دەپتىرىنى قولىغا ئېلىپ خەت يازغان بەتنى يىرتىپ تاشلىماقچى بولدى.

نەۋرىسىنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي - خىيالىنى بىلىۋالغان چوڭ ئانا ئۇنىڭ قولىدىن دەپتەرنى ئېلىۋالدى. چوڭ ئانىسى ئابدۇخا-لىققا ئەستايىدىللىق بىلەن نەسىھەت قىلدى:

— بىزدە ئاتا - بوۋىلاردىن قالغان «تىرىشقان تاپار، تاشقا مىخ قاقار» دېگەن ھېكمەتلىك گەپ بار بالام. بۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ. تىرىشچان بالا چوقۇم مەقسىتىگە يېتىدۇ. بايا يازغانلىرىڭىزنى ئىبرەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى قۇرلارغا يېزىڭ.

ئابدۇخالىق چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ئۇ قەتئىي ئىرادىگە كەل-گەن ئىدى. ئۇ چوڭ ئانىسىنىڭ قولىدىن دەپتىرىنى ئاستا ئې-لىپ، ھەربىر ھەرپىنى پىچىرلاپ ئوقۇغىنىچە كۆچۈرۈشكە باشلى-دى. چوڭ ئانا تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلەپ ئۆي ئىچى يورۇپ كەتكەن ئىدى. ئەرەمسىما خېنىم تالادىن كىرىپ:

— چاي تەييار بولدى ئابدۇخالىق. ئەمدى ناشتا قىلىمىز بالام. خېتىڭىزنى كېيىن يېزىڭ، — ئەرەمسىما خېنىم شۇنداق دېدى ـ دە، شىرەگە يېقىنلىشىپ كېلىپ ئابدۇخالىقنىڭ دەپتە-رىگە قاراپ هەيران قالدى. چۈنكى بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا باياتىن ئۆزى قىڭغىر ۋە سەت يېزىپ قويغان ئىككى قۇر خەتنىڭ ئاستىغا تۆت قۇر خەتنى قۇرغا چۈشۈرۈپ يازغان ئىدى. ئەرەمسى-ما خېنىم نەۋرىسىنىڭ ئۈنچىدەك تەر تامچىلىرى پارقىراپ تۇر-غان كەڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيدى. ئۇ ئابدۇخالىقتىن سۆيۈنۈپ:

— مانا ئەمدى خېلى توغرا يېزىپسىز. تىرىشچان، ياخشى بالا مۇشۇنداق يازىدۇ. قالغان خېتىڭىزنى چاي ئىچىپ بولۇپ ئاندىن يېزىڭ، — دېدى.

ئابدۇخالىق چوڭ ئانىسى بىلەن هويلىغا چىقتى. ئۇ ئاشخانا ئۆيگە كېتىۋېتىپ چوڭ ئانىسىدىن سورىدى:

— مەن قاچان مەكتەپكە بارىمەن؟

— چوڭ دادىڭىز شەمەيدىن كەلگەندە بالام.

— چوڭ داداش شەمەيدىن كەلگىچە مەن مەكتەپكە بارايچۇ! — دەپ ئابدۇخالىق چوڭ ئانىسىنىڭ كۆينىكىدىن تار-تىپ تۇرۇۋالدى. — ئەمتەي نېمە قىلىۋاتىدۇ بۇ بالا؟ — ئەرەمسىما خېنىم نەۋرىسىنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئۇنىڭ مەكتەپكە بېرىشقا بولغان ئوتتەك قىزغىن كۆڭلىنى سوۋۇتۇشقا رايى بارمى-دى. ئۇ ئۆزىگە ناهايىتى زور ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن تىكىلىپ قاراپ جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان نەۋرىسىگە دېدى.

— مەخسۇم ئاتىڭىز تېخى تۈنۈگۈن ئۇرۇمچىگە كەتتى. ئۇ يەنە ئىككى هەپتىدە كېلەرمىكىن. ئۇ كەلسە سىزنى مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىنى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىق خۇشاللىقتىن شوخ ئوغلاق-لاردەك دىك ـ دىك سەكرەپ يۈگۈرەپ ـ يۈگۈرەپ چوڭ ئانىسى-نىڭ ئالدىدا ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

# خاسىيەتلىك بىر كۈن

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ئابدۇخالىق ئاق ئايلىسىنى ئىزدەپ ئىچكى هويلىدىن تاپالمىدى. ئۇ تىت - تىت بولۇپ تاشقىرىقى هويلىغا چىقتى. ئابدۇخالىق تاشقىرىقى هويلىدا ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان نىيازخاننى كۆرۈپ يۈگۈرەپ ئالدىغا باردى.

— ئاپئاق ئاي-لا هېلى-قى هاي - هاي جىل-تەم قېنى؟ — ئابدۇخالىق هاسىرىغىنىچە سورىدى.

ئابدۇخالىقنىڭ تۇيۇقسىزلا سورىغان بۇ سوئالىدىن نىيازخان مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئابدۇخالىقتىن سورىدى:

— قايسى هاي - هاي جىلتىڭىز بالام؟

— كېچە ئۇخلاپ چۈشۈمدە كۆرگەن هېلىقى ئۆزلە مۇرەمگە ئېسىپ قويغان هاي - هاي جىلتىچۇ؟ — شۇ زامان ئابدۇخالىق-نىڭ قاپىقى تۈرۈلدى.

نىيازخان كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئوغلىدىن سورىدى:

— جىلتىنى نېمە قىلىسىز؟ چوڭ دادىڭىز شەمەيدىن ئەكەل-گەن بىر چىرايلىق سومكىڭىز بارغۇ؟

ئابدۇخالىق دومسىيىپ:

— مەكتەپتە ئوقۇيدىغان باللار سومكا كۆتۈرمەيدىكەن. مەن سومكامنى ئۆيدە تۇتىمەن. مەنمۇ مەكتەپتە ئوقۇيمەن. مەك-تەپ باللىرى «جىلتە ئاسىمىز، سومكا تۇتمايمىز» دەيدۇ، — دېدى.

نىيازخان ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇ:

— ئابدۇخالىق سىز تېخى كىچىك، — دېۋىدى، ئابدۇخالىق دەرھاللا:

— مەنچۇ، ئەمدى چوڭ بولدۇم. ئالتە ياش بولدۇم. چوڭ ئانام: «مەخسۇم ئاتىڭىز ئۇرۇمچىدىن كەلسىلا سىزنى مەكتەپكە بېرىمىز» دېگەن، — دېدى.

نىيازخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۇنداق بولسا مەن سىزگە ئەتىگىچە شۇنداق چىرايلىق جىلتىدىن بىرنى تىكىپ بېرەي.

ئابدۇخالىقنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلدى. ئۇ:

— رەھمەت ئاق ئايلا! — دېدى خۇشال بولۇپ.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئابدۇخالىق ئاپىسى نىيازخان تىكىپ بەرگەن چىرايلىق جىلتىنىڭ ئىچىگە يېڭى بىر ھەپتىيەك، دەپتەر، قەلەمنى سېلىپ مۈرىسىگە ئاستى. ئۇ ئۆزىنى بويى ئۆسۈپ چوپ - چوڭلا بولۇپ قالغاندەك سېزەتتى. ئۇ دىك - دىك مېڭىپ مەغرۇر ھالدا دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا قوشنا ھويلىدىكى ھېسامىدىن كەلدى.

ھېسامىدىن:

— ۋۇي - يۇ، كىمنىڭ جىلتىسى؟ — سورىدى ئابدۇخالىقتىن.

— ئۆزۈمنىڭ بولمامدۇ؟

— ھەجەپ ھاي - ھايغۇ؟

— ئاق ئايلام تىكىپ بەرگەن تۇرسا.

— قاچان تىكىپ بەردى.

— تۈنۈگۈن.

ھېسامىدىن جىلتىنى تۇتۇپ كۆردى.

— مانا ئىچىدە ھەپتىيەكىم بار، — ئابدۇخالىق جىلتىنى مۈرىسىدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ ياپقۇچىنى ئاچتى.

— ئىچىدە يانچۇقى بار ئىكەن ھە، — دېدى ھېسامىدىن جىلتىنىڭ ئىچىدىكى يانچۇققا قاراپ.

— ئاق ئايلام مەكتەپكە بارغاندا يەيدىغان ناننى ھەپتىيەك بىلەن بىللە سېلىۋالسىڭىز، ھەپتىيەككە ئوڭايلا نان يۇقۇپ كونىراپ كېتىدۇ، ناننى جىلتىنىڭ يانچۇقىغا سالسىڭىز ھەپتىيەكمۇ، نانمۇ پاكىزە تۇرىدۇ دېگەن، — دېدى ئابدۇخالىق.

ھېسامىدىن سورىدى:

— سەن ئەمدى مەكتەپتە ئوقۇغىلى قاچان بارىسەن؟

— مەخسۇم ئاتام ئۈرۈمچىدىن كەلگەندە، — دېدى ئابدۇخالىق.

— ئۇنداق بولسا ياخشى. مەكتەپكە بارغۇچە مەن سېنى چاقىرىمەن جۇمۇ.

— بولىدۇ.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئىككىنچى ئاينىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلدى. ئاتىسىنىڭ يولىغا قاراپ كۆزى تېشىلگىدەك بولغان ئابدۇخالىق ئابدۇراخمان مەخسۇم ھويلىغا كىرىشىگە ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشىۋېلىپ «مېنى مەكتەپكە ئوقۇشقا ئاپىرىپ قويسىلا» دەپ تۇرۇۋالدى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم:

— بولىدۇ، سىزمۇ ھازىر ئالتىگە كىرىپ مەكتەپ يېشىغا توشتىڭىز. ئەتە - ئۆگۈن خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ سىزنى مەكتەپكە بېرىمىز، — دېدى.

بۇ گەپ بىلەن ئابدۇخالىقنىڭ كۆڭلى تىندى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى.

ئۈچىنچى ئاينىڭ دەسلەپكى ھەپتىسىنىڭ دۈشەنبە كۈنى ئابدۇخالىقنى ئابدۇراخمان مەخسۇم ئۆزى يېڭىشەھەر قازىخانا مەسچىتى ئىچىگە جايلاشقان خېلىل موللامنىڭ مەكتىپىگە ئېلىپ باردى.

ئايۇپ ھارۋىكەش مەپىنى مەسچىتنىڭ ئالدىدا توختاتتى. ئابدۇراخمان مەخسۇم مەپىدىن يەرگە چۈشتى. ئۇ ئابدۇخالىقنى

مەپە ئىچىدىن كۆتۈرۈپ يەرگە ئالدى.

— خېلىل موللامىنىڭ مەكتىپى مۇشۇ چوڭ مەسچىتنىڭ ئىچىدە ئەمدى مۇشۇ يەردە ئوقۇيسىز، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم ئوغلىغا.

ئايۇپ هارۋىكەش مەپىنىڭ ئىچىدىن بىر پوت گۆش، نان، پوشكال، قەنت ـ گېزەك چىگىلگەن چوڭ داستىخاننى ۋە سەرپاي تون ئورالغان ياغلىقنى ئالدى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ چوڭ مەسچىت-نىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن كىردى. ئايۇپ هارۋىكەش كەي-نىدىن ماڭدى.

چوڭ مەسچىتنىڭ هويلىسى كەڭ تاشا ئىدى. مىڭدىن ئو-شۇق نامازخان سىغىدىغان، هويلىنىڭ غەربىنى ئىگىلىگەن ئىككى قەۋەت بىنانىڭ ئېگىزلىكىگە تەڭ كېلىدىغان نامازخانا يەردىن ئىككى مېتىردەك ئېگىز كۆتەرمە قىلىنىپ سېلىنغان ئىدى. نامازخانىنىڭ ئالدىغا بىر قاتىرىغا بەشتىن ئىككى قاتار تۈۋرۈك قويۇلغان لەمپە ياسالغان ئىدى. پەستىن چىقىش ئۈچۈن ئىككى يەرگە پەلەمپەي ياسالغان ئىدى. مەكتەپ ئۆيلىرى مەسچىتنىڭ شىمالىي ئىشىكىنىڭ غەربىگە ئىككى قەۋەت قىلىپ سېلىنغان ئىدى. بىرىنچى قەۋەتتە قىزلار ئىككىنچى قەۋەتتە ئوغۇللار ئوقۇيتتى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ مەسچىت هوي-لىسىغا كىرىشىگە ئىككىنچى قەۋەتتىكى دەرسخانىدىن ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا ساقاللىق، بېشىغا ئاق شاپاق بۆك، ئۇچىسىغا ئاق يەكتەك كىيگەن 35 ياشلاردىكى بىر موللا سۇپەت ئادەم چىقىپ پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشتى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم:

— ئابدۇخالىق ئاشۇ كېلىۋاتقان ئادەم ئۇستازىڭىز خېلىل موللام بولىدۇ. دەرهال ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىڭ — دېدى.

ئابدۇخالىق جۇرئەتلىك بالا بولسىمۇ ھاياتىدىكى بۇ خاسىيەتلىك مىنۇتلاردا قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە يۈرىكى ئويناپ كەتكەچكە تەمتىرەپ قالدى. ئابدۇراخمان مەخسۇم:

— تېز بولۇڭ سالام بېرىڭ، تارتىنماڭ، مەن بار، — دەپ مەدەت بەرگەندىن كېيىنلا خېلىل موللامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئوڭ قولىنى سول مەيدىسىگە قويۇپ ئەدەپ بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام بەردى:

— ئەسسالام!

ئابدۇخالىقنىڭ يېقىملىق سالىمى خېلىل موللامنى سۆيۈن- دۈرۈۋەتتى. ئۇ دەرھاللا:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەرھابا! — دېدى. خېلىل موللام پاكىزە، رەتلىك كىيىنگەن، ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزارغان، ئوماق ئابدۇخالىقتا مەسلىكى كېلىپ ئۇنىڭ مۇرىسىگە يەڭگىلگىنە ئۇرۇپ قويدى. ئاڭغىچە ئابدۇراخمان مەخسۇم ۋە ئايۇپ ھارۋى- كەش خېلىل موللامغا سالام بېرىشىپ قىزغىن كۆرۈشتى.

— خوش كېلىشىپسىلەر، مەرھابا، قېنى ئۆيگە، — دېدى، خېلىل موللام قىزغىن ھالدا.

خېلىل موللامنىڭ ئۆيى مەسچىت ھويلىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان ئىدى. ئابدۇراخمان مەخسۇم ئوغلىنى ئەگەش- تۈرۈپ ئۆيگە كىردى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئايۇپ ھارۋىكەش كىرىپ قولىدىكى داستىخان ۋە ياغلىقنى دېرىزە تەكچىسىگە ئاستا قويدى.

ئۆي ئاددىي ئەمما پاكىزە، رەتلىك سەرەمجانلاشتۇ- رۇلغانىدى. ئابدۇراخمان مەخسۇم تۆرگە چىقىپ پاتىھە قىلدى. دۇئادىن كېيىن يىنىدا ئولتۇرغان ئابدۇخالىقنى كۆرسىتىپ ئۇنى مەكتەپكە ئوقۇشقا ئېلىپ كەلگىنىنى بايان قىلدى.

— ناھايىتى ساۋابلىق ئىش قىپسىلا، تولىمۇ ئوبدان بوپتۇ. ئۆز پەرزەنتىنى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتۇپ، تەربىيىگە ئىگە قى-

لىش ئاتا ـ ئانىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر، — خېلىل موللام شۇنداق دەپ ئابدۇخالىققا قاراپ قويۇپ سورىدى، — بالىنىڭ ئىسىم شەرىپى كىم ئىدى؟

— ئابدۇخالىق.

— بەك ياخشى. ئابدۇخالىق ناھايىتى ئۇلۇغ ئاتتۇر، — دېدى خېلىل موللام سىنچى كۆزلىرى بىلەن بالىغا قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋام ئەتتى، — «چىراي كۆرۈپ ھال سورا» دېگەن گېپىمىز بارغۇ، بۇ بالىنىڭ نۇرلۇق، مەسۇم چېھرىدىنلا مەلۇمكى، ئۇنىڭ ئەقىللىق، زېھنىي ئوچۇق، ئىلىمگە ئىخلاسمەنلىكى چىقىپ تۇرۇپتۇ. پەقىر ئىلمۇ ـ ھېكمەت بابىدا دىيارىمىزدىكى نامى مەشھۇر داموللا، ئۆلىمالاردەك كامىل بولمىساممۇ، ئۆز قابىلىيىتىمنى جارى قىلىپ ئابدۇخالىقنى ئەھلى ئىلىملەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە زېھنىي كۈچۈمنى ھېچ ئايىماسمەن. چۈنكى ئابدۇخالىق ئۆز بالامغا ئوخشاش ئەمەسمۇ.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئورنىدىن تۇرۇپ خېلىل موللامغا تەزىم قىلىپ رەھمەت ئوقۇدى. ئۇ ئايۇپ ھارۋىكەشكە شەرەت قىلىشىدى. ئايۇپ دىككىتە ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە تەكچىسىدىن داستىخان بىلەن تون چىگىلگەن چوڭ ياغلىقنى ئېلىپ كەلدى. ئابدۇراخمان مەخسۇم ياغلىقنى يەشتى. ئۇ قارا تېرىكىدىن تىكىلگەن توننى خېلىل موللامنىڭ ئالدىغا قويدى.

— لايىقلىرى ئەمەس موللام، شۇنداق بولسىمۇ قوبۇل قىلغايلا، — دېدى ئۆزرىخالىق ئېيتىپ.

— كۆپ رەھمەت، بەك جۇۋاپ كېتىپلا، — خېلىل موللام شۇنداق دېدى ـ دە، دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر!

دۇئادىن كېيىن ئابدۇراخمان مەخسۇم خېلىل موللامغا ئىلتىجا قىلىپ دېدى:

— ئوغلىمىز ئابدۇخالىقنى ئالدى بىلەن ئاللاغا، ئاندىن

كېيىن ئۆزلىرىنىڭ تەربىيىلىرىگە تاپشۇردۇق. موللام «بالىنىڭ گۆشى ئۆزلىرىنىڭ، ئۇستىخىنى بىزنىڭ». خېلىل موللام مۇلا-يىم كۇلۇمسىرەش بىلەن ئابدۇخالىققا قاراپ قويۇپ:

— خۇدايىم بۇيرۇسا، ھەرقايسىلىرى خاتىرجەم بولۇشسىلا، ئىشىنىمەنكى ئابدۇخالىق تىرىشىپ ئوقۇيدۇ، — دېدى ئىشەنچ بىلەن. ئابدۇراخمان مەخسۇم خېلىل موللام بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتتى. ئابدۇخالىق ئۇستازى خېلىل موللام بىلەن دەرس-خانىغا كىرىپ كەتتى.

# مىياۋلىغان مۈشۈك

ئابدۇخالىق خېلىل موللامىنىڭ كەينىدىن دەرسخانىغا كىر-
دى. دەرسخانىدا 40 تەك بالا بار ئىدى. بالىلارنىڭ ئۆز ساۋاقلى-
رىنى بىر خىل رىتىمغا چۈشۈرۈپ ئۈنلۈك يادلىشى ئابدۇخالىققا
قىزىق تۇيۇلدى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى گۈزەل باھار كۈنلىرىدىكى
ئۆرۈكلۈك باغچىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭغا
دەرسخانىدىكى بالىلارنىڭ بىر خىل رىتىمدا ئۈنلۈك ھالدا ئۆز
ساۋىقىنى يادلىشى باغدىكى ھۆپپىدە ئېچىلغان ئۆرۈك چېچەكلى-
رىگە قونۇپ توختىماي گۈڭگۈلداۋاتقان ھەرىلەرنى ئەسلىتەتتى.
بالىلار خېلىل موللامىنىڭ بىر كىچىك بالىنى ئەگەشتۈرۈپ
كىرگىنىنى كۆرۈپ ساۋىقىنى يادلاشتىن توختىدى.
خېلىل موللام:
— بۇ يېڭى كەلگەن ساۋاقدىشىڭلار ئابدۇخالىق بولىدۇ.
قېنى بالىلىرىم سىلەر ساۋىقىڭلارنى تەكرارلاۋېرىڭلار، — دېدى.
بۇ گەپ بىلەن بالىلار ئۈنلۈك ۋارقىرىشىپ ساۋىقىنى يادلاشنى
باشلىۋەتتى.
خېلىل موللام ئابدۇخالىقنى ئەگەشتۈرۈپ دەرسخانىنىڭ تۆ-
رىگە قويۇلغان كۇرسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ كۇرسىغا ئولتۇرۇ-
ۋالغاندىن كېيىن ئالدىدىكى رەتتە ئولتۇرغان 17 — 18 ياشلاردى-
كى بىر تالىپنى چاقىردى:
— تۇرسۇن خەلپەت بۇ يەرگە كېلىڭ!
تۇرسۇن خەلپەت موللامىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:
— خوش موللام، — دېدى قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ.
— ساۋاق تاختىسىدىن بىرنى ئەكېلىڭ، — دېدى خېلىل

موللام. تۇرسۇن چەتتەرەك ئولتۇرغان بىر بالىنىڭ تاختىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئىككى قولى بىلەن خېلىل موللامغا سۇندى.

خېلىل موللام ساۋاق تاختىسىنى قولىغا ئېلىپ ئابدۇخالىققا «ھەرپلەرنى ئوقۇڭ» دېدى. ئابدۇخالىق تاختىغا يېزىلغان ھەرپلەرنى قىينالمايلا خاتاسىز ھالدا ئوقۇپ چىقتى. خېلىل موللام بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ تۇرسۇن خەلپەتكە ساۋاق تاختىسىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئۇ ئابدۇخالىقتىن ھەپتىيىكى بار - يوقلۇقىنى سورىۋېدى، ئابدۇخالىق مۇرىسىگە ئېسىۋالغان جىلتىسىدىن ھەپتىيىكىنى چىقاردى. خېلىل موللام سورىدى:

— ئەلھەمدۇ[1] نى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن، — دېدى ئابدۇخالىق ئىشەنچ بىلەن.

— خوش، قېنى ئوقۇڭ ئەمىسە.

ئابدۇخالىق بىسمىللا دەپ بولۇپ ئەلھەمدۇنى ئىككى ئېغىز ئوقۇپ قويۇپلا ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان خېلىل موللامغا كۆزى چۈشتى - دە، ھودۇقـۇپ ئاۋازى تىتـرەپ چىـقىپ دۇدۇقلاپ قالدى.

— ياخشى ئوقۇۋاتىسىزغۇ، ھە ئاخىرىنى ئوقۇڭ — دېدى خېلىل موللام ئابدۇخالىقنى ئىلھاملاندۇرۇپ.

ئابدۇخالىق بېشىنى كۆتۈرۈپ چوڭ نەپەس ئېلىپ ئاستىنقى كالپۇكىنى چىشلىدى. ئۇ ئۆزىگە مۇلايىملىق بىلەن قاراپ ئولتۇرغان ئۇستازىدىن كۆزىنى ئەپقېچىپ دېرىزىگە قاراپ تۇرۇپ ئوقۇشنى داۋام قىلدى. خېلىل موللام «ھە - ھە، دۇرۇس» دەپ ئولتۇردى. ئابدۇخالىق «ئەلھەمدۇ» نى ئوقۇپ تۈگىتىپ، كەينىدىنلا يەنە ئۈچ قىسقا سۈرىنى ئوقۇپ بولۇپ توختىدى.

خېلىل موللام رازىمەنلىك بىلەن دېدى:

— ئۆيىڭىزدە ئاتىڭىزدىن ساۋاق ئېلىپ ئوقۇپتىكەنسىزدە.

---

[1] ئەلھەمدۇ — قۇرئاندىكى بىرىنچى سۈرە - پاتىھە.

— ھەئە مەخسۇم ئاتام بىرەبىر ساۋاق بېرىدىغان. ئۇ بىر يەرگە كەتكەندە چوڭ ئانام مېنى ئوقۇتقان.

خېلىل موللام ئابدۇخالىقنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ:

— باشقا باللار يېرىم يىلدا ئوقۇپ ئاران بىلەلەيدىغان دەرسنى ئابدۇخالىق مەكتەپكە كېلىشتىن بۇرۇنلا بىلىپ بولۇپتۇ، — دېدى سۆيۈنۈپ.

خېلىل موللام قاپقارا ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ سورىدى:

— يەنە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

— مەن خەت يازالايمەن.

ئابدۇخالىق جىلتىسىدىن دەپتىرى بىلەن قەلىمىنى چىقاردى. خېلىل موللام ئابدۇخالىقنىڭ دەپتىرىنى قولىغا ئېلىپ ئۇ يازغان خەتلەرنى كۆرۈپ:

— ياخشى، بىزنىڭ ئابدۇخالىق بەك تىرىشچان بالىكەن ئەمەسمۇ، — دېدى مەمنۇن بولۇپ.

خېلىل موللام ئابدۇخالىققا دەپتىرىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئۇ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ ئاندىن ئابدۇخالىققا قاراپ:

— بۈگۈن مەن سىزگە «تەببەت» سۈرىسىنى ئۆگىتىمەن، — دېدى.

خېلىل موللام ئابدۇخالىقنىڭ قولىدىن ھەپتىيەكنى ئالدى. ئۇ «تەببەت» سۈرىسى بار بەتنى ئېچىپ بىسمىللا دەپ ئابدۇخالىققا ئۆگىتىشنى باشلىدى. ئابدۇخالىق زېھنىي ئۆتكۈر بالا ئىدى. ئۇ خېلىل موللام ساۋاقنى 5 — 6 قېتىم تەكرار ئۆگەتكەندىن كېيىنلا ئېسىگە ئېلىۋالغان ئىدى. ئابدۇخالىق ھەپتىيەككە قاراپ «تەببەت» سۈرىسىنى خاتاسىز ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن خېلىل موللام ئۆگىتىشنى توختاتتى.

— ئەمدى سىز ساۋىقىڭىزنى ھەپتىيەككە قارىماي پىششىق يادلاڭ. مەن ئەتە سىزنى ياد ئوقۇتىمەن، — دېدى خېلىل موللام تەلەپچانلىق بىلەن.

خېلىل موللام ئابدۇخالىققا ساۋاق بېرىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئابدۇخالىقنى 7 — 8 ياشلىق بالىلار ئارىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئاندىن تۇرسۇن خەلپەتنى قېشىغا چاقىرىپ بىر نېمىلەرنى دەپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇستازى كۆرسەتكەن ئورنى بورا ئۇستىدە ئولتۇرۇپ باشقا بالىلارغا ئوخشاش ساۋىقىنى يادلاشقا باشلىدى.

باش ئەتىياز بولغاچقا دەرسخانىنىڭ ئىچى سوغۇقراق ئىدى. بىر پەس ئۆتكەندىن كېيىن بالىلار «توڭلاپ كەتتۇق» دەپ جېدەل قىلىشقا باشلىدى. تۇرسۇن خەلپەت ئورنىدىن تۇرۇپ بالىلارغا ۋارقىراپ ھەيۋە قىلىپ ئۇلارنى جىمىقتۇردى. بىراق بىردەمدىن كېيىنلا بالىلارنىڭ بەزىلىرى يىغلاشقا، بەزىلىرى ۋارقىراپ جېدەل قىلىشقا باشلىدى. تۇرسۇن خەلپەتنىڭ ۋارقىراپ قورقۇتۇشلىرى بالىلارغا كار قىلمىدى. ئاخىرى تۇرسۇن خەلپەت بۇ كىچىك بالىلارنى ئىككىگە بۆلۈپ مورا ئالدىغا بېرىپ ئوت سۇنغاچ دەرس تەكرارلىشىغا يول قويدى. ئابدۇخالىق ساۋاقداشلىرىغا قوشۇلۇپ كۆن چىقىش تامغا قوپۇرۇلغان مورا ئالدىغا بېرىپ بالىلارنىڭ كەينىدە ئۆرە تۇردى. مورىدىكى ئوتقا يېقىن ئولتۇرغان بىر بالا ئۇنى چاقىردى:

— ئابدۇخالىق ئۇكەم مۇيەگە كەل!

ئابدۇخالىق ئۆزىگە قاراپ ئوك كۆزىنى قىسىپ قېشىنى ئېگىز - پەس قىلىپ بالىلارنى كۇلدۇرۇۋاتقان نۇرۇللانى تونۇۋالدى. نۇرۇللانىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بالىلار ئىككى يانغا سۈرۈلۈپ ئابدۇخالىققا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشتى. بالىلار ئابدۇخالىققا قىزىققان ھالدا قارىشىپ ئۇنىڭدىن ئۇنى - بۇنى سوراشقا باشلىدى.

دەل شۇ چاغـدا تۇرسۇن خەلپەتـنىڭ ۋارقـىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سىـلەرنى جۇمۇ ھە، چۇرقـىراشماي ساۋىقىڭـلارنى تەكرارلاڭلار!

بالىلار ئۆز ساۋاقلىرىنى يادلاشقا باشلىدى. ئابدۇخالىق بالىلار قاتارىدا ئۆز ساۋىقىنى ئىخلاس بىلەن يادلاشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ باياتىن سوغۇقتا توڭلىغان قوللىرى مورىدىكى ئۇلۇغ ئوتنىڭ تەپتىدىن ئىسسىپ قالدى. ئۇ كەيىنگە سۇرۇلۇپ دەرسخانا ئىچىگە زەڭ سېلىپ قاراشقا باشلىدى.

كىچىكرەك زالدەك كېلىدىغان دەرسخانىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئوتقا قاقلىنىپ دەرس تەكرارلايتتى. بۇ بالىلارنىڭ ئابدۇخالىققا ئوخشاش كىچىكرەكلىرى ساۋاق تاختىسىغا قاراپ ھەرپلەرنى «ئېلىپ، بە، تە، سە ···» دەپ ئۈنلۈك ئوقۇيتتى. سەل چوڭراق بالىلار ھەپتىيەكتىن قىسقا سۈرىلەرنى يادلىشاتتى. ئون نەچچە ياشلىق چوڭ بالىلار تام ياقىلىتىپ يەرگە قوزغالماس قىلىپ ئورنىتىۋېتىلگەن ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا رەتلىك ئولتۇرۇشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزەن بالىلار قۇرئانغا قاراپ قايسىبىر سۈرىنى تەسىرلىك ئاھاڭدا ئىلمىي تەجۋىد[1] قائىدىسى بويىچە قىرائەتكە سېلىپ ئوقۇيتتى. بەزەن بالىلار بولسا قۇرئانغا قارىماي ياد ئوقۇشاتتى. بالىلارنىڭ سۈرەن ـ شاۋقۇنىدىن كىمنىڭ نېمىنى ئوقۇۋاتقىنىنى پەرق ئەتمەك تەس ئىدى. ئابدۇخالىقنىڭ كۆزى ئورنىدىن تۇرۇپ دەرسخانا ئىچىگە ئالاڭغىراپ قاراۋاتقان تۇرسۇن خەلپەتكە چۈشتى. ئۇ شۇئان ھەپتىيەكنى ئېچىپ دەرسنى تەكرارلاشقا كىرىشتى.

بىر پەس ئۆتتى. بىردىنلا دەرسخانىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى مورا ئالدىغا ئولىشىپ دەرس تەكرارلاۋاتقان بالىلار قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزەن بالىلار كۈلۈپ يەردە دومىلاپ يۈرەتتى، بەزەن بالىلار ئورنىدىن تۇرۇپ سەكرەپ كېتىشتى. ئابدۇخالىقمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ئىدى. نۇرۇللانىڭ ئەتراپىدىكى

---

① ئىلمىي تەجۋىد — قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ ئوقۇش ئىلمى.

بالىلارنىڭ كۆلكە - سۆرەنلىرى دەرسخانىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. كۈن پېتىش تەرەپتىكى مورا ئالدىدا دەرس تەكرارلاۋاتقان چوڭراق بالىلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭلارنىڭ دەستىدىن تام ياقىسىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ قۇرئان يادلاۋاتقان چوڭ بالىلارنىڭمۇ دىققىتى بۇزۇلدى. ئۇلار دەرسنى تەكرارلىماي ئۆزئارا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ هالغا چىدىمىغان تۇرسۇن خەلپەت دەرغەزەپكە كېلىپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى. ئۇ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ تەكچىدىن ئۇزۇن بىر ئۈژمە چىۋىقنى قولىغا ئالدى. ئۇ دەرسخانىنى بېشىغا كىيىپ كۈلۈشۈپ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىۋاتقان بالىلارغا قاراپ قولىدىكى چىۋىقنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى:

— نېمە بولۇشتۇڭلار، ۋۇ شەيتانلار!

تۇرسۇن خەلپەتنىڭ بىرلا ۋارقىرىشى بىلەن ئەزۋەيلەپ دەرسخانىنى بېشىغا كىيگەن بالىلار خۇددى قورغۇيىنى كۆرگەن قۇچقاچلاردەك بىردىنلا جىمىپ كەتتى.

— سىلەر «پۇت - قولىمىز ئۇششۇپ كەتتى» دەپ زارلىنىۋېدىڭلار، «بوپتۇ، ئوت سۇنغاچ تەكرار قىلىڭلار» دەپ رۇخسەت قىلسام مۇشۇنداق تەرتىپنى بۇزامسىلەر؟ تۇرسۇن خەلپەتنىڭ ئاق سېرىق چىرايى شەلپەردەك قىزىرىپ گۆرەن تومۇرى قىر بولۇپ چىققانىدى. ئۇ ۋارقىرىغان پېتى ئۇدۇل كەلگەن بالىنى تارس - تۇرۇس ئۇرۇشقا باشلىدى. باش - يۈزىگە، پۇت - قوللىرىغا چىۋىق تەگكەن بالىلار قىيا - چىيا يىغلاپ مۈشۈكتىن قاچقان چاشقاندەك هەر تەرەپكە ئۆزىنى ئاتاتتى. بەزەنلەر يىقىلىپ بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى چۈشەتتى. دەرسخانىنىڭ ئىچى بىردەمدىلا پاتپاراق بولۇپ كەتتى. بىر چەتتە قورققان هالدا بۇ ئالامەتكە قاراپ تۇرغان ئابدۇخالىق دەرهال بورىنىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى. تۇرسۇن خەلپەت قورقۇپ تەمتىرەپ كېتىپ جايىنى تاپالماي دەرسخانا ئىچىدە قېچىپ يۈرگەن بىر بالىنىڭ

كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ چىۋىق بىلەن ساۋاشقا باشلىدى:

— شوخلۇق قىلغانغا توي ئەمدى. شوخلۇق قىلغاننىڭ جاجىسى، تەرتىپنى بۇزغاننىڭ جاجىسى!

تۇرسۇن خەلپەت شۇنداق دەپ ۋارقىرايتتى. تاياق يەۋاتقان بالا يەردە ئۆمىلەپ يۇرۇپ ئاخىرى ئورنىنى تاپتى.

تۇرسۇن خەلپەت قاتتىق ھاسىراپ تۇراتتى. ئۇ چوڭ - چوڭ نەپەس ئېلىپ بوش قولى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈشكە باشلىدى. بىر دەملىك پاتپاراقچىلىقتىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزاندىن دەرسخانىنىڭ ئىچى غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئاچچىق توپا بالىلارنىڭ دىماقلىرىنى ئېچىشتۇرغاچقا بەزەن بالىلار ھەدەپ يۆتەلسە، بەزىلىرى چۈشكۈرۈشكە باشلىدى.

بىر دەمدىن كېيىن سەل ھاردۇقىنى چىقىرىۋالغان تۇرسۇن خەلپەت ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ يەنە چىۋىقنى پۇلاڭلىتىپ بورىدا ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلاۋاتقان بالىلاردىن سورىدى:

— قېنى دەڭلارچۇ، بۇ مالىمانچىلىقنى كىم چىقاردى؟

كىچىك بالىلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا بېشىغا مېزى چىقىپ قالغان كونا تۇماقنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، كونا چەكمەن چاپانغا ئورۇلۇپ يۇكۈنگەن پېتى ساۋىقىنى تەكرارلاۋاتقان نۇرۇللاغا قاراشتى.

— مۇشۇ نۇرۇللا بولمامدۇ، تۇرسۇناخۇن خەلپىتىم ئۇسۇرۇپ، — دېدى چەتتە ئولتۇرغان بويى پاكار سادىق ئىسىملىك بىر بالا.

بالىلار بۇ گەپ بىلەن پىخىلدىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. نۇرۇللا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ھەي سادىق نېمە دېگىنىڭ ئۇ. «تۇرسۇناخۇن خەلپىتىم ئۇسۇرۇپ» دەيسەنغۇ، خەلپىتىمىز ئۇنداق سەت ئىشنى قىلامدۇ، — دېدى.

سادىق قىزىرىپ:

— مەن نۇرۇللا بولمامدۇ ئۇسۇرۇپ دېمەكچىدىم، — دېدى

ئۆزىنى ئاقلاپ.

ئەستاغپۇرۇللا يەنە سەنمۇ نۇرۇللا، — دېدى تۇرسۇن خەلپەت نۇرۇللاغا ئالىيىپ، — نېمىشقا تىنچ ئولتۇرۇپ ساۋىقىڭنى تەكرار قىلمايسەن؟ ساڭا ساۋاق يېنىك كېلىپ قالدىمۇ - جە؟

نۇرۇللا سول كۆزىنى قىسىپ، ئوڭ كۆزىنى يوغان ئېچىپ سادىققا بىر قارىۋېلىپ ئورنىدىن قوپتى. ئۇ بىر پەس سۇكۇتتىن كېيىن:

— مەن ئوت سۇنۇپ ساۋىقىمنى ئوقۇپ ئولتۇرغان، — نۇرۇللا سادىققا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، — بېشىم تاز بولۇپ قالغاندەكلا قىچىشىپ كەتتى. چىدىغىلى بولمايدۇ.

بالىلار پاراقلىشىپ كۈلۈشۈپ سادىققا قاراشتى. سادىقنىڭ بېشى تاز بولغاچقا دەرھاللا تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالدى. سادىقنىڭ بۇ ھەرىكىتى بالىلارغا يەنە بىر قېتىم كۈلكە بولۇپ بەردى.

بىر پەستىن كېيىن تۇرسۇن خەلپەت نۇرۇللادىن سورىدى:

— ھە نۇرۇللا بايا بېشىم قىچىشىپ كەتتى دېۋىدىڭ، كېيىن نېمە بولدى؟

نۇرۇللا قاشلىرىنى ئېگىز - پەس قىلىپ ئۈنىنى ئىنچىكە غەلىتە چىقىرىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بېشىمنىڭ ئىچىگە قۇرۇتتەك بىر نېمە كىرىۋالغانمىكىن، مىدىرلاپ قىچىشىپ كەتتى. مەن يە تاز بولمىسام، مەن بېشىمنى تاتىلايمەن دەپ قورسىقىمنى تاتىلاپتىمەن.

— ھا - ھا - ھا!

— پىخ - پىخ!

دەرسخانىنىڭ ئىچىدە يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. نۇرۇللا بولسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىز ھالدا گېپىنى داۋام قىلدى:

— مەن قورسىقىمنى ئىككىلا تاتىلاپ قويسام مۇشۇك مياڭ-

ـلاپ كەتتى.

— نەدىكى مۇشۇك ئۇ؟ — سورىدى تۇرسۇن خەلپەت. نۇ-رۇللا بورىنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرغان ئابدۇخالىققا كۆزىنى قى-سىپ قويۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— ۋاي تۇرسۇناخۇن خەلپىتىم نەدىكى مۇشۇك بولماقچى. قورسىقىمنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بىزنىڭ ئۆيدىكى سېرىق مۇشۇك بولامدۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كىچىك بالىلار ھەيران قالدى. دەرسخا-نىدا كۆلكە توختاپ بىردىنلا تىمتاس بولۇپ كەتتى. تۇرسۇن خەلپەت ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قولىدىكى چىۋىقنى ئوينىتىپ تۇ-رۇپ دېدى:

— ھاي بەدبەرەك، راست گەپ قىل جۇمۇ، ھېلى بىكار تاياق يەيسەن.

نۇرۇللا پەرۋاسىزلىق بىلەن گېپىنى داۋام قىلدى:

— راست خەلپىتىم، خۇدا ھەققى، مەن كېچە سول يېنىمنى بېسىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. شۇ ئەسنادا مېنى قارا بېسىپ چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە قوي باققىلى قىرغا بېرىپتىمەن. قويلار-نى ئوتلاشقا ھەيدىۋېتىپ بىر دۆڭنىڭ كەينىدە ئۇخلاپ قاپتىمەن. شۇنداق تاتلىق ئۇخلاۋاتسام كالپۇكۇمنى بىر كىم تاتىلاپتۇدەك، مەن: «ھاي سادىق ئۇخلاۋاتقان ئادەمگە چاقچاق قىلما جۇمۇ دەپتۇدەكمەن. چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ كۆزۈمنى ئاچسام بىر چاشقان ئېڭىكىمدە ئولتۇرۇۋېلىپ ئاستىنقى كالپۇكۇمنى چىشلە-ۋېتىپتۇ. مەن ئەجەپ ئوماق چاشقانكىنە بۇ، تۇتۇۋالايچۇ، دەپ قولۇمنى ئۇزىتىشىمغا چاشقان پارتلا قىلىپ ئوچۇق تۇرغان ئاغ-زىمنى كاما ئوخشايدۇ دەپ ئاغزىمغا كىرىپ كەتمەمدۇ.»

— ھا ـ ھا ـ ھا!

— يالغان ـ يالغان ...

— ئۆزى دەۋاتامدۇ، چاشقان قاچسا تۇشۇككە كىرىدىغان

تۇرسا.

باللار كۈلۈشۈپ ئەنە شۇنداق دېيىشىپ دەتالاشقا چۈشكەندە نۇرۇللا كۆزىنى مىت قىلماي پەرۋاسىز تۇراتتى.

نۇرۇللانىڭ قىزىقارلىق گەپ ـ سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىدىن تولا كۈلۈپ ئابدۇخالىقنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— ۋۇ شەيتان سەنزە يامان نېمە جۇمۇ، ھە كېيىن قانداق بولدى؟ — سورىدى تۇرسۇن خەلپەت.

— كېيىن قانداق بولماقچى، مېنىڭ ئىچىم ئېلىشىپ كۆڭلۈم ئايىنىپ كەتتى. قورسىقىمغا تىرىك بىر چاشقان كىرىپ كەتكەن تۇرسا. قۇسقۇم كەلسىمۇ يە قۇسالمىسام، جە[1] سادىق ئادىشىم قېشىمغا كەلمىسە، — نۇرۇللا سادىققا بىر كۆزىنى قىسىپ قاراپ قويدى.

— راست گەپ قىل نۇرۇللا!

— راست خەلپىتىم. كېيىن ئىچىم بەك ئېلىشىپ كېتىپ ئويغىنىپ كېتىپتىمەن. ئاتام مېنى كۆرۈپ: «بالام نېمە بولدۇڭ، چىرايىڭ بىر قىسىملا تۇرىدىغۇ؟» دېدى. مەن ئاتامغا كۆرگەن چۈشۈمنى دەپ بەردىم. ئاتام گېپىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ماڭا: «قورقما ئوغلۇم، چۈشۈڭدە قورسىقىڭغا چاشقان كىرىپ كېتىپ ئوڭۇڭدىمۇ كۆڭلۈڭ ئايىنىپ تۇرغان بولسا راستىنلا قورسىقىڭغا چاشقان كىرىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭمۇ چارىسى بار. ئاغزىڭنى يوغان ئاچ. قورسىقىڭدا يۈرۈپ قاراڭغۇدا زېرىكىپ كەتكەن چاشقان ئاغزىڭدىن چۈشكەن يورۇقنى كۆرۈپ قايتىپ چىقىدۇ» دېدى. مەن ئاغزىمنى يوغان ئېچىپ ياتتىم. بىزنىڭ سېرىق مۈشۈك ئاغزىمدىن چىقىۋاتقان چاشقاننى تۇتۇمەن دەپ ئۆزىنى چاشقانغا ئاتاماسمۇ، چاشقان قېچىپ كېتىپ مۈشۈك قاراپلا قالدى. بولغان ئىش شۇ ...

---

① جە— تۇرپاندا «يا، يە»نى «جە» دەپ تەلەپپۇز قىلىدىغان ئادەت بار.

— ھا ـ ھا ـ ھا!
باللارنىڭ كۈلكىسى دەرسخانىنى بىر ئالدى.
— ۋاي قورسىقىم! — تۇرسۇن خەلپەت قاتتىق كۈلۈپ كەتكەچكە قورسىقى سانجىپ ئاغرىپ كەتكەن ئىدى. نۇرۇللا خۇددى ھېچبىر ئىش بولمىغاندەك قاپىقىنى تۈرۈپ ھەپتىيىكىنى ئېچىپ ساۋىقىنى ئوقۇشقا باشلىدى. تۇرسۇن خەلپەت باللارنى رەتلىك ئولتۇرۇپ ئۆز ساۋاقلىرىنى ئوقۇشقا بۇيرۇدى.
ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۈلكە ئاۋازلىرى بېسىقىپ دەرسخانا تەرتىپى ئەسلىگە كەلدى. باللار رەتلىك ئولتۇرۇپ يەنە ئۈنلۈك ھالدا دەرس تەكرارلاشقا كىرىشتى. باللار بىر پەس تىنچ ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلىغاندىن كېيىن بەزەن باللار بىر ـ بىرى بىلەن پاراڭ سېلىشىشقا باشلىدى. تۇرسۇن خەلپەت:
— تەنەپپۇس قىلىڭلار، قورسىقى ئاچقانلار نان يەۋېلىڭلار، تەرەت سۇندۇرۇپ كېلىۋېلىڭلار، ئىشىكتىن ئىتتىرىشمەي ئاستا چىقىڭلار، — دېدى.
ئابدۇخالىق باللارنىڭ كەينىدىن تالاغا چىقتى. ئۇ يېڭى تونۇشقان ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىمىننىڭ پەستە تامغا يۆلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا باردى. ئىمىن يانچۇقىدىن بىر پارچە زاغرا ناننى چىقىرىپ ئابدۇخالىققا «يەمسەن؟» دېدى. ئابدۇخالىق: «مېنىڭمۇ بار» دەپ جىلتىسىدىن بىر توقاچنى چىقاردى. ئىمىن ئابدۇخالىقنىڭ قولىدىكى مايلىق توقاچقا قاراپ «شىرت» قىلىپ بۇرنىنى يېنىك تارتىپ قويدى. ئابدۇخالىق قولىدىكى توقاچنى سۇندۇرۇپ ئىككى پارچە قىلىپ بىر پارچىسىنى ئىمىنگە بەردى. نەدىندۇر ئۇ ئىككىسىنىڭ قېشىغا نۇرۇللا كەلدى. ئۇ كۆزىنى پارقىرىتىپ:
— ۋۇي ـ يۇ ئاق نان يەۋاتىسىلەرغۇ، مەن ئاق نان يەپ باقمىغىلى خېلى ئۇزاق بولغان، ئەكىلە ماڭا بىزە بېرە ئادىشىم، — دەپ ئابدۇخالىققا قولىنى سۇندى.

ئابدۇخالىق جىلتىسىدىن يەنە بىر توقاچنى چىقىرىپ نۇرۇل-
لاغا بەردى. نۇرۇللا توقاچنى سۇندۇرۇپ ئىككى پارچە قىلىپ
بىر پارچىسىنى ئابدۇخالىققا بەردى، يەنە بىر پارچىسىنى ئۆزى
يېدى. دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قېشىغا سادىق كەلدى. سادىق
ئابدۇخالىقنىڭ يەۋاتقان نېنىنى كۆرۈپ:
— ئەكېلە ماڭا بىزە، — دەپ كىر، قارا قولىنى سۇندى.
ئابدۇخالىقنىڭ كۆزى سادىقنىڭ كىر، قاسماق قولىغا چۈشتى.
ئۇ:
— ھەي سادىق مېنىڭ قولۇمغا قارا ئاق، سېنىڭ قولۇڭ
نېمىدېگەن مەينەت، — دېدى.
سادىق قىزىرىپ قولىنى بۆز كۆڭلىكىنىڭ پېشىغا سۈركەپ
ئېرتىۋەتتى. ئابدۇخالىق ئۇنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن كىيىملىرىگە
قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ جىلتىسىدىن بايا نۇرۇللاغا يېرى-
مىنى بېرىۋەتكەن توقاچنىڭ پارچىسىنى چىقىرىپ سادىققا بەردى.
— تەنەپپۇس ۋاقتى توشتى. تېز كىرىپ ساۋىقىڭلارنى تەك-
رارلاڭلار! — تۇرسۇن خەلپەتنىڭ ئاۋازى مەسچىت ھويلىسىغا
بىر كەلدى.
بالىلار يۈگۈرۈشۈپ دەرسخانىغا كىردى. ھەر كىم ئۆز ئور-
نىغا ئولتۇرۇپ ساۋىقىنى تەكرارلاشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا تاشقى-
رىدىن خېلىل موللام كىردى. خېلىل موللامنىڭ كىرگىنىنى
كۆرگەن بالىلار ساۋاقلىرىنى ۋارقىراپ ئوقۇشقا باشلىدى. خې-
لىل موللام ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ:
— ھاي بالىلار ئاستىراق، ھە ئاستىراق ئوقۇڭلار! —
دېدى. بالىلارنىڭ ئاۋازى ئادەتتىكى رىتىمغا چۈشتى.
خېلىل موللام كۇرسىغا ئولتۇرۇپ ئابدۇخالىقنى ئۆز ئالدىغا
چاقىـردى. ئابدۇخالىق ئورنىـدىن تـۇرۇپ ئۇستازىـنىڭ ئال-
دىغا كەلدى.
— ساۋىقىڭىزنى ئوقۇدىڭىزمۇ؟

— ئوقۇدۇم.

— ماڭا ئوقۇپ بېرەلەمسىز؟

— ھىم، — ئابدۇخالىق بېشىنى لىڭشىتتى.

— قېنى ئوقۇڭ!

ئابدۇخالىق ھەپتىيەكنى ئېچىپ «تەبەت» سۈرىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئابدۇخالىق ئۈچ قېتىم دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قىلىپ ساۋىقىنى ئوقۇپ بولدى.

— بۈگۈن كېلىپلا بەرگەن ساۋاقنى مۇشۇنچىلىك ئوقۇپسىز، ھەرھالدا ياخشى. مېنىڭ ئۆگەتكىنىمگە تازا دىققەت قىلىڭ، ماڭا ئوخشاش ئوقۇڭ، بولمىسا بايىقىدەك بەزى سۆزلەرنى توغرا ئوقۇيالماي قالىسىز، — دەپ خېلىل موللام ئابدۇخالىق دۇدۇقلاپ توغرا تەلەپپۇز قىلالمىغان ئۈچ سۆزنى قايتا - قايتا ئۆگەتتى. ئابدۇخالىقنى قايتا ئوقۇتۇپ كۆرگەن خېلىل موللام ئاخىرى قانائەت قىلىپ:

— ئۆيىڭىزگە قايتقاندا بۈگۈنكى ساۋاقنى يادقا ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ. ئەتە سىزگە بۈگۈنكى ساۋىقىڭىزنى قايتا ئوقۇتۇپ كۆرۈپ ئاندىن يېڭى دەرس بېرىمەن، — دېدى خېلىل موللام، ئابدۇخالىق جايىغا ئولتۇرۇپ ساۋىقىنى ئوقۇشنى داۋام قىلدى. خېلىل موللام قۇرئان ئوقۇۋاتقان بالىلارنى بىر - بىرلەپ ئالدىغا چاقىرىپ ساۋاقلىرىنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى.

تۇرسۇن خەلپەتمۇ ھەپتىيەك ئوقۇۋاتقان بالىلارغا ساۋىقىنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ بەزىلىرىگە قايتا ئۆگىتىپ قايتا ئوقۇتتى. چۈش بولغاندا تۇرسۇن خەلپەت «ئازاد!» دەپ بۈگۈنكى دەرسنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدى. بالىلار دەرسخانىدىن بىر - بىرلەپ ھويلىغا چىقتى. ئۇلار «ئازاد - ئازاد!» دەپ ۋارقىرىشىپ ئۆيلىرىگە قاراپ كېتىشتى.

ئابدۇخالىق دەرسخانىدىن ھويلىغا چىققاندا ئايۇپ ھارۋىكەش ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئايۇپ ھارۋىكەش ئىتتىك ئابدۇخالىقنىڭ

ئالدىغا كېلىپ سورىدى:

— مەكتەپ قانداق ئىكەن؟

— ۋاي مەكتەپ ھەجەپ ياخشىكەن. ھەجەپ قىزىقكەن.

— مولللىڭىز ساۋاق بەردىمۇ؟

— تەببەتنى ئۆگىتىپ قويدى. ئوقۇيدىغاننى بىلىۋالدىم. ئەمدى ئۆيگە بارغاندا تەكرارلاپ يادلايمەن. ئايۇپ ھارۋىكەش ئابدۇخالىقنى ئەگەشتۈرۈپ مەسچىتنىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويغان پەيتۇننىڭ قېشىغا ئەكەلدى. ئۇ ئابدۇخالىقنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ پەيتۇنغا ئولـتۇرغۇزدى ـ دە، ئويناقـلاپ تۇرغان ئاتـقا قامچا سوقتى.

ئابدۇخالىق مەكتەپتىن كېلىپ تامىقىنى يېدى. ئۇ تاماقنى يەپ بولۇپلا ھەپتىيەكنى قولىغا ئېلىپ ساۋىقىنى تەكرارلاشقا كىرىشتى. ئۇ چوڭ ئاپىسى: «ئەمدى بىر دەم ئوينىۋېلىپ ئو-قۇڭ» دېسىـمۇ بېشىـنى چايـقاپ «تەببەت» نى يادلاشـنى داۋام قىلدى.

ئاخشىمى كەچتە ئابدۇخالىق چوڭ ئانىسىغا:

— مېنى ئەتە ئەتىگەنرەك ئويغىتىپ قويسىلا، مەكتەپكە كېچىكىپ قالماي يەنە، — دەپ نامازشامدىن كېيىنلا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى ئەرەمسىما خېنىم ئابدۇخالىقنى ئادەتتىكىدىن ئەتى-گەنرەك ئويغاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا «چېيىمنى ئىچىپ مەك-تەپكە ماڭىمەن» دەپ ئالدىرىغىلى تۇردى.

ئابدۇخالىقنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن بۇ ئۆيدە تۇنجى قېتىم ئەتىگەنلىك تاماق ئادەتتىكىدىن بالدۇر يېيىلدى.

ئابدۇخالىقنى بىر ھەپتىگىچە ئايۇپ ھارۋىكەش پەيتۇن بىلەن مەكتەپكە ئاپىرىپ، ئەكېلىپ يۈردى.

بىر كۈنى ئايۇپ ھارۋىكەش ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىنلا ئاتنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىقىپ پەيتۇنغا قوشقىلى تۇرغاندا ھويلىغا

ھېسامىددىن، ھەبىببۇللا، ئابدۇراخمان، ئىمىنلەر چۇرۇقلىشىپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئايۇپ ھارۋىكەشتىن ئابدۇخالىقنى سوراپ تۇرۇشىغا، ئابدۇخالىق ئىچكىرىكى ھويلىدىن چىقتى.

— ۋاي ياخشى، ئاداشلىرىم كەپتۇ، — دەپ ئابدۇخالىق يۇگۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى.

ھېسامىددىن ئابدۇخالىقنىڭ قولىدىن تارتىپ:

— جۇرۇڭ ئاداش، مەكتەپكە ماڭمايلىمۇ، — دېدى.

— جۇرۇڭلار! — دېيىشتى باللار تەڭلا.

ئابدۇخالىق بىر باللارغا، بىر ئايۇپ ھارۋىكەشكە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

ھەبىببۇللا كېلىپ ئۇنىڭ يەنە بىر قولىنى تارتتى:

— جۇرۇڭ ئادىشىم!

ئابدۇخالىق ئايۇپ ھارۋىكەشكە:

— مەن ئەمدى ئاداشلىرىم بىلەن مەكتەپكە بارىمەن، — دېدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى ئايۇپ ھارۋىكەش ئاتنى ئېغىلغا ئەپكىرىۋېتىپ.

ئابدۇخالىق باللار بىلەن يۇگۇرۇشۇپ دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ مەكتەپكە ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرىپ، ساۋاقداشلىرى بىلەن كېلىدىغان بولدى.

# ئىككى تامچە ياش

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتتى.

تۆتىنچى ئاينىڭ بېشىدا مىجىت ھاجى شەمەيدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ خېلىل موللامنىڭ مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولدى.

مىجىت ھاجى ئۆيىدە ئۇچ كۈن ھاردۇق ئالدى. ئۇ تۆتىنچى كۈنى ئابدۇخالىق بىلەن بىرگە نۇرغۇن سوۋغا - سالام ئېلىپ مەكتەپكە خېلىل مولامنى يوقلاپ باردى. خېلىل موللام مىجىت ھاجىنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ ياخشى ئوقۇ-ۋاتقىنىنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، مىجىت ھاجى خېلىل موللامغا قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتتى.

مىجىت ھاجى خېلىل موللام بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپتىن ئاش ۋاقتىدا قايتىپ كەلدى. مېھمانخانىدا ئۇنى بىرنەچچە سودى-گەرلەر كۈتۈپ ئولتۇراتتى. مىجىت ھاجى مېھمانلار بىلەن سالا-لىشىپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. خىزمەتكار داستىخان سېلىپ مېھمانلارغا چاي تۇتتى. مېھمانلار بىلەن ساھىبخان چاي ئىچكەچ رەسمىي گەپكە — سودىغا چۈشتى. كەلگەنلەردىن بەش سودىگەر مىجىت ھاجىدىن بىرمۇنچە مال ئېلىشقا پۈتۈشتى. چۈشتىن كېيىنمۇ يەنە تۆت سودىگەر كەلدى. مىجىت ھاجى ئۇلار بىلەنمۇ سودىدا ئاسانلا پۈتۈشتى. بىر ھەپتىگىچە مىجىت ھاجى-نىڭ مېھمانخانىسىدا ئادەم ئۈزۈلمىدى. ئىككى ھەپتىگە قالماي مىجىت ھاجى روسىيىدىن ئېلىپ كەلگەن 50 تۆگىلىك مېلىنى سېتىپ بولدى.

بۇ قېتىمقى سودىدا مىجىت ھاجى نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشتى.

ئۇنىڭ مەبلىغى بىر ھەسسە كۆپەيدى. مىجىت ھاجى كۈيئوغلىغا قاراپ:

— خەقلەر مېنى تەلەيلىك دەيدۇ. بۇمۇ راستتۇر. ئاللاھ ئىگەم تەلىيىمنى بەرگەندۇ. بۇمۇ بەلكىم سىزدەك قابىل ياردەمچىمنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. بۇ قېتىملىق سودا سەپىرىمدە شەمەيدە قىشلاپ يېتىپ قالغان بولسامۇ سودا ياخشى بولدى. سىز بىلىسىز، مەن قولۇمدا پۇل تۇرۇپ قالسا ئىچىم پۇشۇپ قالىدىغان ئادەم. پۇل پۇلنى تاپىدۇ. مەبلەغ قانچە تېز ئايلانسا كېلىدىغان پايدىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. قولىمىزدا پۇلنىڭ تۇرۇپ قېلىشى ياخشى ئىش ئەمەس، — دېدى مىجىت ھاجى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم قېيناتىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى.

— ئۆزلە قولـىمىزدىكى ئېشىنـچا پۇلنى جىـم ياتمىسۇن دەۋاتىدىلاغۇ، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم كۈلۈمسىرەپ.

— ھەببەللى ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، — دېدى مىجىت ھاجى گېپىنى داۋام قىلىپ، — ھازىر شەمەيگە يازلىق ئېلىپ بارىدىغان مالنى سېتىۋېلىپ تەقلەپ قويدۇق. يەنە مال سېتىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ھازىر ئەتىياز سېرىق تال مەزگىلى. دېھقانلارغا پۇل كېرەك. كۆزدە پاختىنى نەق پۇلغا سېتىۋالغاندىن كۆرە ھازىر دېھقانلارغا كۆزدە پاختا سېتىپ بېرىدىغانغا زاكالەت پۇل تارقاتساق، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقىمىز.

— شۇنداق، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم، — بىرىنچىدىن كۆزدە پاختا ئالىمىز دەپ سودىلاشمايمىز. تەييار پاختىنى ئالىمىز ـ دە، ۋاقىتتىن ئۇتىمىز. ئىككىنچىدىن بىرگە بىر پايدا قوشۇلىدۇ دېگەن گەپ.

شۇ مەسلىھەت بويىچە ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردىلا ئابدۇراخمان مەخسۇم غوجىدار نەسرۇللا بىلەن تۇرپاننىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئىككىسى بىر ھەپتە ئىچىدىلا چاتقال، پاقا بۇلاق، يەمشىدىكى دېھقانلارغا 10 مىڭ

سەردىن ئوشۇق زاكالەت پۇلى تارقاتتى. بۇ ئەتىيازدىكى سېرىق تال مەزگىلى بولغاچقا دېھقانلار بۇ زاكالەت پۇلىنى خۇددى بىكارغا بەرگەندەك خۇش بولۇپ تالىشىپ ئېلىپ كېتىشتى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم بىلەن نەسرۇللا خوجىدار يېزىدىن قايتىپ كېلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىنىڭ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ھاۋا تۇتۇلۇپ غەربىي شىمال تەرەپتىن شامال چىقىشقا باشلىدى. كەچقۇرۇنغا يېقىن شامال كۈچىيىپ قارا بورانغا ئايلىنىپ كەتتى. قورقۇنچلۇق قارا بوران بەزىدە بەدھەيۋەت مەخلۇق ھۆركىرىگەندەك ھۇۋۇلدىسا، بەزىدە شىددەتلىك گۈرۈلدەپ ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرۈپ قورقۇتۇپ ئالاقزادە قىلىۋېتەتتى. توختىماي چىققان قارا بوران ئىككىنچى كۈنى كەچقۇرۇن توختىدى. مەھەللە كوچىلىرى قۇم توپىغا كۆمۈلۈپلا كەتتى. ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ھىم ئېتىۋېتىلگەن ئۆيلەرگىمۇ بىر ئىلىك توپا تىنىپ كەتكەن ئىدى. «تۇرپاندا بوران چىقسا ئاغزى ئېچىلمىغان قاپاقنىڭ ئىچى قۇمغا تولىدۇ» دېگەن تەمسىل تولىمۇ جايىدا ئېيتىلغان ئىكەن. تېرىلغۇ يەر، زىرائەتلەرگە كەلگەن ئاپەت ناھايىتى ئېغىر ئىدى. بوران توختىغاندىن كېيىن دېھقانلار ئېتىز باشلىرىغا چىقىپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قېلىشتى. چۈنكى يەر كۆكىنى ئېلىپ تۆت يوپۇرماق چىقىرىپ ئەركىن ئايلىنىۋاتقان كېۋەز مايسىلىرىنى بوران ئۈچىنى ئۈزۈپ قۇرۇتىۋەتكەن ئىدى. ياپيېشىل بۇغداي مايسىلىرىنى قۇم بېسىپ كەتكەن ئىدى. بەزى چەت ـ ياقا يەرلەردىكى ئېتىزلارنىڭ زىرائەتلىرى تۇرماق توپىسىنىمۇ قوشۇپ بوران ئۇچۇرۇپ كېتىپ ئېتىزلار ھېچقانداق زىرائەت تېرىلمىغان، ئوت ـ چۆپمۇ ئۈنمىگەن غىلتاڭ تاقىر يەرلەرگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. بۇ پاجىئەنى كۆرگەن ھەربىر دېھقاننىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ يىغلاپ كېتىشتى.

بوراندا نۇرغۇن كارىزلارنىڭ تىلما ـ ئېرىقلىرىنى قۇم بېسىپ كەتكەن بولۇپ سۇيى توختاپ كەتتى. سۇيى سىرتقا ئېقىپ

چىقالمىغان كارىزلارنىڭ سۈيى كەينىگە يېنىپ كارىز قۇدۇق تەشمىلىرى ئۆرۈلۈپ چۇشۇشكە باشلىدى. بوراننىڭ زىيىنىغا يېنىك ئۇچرىغان زىرائەتلەرنى سۇغىرىشقا سۇ يېتىشمەيتتى. بەزەن يېزىلاردا كارىزلار تىقىلىپ كەتكەچكە ئادەم، چارۋا ماللار ئىچىدىغان سۇنى نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىن ئەكېلىشكە توغرا كەلگەن ئىدى. بۇ تۇرپاندا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان پاجىئە ئىدى.

بوران توختاپ ئۇچىنچى كۇنى مىجىت ھاجى، زۇپەر ھاجى، ئەبەيدۇللا شەمەيچى، كىچىك ئاخۇن تۆگىچى، پولاتباي، مىرزاباي قاتارلىق ئون نەچچە سودىگەر مەسلىھەتلىشىپ ئاپەتكە ئېغىر ئۇچرىغان يەمشى، پاقا بۇلاق، قوشدوڭ، چاتقال، بۇلاق قاتارلىق يېزا مەھەللىلەردىكى دېھقان ئائىلىلىرىگە ئۇن، ماي، تېرىلغۇغا ئىشلىتىدىغان ئۇرۇقلۇق قوناق، چىگىت (پاختا ئۇرۇقى) ياردەم بەردى. ئېغىر كۇنگە قالغان دېھقانلار بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇش بولۇشتى.

چاتقال چوڭ كارىز مەھەللىسىدىكى ھېيتاخۇنباي تېخى بىر ھەپتە بۇرۇن ئابدۇراخمان مەخسۇمدىن پاختىغا بىرمۇنچە زاكالەت پۇلى ئالغان ئىدى. قارا بوراندا ئۇنىڭ كارىزىنىڭ تىلمىسىنى قۇم بېسىپ كېتىپ كارىزنىڭ سۈيى سىرتىغا ئېقىپ چىقالماي بىرنەچچە قۇدۇق ئارىلىقىدىكى تەشمە ئۆرۈلۈپ چۇشۇپ كارىز ۋەيران بولدى. ئۇ 100 مو يەرگە كېۋەز، 30 مو يەرگە بۇغداي تېرىغان ئىدى. بوران ھەممە زىرائەتنى قۇرۇتۇپ ۋەيران قىلىۋەتتى. قوناق تېرىشقا 20 مو يەرنى تەييارلاپ قويغان بولسىمۇ سۇ بولمىغاچقا قاغجىراپ ياتاتتى. سۇ دېمەك ھاياتلىق. شۇڭا تۇرپان دېھقانلىرى «بىر تېمىم سۇ، بىر تېمىم قان» دېيىشىدۇ. كارىزدىن سۇ چىقـماي ھاياتـلىق يولى ئېتىلـدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

قارا بوراننىڭ زەربىسىدە ئۆي ـ ماكانلىرى ئۆرۈلۈپ ئېتىز-

لىرى قاقاسلىققا ئايلانغان بىر قىسىم نامرات، يوقسۇل دېھقانلار سەرسان بولۇپ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتىنى تاشلاپ بالا - چاقىسىنى ئېلىپ ئۈرۈمچى، مورى، گۈچۈڭ، ماناسلارغا كەتتى. قولىدا ھۈنىرى بار ئادەملەر يېزىنى تاشلاپ شەھەرگە كىرىپ جان بېقىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ كوچا - كويلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈردى.

كەتكەنلەر كەتتى. لېكىن بۇ ئانا ماكانىنى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان گۈللەندۈرۈپ كەلگەن ئەجدادلارنىڭ جىگەرلىك ئەۋلادلىرى ھېچ ياققا كەتمىدى. ھەرقايسى يېزىلاردىكى دېھقانلار ئاخۇنۇم، ئىمام، مەزىنلەرنىڭ دەۋىتى بىلەن ئۇدا بىرنەچچە كۈن قوي، كالىلارنى سويۇپ قان قىلدى. داش قازانلاردا پولو ئېتىپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزدى. ئاللاغا سېغىنىپ دۇئايى تەلەپ قىلىشتى، يامغۇر تىلىدى. بىراق ئاسماندىن بىر تېمىممۇ يامغۇر ياغمىدى. تەڭرى تېغىدىن ھەر يىلى مۇشۇ مەزگىلدە كېلىدىغان تاغ سۈيىمۇ كەلمىدى.

چاتقال يېزىسىنىڭ چوڭ كارىز مەھەللىسىدىكى بىرنەچچە پېشقەدەم دېھقان ھېيتاخۇنباينىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇلار بۇ مەھەللىدىكى 150 جاننىڭ جان تومۇرى بولغان چوڭ كارىزنىڭ سۈيىنى تېزلىكتە چىقىرىشنى تەلەپ قىلىشتى. ھېيتاخۇنبايمۇ ئۆيىدە دەل شۇ ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرغان ئىدى.

مەھەللىدە قالغان 20 — 30 ئەمگەك كۈچى بىلەن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن كارىزنىڭ لېيىنى تارتىپ تېزلىكتە سۈنى چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا سىرتتىن يەنە 20 — 30 ئىشلەمچى ئېلىپ كەلمىسە بولمايتتى. سىرتتىن ئىشلەمچى ئەكېلەي دېسە ئامباردا ئېشىنچا ئاشلىقى يوق ئىدى. ھېيتاخۇنباي سېخىي ئادەم ئىدى. ئۇ 3 - ئايدا ئاشلىق قەرز سوراپ كەلگەن دېھقانلارغا ئامباردىكى ئاشلىقنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋېتىپ ئۆزلىرىگە يەتكۈدەكلا ئاشلىقنى ئېلىپ قالغان ئىدى. قوشنا مەھەللىلەردىكى

بايلاردىن ئاشلىق ئالاي دېسە قولىدا پۇل يوق ئىدى. 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئابدۇراخمان مەخسۇمدىن ئالغان پاختا زاكالەت پۇلىنى ئۇنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ ئوغلى ئارۇپ بايۋەچچە موككىدە سوقۇپ ئىككى ئاغىنىسى بىلەن ئۇرۇمچىگە ئوينىغىلى كەتكەن ئىدى. ئەستاغ، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئويلىنىپ تۇرۇۋېرىشكە ۋاقىت يار بەرمەيتتى. تېزدىن ھەرىكەتكە كەلمىگەندە كارىز تېخىمۇ قاتتىق ۋەيران بولۇپ زىيان بەك چوڭ بولاتتى.

ھېيتاخۇن پېشقەدەم دېھقانلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ چاكىرىغا قارا گىر ئېتىنى توقۇتتى. ئۇ ھايال قالمايلا ئاتقا مىنىپ تۇرپان يېڭىشەھەرگە يۇرۇپ كەتتى.

ھېيتاخۇنباي يېڭىشەھەرگە بېرىپ ئۇدۇللا مىجىت ھاجىنىڭ ھويلىسىغا كىردى. ئۇنى خىزمەتكار ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كىردى. ھېيتاخۇنباي بىر چىنە چاينى ئىچىپلا كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قايتىشقا ئالدىرايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ھېيتاخۇنباينىڭ گەپ ـ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۇلپەتكە قاتتىق ئېچىندى. ئۇمىد بىلەن ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان بۇ زېمىندارغا:

— ئاتام مىجىت ھاجىم بولغان بولسىدى، سورىغانلىرىدىنمۇ جىقراق پۇل قەرز بېرىشكە بولاتتى. بىز ئۆزلە بىلەن كونا ھەمشېرىكلەردىن تۇرساق. ھازىرچە مىڭ سەر ئېلىپ تۇرسىلا.

ھېيتاخۇنباي ئابدۇراخمان مەخسۇمدىن مىڭ سەر پۇلنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى. ئۇ ئەتىسىلا قاراخۇجا كارىز، ياڭخى[1] دىن 40 ئىشلەمچى دېھقاننى ئېلىپ كەلدى. ئۆز مەھەللىسىدىن 40 ئەر تەييار بولغان ئىدى. شۇ كۇنى تاڭ سەھەردىن تارتىپلا 80 ئادەم ھېيتاخۇنباينىڭ باشلامچىلىقىدا چوڭ كارىزنىڭ ئۆرۈلۈپ

---

[1] قاراخۇجا كارىز، ياڭخى — تۇرپاننىڭ يېزىلىرى.

كەتكەن تەشمىلىرىنىڭ لىيىنى ئېلىپ، تىقىلىپ كەتكەن تىلما ـ ئېرىقنى ئېچىپ راۋانلاشتۇرۇشنى باشلىۋەتتى. ھېيتاخۇنباي ئىشنى ئىدىتلىق قىلاتتى. ئۇ ئىشلەمچى دېھقانلارنى بىرقانچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ تەڭ تۇتۇش قىلدى. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز تىنىمسىز ئىشلەش بىلەن دېھقانلار كارىزنىڭ سۈيىنى يەر يۈزىگە چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن مەھەللە ئىچى شادلىققا چۆمدى. لېكىن، بىر خۇشاللىقنىڭ بىر قايغۇسى بار دېگەندەك ئىشلەمچىلەر كارىز-نىڭ تىلمىغا يېقىن ئاخىرقى تەشمىنىڭ يېڭىدىن ئۆرۈلۈپ چۈش-كەن بىر ھارۋىدەك لىيىنى ئېلىۋالغاندا تەشمىسىنىڭ ئۈستىدىن تۇيۇقسىزلا 4 — 5 ھارۋىدەك توپا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ئىككى دېھقاننى بېسىۋالدى. دېھقانىنىڭ بىرى قازا قىلدى. يەنە بىرىنىڭ پۇتى ناكا بولدى.

يېڭىدىن ئۆرۈلگەن تەشمىنىڭ لىيىنى ئىشلەمچىلەر تېزلا ئېلىپ تۈگەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن كارىزنىڭ سۈيى راۋان ئې-قىشقا باشلىدى.

ھېيتاخۇنباي قازا قىلغان ئىشلەمچى دېھقاننى دەپنە قىلىش، نەزىر ـ چىراغ، تۆلەم بېرىش، پۇتى ناكا بولغان ئىشلەمچىنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم يەنە يېڭىشەھەرگە بېرىپ ئابدۇراخمان مەخسۇمدىن يەنە 500 سەر پۇل قەرز ئالدى. ئۇ مەھەللىسىدىكى ھېمىت ياغاچچىغا جۈجەم (ئۈژمە) ياغىچىدىن نۇرغۇن تاختاي (پەن) تىلدۇردى. كارىزنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئىككى تەشمىسىنىڭ 500 مېتىر قىسمىغا ئۈژمە ياغىچىدىن تەي-يارلانغان تاختايلاردىن جا[1] ياساپ ئورناتقۇزدى: بۇنىڭ بىلەن كارىز تەشمىسىنىڭ قايتا ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

كارىزنىڭ سۈيى چىققاندىن كېيىن قاغجىراپ كەتكەن يەرلەر سۇغىرىلىپ ئوسا قىلىندى. ھېيتاخۇنباي ئەتىياز كېۋەز تېرىغان

---

① جا— كارىزنىڭ تەشمە (بىر قۇدۇق بىلەن يەنە بىر قۇدۇقنى تۇتاشتۇرغۇچى يەر ئاستى ئېرىقى) لىرىنىڭ ئۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئورنىتىلغان جازا.

يېرىگە يەنە كېۋەز تېرىدى. بۇغداي تېرىغان يېرىگە قوناق تېرىدى. 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا كېۋەزلەر ئېگىز ئۆسۈپ، چېچەكلەپ ئۈچ — تۆتتىن غوزا بولغاندا توساتتىن كېۋەزلەرگە هال چۈشۈپ كۆك پىت پەيدا بولدى. دېهقانلار بەزى يەرلىك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ باققان بولسىمۇ هال ئازايماي بەلكى تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. نەتىجىدە كېۋەزلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سولىشىپ چېچەكلىرى چۈشۈپ كەتتى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز هاۋا تۇتۇلۇپ بىر كۈن كەچكىچە قاتتىق يامغۇر ياغدى. كەينىدىنلا يېرىم كۈن شامال چىقتى. ئەتىسى شامال توختاپ هاۋا ئېچىلدى. كېۋەزلىكلەردە ئالتۇنرەڭ قاناتلىرىنى پارقىرىتىپ ئۇچۇپ سان ـ ساناقسىز خانقىزلار پەيدا بولدى. بۇغداي دانچىلىك كېلىدىغان بۇ خانقىزلار كېۋەزگە چۈشكەن هال، كۆك پىتلارنى يەپ قىرىپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن كېۋەزلەر ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

جاهاندا هەرقانداق بىر ئىشنىڭ مۇهىم پەيتى ـ پۇرسىتى بولىدۇ. پۇرسەت ـ پەيت قولدىن بېرىپ قويۇلسا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. پۇرسەت ـ پەيت ئۆتۈپ كەتكەچكە كۈزلۈكى تۇرپان دېهقانلىرى پاختىدىن كۆزلىگەن هوسۇلنى ئالالمىدى. هېيتاخۇنباي مىجىت هاجىدىن ئەتىيازدا ئالغان زاكالەت پۇل ئۈچۈن تاپشۇرىدىغان پاختىنىڭ يېرىمىنىمۇ تاپشۇرالمىدى.

«ئۆلمەكىنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك هۆكۈمەت دېهقانلارنىڭ هالى بىلەن كارى بولماي ئەسلىدە ئېلىپ كېلىۋاتقان يەر ـ سۇ، ئوت ـ چۆپ، قان بېجى قاتارلىق 10 خىل باجغا تۇتۇن بېجى دەپ بىر تۇرلۇك باجنى قوشۇپ ئېلىش پەرمانىنى چۈشۈردى.

تۇرپان مەهكىمىسىنىڭ هەربىي مەمۇرىي باش ئەمەلدارى يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ شاڭيۇلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ «هۆكۈمەتنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلىمىز» دېگەننى باهانە قىلىپ

پۇقرالاردىن ئېلىنىۋاتقان باج سېلىقلارنى كۆپەيتىپ ئېلىشقا يې-
زىلارغا ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى ئەۋەتتى. بۇ ئىش بوران ۋە
هال ئاپىتىدىن ۋەيران بولۇپ كەتكەن دېهقانلارغا ناهايىتى قاتتىق
زەربە بولدى.

※ ※ ※

مىجىت هاجى 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا 50 تۆگىگە پاختا،
تېرە، يۇڭ، ئۇچەي ئېلىپ مەخسۇت مۇهىتى، ئەبەيدۇللا شەمەي-
چى قاتارلىق 20 نەچچە سودىگەر بىلەن روسىيىگە قاراپ يولغا
چىققان ئىدى. ئۇلار كۆزلىگەن مۇددەتتە شەمەي شەهىرىگە يېتىپ
باردى. مىجىت هاجى بىلەن مەخسۇت مۇهىتى مەسلىهەتلىشىپ
ماللىرىنى چۇشۇرۇپ ئېرتىش دەرياسىدىكى پاراخوتقا بېسىپ شە-
مەيدىن شىمالدىكى ئومىسكى شەهىرىگە باردى. ئۇلار ئومىسكىدا
ماللىرىنى پويىزغا بېسىپ، غەربكە قاراپ يول ئېلىپ تېزلا قازان
شەهىرىگە باردى. ئۇلار قازاندا قوشنا شەهەر نوۋگوردتا يەرمەنكە
بولۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ماللىرىنى نوۋگوردقا ئېلىپ باردى. مى-
جىت هاجى بىلەن مەخسۇت مۇهىتى يەرمەنكىدە ماللىرىنى ناهايى-
تى ياخشى باهادا تېزلا سېتىپ بولۇپ خېلى كۆپ پايدا ئالدى.
ئۇلار يەرمەنكىدىن ئەرزان باهـادا نۇرغـۇن گەزمال، پولات -
تۆمۈر، قەنت - گېزەك قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ قازان شەهىرى-
گە قايتتى. ئۇلار قازان شەهىرىدىن يەنە بىرمۇنچە مال سېتىۋې-
لىپ تېزلىكتە شەمەيگە قايتىپ كەلدى. مىجىت هاجى بىلەن
مەخسۇت مۇهىتىنىڭ هەمراھلىرى ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۇتۇپ يول-
غا چىقىشقا تەق بولۇپ تۇرغان ئىدى.

مىجىت هاجى بىلەن مەخسۇت مۇهىتى كېلىپ ئۇچىنچى
كۇنى تۇرپاندىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ چوڭ كارۋىنى شەمەي
بىلەن خوشلىشىپ ۋەتەنگە قاراپ يول ئالدى. مىجىت هاجى 50
تۆگىگە ماللىرىنى ئارتىۋىدى، يەنە بىرمۇنچە مال ئېشىپ قالدى.

ئۇ ئۆزلىرىنى ھەر يىلى كارۋان سارىيىغا چۈشكۈن قىلىپ ئاغىنە
بولۇپ قالغان ئىسھاقتىن 10 تۆگە ئېلىپ ئېشىپ قالغان ماللىرى-
نى ئارتىپ يولغا چىققان ئىدى. تۇرپاننىڭ بۇ چوڭ سودا كارۋىنى
9 - ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

مىجىت ھاجى ئۈرۈمچىدە تۇرپاندىن يېڭىلا كەلگەن بىرنەچچە
تونۇش بۇرادەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ
كەتتى. پاراڭ ئارىلىقىدا مىجىت ھاجى بۇ يىل تۇرپاندا
كەينى - كەينىدىن ئېغىر ئاپەتلەر يۈز بېرىپ دېھقانلار خانىۋەيران
بولۇپ كەتكەنلىكتىن سودا ئاقمايۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ ناھايىتى
تېز تۇتۇش قىلىپ روسىيىدىن ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنىڭ كۆپ
قىسمىنى ئۈرۈمچىدە توپ سېتىپ قولىدىن چىقاردى. ئۈچ كۈن-
دىن كېيىن قالغان ئازغىنە مېلىنى ئېلىپ تۇرپانغا قاراپ يولغا
چىقتى.

※ ※ ※

چاتقال يېزىسىنىڭ شاڭيوسى قاسىمنىڭ دېھقانلاردىن باج
سېلىق يىغقۇچى دورغا، يايلىرى 10 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى
ھېيتاخۇنبايىنى باج سېلىق تاپشۇرۇشقا سۈيلەپ كەلدى. ھېيتا-
خۇن ئۇلارغا بەش كۈنگە قالدۇرماي باج سېلىقنى تاپشۇرىدىغانلى-
قىنى ئېيتتى. بىراق تۇردى دورغا «بۈگۈن ئالمىساق بولمايدۇ»
دەپ تۇرۇۋالدى. ھېيتاخۇن سىلىق - سىپايە سۆزلەر بىلەن
يېلىنىپ يالۋۇرغان بولسىمۇ، تۇردى دورغا پەقەت گەپ يېمىدى.
ئاخىرى ھېيتاخۇن بىلەن تۇردى دورغا گەپ تەگىشىپ قالدى.
پوچى، ئاغزى يامان تۇردى دورغا ھېيتاخۇننى ھاقارەتلەپ ئۇنىڭ
غۇرۇرىغا تەگدى. جىگەرلىك، غۇرۇرى كۈچلۈك ھېيتاخۇن چىد-
داپ تۇرالمىدى - دە، تۇردى دورغىغا قاراپ ئېتىلدى. غەزىپىگە
پايلىمىغان ھېيتاخۇن تۇردى دورغىنىڭ كاچىتىغا ئىككى شاپىلاق
سېلىۋەتتى. چىرايى سېرىق، سىم ساقال، ئورۇق كەلگەن تۇردى

دورغىنىڭ يۈزىدە بەستلىك كەلگەن ھېيتاخۇنىنىڭ بەش قولىنىڭ ئىزى قالدى. تۆردى دورغا دەلدەڭشىگىنىچە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈككە يۆلىنىپ قالدى. ئۇ غال - غال تىترىگىنىچە كېكەچلىنىپ ۋارقىرىدى:

— تۇ - تۇ - تۇتۇڭلار، بۇ - بۇ قېرى ئوغرىنى!

ئىككى يايى ئېتىلىپ كېلىپ ھېيتاخۇنبايغا يېپىشتى. ھېيتاخۇنباي قولىغا يېپىشىپ كەينىگە قايرىپ ئارغامچا بىلەن باغلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقان يايىنىڭ قولىدىن بىر سىلكىنىپلا قولىنى بوشىتىۋېلىپ غەزەپ بىلەن:

— بارە نېرى، — دەپ يايىغا بىر مۇشت ئاتتى.

يايى ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ يەردە يېتىپ:

— ۋايجان، ۋاي كۆزۈم! — دەپ داد - پەرياد كۆتۈردى. ئىككىنچى يايى قورقۇپ كېتىپ ھېيتاخۇنباينى قويۇۋېتىپ يەردە ياتقان ھەمراھىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. مۇشت يېگەن يايىنىڭ سول كۆزى قۇيۇلۇپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن تۆردى دورغا قورققان ئىت غىڭشىپ قاچقىنىدەك بىرمۇنچە ۋاقىراپ - جارقىراپ يايىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەسلىدە قاسىم شاڭيۇ بىلەن ھېيتاخۇنباينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تارىخىي زىددىيەت، جېدەل - ماجىرا بار ئىدى. بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن شاڭيۇ بولغان قاسىم ھېيتاخۇنبايدىن ئۆچ ئېلىشنىڭ پەيتىنى كۆزلەپ يۈرەتتى. تۆردى دورغىمۇ بۇنى بىلگەچكە ھېيىقمايلا ھېيتاخۇنباينى ھاقارەتلەپ چېقىشقا تېگىشكە جۈرئەت قىلغان ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى تۆرپان يامۇلىنىڭ بەش يايىسى چىقىپ ھېيتاخۇنباينى تۇتقۇن قىلىپ كوناشەھەرگە يالاپ ئېلىپ بېرىپ زىندانغا سولۇۋەتتى.

بۇ ئىش ئۆتۈپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ھېيتاخۇنباينىڭ چوڭ ئوغلى ئارۇپ بايۋەچچە چاتقالدىن يېڭىشەھەردىكى مىجىت

ھاجىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ئۇ قاماقتىكى ئاتىسىنى قۇتقۇزۇپ قاماقتىن چىقىرىۋېلىش ئۇچۇن مىجىت ھاجىدىن بەش مىڭ سەر پۇل قەرز بېرىشنى ئۆتۈندى. بۇ سورۇندا بىرگە ئولتۇرغان ئابدۇراخمان مەخسۇم ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ:

— سىزلەر بۇ يىل ئەتىيازدا پاختىغا بەرگەن زاكالەت پۇلىنىڭ ئاران يېرىمىگە توغرا كەلگىدەكلا پاختا ئۆتكۈزدىڭىزلەر. يەنە ئىككى مىڭ سەر پۇل گەدىنىڭىزلەردە قەرز بولۇپ تۇرۇپتۇ. بىزغۇ ئەھلى مۇسۇلمان ئادەملەر پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى ئالمايمىز، — دېدى ئارۇپ بايۋەچچىگە تىكىلىپ قاراپ.

— دۇنيادا بالا ئۇچۇن ئەۋلى خۇدا، ئاندىن قالسا ئاتا ـ ئانا ئۇلۇغدۇر. بالا ئاتا ـ ئانا ئۇچۇن جان پىدا قىلسا، ئۇنى تۇغۇپ چوڭ قىلغۇچە تارتقان جەبىر ـ جاپاسىنىڭ ئوندىن بىرىنى تۆلەپ بولالامدۇ تېخى. ئارۇپ بايۋەچچە، سىز ناھايىتى توغرا ئويلاپسىز، ئاتىڭىزنى زىنداندىن قۇتقۇزۇۋېلىش ھەممىدىن زۆرۈر. مەيلى قانچىلىك پۇل كەتسە بىز بار. بىراق ئوغلىمىز ئابدۇراخمان مەخسۇم بايا دېگەن ھېسابىنىمۇ ئويلاشماي بولمايدۇ، — دېدى مىجىت ھاجى.

ئارۇپ بايۋەچچە ئورنىدىن قوزغىلىپ:

— ھىممەتلىرىگە كۆپ رەھمەت ھاجىكا، — دەپ مىجىت ھاجىغا تەزىم قىلدى.

بۇ چۈشكە يېقىن بىر چاغ ئىدى. ئارۇپ بايۋەچچە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن زىندانغا بېرىپ ئاتام بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي، — دەپ خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

چۈش قىيىلغاندا مىجىت ھاجى پېشىن نامىزىدىن قايتىپ ئۆيگە كىردى. ئۇ سەللىسى بىلەن تونىنى قوزۇققا ئىلىپ قويۇپ

شىرەدە ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلاۋاتقان ئابدۇخالىقنىڭ قېشىغا كەلدى. ئابدۇخالىق چوڭ دادىسىنى كۆرۈپ:

— دەرسىمنى ئوقۇپ بەرسەم ئاڭلاپ باقامال؟ — دېدى.

— بولىدۇ، ئاڭلاپ باقاي، قېنى ئوقۇڭ، — دېدى مىجىت هاجى. ئابدۇخالىق بۈگۈنلا موللىسىدىن ئالغان دەرسنى ئوقۇشقا باشلىۋىدى، خىزمەتكار كىرىپ مىجىت هاجىنى مېهمانخانىدا ئا-رۇپ بايۋەچچىنىڭ كۈتۈپ ئولتۇرغىنىنى خەۋەر قىلدى.

— بايۋەچچە سەل تەخىر قىلىپ تۇرغاي، هايال قالماي چىقۇرمەن، — دېدى مىجىت هاجى خىزمەتكارغا قاراپ.

خىزمەتكار ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئابدۇخالىق بۈگۈنكى ئوقۇغان دەرسنى قايتا تەكرارلاپ ئو-قۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاهاڭى ناهايىتى يېقىملىق بولۇپ، ئوقۇ-شى توغرا ئىدى. ئالتە يېرىم ياشتىن ئەمدىلا ئاشقان نەۋرىسىنىڭ مەكتەپكە بېرىپ 8 — 10 ئاي ئىچىدىلا باشقا بالىلار 2 — 3 يىلدا ئوقۇپ بىلەلەيدىغان دەرسلەرنى پۈختا بىلىۋالغانلىقىدىن سۆيۈن-گەن مىجىت هاجى خۇشاللىقىدىن ئارۇپ بايۋەچچىنىڭ ئۆزىنى مېهمانخانىدا كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئابدۇخالىق خېلىل موللامنىڭ هازىر ئۆزىگە باشقا بالىلاردىن ئايرىم هالدا دەرس بېرىۋاتقىنىنى سۆزلەپ جىلتىسىدىن دەپتىرىنى چىقاردى. مىجىت هاجى نەۋرىسى ئېچىپ كۆرسەتكەن دەپتەرنىڭ بېتىگە قاراپ هەيران قالغان هالدا سورىدى:

— بۇ بەتتىكى هۆسنخەتلەرنى ئۆزىڭىز يازدىڭىزمۇ؟

— هەئە، مانا قارىسىلا، مۇشۇ دەپتەردىكى خەتلەرنىڭ هەم-مىسىنى ئۆزۈم يازغان، — ئابدۇخالىق دەپتەرنى ۋاراقلاپ چوڭ دادىسىغا بىر - بىرلەپ كۆرسەتتى.

— بارىكاللا ئوغلۇم. موللىڭىز قاچاندىن تارتىپ سىزگە هۆسنخەت يېزىشنى ئۆگىتىۋاتىدۇ؟

— بىر ئاي بولدى.

ئۆينىڭ ئىشكى ئېچىلىپ ئابدۇراخمان مەخسۇم كىردى. ئۇ پەگادا تۇرۇپلا:

— ئاتا ئۆزلىرىنى ئارۇپ بايۋەچچە كۇتۇپ قالدى — دېدى. مجىت هاجى بۇ گەپ بىلەن خىزمەتكارنىڭ باياتىن كىرىپ ئۇنى چاقىرغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئابدۇخالىققا قاراپ:

— بۇ خەتلەرنى ياخشى يېزىپسىز، مەن ئىشىمنى تۈگىتىپ كىرىپ قالغان بەتلەرگە يازغان خەتلىرىڭىزنى كۆرىمەن، — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

ئابدۇخالىق دەرسنى تەكرارلاشنى داۋام قىلدى. مجىت هاجى ئابدۇراخمان مەخسۇم بىلەن مېھمانخانىغا كىردى. مجىت هاجى روھسىز ئولتۇرغان ئارۇپ بايۋەچچىدىن سورىدى:

— ئاتىڭىز بىلەن كۆرۈشەلىدىڭىزمۇ؟ ئاتىڭىز نېمە دېدى؟ ئارۇپ بايۋەچچە بېشىنى ساڭگىلاتـقان هالـدا دۇدۇقـلاپ جاۋاب بەردى:

— كۆ - كۆ - كۆرۈشتۇم. ئا - ئا - ئاتام «چوڭ كارىزنى هاجى ئاكاڭغا سات. باشقا ئادەمگە كەتمىسۇن» دېدى.

— يەر - يەر بىلەن قوشۇپ؟! — دەۋەتتى مجىت هاجى كۆزىنى چەكچەيتىپ.

ئابدۇراخمان مەخسۇممۇ بۇ گەپتىن چۆچۈپ قېيناتىسىغا قارىدى.

— شۇنداق قىلىدىغان بولدۇق، — دېدى ئارۇپ بايۋەچچە ئۈنىنى تىترىتىپ، — يەرنىمۇ قوشۇپ ساتىمىز. مجىت هاجى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سورىدى:

— قانچە پۇلغا ساتماقچى؟

— ئۈچ تۈمەن ئىككى مىڭ سەرگە.

— سىزلەرنىڭ قانچىلىك يېرىڭىزلەر بار؟

— 150 مو يېرىمىز بار ئىدى. كارىزىمىز كۈنگە 20 مو يەرنى سۇغىراتتى، — دېـدى ئارۇپ بايۋەچـچە ئۇلۇغ كىچىك

تىنىپ.

— سىزلەردىن باشقا كارىزنىڭ ئىگىلىرىنىڭ سۈيىنى ئىچىدىغان دېھقانلارنىڭ قانچىلىك يېرى بار؟ — سورىدى ئابدۇراخمان مەخسۇم.

— 250 مو كېلەمدىكىن، — دېدى ئارۇپ بايۋەچچە گەجگىسىنى قاشلاپ.

— ھىم، — دېدى مىجىت ھاجى چوڭقۇر تىنىپ، ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئابدۇراخمان مەخسۇمغا قارىدى. ئابدۇراخمان مەخسۇم «باھاسى مۇۋاپىق سېتىپ ئالايلى» دېگەن تەرىقىدە بېشىنى لىڭشىتتى. مىجىت ھاجى ھەرقانداق سودىنى قىلىشتا ئالدىرىمايتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ بىر ھازاغىچە ئويلاندى. ئۇ دېھقانلاردىن پاختا سېتىۋالغاندىن كۆرە ئەرزان ئەمگەك كۈچىنى ئىشلىتىپ، ئۆز يېرىگە پاختا تېرىپ ئۆزىنىڭ پاختىسىنى پىششىقلاپ چەت ئەلگە ئاپىرىپ ساتىدىغان بولسا پايدىنىڭ تېخىمۇ چوڭ بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئالىمادىس سودىدا زىيان تارتىپ قالسا، ئۆز يېرىدىن چىققان مەھسۇلات بىلەن زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. ئۇ بۇ سودىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى دەڭسەپ كۆرۈپ دېدى.

— ئارۇپ بايۋەچچە، سىز مېنىڭ ئوغلۇمغا ئوخشاش. ھازىر سىلەر ناھايىتى تەس كۈنگە قالدىڭلار. قاراپ تۇرۇپ بىز ياردەم قولىمىزنى سۇنمىساق بولماس. كارىزنى يېرى بىلەن قوشۇپ مەن ئالسام ئالاي. ھېيتاخۇن بۇرادىرىمىزمۇ زىنداندىن قۇتۇلۇپ چىقسۇن. بىراق بۇ كىچىك سودا ئەمەس. ئۈچ كۈنگىچە ئىككىلا تەرەپ ياخشىراق مەسلىھەتلىشەيلى. باھانى بەش كۈندىن كېيىن پۈتۈشۈپ ئىككى تەرەپ شاھىت ـ گۇۋاھچىلارنى دەرقەمدە ھازىر قىلىپ بۇ سودىنى قىلغايمىز.

— بولىدۇ ھاجىكا. بۇ ئىش ئۆزلىرى دېگەندەك بولسۇن. ئاتامنىڭ لەۋزىمۇ شۇ. بىز بۈگۈن ئاخشام يۈجى دارىننى يوقلاپ

ئۆيىگە كىرمەكچى. بۇنىڭغا بەش مىلڭ سەر پۇل لازىم بولۇۋاتىدۇ. بەش مىلڭ سەرنى ئاۋۋال بېرىپ تۇرغان بولسىلا، — دېدى ئارۇپ بايۋەچچە قىزىرىپ ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزىنى مىجىت هاجىدىن ئەپقېچىپ.

— بولىدۇ، — دېدى مىجىت هاجى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم خوجىدار نەسىرۇللانى چاقىرىپ كىردى.

— بەش مىلڭ سەر پۇل لازىم بولۇپ قالدى، — دېدى مىجىت هاجى نەسىرۇللاغا.

نەسىرۇللا مېهمانخانىدىن چىقىپ كېتىپ هايال بولمايلا بىر چەندازا[1] پۇلنى كۆتۈرۈپ كىرىپ مىجىت هاجىنىڭ ئالدىغا قويدى.

مىجىت هاجى چەندازىنىڭ ئاغزىنى يېشىپ ئىچىدىكى كۇمۇش يامبۇلارنى شىرەگە تۆكۈپ ساناپ چىقىپ قايتا چەندازىغا سالدى. ئۇ ئارۇپ بايۋەچچىگە چەندازىنى سۇنۇپ:

— مانا بەش مىلڭ سەر ئېلىڭ! — دېدى.

ئارۇپ بايۋەچچە چەندازىدىكى يامبۇلارنى قايتا ساناپ چىقتى. ئۇ چەندازىنى قوينىغا سالدى - دە، ئورنىدىن تۇردى. ئۇ:

— رەهمەت هەرقايسىلىرىغا، — دەپ ساهىبخان بىلەن خوشلىشىپ مېهمانخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتتى. گۇۋاهچىلارنىڭ قاتنىششى بىلەن مىجىت هاجى هېيتاخۇنباينىڭ چاتقالدىكى چوڭ كارىزىنى 150 مو يېرى بىلەن قوشۇپ ئىككى تۇمەن سەككىز مىلڭ سەرگە سېتىۋالدى.

ئارۇپ بايۋەچچە توختامغا تامغىسىنى باسقىچە زىنداندا قاماقلىق ئاتىسىنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ: «بالام يەر - سۇ بىز دېهقان خەقنىڭ جان تومۇرىمىز. يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق. بىز ئېغىر

---

① چەندازا — شۇ زاماندىكى پۇل قاپچۇقى ئورنىدا ئىشلىتىدىغان كىچىك خالتا.

كۆنگە قىلىپ بۇ سودىنى ئامالسىز قىلىۋاتىمىز» دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋىدە ئاڭلانغاندەك بولدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر كىم بىغىشىدىن تارتىپ سۇغۇرۇۋېلىۋاتقاندەك قاتتىق ئازاب-لاندى. ئۇ كۆز چانقىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ئىككى تامچە ياشنى قولىنىڭ كەينى بىلەن ئېرتىۋېتىپ «شىرت» قىلىپ بۇر-نىنى تارتىپ قويدى.

ئارۇپ بايۋەچچە تۇرپان مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارىغا سەككىز مىڭ سەردىن ئوشۇق پارا بېرىپ ئاتىسىنى زىنداندىن قۇتقۇزۇپ چىقتى. ھېيتاخۇنباي سۇلاقتىن چىقىپ ئۆي - جايىنى مىجىت ھاجىغا ئەرزانغىلا سېتىۋېتىپ بالا - چاقىسىنى ئېلىپ يۇرتىنى تاشلاپ ئۇرۇمچىگە كۆچۈپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن چاتقالدىكى چوڭ كارىز «مىجىت ھاجى-نىڭ كارىزى» دەپ ئاتالدى.

# ئابدۇخالىقنىڭ ئىككىنچى مەكتىپى

12 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. بىر كۈنى ئابدۇخالىق چۈشتە مەكتەپتىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ جىلتىسىنى تامدىكى قوزۇققا ئېسىپ قويۇپ تامىقىنى يەپ بولۇپلا ئالدىراپ تالاغا ماڭدى.

— نەگە ماڭدىڭىز بالام؟ — سورىدى ئەرەمسىما خېنىم.

— دەرۋازا ئالدىغا ئاداشلىرىم كەلمەكچى. بىز سىپىل سىرتىغا چىقىپ مۇز تېيىلغىلى بارىمىز، — دېدى ئابدۇخالىق ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا.

— دەرسىڭىزنى تەكرار قىلمامسىز؟

— ئويناپ كېلىپ تەكرار قىلىمەن.

ئابدۇخالىق ئادىتى بويىچە مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ تامىقنى يەۋېلىپلا دەرسىنى تەكرارلاشقا باشلايتتى. بۈگۈنكى بۇ ئىش ئەرەمسىما خېنىمغا بىرئاز غەلىتە تۇيۇلدى. ئۇ: «بۈگۈن بۇ بالا ئەجەپ ئوينىغىلى بارىمەن دەيدىغۇ؟» بوپتۇ، كۆنلاردىن قالغان «بالا بولسا شوخ بولسۇن، بولمىسا يوق بولسۇن» دېگەن گەپمۇ بارغۇ. «ئوغۇل بالا بولغاندىكىن، ئويناپ كەلسىمۇ كەلسۇن» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدى.

ئابدۇخالىق:

— خوش چوڭ ئانا! — دەپ ئۆيدىن چىقتى.

— خوش، پات قايتىپ كېلىڭ! — دېدى چوڭ ئانا.

ئابدۇخالىق ئۆيدىن چىقىپ هويلىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى كىچىككىنە ئويۇقتىن تۈنۈگۈن ئاخشام ئايىت ئات باقار ياساپ بەرگەن قامچا بىلەن پىرقىرىغۇچنى (نۇرنى) ئالدى ـ دە،

تالاغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقتى. كوچىنىڭ كۆن چىقىش تەرىپىدىكى دەرۋازىدىن قولىدا كىچىككىنە قامچىسىنى ئوينىتىپ ھېسامىدىن چىقىپ كەلدى.

— پىرقىرىغۇچىڭ قېنى؟ — سورىدى ھېسامىدىن.

— مانا، — ئابدۇخالىق يانچۇقىدىن پىرقىرىغۇچىنى چىقىرىپ كۆرسەتتى.

— ۋۇي - يۇ، ئاپئاق، يۇپ - يۇمىلاق ئىكەن، ئۇستىدىكى گۈلى ھەجەپ چىرايلىققۇ؟ — دېدى ھېسامىدىن ھەيران قېلىپ.

— ئاخشام ئايىت ئاكام ياساپ بەردى. ئۇستىدىكى گۈللىرىنى قىزىلتاش بىلەن ئۆزى سىزىپ بەرگەن. سېنىڭچۇ؟ — سورىدى ئابدۇخالىق. ھېسامىدىن چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن سۆگەت ياغىچىدىن ياسالغان سۇس سېرىق كەلگەن يوغان پىرقىرىغۇچنى چىقاردى.

— سېنىڭ نوچىكەنغۇ.

ئىككى بالا شۇنداق دېيىشىپ تۇرغىنىدا كوچىنىڭ شىمال تەرىپىدىن قارا مۇتۇق، پاكارراق كەلگەن ئابدۇراخمان كىچىككىنە قامچىسىنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى.

— پىرقىرىغۇچىڭ بارمۇ؟ — سورىدى ھېسامىدىن ئابدۇراخماندىن.

— بولمايچۇ مانا، — ئابدۇراخمان يانچۇقىدىن ئۈژمە ياغىچىدىن ياسالغان سېرىق گۈلدەك چىرايلىق پىرقىرىغۇچنى چىقىرىپ بات قىلدى.

— ۋۇي - يۇ، سېنىڭ تېخىمۇ نوچىكەنغۇ، — دېيىشتى ھېسامىدىن بىلەن ئابدۇخالىق تەڭلا.

— جۇرۇڭلار ئاداشلار، ھەببۇل بىزگە ئىشىك ئالدىدا قاراپ تۇرماقچىغۇ، — دېدى ئابدۇخالىق.

— جۇرۇڭلار، — باللار چۇرقىرىشىپ يۈگۈرۈپ كېتىشتى. ئۇلارنى كوچىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ دەرۋازا ئالدىدا ھەببى-

بۇل كۈتۈپ تۇراتتى.

تۆت بالا بىر توپ بولۇپ شەھەر سېپىلىنىڭ تۈۋىگە يېتىپ كەلدى. سېپىلنىڭ ئىككى سوقما تېمى تۇتاشقان يەردە ئادەم پاتقۇدەك قىسىلچاق تۆشۈك بار ئىدى. تۆت بالا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى شۇ قىسىلچاق تۆشۈكتىن شەھەرنىڭ جەنۇبىغا چىقىشتى.

بىر چېتى شەھەر سېپىلىنىڭ تۈۋىگىچە كەلگەن، يەنە بىر چېتى ئىككى - ئۈچ چاقىرىم يىراقلىقتىكى جاي مەھەللىسىگە تۇتىشىدىغان، قۇياش نۇرىدا ئاپئاق پارقىراپ كۆزنى چېقىپ تۇرغان كەڭ مۇزلۇق بالىلارنى چەكسىز خۇشال قىلىۋەتتى. بىرىنچى بولۇپ تۆشۈكتىن سىرتقا چىققان ئابدۇخالىق ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سەكرىگەن پېتى توۋلاپ كەتتى:

— ۋۇي - يۇ قاراڭلارچۇ، ئەجەپ چىرايلىق ئىكەن. كۆمۈشتەك پارقىرايدىكەن!

— ئوھۇي!

— بەللى - بەللى تازا ئوينايمىز ئەمدى.

شەھەردە ھويلىسىغا قامىلىپ زېرىكىپ كەتكەن بالىلار سەكرىشىپ چۇرقىرىشىپ كېتىشتى. بۇندىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن بۇ ئېتىزلارنىڭ ئىگىلىرى بولغان دېھقانلار قىشتا بىكار ئېقىۋاتقان بوش سۇلاردىن پايدىلىنىپ يەرلىرىگە سۇ باشلاپ توڭ ياتقۇزغان ئىدى. توساتتىن جۇدۇن بولۇپ سوغۇق كۈچىيىپ سۇغىرىلىپ توڭ سىلىنغان ئېتىزلاردىكى سۇلار توڭلاپ بۇ ئېتىزلارنى تۇتاش مۇز بېسىپ كەتكەن ئىدى.

كېلىڭلار پىرقىرىغۇچلىرىمىزنى ئۇندۇرىمىز، كىمنىڭ ھەممىدىن ئۇزاق ئۇنۇپ تۇرالىسا، شۇنىڭ نوچى، — دېدى ھېسامىدىن.

— كېلىڭلار قېنى.

— ھەممەڭنىڭكىدىن مېنىڭ نوچى جۇمۇ.

بالىلار شۇنداق دېيىشىپ پىرقىرىغۇچلىرىنى مۇز ئۈستىدە ئۇندۇرۇپ بەسلىشىشكە باشلىدى. ئۇلار شۇ ئويۇنغا قىزىقىپ كېتىپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيماي، ئويۇنغا كىرىشىپ كەتتى.

بىر چاغدا پىرقىرىغۇچلىرىنى ئۇندۇرۇپ بەسلىشىشتىن زې-رىككەن بالىلار پىرقىرىغۇچ، قامچىلىرىنى قىر بېشىغا تاشلاپ قويۇپ مۇزنىڭ سىلىق، غىلتاڭ يېرىگە بېرىپ يىراقتىن يۈگۈ-رۈپ كېلىپ مۇز ئۈستىدە تېيىلىپ ئويناشقا باشلىدى.

يىراقتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىتتىك تېيىلىپ كېتىۋاتقان ئابدۇخالىق ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋالالماي ھەبىبۇلغا سوقۇلدى. نە-تىجىدە ئاۋۋال ھەبىبۇل، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇخالىق يىقىلىپ چۈشتى. بۇنى كۆرگەن ئابدۇراخمان:

— بەللى ـ بەللى قىزىق تاماشا، خام بۇسۇرماق ئويناپمىز، كېلىڭلار ئاداشلار، — دەپ توۋلىغان پېتى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئابدۇخالىقنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنى كۆرگەن ھېسامى-دىنمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئابدۇراخماننىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. بۇ تۆت بالىنىڭ ئىچىدە ئابدۇخالىق ھەممىدىن مىختا ۋە ساغلام ئىدى. ئۇ ھەبىبۇلنىڭ ئۈستىدە يېتىپ ھاسىراپ تۇرۇپ:

— ئاداشلار بولدى، قويۇڭلار، ھەبىبۇل چىدىماي يىغلىغى-لى تۇرۇۋاتىدۇ جۇمۇ، — دېدى.

— ھا ـ ھۇ، ھا ـ ھۇ! — دەپ چۇقان سېلىپ ئەڭ ئۈستىدىكى ھېسامىدىن دۈلۈپ ئابدۇخالىقنىڭ گېپىنى ئاڭلىمى-دى. ھەبىبۇل بالىلارنىڭ ئاستىدا يېتىپ ئىنجىقلايتتى. ئابدۇخا-لىق چىشىنى بىر چىشلەپ بارلىق كۈچىنى يىغىپ قاتتىق يۇلقۇ-نۇۋىدى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھېسامىدىن بىلەن ئابدۇراخمان دۇ-مىلاپ مۇزغا يىقىلدى. ئابدۇخالىق ھەبىبۇلنىڭ ئۈستىدىن قوپۇپ ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ تۇرغۇزۇپ قويدى. ھەبىبۇل شىرت ـ شىرت قىلىپ بۇرنىنى تارتىپ ئاغزىنى ئۆمچەيتكىلى تۇردى.

— نەرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ، — سورىدى ھەبىبۇلدىن ئابدۇخالىق.

— بېشىم مۇزغا قاتتىق تېگىپ كەتتى. بېشىمدا تۇمىقىم يوقتى، — دېدى ھەبىبۇل ئۆكسۇپ.

— مە تۇمىقىڭنى، سەن يوغان باشىڭنىڭ بېشى نېمە بولماقچى، چىدا ئەمدى. ئوغۇل بالا تۇرۇپ يىغلىغىلى تۇرغىنىنى، — دەپ ھەبىبۇلغا تۇمىقىنى تۇتقۇزۇپ قويدى ھېسامىدىن.

— بىز ئويناپ قىلغان تۇرساق ئاداش، — دېدى ئابدۇراخمان.

ئابدۇخالىق:

— مەيلى بولمىسا، ھەبىبۇل سەن ھەربىرىمىزنىڭ پېشانىسىغا ئىككى چېكىمدىن چېكىۋالغىن، — دېدى.

بۇ گەپ ھەبىبۇلغا ياقتى. ئۇ چاپىنىنىڭ يېڭىگە بۇرنىدىن چىقىپ قالغان پوتلىسىنى ئېرتىۋېتىپ ئالدىدا تۇرغان ھېسامىدىننىڭ پېشانىسىگە چەكمەكچى بولۇپ قولىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ قولى ئەكىلىشىپ قولاشمىدى. ھەبىبۇلنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرغان ئابدۇخالىق قارا چىبەرقۇتتىن تىكىلگەن يېڭى پاختىلىق چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ ئالدىنى ئاچتى. ئۇ ھەبىبۇلغا:

— مەيەرگە كەل ئاداش، قولۇڭنى قولتۇقىمغا تىقىپ ئىسسىتىۋېلىپ چەككىن، — دېدى.

ھەبىبۇل ئابدۇخالىقنىڭ قولتۇقىغا قولىنى تىقىپ بىردەم تۇردى. ئاندىن كېيىن ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ قولتۇقىدىن قولىنى چىقىرىۋېلىپ ھېسامىدىننىڭ پېشانىسىگە ئىككىنى چەكتى. ئارقىدىن ئابدۇراخماننىڭ پېشانىسىگىمۇ ئىككىنى چەكتى. نۆۋەت ئابدۇخالىققا كەلدى. ھەبىبۇل قولىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ ئاغزىدا هورداپ ئابدۇخالىقنىڭ پېشانىسىگە ئارقا - ئارقىدىن تۆتنى چېكىۋالدى. ئابدۇخالىقنىڭ ئاچچىقى كەلدى.

— ئادىشىم دەپ جىم تۇرۇپ بەرسەم تۆتنى چېكىسەنغۇ؟

— مېنى يىقىتقان سەن تۇرساڭ، — ھەبىبۇلمۇ ھۆرپەيدى.

— مەن سېنى قەستەنگە يىقىتمىسام.

ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھېسامىدىن كىردى:
— بولدى - بولدى، سېنىڭ ئاپاڭ ئاق مۇشۇك، سېنىڭ ئاپاڭ قارا مۇشۇك. ئابدۇخالىق ئادىشىم سەن مېنى ئىككى چېكىم چېكىنۋالغىن ئەمىسە، — ھېسامىدىن شۇنداق دەپ ئابدۇخالىققا پېشانىسىنى تۇتۇپ بەردى.
— ياق چەكمەيمەن، — ئابدۇخالىق بېشىنى چايقىدى.
دەل شۇ چاغدا يېقىن ئەتراپتىكى مەسچىت مەزىنىنىڭ ناماز دىگەرگە ئېيتقان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. باللار ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆنگە قارىدى. كۈن بۇ چاغدا شەھەرنىڭ غەربىدىكى سەيدىخان داۋىنىنىڭ ئۈستىدىكى چەشتاغىنىڭ ئۈستىگە بېرىپ قالغان ئىدى.
— ھوي كەچ بولۇپ كېتىپتۇ ئاداشلار ئۆيگە كېتەيلى. مەن دەرسىمنى تەكرار قىلمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئابدۇخالىق. — جۇرۇڭلار كەتتۇق!
باللار شەھەرگە قاراپ يۈگۈرۈشۈپ كېتىشتى.
سوغۇقتا ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن ئابدۇخالىق ھاسىرىغان پېتى ئۆيگە كىرگىنىدە ئەرەمسىما خېنىم ئۇنىڭ ئەپتىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى:
— ئا - ئاتتام بالام، نېمە بولدىڭىز ئەمدى؟ ئەپپەي! ئابدۇخالىق بېشىدىكى تۇمىقىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يېپىشىپ قالغان توپا - چاڭ، يوپۇرماقلارنى سىلكىۋەتمەكچى بولۇپ كۆتۈرۈشىگە ئەرەمسىما خېنىم ئۇنى توختىتىۋالدى.
— ئوش - تە بالام، ئۆي ئىچىدە كىيىم سىلكىسە توپا - چاڭ ئۆي ئىچىگە توزۇمامدۇ؟ جۇرۇڭ تالاغا، — ئەرەمسىما خېنىم شۇنداق دېگىنىچە ئابدۇخالىقنى ھويلىغا ئېلىپ چىقتى.
ئەرەمسىما خېنىم ئابدۇخالىقنىڭ ئۈستىۋېشىدىكى توپا - چاڭلارنى قېقىشتۇرۇپ لۆڭگە بىلەن ئېرتىپ پاكىزلاپ ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئۇ نەۋرىسىنىڭ ئۈستىۋېشىغا قارىغان ئىدى،

ئابدۇخالىقنىڭ چاپىنىنىڭ ئوڭ يېڭىگە چاپلىشىپ قالغان ماڭقىغا كۆزى چۈشتى. ھېچقاچان بۇنداق قىلمايدىغان ئابدۇخالىقنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرۈپ ئەرەمسىما خېنىمنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى:

— يېپيېڭى چاپاننى مۇشۇنداق مەينەت قىلسىڭىز بولامدۇ؟ كىمگە ئوخشاپ قالدىڭىز ئەمدى؟ ئەمتەي بۇ بالىنىڭ قىلغان قىلىقىنى؟ — دېدى ئەرەمسىما خېنىم ئابدۇخالىققا چاپىنىنىڭ يېڭىدىكى ماڭقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

چوڭ ئانىسىدىن ھېچقاچان بۇنچىلىك ئاچچىق گەپنى ئاڭلىمىغان ئابدۇخالىق بىر پەس قىزىرىپ تۇرۇپ بىردىنلا پاڭگىدە يىغلىۋەتتى:

— ھى - ھى - ھى ... !

ئەرەمسىما خېنىم ئەزىز نەۋرىسىگە قاتتىق تەگكىنىگە پۇشايمان قىلدى. «بوپتۇ، كىچىككىدىنلا يامان ئادەتلەرنى تاشلاپ ياخشى ئادەتلەرنى ئۆگەنسۇن. يامان ئىللەتلەرنى يوقتۇرۇپ ئالمىسۇن. ئەگەرى نوتىنى يۇمران چېغىدا تۈزىمەك ئاسان» ئەرەمسىما خېنىم شۇلارنى ئويلاپ قاپىقىنى تۈرۈپ جىم تۇردى. ئابدۇخالىق بىردەم يىغلاپ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغىدىن توختىدى. ئەرەمسىما خېنىم ئۇنىڭدىن سورىدى:

— يەنە مۇشۇنداق قىلامسىز؟

— ياق ئەمدى ھەرگىز بۇنداق ئەسكى ئىشنى قىلمايمەن. ھەببۇل بۇرنىنى يېڭىگە ئېرتىۋېدى، مەنمۇ ئۇنى دوراپ قىلغان، — دېدى ئابدۇخالىق ئېسەدەپ.

— جېنىم بالام ئېسىڭىزدە بولسۇن، ياخشى ئىش بولسا دوراڭ، يامان ئىش بولسا ھەرگىز دورىماڭ، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم.

ئابدۇخالىق «بولىدۇ» دەپ كاڭغا چىققىلى تۇرغىنىدا ئەرەمسىما خېنىم ئاپتوۋىغا ئىسسىق سۇ قاچىلاپ چىلاپچىنى ئابدۇخالىقنىڭ ئالدىغا قويدى. ئابدۇخالىق يۈز - قوللىرىنى پاكىزە

يۆيۆپ لۆڭگە بىلەن ئېرتتى. ئەرەمسىما خېنىم:

— ھە مانا ئەمدى بىزنىڭ بالىمىزغا ئوخشىدىڭىز. ئەمدى دەرسىڭىزنى تەكرارلاڭ — دېدى.

دەل شۇ چاغدا مىجىت ھاجى نامازدىگەردىن يېنىپ ئۆيگە كىردى. خىزمەتكار كەچكى تاماق ئېلىپ كىردى. مىجىت ھاجى بىلەن ئەرەمسىما خېنىم ئابدۇخالىقنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ كەچكى تاماق يېيىشكە باشلىدى.

※ ※ ※

كەچكى تاماقتىن كېيىن ئابدۇخالىق شىرەگە قويۇلغان شامدانىدىكى شام يورۇقىدا دەرس تەكرارلاشقا كىرىشتى. ئارىدىن بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتتى. ئابدۇخالىق دەرس تەكرارلاشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ جىلتىسىنى قوزۇقتا ئېلىپ تۇرغىنىدا ئۆيگە ئابدۇراخمان مەخسۇم كىردى. ئۇ ئەرەمسىما خېنىمغا قاراپ:

— بىزنىڭ ئابدۇخالىقنىڭ كىچىككىنە ئىشى چىقىپ قالدى، — دېدى مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ.

ئەرەمسىما خېنىم سەل ئەجەپلىنىپ سورىدى:

— نېمە ئىش ئەمدى؟

— مەخسۇتباي بىلەن نەمەت خەلپەت كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەھرارخان تۆرەم ئوغلى ئەكبەرخاننى ئەگەشتۇرۇپ كىردى. مېھمانخانىدا بۈگۈن ئاخشام كىتاب ئوقۇماقچى. ئابدۇخالىقنى ئاڭلىسۇن دەپ چاقىرغىلى كىرىشىم، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىق خۇشاللىقىدىن كاڭدىن تاپسىغا سەكرەپ چۈشۈپ ئەرەمسىما خېنىمغا قارىدى.

— بېرىڭ بالام، ئەممازە چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئەدەپلىك بولۇڭ. مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى نازۇ - نېمەتلەرگە قول سۇنماڭ، — دېدى جېكىلەپ.

— بولىدۇ چوڭ ئانا، — دېدى ئابدۇخالىق ۋە ئۆزۈمنىڭ ئالدىدىكى تەخسىگە قول ئۇزارتسامچۇ؟ — دەپ ئەرەمسىما خېنىمغا قارىدى.

— ئۆزىڭىزنىڭ ئالدىدىكى قەن - گېزەك، مېۋىلەرنى ئازراق يېسىڭىز بولىدۇ. بىراق ئاچكۆزلۈك قىلماڭ، سەت بولىدۇ، — دېدى چۈشەندۈرۈپ چوڭ ئانا.

— بىلدىم، — دەپ ئابدۇخالىق ئاتىسىنى ئەگىشىپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ ھويلىدا ئاتىسىدىن سورىدى:

— بۈگۈن ئاخشام يەنە «قىسسەسۇل ئەنبىيا»نى ئوقامدۇ؟

— ياق، پىر ئۇستاز ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «پەرھاد - شېرىن» داستانىنى ئاڭلايمىز، — دېدى كېتىۋېتىپ ئابدۇراخمان مەخسۇم.

— كىمنىڭ پىر ئۇستازى ئۇ؟ — سورىدى ئابدۇخالىق قىزىقىپ.

— جىمى شائىرلارنىڭ پىر ئۇستازى.

— خېلىل موللامنى ئوقۇتقان موللامۇ؟

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئابدۇخالىقنىڭ بۇ سوئالىدىن كۈلۈپ كەتتى. ئۇ مېھمانخانىغا كېتىۋېتىپ ئوغلىغا چۈشەندۈردى:

— پىر ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائى بۈندىن 400 يىل بۇرۇن ياشىغان شائىر. ئۇ نەچچە ئون مىڭ پارچە شېئىر - نەزمە يازغان «چاردىۋان» «خەمسە نەۋائى» قاتارلىق چوڭ كىتابلاردىن 30 — 40 نى يازغان.

ئابدۇراخمان مەخسۇم مېھمانخانىغا ئابدۇخالىقنى ئەگەشتۈرۈپ كىردى. مىجىت ھاجى كۈيئوغلىغا قاراپ:

— قېنى جايىڭىزغا كېلىۋېلىڭ، ھوي بىزنىڭ ئابدۇخالىقمۇ كىرىپتىغۇ، بېرى كېلىڭ بالام، — دېدى.

مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىقنى ئۆز يېنىغا چاقىرىۋالدى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ بەك خۇشال

بولغان ئىدى. ئۇ ئابدۇخالىق قېشىغا كېلىۋىدى.

— مەكتەپتە كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئوقۇڭ، — دەپ بەش سەر پۇل تۇتقۇزۇپ قويدى.

ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام، دېگەن گەپ بار، قېنى مېهمانلار نازۇ - نېمەتلەردىن ئالغاچ ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى مىجىت هاجى. مېهمانلار چاي ئىچكەچ ئۆزئارا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئاتىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ئەكبەرخان ئابدۇخالىقنى يېنىغا چاقىردى. ئابدۇخالىق ئەكبەرخاننىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەكبەرخان ئۇدۇن ياشلاردىكى ئاق سېرىق كەلگەن بالا ئىدى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ ئوقۇۋاتقان ساۋاق، دەرسلىرىنى سورىدى.

— هەپتىيەكنى تۈگىتەي دېدىم، — دېدى ئابدۇخالىق.

— راستما، — ئەكبەرخان هەيران قالدى، — بىلسەم - بىلمىسەم سىز مەكتەپكە بارغىلى ئەمدى ئۇدۇن ئايلا بولدىغۇ؟

— تېخى هەجىلەپ ئوقۇشتىن قوشۇپ ئوقۇشقا كۆچتۈم.

— ياھ، سىز هەجەپ قالتىسقۇ؟

باللار شۇنداق دېيىشىۋاتقاندا خىزمەتكار لېگەنلەردە گۆش ئېلىپ كىردى.

— قېنى گۆشكە ئېغىز تېگىشسىله، — دېدى مىجىت هاجى مېهمانلارغا تەكەللۇپ قىلىپ.

مېهمانلار مەززىلىك پىشۇرۇلغان پاقلان گۆشىنى ئېلىپ ئىشتىها بىلەن يېيىشكە باشلىدى. بەزىلەر بىرەر چىنىدىن شورپا ئىچتى. گۆش يېيىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن خىزمەتكار لېگەنلەردە قوغۇن، تاۋۇز كەلتۈردى. مېهمانلار قوغۇن، تاۋۇزدىن بىر - ئىككى تىلىمدىن يېيىشتى. داستىخان بىرەقۇر يىغىشتۇرۇلۇپ خىزمەتكار مېهمانلارغا يېڭىدىن دەملەنگەن چاي تۇتتى.

مىجىت هاجى مېهمانلارغا:

— بۈگۈن ئاخشام ئىنىمىز نەمەت خەلپەت كېلىپ ناهايىتى غەنىمەت پۇرسەت بولدى. هازىر پىر ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىنىڭ

«پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى ئاڭلىساق دېگەن ئۈمىدتىمەن، — دېدى.

— ھەببەللى ھەسەلدەك شېرىن گەپ بولدى بۇ، — دېدى ئەھرارخان تۆرە مەمنۇن بولۇپ.

— بۇ داستاننى خېلى ئۇزاقتىن بۇيان بىر ئاڭلىسام دېگەن ئارزۇيۇم بار ئىدى، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى، — بۇگۈن بۇ ئارزۇيۇمغا يېتىدىغان بولدۇم.

ئابدۇراخمان مەخسۇم كىتاب تەكچىسىدىن قىرىم تاشلىق يوغان بىر كىتابنى ئېلىپ نەمەت خەلپەتكە ئۇزاتتى. نەمەت خەلپەت ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كىتابنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ مۇقاۋىسىغا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت بىلەن سۆيدى. ئاندىن خىزمەتكار راسلاپ بەرگەن شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ كىتابنى ئاچتى. ئۆي ئىچى بىر دەملىك سۈكۈتكە چۆمدى. ئابدۇخالىقنىڭ كۆزى نەمەت خەلپەتنىڭ ئالدىدىكى كىتابقا تىكىلگەن ئىدى. نەمەت خەلپەت داستاننى ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ مۇڭلۇق، تەسىرلىك ئاۋازى ئۆي ئىچىدە يېقىملىق سادا پەيدا قىلاتتى. پۈتۈن دىققىتى بىلەن داستاننى ئاڭلاۋاتقان ئابدۇخالىققا شاھزادە پەرھادنىڭ ئاجايىپ قىزغىن ئىشتىياق ۋە ئىخلاسى بىلەن ئۇستازىدىن ئىلىم ئۆگىنىشكە بېرىلگەنلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر قىلدى. ئۇ ھاياجان ئىلكىدە نەمەت خەلپەتكە ئەگىشىپ تۆۋەندىكى مىسرالارنى پىچىرلاپ ئوقۇدى:

— ئەگەر بىر قەتلە كۆردى ئول سەباقنى،
يەنە ئاچماق يوق ئېردى ئول ۋەراقنى.
نى سۆزنىكىم ئوقۇپ كۆڭلىگە يازىپ،
دېمە كۆڭلىكى جان لەۋھىگە قازىپ.
ئوقۇپ ئۆتمەك، ئوقۇپ ئۆتمەك شىئارى،
قالىپ يادىدا سەفھە ـ سەفھە بارى.

جەھاندا قالمادى ئۇل يەتمەگەن ئىلىم،
بىلىپ تەھقىقنى كەسىپ ئەتمەگەن ئىلىم.

داستاننى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تامىقى قۇرۇپ كەتكەن نەمەت خەلپەت ئالدىدىكى چىنىنى قولىغا ئېلىپ چايدىن بىر يۇتۇم ئىچتى. ئۇنىڭ كۆزى ئابدۇخالىققا چۈشتى ـ دە، چىنىنى قويۇپ يۇقىرىقى مىسرالارنى قايتا ئوقۇپ ئۇنى تۆۋەندىكىدەك يېشىپ بەردى:

— ئەگەر ئۇ ھەربىر ساۋاقنى بىر قېتىملا ئوقۇسا،
شۇ ۋاراقنى ئىككىنچى قېتىم ئېچىش يوق ئىدى.
قانداقلا سۆزنى ئوقۇمىسۇن كۆڭلىگە يېزىپ ئالاتتى،
كۆڭلىگىلا ئەمەس، جان لەۋھىسىگە ئويۇپ ئالاتتى.
ئۇ قايتا ـ قايتا ئوقۇشنى ئۆزىگە شوئار قىلاتتى،
ئوقۇغانلىرى بەتمۇبەت يادىدا قالاتتى.
دۇنيادا ئۇ ئىگىلىمىگەن ئىلىم قالمىدى،
ئۇ ھەقىقەتكە يەتمىگەن بىرمۇ بىلىم قالمىدى.

نەمەت خەلپەت داستاننى ئوقۇشنى داۋام قىلدى. ئابدۇخالىققا پەرھادنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقى، ھۈنەر ـ ماھارەت ئىگىلەشتىكى ئاجايىپ ئىقتىدارى، پاك دىل، سەمىمىيلىكى، ئۆزىنىڭ بىلىم ۋە قابىلىيىتىنى ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا بېغىشلىغانلىقى ئاجايىپ قاتتىق تەسىر قىلدى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ۋاقىتنىڭ خېلى كەچ بولغانلىقىنى تۇيۇپ ئابدۇخالىققا:

— ئۇيقىڭىز كەلدىمۇ؟ ئۆيگە ئاچىقىپ قويايمۇ، — دېدى.

ئابدۇخالىق بېشىنى چايقاپ:

— ياق ـ ياق، كىتاب تۈگىگىچە ئاڭلايمەن، — دېدى.

يېرىم كېچىگە يېقىن نەمەت خەلپەت داستاننى ئوقۇشتىن توختىدى.

خىزمەتكار كىرىپ ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچىنى تۇتۇپ ھەربىر مېھماننىڭ قولىغا سۇ بەردى. مېھمانلار قولىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن داستىخان سېلىندى. خىزمەتكار مېھمانلارغا يوغان گەردىن چىنىلەردە پىننە پۇراپ تۇرغان مەززىلىك چۆچۈرە ئېلىپ كىردى. ساھىپخان مېھمانلارنى تاماقـقا تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار تاماق يېيىشكە كىرىشتى.

تاماقتىن كېيىن ئەھرارخان تۆرە ئوغلى ئەكبەرخاننى ئېلىپ خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتتى. مەخسۇت مۇھىتى بىلەن نەمەت خەلپەت مېھمانخانىدا قونۇپ قالدى.

ھەر كۈنى كەچتە كىتاب ئوقۇپ ئاڭلاش مىجىت ھاجى ئائىلىسىنىڭ ئادىتى ئىدى. بەزەن چاغلاردا مىجىت ھاجى «قىسسەسۇل ئەنبىيا»نىڭ بەزەن بابلىرىنى ئۆزى ئوقۇپ كېتەتتى. ئۇ تولاراق ئەھرارخان تۆرە، پولاتباي، ئەبەيدۇللا شەمەيچى، زۇپەر ھاجىنى كىتاب ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا كىتابنى ئابدۇراخمان مەخسۇم ئۆزى ئوقۇيتتى. بۇنداق سورۇندا ئابدۇخالىق مىجىت ھاجىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ئوقۇلۇۋاتقان كىتابنى ئاجايىپ ئىشتىياق بىلەن ئاڭلاپ كېتەتتى.

مىجىت ھاجى ئائىلىسى ئۇزۇن قىش كېچىلىرىنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزەتتى. مىجىت ھاجى بۇنى «ئۇزۇن تۇننى قىسقارتىش» دەپ ئاتايتتى. شۇڭا ئەبەيدۇللا شەمەيچى بەزىدە مىجىت ھاجىغا چاقچاق قىلىپ: «ھاجىم ئۇزۇن تۇننى قىسقارتمايمىزمۇ» دەپ قوياتتى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنداق «قىسقارتىلغان ئۇزۇن تۇن»لەر دائىم مۇشۇنداق تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئابدۇخالىقنىڭ ئىككىنچى مەكتىپى بولۇپ قالدى. بۇ مەكتەپتە ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بولغان ئەلشىر نەۋائى، شا مەشرەپ، نەسىردىن رابخۇزى، قۇل خوجائەخمەت

يەسەۋى ۋە يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن ئابدۇرېھىم نىزارى، ئەخمەت خوجامنىياز قىسسۇرى قاتارلىق مەشھۇر شائىرلارنىڭ ئالەمشۇ-مۇل ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپلا قالماستىن شەرق ئەدە-بىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى، فۇزۇ-لى، شەيخ سەئىدى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئاڭلاپ كۆزى تېخىمۇ روشەنلەشتى.

# سۈننەت توي

ھەش ـ پەش دىگۆچە ئىككى ئاي ئۆتتى. قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقلىرى بوشاپ ھاۋا ئىللىشقا باشلىدى. 3 ـ ئاينىڭ كىرىشى بىلەن دەل ـ دەرەخلەر بىخ سۈرۈشكە باشلىدى. ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرى، ئېتىز قىرغاقلىرىدا ئوت ـ چۆپلەر باش كۆتۈرۈپ بۇغدايلار ئۈنۈپ چىقتى. يەر يۈزىنى يېشىللىق قاپلىدى. كوچا ـ كويلار، مەھەللىلەردە بالىلار قى ـ چۇۋلىشىپ بالدۇرلا تال ـ چىۋىقلارنى ئات قىلىپ مىنىپ توپا ـ چاڭ توزۇتۇپ يۈگۈرۈشۈپ بەيگىگە چۈشۈشتى.

بۈگۈن جۈمە كۈنى بولغاچقا ئابدۇخالىق مەكتەپكە بارمىدى. ئۇ ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن شىرەگە جىلتىسىنى قويۇپ موللىسى تۈنۈگۈن بەرگەن يېڭى دەرسىنى بىر پەس تەكرار قىلدى. ئاندىن كېيىن دەپتىرىنى ئېلىپ ھۆسنخەتنى كۆچۈرۈپ يېزىشقا باشلىدى. ئۇ ھۆسنخەتنى يېرىم بەت يېزىپ بولغاندا تالادا يىراقتىن پاختەك سايرىدى.

— ئابدۇخالىق قەلىمىنى قويۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇلاق سالدى:

— گۇ ـ گۇ ـ گۇك، گۇ ـ گۇ ـ گۇك!

پاختەك يېقىنلا يەردە ھويلىنىڭ ئىچىدە سايراۋاتاتتى. ئابدۇخالىق مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇ: «مەيلى قالغان يېرىم بەت ھۆسنخەتنى ئويناپ كىرىپ يازاي» ئۇ شۇنى ئويلاپ دەپتەر، قەلىمىنى جىلتىسىغا سالدى. جىلتىسىنى تامدىكى ئىلغۇچقا ئىلىپ قويدى. كاڭدىن پەسكە چۈشۈپ ئايىغىنى كىيدى. پاختەك يەنە سايرىدى:

— گۇ - گۇ - گۇك، گۇ - گۇ - گۇك!

ئابدۇخالىق ئۆيدىن ئالدىراپ چىقتى. هويلىدا ئۇنى ھېسامىد-
دىن بىلەن ھەبىبۇللا كۇتۇپ تۇراتتى.

ھېسامىدىن ئابدۇخالىقنى كۆرۈپ بىر قولى بىلەن ئاغزىنى
تۇتۇپ پاختەكنى دوراپ سايراۋاتقان ھەبىبۇلنى نوقۇدى:

— توختاپ قال، ئۇ چىقتى.

ھەبىبۇل سايراشتىن توختىدى.

— جۇرۇڭلار!

ئۈچ بالا يۇگۇرۇشۇپ هويلىدىن چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن ئىككى سائەت ئۆتتى. نىيازخان ئابدۇخالىقنى ئىز-
دەپ كىردى. ئۆيدە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ
جىلتىسىنىڭ ئىلغۇچتا ئېسىقلىق تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئوي-
نىغىلى سىرتقا چىقىپ كەتكىنىنى پەملىدى. ئىشىك ئېچىلدى.

— ئابدۇخالىق يوقمىكەن؟

گەپ قىلغان ئەرەمسىما خېنىم ئىدى. نىيازخان كەينىگە
قاراپ:

— يوق ئىكەن، — دېدى نىيازخان.

— بىر دەملەرگىچە پەيدا بولىدۇ، — ئەرەمسىما خېنىم شۇن-
داق دەپ كاڭغا چىقتى.

— ئابدۇخالىققا ئاتاپ تىككەن يوتقان، كۆرپە، ياستۇقلار
پۈتتى. ئاق پاڭچۇدىن تىكىلگەن ھېلىقى چامچىسىنىڭ ياقا، ئالدى
يەڭلىرىگە گۈل كەشتىلەپ بېرىشكە ئەزىنخان كەشتىچىگە بەرگى-
لى بىر ھەپتە بولدى. ھېلىغىچە پۈتكۈزگەندۇ. ئەمدى ئابدۇخا-
لىق كەلسە ھۇشۇر ئۇستامنىڭ دۇكىنىغا بىللە ئېلىپ بېرىپ
بويىنى ئۆلچىتىپ چاپان، ئىشتان تىكتۇرسەكلا بولىدۇ، — دېدى
نىيازخان ئاپىسىغا.

— ئاتىڭىز بىلەن مەخسۇم ئاخۇن جۇمەدىن يېنىپ كىرسە
تويىنىڭ كۈنىنى توختىتىپ مېھمان كۈتۈشنىڭ تەييارلىقىغا كى-

ىرىشمىسەك بولمايدۇ، — دېدى.
ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە ئابدۇخالىق كىردى.
نىيازخان بىلەن ئەرەمىسما خېنىم ئۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى، ئابدۇخالىقنىڭ يۈز - كۆزى توپىغا مىلىنىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزىلا پارقىرايتتى، ئۇستۇېشى مەينەت بولۇپ كىيىملىرىدىن توپا - چاڭ توزۇپ تۇراتتى. ئەرەمىسما خېنىمنىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپ ئاچچىقىدا گەپ قىلالماي قالدى.
— بۇ نېمە گەپ ئەمدى ئەمتەي، سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى نىيازخان ئۆزىنى بېسىۋېلىپ.
ئابدۇخالىق «شىرت» قىلىپ بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ چوڭ بىر نەپەس ئېلىپ ئەلەم بىلەن دېدى:
— ئاداشلىرىم بىلەن پولوچىنىڭ تالىلىقىغا ئوينىغىلى بارغان. يولدا ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتساق، قازانچى مەھەللىسىلىك روزى دېگەن بىر سېرىق چوڭ بالا مېنى ئىتتىرىپ توپىغا يىقىتىۋەتتى.
— سىز ئۇنىڭغا چېقىلغانمۇ؟
— مەن ھېسامىدىن، ھەبىبۇل، ئابدۇراخمان، ئىمىنلەر بىلەن ئاتلىرىمىزنى (تال چىۋىقنى دېمەكچى) مىنىپ يۈگۈرەپ كېلىۋاتقان. يول ياقىسىدا تۇرغان روزى: «ماڭا توپا توزۇتتۇڭ» دەپ مېنى ئىتتىرىپ توپىغا دومىلىتىۋەتتى.
— ئەجەب يولسىز ئەسكى بالىكەنغۇ ئۇ، كىمنىڭ بالىسىدۇ؟ — دېدى ئەرەمىسما خېنىم.
— قازانچى مەھەللىسىدىكى سادىق مىراپنىڭ بالىسى. ئۆتكەندە ئابدۇخالىقنىڭ كىچىك ئاتىسى شۇكۇر ئاخۇننىڭ قىزى سارىخاننى بوزەك ئەتكەن شۇ بالا ئەمەسمۇ، — دېدى نىيازخان.
— ھازىر بىز تويىنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، — دېدى ئەرەمىسما خېنىم، — تويدىن كېيىن مەن

سادىق مىراپقا ئادەم ئەۋەتمەن. سادىق مىراپ روزى دېگەن بۇ بالىسىغا ئىگە بولمىسا بولمايدۇ.

نىيازخان ئابدۇخالىققا قاراپ بېشىنى چايقاپ دېدى:

— مۇنداقمۇ مەينەت بولۇپ كېتەمسىز. يۇرۇڭ تالاغا، مەن كىيىملىرىڭىزنى قېقىشتۇرۇۋېتەي، گۇلسۇم كىيىملىرىڭىزنى سالدۇرۇپ يۇيۇۋەتكەي، سىزنى مۇنچىدا يۇيۇندۇرۇپ يېڭى كىيىملىرىڭىزنى كىيگۈزۈپ قويغاي، — دەپ نىيازخان ئابدۇخالىقنى هويلىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

مىجىت هاجى ئائىلىسى بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۇنى يەتتە ياشقا كىرگەن ئابدۇخالىقنىڭ سۇننەت توينىڭ تەييارلىقىغا كىرىشكەن ئىدى. جۇمە نامىزىدىن قايتىپ كىرگەن مىجىت هاجىنى ئەرەمسىما خېنىم كۇتۇپ ئولتۇراتتى. مىجىت هاجى تونىنى سېلىپ، بېشىدىكى سەللىسىنى ئېلىپ ئەرەمسىما خېنىمغا بېرىپ كاڭغا چىقتى. ئەرەمسىما خېنىم مىجىت هاجىنىڭ تونى بىلەن سەللىسىنى كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويۇپ گەپ تەشتى:

— ئابدۇخالىقنىڭ سۇننەت توينىڭ كۇننى توختىتىپ يىراق - يېقىنغا خەۋەر قىلساقمىكىن دەيمەن، — دېدى.

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇرغان. بۇگۇن جۇمە. كېلەر پەيشەنبە كۇنى خۇدا خالىسا مېهمان چاقىرىپ ئابدۇخالىقنىڭ سۇننەت توينى ئۆتكۈزۈۋالساق دەيمەن. سۇننەت تويدىن كېيىنلا شەمەيگە قاراپ يولغا چىقمىساق بولمايدۇ، — دېدى مىجىت هاجى ئويلىنىپ. ئەرەمسىما خېنىم خىزمەتكارغا ئابدۇراخمان مەخسۇمنى چاقىرغاچ بىر چەينەك چاي دەملەپ كىرىشنى بۇيرۇدى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم هايال بولمايلا كىردى. مىجىت هاجى ئەرەمسىما خېنىم بىلەن بولغان مەسلىهەتنى ئابدۇراخمان مەخسۇمغا دېدى. ئابدۇراخمان مەخسۇم بۇ مەسلىهەتكە قوشۇلۇپ

ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

— ئۇنداق بولسا گەپ شۇ. سىز چىقىپ تويىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى غوجىدار بىلەن خىزمەتكارلارغا ئورۇنلاشتۇرۇڭ. مەن شەمەيىنىڭ سەپەر تەييارلىقىنى قىلاي، — دېدى مىجىت ھاجى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم:

— بولىدۇ، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. ئابدۇخالىق خېلىل موللامنى سۈننەت تويىغا تەكلىپ قىلغاچ ئون كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ كەلدى. ئابدۇخالىق ھويلىغا كىرىشىگە ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغان خىزمەتكار ئۇنى ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. ئابدۇراخمان مەخسۇم ئابدۇخالىقنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— سىز ئەمدى يەتتە ياشقا كىردىڭىز. ئەقلىڭىزنى تاپتىڭىز. بىزنىڭ جەمەتىمىزنى، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزنى بىلمىسىڭىز بولمايدۇ. ئۇلۇغ بوۋىمىز ئىمىناخۇن موللا ئادەم ئىكەن. چوڭ بوۋىمىز موسا ئاخۇن كىچىكىدىن باشلاپ موللىدا، كېيىن مەدرىستە ئوقۇپ چوڭ موللا بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ تۇرپانغا ئاخۇن بولۇپ موسا ئاخۇنۇملۇق نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. بوۋىمىز موسا ئاخۇنۇم ئالەمدىن ئۆتۈپ مېنىڭ ئاتام، سىزنىڭ بوۋىڭىز ھىزىبۇللا ئاخۇن دەسلەپتە لامپا گۇڭشاڭغا[1] ئاخۇن بولغان، كېيىن تۇرپانغا مۇپتى بولۇپ ئۆتكەن. ئاتام ھىزىبۇللا مۇپتى ئالەمدىن ئۆتۈپ ھازىر بىزنىڭ بىر جەمەت تۇغقانلىرىمىزدىن ئابلىتىپ ئاخۇن ئاكام تۇرپانغا قازى

[1] لامپا گۇڭشاڭ — تۇرپان يېزىسىنىڭ نامى.

بولدى. تۇرپاننىڭ ئىلىم مەرىپەت ئىشلىرىدا بىزنىڭ جەمەتىمىز 100 يىلدىن بۇيان ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. سىز بۇ تارىخنى بىلمىسىڭىز بولمايدۇ. مەن يىراق جايلاردىكى تۇغقانلار، دوست - يارەنلەرگە چوڭ ئادەملەرنى ئەۋەتتىم. سىز ئاغىنىلىرىڭىز بىلەن بۇگۈن باغرىدىكى تۇغقانلارنى تويغا ئېيتىپ كېلىڭ. سىزلەرنى ئابدۇشۇكۇر كىچىك ئاتىڭىزنىڭ ئوغلى تۇرسۇناخۇن باشلاپ بارىدۇ.

ئابدۇراخمان خىزمەتكاردىن سورىدى:

— تۇرسۇناخۇن كەلگەندەك قىلغانغۇ، قېنى ئۇ بالا؟ خىزمەتكار هويلىغا چىقىپ ئابدۇخالىقنىڭ نەۋرە ئاكىسى 12 ياشلىق تۇرسۇننى باشلاپ كىردى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم خىزمەتكارغا:

— مېنىڭ باشقا ئىشلىرىم بار. سەن باللارنى هايال قىلماي يولغا سالغىن، — دەپ تاپىلىدى.

خىزمەتكار ئابدۇخالىقنى چوڭ ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ تويلۇق ئۈچۈن تىككەن يېڭى كىيىملىرىنى كىيگۈزدى. بېشىغا ئاقچا مايىل سۇس سېرىق دۇخاۋىدىن يۆگۈلۈپ تەييارلانغان دەستار[1] كىيگۈزدى.

نىيازخان ساندۇقىدا ئۇزۇندىن بېرى ئاتايىتەن ساقلاپ كەلگەن ئوتتۇرىسىغا جۇلالىنىپ تۇرغان قاقتەك قىزىل ياقۇت ئورنىتىلغان ئالتۇن پەيزىنى ئابدۇخالىقنىڭ پېشانىسىغا كەلتۈرۈپ دەستارىغا قاداپ قويدى. گۈلسۇمخان ئابدۇخالىقنىڭ بېلىگە قىزىل تاۋار پوتىنى باغلىدى، مەيدىسىگە بىر تال قىزىل گۈل قادىدى.

بۇنى كۆرگەن تۇرسۇن چاۋاك چالغان پېتى:

— ۋاھ ئۇكام ئابدۇخالىق ئەجەپ چىرايلىق بولۇپ كەتتى-

---

① دەستار — نىكاھ تويىدا يىگىتكە كىيگۈزىدىغان ئالاھىدە تەييارلانغان سەللىگە ئوخشايدىغان باش كىيىم. دەستار تولاراق قىزىل دۇخاۋىدىن قىلىنىدۇ.

ئىنزغۇ ئەمدى، — دېدى خۇشال بولۇپ.
خىزمەتكار تالادىن كىرىپ:
— ئايىت ئاكام ئىككى ئىشەكنى توقۇپ تەييارلاپ تۇرۇپتۇ. ھېسامىدىن بىلەن ھەببۇل دەرۋازا ئالدىدا تۇرغىلى نەۋاق، — دېدى.
نىيازخان تۇرسۇنغا:
— يولغا چىقىڭلار، سىز ئۇكىڭىزغا ياخشى قاراڭ، يوللاردا پەخەس بولۇپ مېڭىڭىزلەر، ئابدۇخالىق ئىشەكتىن يىقىلىپ چۈشمىگەي، — دېدى جېكىلەپ.
— بولىدۇ، — دېدى تۇرسۇن.
— خوش ئاق ئايلا!
— خوش خۇدايىمغا ئامانەت!
تۇرسۇن ئابدۇخالىقنى ئەگەشتۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. ئايىت ئابدۇخالىقنى كۆرۈپ ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى:
— مۇبارەك بولغاي! چۆچەكلەردىكى خان، پادىشاھلارنىڭ شاھزادىلىرىدەكلا بوپ كېتىپسىز ئەمەسمۇ، بىرى كېلىڭ، سىزنى ئىشەككە مىندۇرۇپ قوياي.
ئايىت ئابدۇخالىقنى چىرايلىق جابدۇلغان ئىشەككە مىنگۈزۈپ قويدى. تۇرسۇن بولسا يەنە بىر ئىشەكنى ئۆزى مىنىۋالدى.
— ئەسلىدە ئادەت بويىچە ئابدۇخالىقنى ياۋىداق ئىشەككە مىنگۈزسەك ياخشى بولۇر ئىدى. ھاجىكام ئىشەككە توقۇم توقۇشنى بۇيرىدى. بالا كىچىك، بارىدىغان يېرى يىراق، يىقىلىپ كەتمىسۇن دېگەن گەپتە، — دېدى ئايىت.
— پەيتۇن بىلەن ئاپارسىلا بولمامدۇ؟ — دېدى گۇلسۇمخان.
— ۋاي گۇلسۇمخان سىز بىلمەيدىكەنسىز - دە، سۈننەت قىلىدىغان بالىنى ئادەتتە ئىككى — ئۈچ كۈن ياۋىداق ئىشەككە مىنگۈزسە تۆۋەن تەرىپى ئىشەكنىڭ دۈمبىسىگە سۈركىلىپ سىڭىر، گۆشلەر يۇمشايدۇ، قان قاچىدۇ. بالىنى سۈننەت قىلغاندا

قان ئازراق چىقىدۇ، ئانچە ئاغرىمايدۇ، بۇ قەدىمدىن قالغان بىر ئۇدۇم، — دېدى ئايىت چۈشەندۈرۈپ.

— بۇ مۇنداق ئىشكەندە، — دېدى گۈلسۈم كۈلۈپ.

ئايىت بىلەن گۈلسۈم پاراڭلىشىپ تۇرغىنىدا تۇرسۇن ئابدۇخالىقنى باشلاپ هويلىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئىككىسى دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان هېسامىدىن بىلەن هەببۇلغا قوشۇلۇپ تۆت بالا ئېشەكلىرىنى «چوۋ» دېيىشىپ باغرى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى.

※ ※ ※

سەيشەنبە كۈنى كەچقۇرۇن ئابدۇخالىق دوستلىرى بىلەن شەھەرنىڭ غەربىدىكى ئۇرۇمچى كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق مىرزا باي ئائىلىسىنى سۈننەت تويغا چىللاشقا بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا روزىغا ئۇچراپ قالدى.

روزى ئابدۇخالىقنىڭ ئۇستىۋېشىغا قاراپ ئاغزى ئېچىلىپ هاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ ئۇستىدىكى كىيىم، بېشىدىكى داستارنى كىيىش تۈگۈل هەتتا كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ بىردىنلا ئابدۇخالىققا ئۆچلۈكى كەلدى. ئۇ ئابدۇخالىققا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى تۆت بالا بىلەن ئابدۇخالىقنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭتۇش نەۋرە ئاكىسى تۇرسۇندىن قورقتى. ئۇ شىرت - شىرت قىلىپ بۇرنىنى تارتىپ غورا يېگەن تازدەك چىرايىنى سەت پۈرۈشتۈرۈپ مۇغەمبەرلىك بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— هەي ئەمدى يامان بوپتۇ، ئابدۇخالىققا ئۇگال[1] بولغىدەك. هىلىم سۈننەتچى ئەجەپ ئەسكى قېرىكەن. مېنى سۈننەت قىلغۇچە ئۆتمەيدىغان گال، دات بېسىپ كەتكەن ئۇستۇرنى ئەكەپ-

---

① ئۇگال — ئۇۋالنىڭ تۇرپان شىۋىسى.

تۇ ئەمەسمۇ. ئۇستۇرسى بىر نېمەمگە پەقەت ئۆتمىدى. ئۇ: «ئەمدى ئىش بولمىدى. پالتا ئەكېلىڭلار، روزىنىڭ خەتنىسىنى ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا قويۇپ بىرلا چېپىپ تۇگىتىمەن» دېدى. كىمكىن بىرسى ھېلىم سۇننەتچىگە گۆش پارچىلايدىغان پالتىنى بەردى. ئۇ مېنى يەرگە ياتقۇزدى. بىر نېمەمنى ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا قويـۇپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بىر چاپـماسمـۇ، «ۋاي-جان!» دېگەن ئاۋازىمدىن ھېلىم سۇننەتچى قورقۇپ كېتىپ پالتىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى.

— ماڭا ۋاي يالغان، — دېدى ھېسامىدىن روزىغا نەپرەت بىلەن قاراپ، — مېنىمۇ ھېلىم سۇننەتچى سۇننەت قىلغان. ئىتتىك ئۇستۇرا بىلەن كەسكەنغۇ، ئانچە ئاغرىتمىغان.

— سەن تولا يالغان ئېيتىپ ئابدۇخالىق ئۇكەمنى قورقىتىدىغان دېمە جۇمۇ، نەدە ھېلىم سۇننەتچى پالتا بىلەن چېپىپ سۇننەت قىلىدۇ، — دېدى تۇرسۇن ھورپىيىپ، روزى تۇرسۇننىڭ ئەلپازىدىن سەل چۆچۈپ كەينىگە ئۈچ قەدەم چېكىنىپ يەنە بىلجىرلىدى:

— ئىشەنمىسەڭلار كۆرۈپ باقامسىلەر، ھازىرمۇ پالتا ئىزى بار، — دېدى روزى ھاياسىزلارچە ئىشتان بېغىنى يېشىپ ئىشتىنىنى سىيرىشقا باشلىدى:

يولدىن ئۆتكەن چوڭ بىر ئادەم:

— چوپچوڭلا بالا كۇپكۇندۇزدە نېمە قىلىۋاتىدۇ بۇ، ھوي ئەدەپسىز تارت ئىشتىنىڭنى! ۋۇ ھاياسىز، — دېدى غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىپ.

روزى ئىشتان بېغىنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرگەن پېتى قېچىپ كەتتى.

ئابدۇخالىق روزىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كەتمىسىمۇ بىراق يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ قورقۇپ قالدى.

يولدا كېلىۋېتىپ ھېسامىدىن:

— ئابدۇخالىق سەن روزىنىڭ گېپىگە چىن پۈتمە، ئۇ شۇنداق ئەسكى بىر نېمە، يالغانچى. سەن مېنى سۈننەت قىلغاندا كۆرگەنغۇ، قورقما، — دېدى. تۇرسۇنمۇ ئابدۇخالىققا قورقماسلىق توغرىسىدا خېلى گەپ قىلدى.

ئابدۇخالىق ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ كەچكى تاماقنى يېگەلى ئۇنىمىدى. كاڭغا چىقىپ تۇگۇلۇپ ئولتۇرۇۋالدى. ئابدۇخالىقتىكى بۇ ئۆزگىرىش ئەرەمسىما خېنىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ — سورىدى چوڭ ئانا.

— ھېچنەرىم ئاغرىمىدى.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا تاماق يېمەيسىز؟

ئابدۇخالىق ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، تېز - تېز نەپەس ئېلىشقا باشلاپ بىردىنلا ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى.

ئەرەمسىما خېنىم جىددىيلىشىپ قالدى.

— ھەي جېنىم بالام ئادەمنى ئەنسىرەتمەي دەپ بېقىڭا، زادى نېمە بولدى؟

— مەن قورقۇۋاتىمەن چوڭ ئانا، — ئابدۇخالىق ئېسەدىگەن پېتى جاۋاب بەردى.

— نېمىدىن قورقۇۋاتىسىز؟

— ھېلىم سۈننەتچىدىنچۇ، ئۇنى بەك ئەسكى قېرى دەيدۇ.

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— ئۆتكەندە مېنى توپىغا يىقىتىۋەتكەن ھېلىقى روزى دېگەن ئەسكى بالىچۇ.

— يەنە شۇ روزىمۇ، ئۇ نېمە دەيدۇ؟

ئابدۇخالىق روزىنىڭ دېگەنلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى.

ئەرەمسىما خېنىم چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ دېدى:

— ۋاي جېنىم بالام شۇ يالغانچى، ئەسكى بىر نېمىنىڭ گېپىگە ئىشەندىڭىزمۇ، تۇرپاندىكى ئوغۇل باللارنىڭ ھەممىسى-نىلا ھېلىم سۇننەتچى سۇننەت قىلىپ كېلىۋاتىدىغۇ، «پالتا بىلەن چاپىدۇ» دېگىنى قىپقىزىل يالغان. بىز بار بالام پەقەت قورقماڭ. ئەتە ھېلىم سۇننەتچىگە مەن يېپىپىگى ئىتتىك ئۇستۇر-نى بېرىپ «بالامنى بىزەمۇ ئاغرىتماي سۇننەت قىلسىلا» دەپ ئېيتىپ قويىمەن، قورقماڭ. ئابدۇخالىق چوڭ ئانىسىنىڭ گېپى-نى ئاڭلاپ يىغىدىن توختىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى تىنچىپ قورقۇنچى تۈگىدى. ئۇ چوڭ ئانىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ كەچكى تامىقىنى يەپ ئۇخلاپ قالدى.

※ ※ ※

پەيشەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە مىجىت ھاجى ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدە تالىپ سۇنايچى سۇنايىنى مۇڭلۇق ناۋا مۇقامى-غا چېلىشقا باشلىدى. ناغرىچىلار سۇنايغا تەڭكەش قىلىپ ناغرى-لىرنى چېلىشقا باشلىغاندا ياڭراق ناغرا ساداسى تۇرپان يېڭىشەھەرگە بىر كەلدى. مىجىت ھاجى ھويلىسى توي شادلىقىغا چۆمۈلدى.

مېھمانلار ئەتىگەندىلا كېلىشكە باشلىدى. ئەرلەرگە تاشقى ھويلىدىكى ئۆيلەر، ئاياللارغا ئىچكى ھويلىدىكى ئۆيلەر تەييارلان-غان ئىدى. مەخسۇس قويۇلغان كۈتكۈچىلەر مېھمانلارنى ئۆيلەر-گە باشلايتتى. ھويلىغا ئىككى داشقازان ئېسىلىپ پولو دەملەن-گەن، بىر كالا، ئۈچ قوينىڭ گۆشى پىشۇرۇلۇپ پولونىڭ ئۈس-تىگە بېسىشقا تەقلەپ قويۇلغان ئىدى.

مېھمانلار ئۆيگە كىرگىچە ھويلىدا دوستلىرى بىلەن تۇرغان ئابدۇخالىققا پۇل تۇتقۇزۇپ قويۇشاتتى.

ئاش ۋاقتى بولغان چاغدا لۈكچۈندىن تاھىربەگ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن نەمەت خەلپەت، ئاستانىدىن مەخسۇت مۇھە-

تى، ئۇنىڭ ئاكىسى مۇسۇلباي ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 20 گە يېقىن ئەزىز مېھمانلار كەلدى. دەل شۇ چاغدا ئۇلار بىلەن خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا پولاتباي، مىرزا باي، ئەكبەرخاننى ئەگەشتۈرۈپ نەبىخان قاتارلىق بىرنەچچە مېھمانلار كېلىشتى. مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن سالاملاشتى. مېھمانلار ھويلىغا كىرىپلا ئابدۇخالىقنى مۇبارەكلەپ ئۇنىڭغا پۇل تۇتقۇزۇشتى. ئابدۇراخمان مەخسۇم مېھمانلارنى مېھمانخانىغا باشلىدى.

چۈشكىچە مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. چۈشتىن كېيىن ھېلىم سۇننەتچى شاگىرتىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى. ئابدۇخالىقنىڭ كىچىك ئاتىسى ھەبىبۇللا ئاخۇن ھېلىم سۇننەتچى بىلەن شاگىرتىنى مېھمانلاردىن بوشىغان بىر ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كىردى. خىزمەتكارلار داستىخان سېلىپ چاي قۇيۇپ، ئاش تارتىپ ھېلىم سۇننەتچىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. تاماقتىن كېيىن ھەبىبۇللا ئاخۇن ھېلىم سۇننەتچىنى ئىچكى ھويلىدىكى ئابدۇخالىققا مەخسۇس تەييارلانغان ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئابدۇراخمان مەخسۇم، ئابدۇشۇكۇر ئاخۇن بىلەن مەخسۇت مۇھەتتى، ئابدۇخالىق تۇرسۇن، ئەكبەرخان، ھېسامىدىننى بىرگە ئېلىپ كىردى. ئابدۇراخمان مەخسۇم:

— ئابدۇخالىق سىز دېگەن باتۇر بالا، باتۇر بالا قورقمايدۇ. بىز ھېلىماخۇن داداشقا يېگى، ئىتتىك ئۇستۇرىنى بەردۇق. بىزەمۇ ئاغرىتمايدۇ. مەن مېھمانخانىغا كىرىپ چىقىمەن، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئابدۇشۇكۇر ئاخۇن ئابدۇخالىقنىڭ بېشىدىكى دەستارىنى ئېلىپ كىيىم ئاسقۇچقا ئىلىپ قويدى. تويلۇق چاپىنىنى سالدۇرۇۋەتتى، ئاندىن كېيىن ئىشتىنىنى سالدۇردى. مەخسۇت مۇھەتتى ئابدۇخالىقنى كۆتۈرۈپ ئىككى پۇتىنى كېرىپ يوتىسىدىن چىڭ

تۇتۇپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

ھېلىم سۇننەتچى ئاق ماتاغا يۆگىگەن قومۇشتىن ياسالغان بىگىز قولىنىڭ چوڭلۇقىدەك قىسماقنى قولىغا ئالدى. ئابدۇخالىقنىڭ زەكىرىنىڭ ئۇچىنىڭ تېرىسىنى سوزۇپ تۇرۇپ «چىك» قىلىپ قىسماققا قىسىۋالدى.

ئابدۇخالىق «ۋايجان!» دەپ چىقىرىۋەتتى.

ھېلىم سۇننەتچى:

— قورقماڭ باتۇر، كېسىپ بولدۇم مانا ھە ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، — دەپ تەكبىر ئېيتىشقا باشلاپ زەكەرنىڭ قىسماقتىن چىقىپ تۇرغان قىسمىنى بوشاراق سوزۇپ شىپلا قىلىپ كېسىۋەتتى. ئابدۇخالىق «ۋايجان!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. مەخسۇت مۇھىتى ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن چىڭ قاماللاپ تۇتۇۋالغان ئىدى.

ھېلىم سۇننەتچى قىسماقنى ئېلىۋېتىپ زەكەرنىڭ ئۇچىنى قاپلاپ تۇرغان كېسىلگەن تېرىسىنى كەينىگە ئۆرۈپ قان چىقىۋاتقان يەرگە شاگىرتى ئۇزاتقان كۆيدۈرۈپ تەييارلىغان پاختىنى باستى. شۇنىڭ بىلەن قان توختىدى.

— ئاغرىۋاتامدۇ؟ — سورىدى مەخسۇت مۇھىتى.

— بىزە ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇخالىق ئىڭراپ.

— باتۇر بالا دېگەن ئۇنداق ئاغرىقلارغا چىدايدۇ، — دېدى ئابدۇشۇكۇر ئاخۇن.

ئاڭغىچە ھېلىم سۇننەتچى كۆيدۈرۈلۈپ بولۇنغان پاختىنى كەسكەن جايغا كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ قېتىم بېسىپ قولى بىلەن سىلاپ چۈشۈپ كەتمىگۈدەك قىلىپ بولۇپ سۇننەت قىلىشنى ئاخىرلاشتۇردى.

— خەتنە قىلىش ئاخىرلاشتى. بالا يېتىۋالسۇن. بالىغا تۇخۇم بەرسەك ياخشى بولىدۇ، — دېدى. ئۇ ئابدۇخالىققا قاراپ:

— يىغلىماڭ جۇمۇ، يىغلىسىڭىز خەتنە قىلىنغان جاي زو-

رۇقۇپ قىلىپ قان چىقىدۇ، — دېدى.

ئابدۇشۇكۇر ئاخۇن پىشۇرۇلغان تۇخۇمـنى ئاقلاپ ئابدۇخا-لىقنىڭ ئاغزىـغا سېـلىپ قويـدى. ئابدۇخالىق ئىڭـراشتىن توختىدى.

گۇلسۇمخان يوتقان، كۆرپىلەرنى سېلىپ ئابدۇخالىقنىڭ بېلىنىڭ تۆۋەنىگىچە كېلىدىغان جايغا پاكىزە قۇم قۇيۇپ قويغان ئىدى. مەخسۇت مۇھىتى، ئابدۇشۇكۇر ئاخۇننىڭ ياردىمىدە ئاب-دۇخالىقنى ئاۋايلاپ ئورۇنغا ياتقۇزۇپ قويدى. گۇلسۇمخان ئۇس-تىدىكى يوتقاننىڭ سۇنىەت قىلىنغان جايغا تېگىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئابدۇخالىقنىڭ ئىككى بېقىنىغا يوغان ئىككى ياستۇقنى تىرەپ يوتقاننى كۆتۈرۈپ قويدى.

چوڭلار بىر - بىرلەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئابدۇخالىق-نىڭ قېشىدا تۇرسۇن، ئەكبەرخان، ھېسامىدىنلا قالدى.

بىردەمدىن كېيىن ئۆيگە ئابدۇخالىقنى كۆرگىلى چوڭ ئانى-لىرىدىن ئەرەمىسما خېنىم، ئايخان قۇشناچىم (ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ ئايىسى)، ئابدۇخالىقنىڭ ئاپىسى نىيازخان باشلىق ئۇرۇق - تۇغقانلار كەينى - كەينىدىن كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار ئابدۇخالىققا پۇل تۇتقۇزۇپ مۇبارەكلەشتى.

※ ※ ※

كەچقۇرۇن مېھمانخانىدا چوڭ سورۇن تۈزۈلدى. لوكچۇن-لۇك ئاتاقلىق مۇقامچى ھاسان بالا ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئۇش-شاق مۇقامنى باشلاپ سورۇننى قىزىتىۋەتتى. مۇقام ئېيتىش تاڭغا يېقىنغىچە داۋام قىلدى. ئەتىسىمۇ مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتتى. ھېلىم سۇنىەتچى قولى يېنىك، ماھارىتى ئۇستۇن، ئۇستا سۇنىەتچى بولغاچقا ئابدۇخالىقنىڭ خەتنىلىكى تېزلا ساقىيىپ كەتتى. ئۇ سەككىزىنچى كۈنى ئەتى-

گەنلىكى «مەكتەپكە بارىمەن» دەپ جىلتىسىنى قولىغا ئالغاندا چوڭ ئانىسى ئۇنى توساپ قويدى.

— يەنە تۆت - بەش كۈن يېتىپ دەم ئېلىڭ. مەكتەپكە بېرىپ كەلگىچە زورۇقۇپ قالمىسۇن، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم.

چوڭ ئانىسىنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئابدۇخالىق يەنە بەش كۈن دەم ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئايۇپ هارۋىكەش ئۇنى مەكتەپكە پەيتۇن بىلەن ئاپىرىپ، ئەكېلىپ يۈردى.

# ئىككى مۆجىزە

ئابدۇخالىق بىر ھەپتىگىچە مەكتەپكە پەيتۇن بىلەن كې-
لىپ - كېتىپ يۇردى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭ خەتنىلىكى
سەللىمازا ساقىيىپ كەسكەن جايىنىڭ ئەتراپىدىكى قىزىللىقلار
تامامەن يوقاپ كەتتى. كەسكەن جايى ئىشتانغا تەگسىمۇ ئاغرىماس
بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مەكتەپكە بارغىچە پەيتۇنغا ئولتۇر-
ماي ساۋاقداشلىرى بىلەن پىيادە بېرىپ ئۆيىگە پىيادە قايتىدىغان
بولدى.

3 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. خېلىل
موللام ئابدۇخالىقتا ئالدىنقى كۇنى ئۆگەنگەن دەرسىنى ئوقۇتۇپ
تولۇق قانائەت قىلغان ھالدا ئۇنى ماختاپ قويۇپ يېڭى دەرس
بەرمىدى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ چىرايىدىكى تەقەززالىقنى سېزىپ:

— بۇگۇن سىزگە يېڭى دەرس بەرمەيمەن. سىز ھەپتىيەكنى
تولۇق تۇگىتىپلا قالماي، بەلكى ئوقۇش، يېزىشنىمۇ تەڭ ئۆگى-
نىپ تولۇق ساۋاتلىق بولۇپ قالدىڭىز. مەن ئەتىدىن باشلاپ
سىزگە قۇرئان كەرىمدىن دەرس بېرىمەن. سىز ھازىر ئۆيىڭىزگە
قايتىڭ. ئاتىڭىزغا دېسىڭىز سىزگە بىر قۇرئان ئېلىپ بەرسۇن.
ئەتە ئۇنى ئېلىپ كەلسىڭىز يېڭى دەرس بېرۇرمەن، — دېدى.

ئابدۇخالىق خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتتى. ئۇ ھويلىدا ئاتىسى
ئابدۇراخمان مەخسۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ئاتىسىغا خې-
لىل موللامنىڭ گېپىنى دېۋىدى. ئابدۇراخمان مەخسۇم بەك
خۇش بولدى.

— ئۆيدە ئەپچىل، كىچىكرەك بىر قۇرئان بار. شۇنى سىز
ئوقۇڭ، — ئابدۇراخمان مەخسۇم شۇنداق دېگىنىچە نېمىنىدۇ

ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— سىز ئەمدى يەتتىگە كىردىڭىز، كىچىك تۇرۇپلا قۇرئان ئوقۇشقا كۆچۈپسىز، بۇ تېخى تۇرپاندا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش. بۈگۈن ئاخشام خېلىل موللامنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالمىساق بولماس، سىز ھېچيەرگە بارماي ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ ـ ھە، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم.

ئابدۇراخمان مەخسۇم نىيازخان بىلەن ئەرەمسىما خېنىمغا ئابدۇخالىقنىڭ ئەتە قۇرئان ئوقۇشقا كۆچىدىغانلىقىنى ئېيتقىنىدا ئىككى ئانا تولىمۇ سۆيۈندى.

— زىياپەت بېرىپ خېلىل موللامنى كۈتۈۋېلىشنى ياخشى ئويلاپسىز. ھەي ئالدىراپ قالۇرمىزمۇ بۇ ئىشقا، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم سەل ئەنسىرەپ.

— ۋاي ئاپا بىزدە مېۋە ـ چېۋە، قەن ـ گېزەك تەييار تۇرسا، بىر قوينى سويسىلا بولىدىغۇ، نارىن چۆپ قىلساق پولاتباينىڭ ھۇسنارىخان چېۋەر دېگەن ھېلىقى تاماقتا ئۇستا ئاشپىزىنى تەكلىپ قىلمايمىزمۇ. ئۆزبېك نارىنغا ئۇستا، — دېدى نىيازخان.

— مەن قاسساپ چاقىرىپ قوي سويۇشنى نەسىرۇللا ئاكىغا تاپشۇراي. ئۆزۈم بېرىپ پولاتباي بىلەن كۆرۈشۈپ ھۇسنارىخان چېۋەرنى پېشىندىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيگە ئەۋەتىشنى ئېيتاي. ئاندىن ھەمدۇل ناۋاي بىلەن كۆرۈشۈپ نامازدىگەردىن كېيىن 10 نان، بىر تەۋەك سامسا ئېلىپ كېلىشنى ئېيتاي. ئۇ كەچتە شاگىرتى بىلەن كېلىپ ھويلىدا كاۋاپ پىشۇرسۇن، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم.

— كېلىدىغان باشقا مېھمانلارنى ئۆزىڭىز تەكلىپ قىلۇرسىز، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم.

— شۇنداق قىلىمەن. خېلىل موللامنى ئابدۇخالىق ئۆزى بېرىپ تەكلىپ قىلغاي، — دەپ ئابدۇراخمان مەخسۇم ئۆيدىن

چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

خېلىل موللام تۇيۇق[1] مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى نىياز ئاخۇ-
نۇمنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ياشلىقىدا تۇيۇق مەدرىسىنى تاماملاپ
كېيىن لۇكچۇن خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان. لۇكچۇن خانلىق
مەدرىسىنى پۈتكۈزۈپ قەشقەرگە بېرىپ قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە
ئوقۇغان تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات ئىدى. ئۇ ئۇستا خەتتات
بولۇپ، ھۆسنخەتنى بەك چىرايلىق يازاتتى. گاھىدا ئىلھامى
كېلىپ قالغان چاغلاردا غەزەل، رۇبائىيلارنى يېزىپ قوياتتى.
ئۇ قەشقەردىن قايتىپ كېلىپ ئۆزى بالىلىق دەۋرىدە ئوقۇغان
تۇيۇق مەدرىسىدە مۇدەررىس[2] بولۇپ تالىپلارغا دەرس بېرىپ يۈر-
دى. بۇندىن بەش يىل بۇرۇن خېلىل موللام تۇرپان يېڭىشەھەردە
ئولتۇرۇشلۇق ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە پەتىگە كەلگىنىدە
ئابلىتىپ قازى ئاخۇنۇم، مىجىت ھاجى، زۇپەر ھاجىلار بىلەن
تونۇشۇپ قېلىپ ئۇلاردا ناھايىتى ياخشى تەسىرات قالدۇرغان ۋە
ئۇلارغا يېقىپ قالغان ئىدى. ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتتى. يېڭىشە-
ھەرنىڭ مەركىزىدىكى قازىخانا مەسچىتىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان
مەكتەپنىڭ موللىسى تاھىر ئاخۇن كېسەل بولۇپ قازا قىلدى.
بۇ مەكتەپكە بىر موللا تەيىنلەش زۆرۈر بولۇپ تۇرغاندا تۇيۇقتىن
خېلىل موللام كەلدى. ئابلىتىپ قازى ئاخۇنۇم خېلىل موللامنى
كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ قازىخانا مەسچىتى ئىچىدىكى مەكتەپ-
كە خېلىل موللامنىڭ موللا بولۇپ بالا ئوقۇتۇپ بېرىشىنى تەك-
لىپ قىلدى. خېلىل موللام بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. قازىخانا
مەسچىتى ئىچىدىكى بۇ مەكتەپكە خېلىل موللام موللا بولۇپ
تەيىنلىنىپ بالا ئوقۇتۇشقا باشلىغاندىن كېيىن تۇرپاندا بۇ مەكتەپ

① تۇيۇق— پىچان ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى. ئۇ يەردە مەشھۇر ئەسھابۇلكەف مازىرى بار.
② مۇدەررىس— مەدرىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

خېلىل موللامىنىڭ مەكتىپى دەپ داڭقى چىقتى.
خېلىل موللام ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھەربىر بالىغا ئايرىم - ئايرىم دەرس بېرەتتى. ئۇ بالىلارنى بەك چىڭ تۇتاتتى. ئۇلارنىڭ كىچىككىنە سەۋەنلىكلىرىگىمۇ قەتئىي يول قويمايتتى. ياخشى ئوقۇغان بالىلارنى تەقدىرلەپ، ئىلھام بېرىپ تۇراتتى. ئۆگەتكەن دەرسنى بىلەلمىگەن، بەرگەن تاپشۇرۇقنى يادلىمىغان بالىلارنى قاتتىق جازالايتتى. ئادەتتە دەرس تەرتىپىنى بۇزغان بالىلارنى ئىنچىكە ئۇژمە چىۋىقى بىلەن ئۇراتتى. مەكتەپ-كە كەلمەي دەرس قالدۇرغان، بالىلارنى بوزەك ئەتكەن، يامان ئىشلارنى قىلغان بالىلارنى ئالدىغا چىقارتىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ تۇرسۇن خەلپەتكە تۇتقۇزۇپ قولىنىڭ ئالقىنىغا پالاق[1] بىلەن ئۇ-راتتى. پالاق تەگكەن قول ئىششىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا خېلىل موللامىنىڭ مۇلايىم خۇشخۇيلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالمايتتى. چىرايى قورقۇنچلۇق تۇس ئېلىپ قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراپ كېتەتتى. شۇڭا بالىلار ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ئۇنى كۆرسە شۈك ئولتۇرۇپ دەرسنى تەكرارلايتتى. خېلىل موللام ھەرقانداق با-لىنى كۈندىلىك ئوقۇغان دەرسنى تولۇق بىلىپ بولغان چاغدىلا قويۇۋېتەتتى. دەرسنى بىلەلمىگەن بالىلارنى كەچكىچە ئېلىپ قېلىپ تەكرارغا سالاتتى. شۇڭا خېلىل موللامدا ئوقۇغان بالىلار كۈندە ئوقۇغان دەرسنى كۈندە پىششىق بىلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. شۇڭا يېڭىشەھەردىكى ئاتا - ئانىلار: «ئۇستازى زالىم بولسا شاگىرتى ئالىم بولىدۇ» دېيىشىپ بالىلىرىنى خېلىل موللامىنىڭ مەكتىپىگە ئوقۇشقا بېرىدىغان بولۇشتى.
خېلىل موللام ئابدۇخالىق مەكتەپكە كەلگەن بىرىنچى ھەپ-تىدىلا ئۇنىڭ ئادەتتىكى بالىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىل-غان ئىدى. شۇڭا خېلىل موللام ئابدۇخالىققا ناھايىتى ئىدىتلىق

[1] پالاق — كالا تېرىسىدىن ئىككى قات قىلىپ تىكىلىپ ئىچىگە قۇم قاچىلانغان ئادەم قولىنىڭ ئالقىنىدەك كەڭلىكتىكى يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى جازا قورالى.

دەرس بەردى. دەرس تەكرارلىشىغا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلدى.
ھەتتا ھەر كۈنى دەرس ئاخىرلىشىپ بالىلارنى قويۇۋېتىدىغان
چاغدىمۇ ئابدۇخالىقتا شۇ كۈنى ئۆگەنگەن دەرسىنى ئوقۇتۇپ،
ئۆزى ئاڭلاپ قانائەت قىلغاندىلا ئاندىن قويۇپ بەردى. ئۇنى باشقا
بالىلارغا ئوخشاش تۇرسۇن خەلپەتكە تاشلاپ قويمىدى.

ئادەتتە خېلىل موللامنىڭ ئابدۇخالىققا ئۆگەتكەن دەرسىنىڭ
سالمىقى تەڭ دىمەتلىك ساۋاقداشلىرىنىڭكىدىن كۆپ ئېغىر بو-
لۇپ، ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئابدۇخالىق بولسا ناھايىتى
تىرىشچان بالا ئىدى. ئۇ شۇنداق ئىشتىياق بىلەن دەرس تەكرارلا-
يتتىكى، ئۇنداق چاغدا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. شۇڭا كۈندى-
لىك دەرسىنى ھەرقاچان تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭاتتى. ئۇ ئۇس-
تازىنى خاپا قىلىدىغان ئىشنى پەقەت قىلمايتتى. «ياخشى ئاتقا
قامچا كەتمەيدۇ» دېگەندەك ئابدۇخالىقتا «دەرسنى تەكرارلا، تەر-
تىپ ساقلا» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىش ھاجەتسىز ئىدى. ئۇ
ئاڭلىق ئۆگىنەتتى. خېلىل موللام ئابدۇخالىققا دەرس بېرىشتە
باشقا بالىلارغا ئۆگەتكەندەك كونا ئۇسۇلنى قوللانماي، يېڭى ئۇ-
سۇل قوللاندى. ئۇ ئابدۇخالىققا ھەپتىيەكتىن دەرس بېرىپ سۆ-
رىلەرنى يادلاشنى ئاساس قىلىۋالماي ئوقۇش، يېزىشنى چىڭ
تۇتۇپ ئۆگەتتى. ئابدۇخالىق مەكتەپكە كىرىپ يېرىم يىلغا قالماي-
لا ھەپتىيەكنى ئۆزى قىينالمايلا شارىلداپ ئوقۇيدىغان بولدى.
ئۇيغۇر تىلىدىنمۇ تولۇق ساۋاتى چىقتى. ئۇ چوڭ دادىسى مىجىت
ھاجى روسىيىگە سودىغا بارغاندا قازان، موسكۋادىن ئالغاچ كەل-
گەن كىتابلارنى قىينالماي ئوقۇيالايدىغان بولدى.

ئابدۇخالىق چۈشتىن كېيىن خېلىل موللامنى بۈگۈن كەچ-
تىكى زىياپەتكە تەكلىپ قىلغىلى بارغىنىدا، خېلىل موللام قۇر-
ئان ئوقۇۋاتقان چوڭ بالىلارنى ئوقۇتۇۋاتقان ئىكەن. خېلىل مول-
لام ئابدۇخالىقنى كۆرۈپ قېشىغا چاقىردى. ئابدۇخالىق كېلىش
مەقسىتىنى ئېيتتى. خېلىل موللام ئابدۇخالىقنىڭ گېپىنى ئاڭ-

لاپ بولۇپ:

— ئاتىڭىزلەر ئۇنچىۋالا جۇۋاپ كەتمىسىمۇ بوپتىكەن. سىز ئۆزىڭىز ئاتايىتەن تەكلىپ قىلىپ كەلگەچكە بارمىسام بولامدۇ، باراي. نامازشامدىن كېيىن بارۇرمەن، — دېدى.

نامازشامدىن كېيىن مېھمانلار كەينى - كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى. ئابدۇراخمان مەخسۇم مېھمانلارنى مېھمانخانىغا باشلىدى. ئالدىدا زۇپەرھاجى، ئەبەيدۇللا شەمەيچى ئاندىن كېيىن دۇكامەت ئەئلەم ئاخۇن، ئەتىيۇللا ھاجى، مىرزابايلار كېلىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا خېلىل موللام، ھەمدۇللا داموللا، پولاتبايلار كەلدى.

خىزمەتكار مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بەردى. ئاندىن كېيىن داستىخان سالدى. داستىخان ناھايىتى مول ئىدى. ئاۋۋال مېۋە - چېۋە، قەن - گېزەك، نان بىلەن چاي قويۇلدى. ئۇندىن كېيىن لېگەنلەردە سامسا ئېلىپ كىرىلدى. مېھمانلار مېۋە - چېۋىلەرگە ئېغىز تېگىپ بىرەر تالدىن سامسا يېيىشتى. ھەمدۇللا ناۋاينىڭ تۇرپاندا كاۋاپچىلىقتا داڭقى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ چوغىدا دورا - دەرمان سېپىپ مىينى سىڭدۈرۈپ پىشۇرغان كاۋاپلىرىنىڭ ھىدى ھويلىدىن مېھمانخانىغا كىرگەن ئىدى. شۇ ئەسنادا ھەمدۇللا ناۋاينىڭ شاگىرتى چوڭ پەتنۇستا كاۋاپ ئېلىپ كىردى. خىزمەتكار پەتنۇسنى ئېلىپ ھەربىر مېھماننىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئابدۇراخمان مەخسۇم:

— قېنى مېھمانلار كاۋاپ سوۋۇپ قالمىغاي، ئىسسىقىدا ئېغىز تېگىنى، — دەيتتى تەۋەززۇ بىلەن.

مېھمانلار كاۋاپنى ماختىشىپ بىرەر - ئىككى زىختىن يېيىشتى. ئارقىدىن لېگەنلەردە پۇرقىراپ ھورى چىقىپ تۇرغان گۆش قويۇلدى. كەينىدىنلا يوغان تاۋاقلاردا ئوخشىغان نارىن چۆپ كەلتۈرۈلدى.

مېھمانلار خالىغان تائامدىن يېيىشىپ ئازادە ئولتۇرۇپ پا-
راڭغا چۈشۈشتى. ئۇلار گەپ ئارىلىقىدا خېلىل موللامنىڭ بالا
ئوقۇتۇش، شاگىرت تەربىيىلەشتىكى ئەجىر - مېھنىتى، تۆھپى-
سىنى تىلغا ئېلىشىپ بىر پەس ماختىشىپ ئاپىرىن ئوقۇشتى.
ئابدۇخالىقنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقىدىن تولىمۇ
سۆيۈنۈپ ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەشتى. زىياپەتنىڭ ئاخى-
رىدا ئابدۇراخمان مەخسۇم رەھمەت ئېيتىپ خېلىل موللامغا بىر
بەقەسەم تون، قوينىڭ يېرىم گۆشى، نان، قەن - گېزەك
قويدى.

※ ※ ※

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى.

1909 - يىل 9 - ئايدا ئابدۇخالىقنىڭ خېلىل موللامدا
ئىككى يىل ئوقۇپ سەككىز يېشىدا قۇرئان تاماملىغانلىقى تۇرپانغا
پۇركەتتى.

ئابدۇخالىق قۇرئاننى ئوقۇپ بولغان كۈنى ئاخشىمى مىجىت
ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم ئۆيىدە يەنە بىر قېتىم چوڭ
زىياپەت ئۆتكۈزۈپ خېلىل موللامنى كۈتۈۋالدى. خېلىل موللام
زىياپەتتىن كېيىن مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇمغا
قاراپ دېدى.

— پەقىرنى ئەپۇ قىلىشقايلا. مەن ئابدۇخالىق قارىنى مۇشۇ
يەرگىچە ئوقۇتاي. بۇ بالىدا بىر خىسلەت بار. ئاللاھ خالىسا ئۇنى
ئەمدى مەدرىسىدە ئوقۇتسىلا. ئىنشائاللا، ئابدۇخالىق كاتتا ئالىم
بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ كۈن ئۆتتى.

مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم مەسلىھەتلىشىپ
ئابدۇخالىقنى تۇرپان يېڭىشەھەردىكى مەدرىسكە ئوقۇشقا بەردى.

بۇ مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى ھەمدۇللا داموللام ئىدى. شۇڭا بۇ مەدرىسە[1] تۇرپاندا «ھەمدۇللا داموللام مەدرىسى» نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ھەمدۇللا داموللام تېخى يېقىندا دۇگامەت ئەئلەم ئاخۇنۇمدىن كېيىن تۇرپاننىڭ ئەئلەم ئاخۇنى بولغان زات ئىدى.

ھەمدۇللا داموللام — تۇرپاندىكى يار مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئۇ يار مەدرىسىنى پۈتكۈزۈپ قەشقەرگە بېرىپ قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە تۆت يىل ئوقۇپ داموللا ئۇنۋانىنى ئالغان. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماستىن يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىق مەدرىسىدە ئىككى يىل ئوقۇغان. ئۇ قوقەند خانلىق مەدرىسىدىكى ئوقۇشىغا قانائەت قىلماي، بۇخاراغا بېرىپ ئىسلام دۇنياسىدا داڭلىق بۇخارا مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ بۇخارا مەدرىسىدە تۆت يىل ئوقۇپ، مەدرىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزگەن. ھەمدۇللا داموللام بۇخارا مەدرىسىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن تەكلىپ بويىچە روسىيىنىڭ ئوفا، قازان شەھەرلىرىگە بېرىپ ئۆلىما، ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەت ۋە بەس - مۇنازىرىلەردە بولۇپ داڭقى چىققان.

ھەمدۇللا داموللام 1905 - يىلى يازدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ زۇپەرھاجى، ئابلىتىپ قازى ئاخۇنۇم، مىجىت ھاجى قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن تۇرپان يېڭىشەھەردە تۇرۇپ قالغان ئىدى. ئۇ شۇ يىلى كۈزدە سودىگەر كوچىسىدىن قورۇ - جاي سېتىۋېلىپ ئۆز قورۇسىدا ھازىرقى مەدرىسىنى ئاچقان ئىدى.

كىچىككىنە ئابدۇخالىقنىڭ ھەمدۇللا داموللامنىڭ مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرگەنلىكى ئۇنىڭ قۇرئاننى ئوقۇپ تاماملىغانلىقىدىن كېيىنكى يەنە بىر چوڭ ۋەقە بولۇپ تۇرپاندا تىلدىن - تىلغا كۆچۈپ خېلى بىر چاغلارغىچىلا كىشىلەر ئاغزىدىكى پاراڭنىڭ

---

[1] مەدرىسە — ھازىرقى تولۇق ئوتتۇرا، ئوتتۇرا تېخنىكوم بىلەن تەڭ دىنىي مەكتەپ. ئۇ چاغدا قەشقەر خانلىق مەدرىسى ھازىرقى ئۇنىۋېرسىتېتلار بىلەن تەڭ دىنىي مەكتەپ ئىدى.

باش تېمىسى بولۇپ قالدى. ئادەملەر يىغىلىشقان جايلاردا پاراڭ-چىلار «بۇ يىل بىزنىڭ تۇرپاندا ئىككى مۆجىزە يۈز بەردى. بىرى سەككىز ياشلىق ئابدۇخالىق قۇرئاننى تاماملىدى. يەنە بىرى يەنە شۇ ئابدۇخالىق ھەمدۇللا داموللامنىڭ مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىردى ...» دەپ گېپىنى باشلايتتى.

ھەمدۇللا داموللام سەككىز ياشلىق ئابدۇخالىقنىڭ مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرگىنىدىن تولىمۇ سۆيۈندى، ئۇ ئابدۇخالىققا دەرس بېرىشنى پېشقەدەم مۇدەررىس نىياز موللامغا تاپشۇردى. نىياز موللام ئۆز شاگىرتلىرىغا قاتتىق تەلەپ قويىدىغان ئۇستاز ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھەمدۇللا داموللام ھەپتىدە بىر قېتىم ئابدۇخالىقنىڭ ئۆگەنگەن دەرسلىرىدىن ئۆزى ئىمتىھان ئېلىپ تۇردى. ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندا ئابدۇخالىق ھەمدۇللا داموللامنى قايىل قىلىپ ئۇنىڭ ماختىشىغا مۇيەسسەر بولاتتى.

ئابدۇخالىق مەدرىسكە كىرىپ بىر يىل ئۆتتى. بۇ بىر يىل جەريانىدا ئۇ ناھايىتى زور تىرىشچانلىق بىلەن ئوقۇدى. ھەمدۇللا داموللام نىياز موللام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئابدۇخالىقتىن يىل-لىق ئىمتىھان ئالدى. ئابدۇخالىق تىل - ئەدەبىيات، ئىلمىي تەجۋىد (قۇرئاننى قىرائەت بويىچە ئوقۇش) ئەبجەد ھېساب قاتار-لىق دەرسلەردىن ئېلىنغان ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتۈپ ئۇستازلىرىنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى.

ھەمدۇللا داموللام:

— ئىلىم ئۆگىنىشكە مۇشۇنداق ئىشتىياق باغلاپ، سەئى ئىجتىھات قىلغان تىرىشچان بالىنى تېخى ئۇچراتمىغان ئىدۇق. تىل ئۆگىنىش، تىلنى پۇختا ئىگىلەش — ئىلىم - مەرىپەتنىڭ مۇقەددەس ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچنى قولغا ئالغان-لىقتۇر. بىز ئابدۇخالىققا بۇ ئالتۇن ئاچقۇچنى ئىگىلەش پۇرسى-تى يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك، — دېدى ۋەزمىن ئاھاڭدا.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇخالىققا مەدرىسىدە ئوقۇلىدىغان ئا-

دەتتىكى دەرسلەرگە قوشۇپ نىياز موللام پارس تىلىدىن، ھەم-
دۇللا داموللام كېيىنچە ئەرەب تىلىدىن مەخسۇس دەرس ئۆتۈشكە
باشلىدى. ئىككى خىل يېڭى دەرس قوشۇلغاندىن كېيىن گەرچە
ئابدۇخالىقنىڭ يۈكى ئېغىرلاشقان بولسىمۇ، ئۇ قىلچە بوشاشماي
تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.

# بەگزادىنىڭ مىنىشكە ئېتى يوقمۇ

ھەمدۇللا داموللامنىڭ مەدرىسىدە باللار ھەپتىدە ئالتە كۈن ئوقۇپ ھەر جۈمە كۈنى دەم ئالاتتى. 1910 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرى جۈمە كۈنى ئىدى. ئابدۇخالىق ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ لەگلەك ئۇچۇرۇپ ئوينىماقچى بولۇپ لەگلىكىنى كۆتۈرۈپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. دەل شۇ چاغدا كوچىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن ھەبىبۇللا قولىنى پۇلاڭلىتىپ يېتىپ كەلدى.

— لەگلەك ئۇچۇرۇپ ئوينامسەن؟ — سورىدى ھەبىبۇل ھاسىرىغان پېتى.

— ھەئە، سەنمۇ لەگلىكىڭنى ئاچىق بىللە ئوينايمىز، — دېدى ئابدۇخالىق.

— ئاتام ماڭا بىر ئىشنى تاپشۇرغان، — دېدى ھەبىبۇل «شىرت» قىلىپ بۇرنىنى تارتىپ، — مەن سېنى بىللە بېرىشىپ بېرەمدىكىن دەپ چاقىرغىلى كەلگەن.

— نېمە ئىش ئىدى ئۇ؟ — دېدى ئابدۇخالىق.

— كۈن چىقىش قۇۋۇقتىكى[1] چوڭ ئاتاملارنىڭ ئۆيىگە بىر گەپنى ئېيتىپ قويغىلى بارماقچىدىم، — دېدى ھەبىبۇل.

— ئۆزۈڭ يالغۇز بارساڭ قورقامسەن؟

— قورقمايمەن. يالغۇز ماڭغاندىن دەپ شۇ. سەن بارمىساڭ ھېسابىمدىنىنى چاقىراي ئەمىسە.

— توختاپ تۇر ھە. مەن لەگلىكىمنى ئۆيگە قويۇپ قوياي، — ئابدۇخالىق شۇنداق دەپ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى.

---

① كۈن چىقىش قۇۋۇق— شەرقىي دەرۋازا.

ئابدۇخالىق ھويلىسىدىن چىققاندا ئۇنى دەرۋازا ئالدىدا ھەبىبۇل بىلەن ھېسامىدىن كۈتۈپ تۇراتتى.

— مەن چىقتىم جۇرۇڭلار! — دېدى ئابدۇخالىق ئىككى دوستىغا.

— جۇرۇڭلار! — ئۈچ بالا شۇنداق دېيىشىپ شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشۈپ كەتتى. ئۇلار سودىگەر كوچىسىدىن ئۆتۈپ قازىخانا مەسچىتى ئالدىدىكى كىچىك مەيدانغا يېتىپ بېرىپ ئىختىيارسىز توختاپ قېلىشتى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا قىياپىتى غەلىتە ئىككى ئادەم تۇراتتى.

ئوڭ تەرەپتىكى ئادەم خۇددى ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى يەردىن كۆتۈرۈپ مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقان قىرچاڭغۇ ئاتقا ئوخشايتتى. ئۇ ئادەم ئىككى قولىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ يەرگە قاراپ دۇمچىيىپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ يەرگە قاراپ تۇرغاچقا يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە بوينىغا قۇۋۇق[1] سېلىنغان بىر ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇ ئادەم جۇدەپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ماتا ياغلىق يېيىپ قويۇلغان بولۇپ بۇ ئىككى ئادەم تىلەمچىلىك قىلىۋاتاتتى.

ئابدۇخالىق ۋە ئۇنىڭ ئىككى دوستى بۇ ئىككى ئادەمگە قىزىقىپ قالدى. ئۇلار بۇ ئىككى ئادەمنى قورشاپ تۇرغان 10 نەچچە ئادەمنىڭ ئارىسىدىن قىسىلىشىپ ئالدىغا ئۆتتى. دۇمچەك ئادەم يەردىكى داپنى قولىغا ئېلىپ ھەمراھىنىڭ يېنىغا جايلىشىپ ئولتۇردى. ئۇ ئولتۇرغان چاغدىمۇ بېشىنى ئالدىغا ساڭگىلىتىپ، مۇرىسىدىن ئېگىز كۆتۈرەلمەيتتى. ئۇ «ئىم» قىلىپ تامىقىنى قىرىپ قويۇپ داپنى «دۇم - تاق - دۇم» گە كەلتۈرۈپ رىتىملىق چېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ داپ چېلىشتىكى ھەرىكىتى غەلىتىلا بولۇپ داپنىڭ رىتىمىغا كەلتۈرۈپ ئىككى يانغا چايقىلىپ بېشىنى

① قۇۋۇق — گۇناھكارلارنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان ياغاچتىن ياسىلىدىغان تاقاق.

سىلكىپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرگەن كىشى ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىماي تۇرالمايتتى. ئۇ داپنى بىر پەس چالغاندىن كېيىن چۆرىسىگە 30 — 40 تەك ئادەم يىغىلدى. دۇمچەك داپچى داپنى «دۇم - تاق - دۇم» چېلىپ تۇرۇپ بىردىنلا خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلغان قوزا ئېچىنىشلىق مەرەۋاتقاندەك ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن قوشاق ئوقۇشقا باشلىدى:

— ئۆزۈم شەھىرى لۇكچۈندىن،
ئاتىم مېنىڭ خوجا ئەخمەت.
مەن غېرىبنىڭ زارىنى،
بىر ئاڭلىسۇن جامائەت.
دۇمتاق - دۇم، دۇمتاق - دۇم.

لۇكچۈن دېگەن يەرلەردە،
ئېگىز سوققان شەھەر بارمۇ؟
گاڭ خوجامنى① كۆرگەندە،
تىترىمىگەن ئەر بارمۇ؟
دۇمتاق - دۇم، دۇمتاق - دۇم.

ئىشلىدىما، ئىشلىدىم،
گاڭ خوجامغا ئىشلىدىم.
ئون يىل ئىشلەپ ھاشارغا،
كۆيۈك ناننى چىشلىدىم.
دۇمتاق - دۇم، دۇمتاق - دۇم.

كىچىك خوجام - بەگزادەم،
مىندى مېنى ئات قىلىپ.

---

① گاڭ خوجام— لۇكچۈن ۋاڭى.

كۆندە تىنماي چاپتۇردى،
ئۆز كۆڭلىنى شاد قىلىپ.
دۇمتاق - دۇم، دۇمتاق - دۇم.

ئاستا چاپسام سالىدۇ،
ئات قامچىسى قولىدا.
قانچە تاتۇق ئىزى بار،
يېغىر بولغان دولىدا.
دۇمتاق - دۇم، دۇمتاق - دۇم.

هايۋان ئەمەس ھېچقاچان،
بىزمۇ ئادەم بالىسى.
يەتسىكەن تېز خۇداغا،
يېتىم - يېسىر نالىسى.
دۇمتاق - دۇم، دۇمتاق - دۇم.

تۆت يىل ئات بوپ بېلىمنى،
كۆتۈرەلمەس بولدۇم مەن.
بۇ دەردلەرنىڭ دەستىدىن،
شېرىن جاندىن تويدۇم مەن.
دۇمتاق - دۇم، دۇمتاق - دۇم.

خوجا ئەخمەت داپنى يەرگە قويدى. ئۇ قوشاق ئوقۇشتىن توختىدى. ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، قاتتىق ئاھ ئۇردى - دە، تىلى بىلەن كالپۇكىنى يالاپ جىم ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئابدۇخالىقنىڭ كۆزىگە لۆممىتە ياش كەلدى. ئابدۇخالىقنىڭ كۆز ئالدىغا لۇكچۇن ۋاڭى سۇلتان مامۇتنىڭ ئوغلى ئىمىن بەگزادە كەلدى. ئابدۇخا-

لىق ئۆتكەن يىلى چوڭ دادىسى بىلەن لوكچۇنگە بارغاندا ئۆزىدىن ئۇچ — تۆت ياش چوڭ ئىمىن بەگزادىنى كۆرگەن ئىدى. ئۇ چاغدا ئىمىن بەگزادە خېلىلا ئەدەپلىك، ياخشى بالىدەك كۆرۈنگەن ئىدى. مانا ئەمدى ئابدۇخالىق خوجا ئەخمەتنىڭ قوشىقىنى ئاڭلاپ ئىمىن بەگزادىگە بىردىنلا ئۆچلۈكى كەلدى. ئۇ: «بەگزادىنىڭ مىنگىدەك ئېتى يوقمىكەن؟ ئادەمنى ئات قىلىپ مىنىپ؟» ئابدۇخالىق شۇلارنى ئويلاپ تۇرۇشىغا خوجا ئەخمەتنىڭ ئېچىنىشلىق نالە - زارى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— رەھمەتلىك ئاتام غازى ئاخۇن پۈتۈن ئۆمرىنى گاڭ خوجاملارنىڭ باللىرىنى كۆتۈرۈپ، ئات بولۇپ دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ، ئۇلارنى ئوينىتىپ ئالەمدىن ئۆتكەن. ئاتام رەھمەتلىكمۇ 40 ياشقا كىرگەندە ماڭا ئوخشاش دۈمچەك بولۇپ بېلىنى كۆتۈرەلمەس بولۇپ قالغان ئىدى. ئاتام قازا قىلىپ بەگزادىلەرگە ئات بولۇش قىسمىتى 17 يېشىمدا مېنىڭ بېشىمغا كەلدى. كىچىك بەگزادىلەر بىرسى مىنىپ ھېرىپ قالسا، يەنە بىرسى كېلىپ مىنىپ ماڭا پەقەت ئارام بەرمىگەچكە كۈندە تاڭ سەھەردىن كەچكىچە ئاتقا ئوخشاش تۆت ئاياغلىنىپ يۈرۈپ ئۇچ يىلدىن كېيىن بېلىمنى كۆتۈرەلمەس، كۆتۈرەلمىدىم. بىلىم قېتىپ قېلىپ مانا مۇشۇنداق دۈمچەك ھالغا كېلىپ قالدىم. كىچىك بەگزادىلەر 12 — 13 ياشقا كىرگىچە مېنى ئات قىلىپ مىنىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاردىن كىچىكلىرى مېنى ئات قىلىپ مىنىشىدۇ. ئاھ، كاج پەلەك، ئاھ تەڭشەلمىگەن جاھان. مەن 15 يىل گاڭ خوجامغا ئىشلەپ بەگزادىلەرگە ئات بولۇپ بەردىم. بەگزادىلەرنىڭ ئىچىدە ئىمىن بەگزادە ناھايىتى زالىم، ۋەھشىي ئىدى. ئۇ مېنى «تېز چاپمىدىڭ» دەپ ئات قامچىسى بىلەن تىنماي ساۋايتتى. بىر كۈنى ئىتتىك كېتىۋاتسام ئىمىن بەگزادە:

— توختا! — دېدى.

مەن توختىدىم. ئۇ بېشىمغا شارقىرىتىپ سىيگىلى تۇردى.

مەن سېسىقچىلىققا چىدىماي:

— بەگزادەم ھاجەتخانىغا ئاپىراي، — دېدىم. ئۇ:

— سەن ماڭا تېخى گەپ ياندۇرغىدەك بولدۇڭمۇ؟ — دەپ قامچا بىلەن بېشىمغا ئۇردى. قۇلىقىمنىڭ كەينىگە تەگكەن قامچىنىڭ زەربىسىدە ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. ھوشۇمغا كەلسەم زىنداندا يېتىپتىمەن. گاڭ خوجام مېنى «بەگزادىگە گەپ ياندۇرۇپ ئوردا قائىدىسىنى بۇزغان گۇناھىڭ ئۇچۇن» دەپ ئىككى يىل زىندانغا سولىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن لۈكچۈندىن لوپقا سۈرگۈن قىلدى. شۇنىڭدىن بۇيان مانا 15 يىل بولدى. ياقا ـ يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپتىمەن. ئامىن ئىلاھا ئامىن! ئاللانىڭ سېخىي بەندىلىرى، ئامىن! — خوجا ئەخمەت يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىككى قولىنى ناھايىتى تەستە مۈرىسىدىن ئېگىز كۆتۈردى.

ئابدۇخالىق كۆزىدىن لۆممىتە ئاققان ياشنى ئالقىنى بىلەن سۈرتۈۋەتتى. ئۇ ئانىسى خەجلەڭ دەپ بەرگەن پۇل بىر تىزىق داچەننى يانچۇقىدىن چىقىرىپ خوجا ئەخمەتكە سەدىقە قىلدى. ھېسامىدىن بىلەن ھەبىبۇلمۇ يانچۇقىدىن بىرنەچچىدىن ياماق (مىس تەڭگە) چىقىرىپ خوجا ئەخمەتكە بەردى. ئەتراپتا قاراپ تۇرغان كىشىلەر 100 دىن ئاشقان ئىدى. ئۇلار بەزىلىرى پۇل، بەزىلىرى نان، مېۋە ـ چېۋە سەدىقە قىلىشتى.

— جۈرۈڭ ئابدۇخالىق ماڭىنى، — دېدى ھەبىبۇل ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ.

ئابدۇخالىق بېشىنى چايقاپ مېڭىشقا ئۇنىمىدى. ئۇ قاتتىق ئېچىنىش ئىچىدە خوجا ئەخمەتكە قاراپ تۇراتتى. خوجا ئەخمەت ئابدۇخالىقتىن سورىدى:

— ھەي ياخشى بالا، ئېتىڭ نېمە؟

— ئېتىم ئابدۇخالىق.

— بەللى، ئاللا بەخت ـ تەلىيىڭنى بەرگەي، ئېتىڭ بەك

ئۇلۇغ ئىكەن. پېشانەڭ ئوچۇق، كۆزۈڭ نۇرلۇق بالا ئىكەنسەن.
ئۆزۈڭ كىچىك بولساڭمۇ ناھايىتى سېخىي، مەرد بالا ئىكەنسەن.
ئامىن ئىلاھا ئامىن، ئاللا ساڭا ئىلىم - ھېكمەت ئاتا قىلـ
غاي، — خوجا ئەخمەت دۇئاغا قول كۆتۈردى.

ئابدۇخالىق بىر پەستىن خوجا ئەخمەتتىن ئۆزىنى قىيناۋاتـ
قان بىر سوئالنى سورىدى:

— مىجىت ھاجىم چوڭ دادام گاڭلارنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش،
پۇلى بەك جىق. بايلىقى ھەددى - ھېسابسىز كۆپ دېگەن.
شۇنداق تۇرۇپمۇ بەگزادىلەر مىنىدىغان ئات يوقمىكەن؟

ئابدۇخالىقنىڭ بۇ سوئالى خوجا ئەخمەتنىڭ قەلب يارىسىـ
نىڭ ئېغىزىنى ئېچىۋەتتى. خوجا ئەخمەت ئۆزىنى تۇتالماي ھۆڭـ
رەپ يىغلاپ كەتتى. ئابدۇخالىق ئۇنىڭدىن سوئال سورىغىنىغا
پۇشايمان قىلدى. ئۇ بۇ يەردىن كېتەيچۇ دەپ تۇرغاندا خوجا
ئەخمەت يىغىدىن ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەي ئابدۇخالىق، گاڭ خوجاملارنىڭ يۈزى سۇتتەك ئاق
بولغىنى بىلەن كۆڭلى كۆمۈردىنمۇ قارا. ئۇلارنىڭ تاغدا نەچچە
مىڭ يىلقىسى بار. يۇرتتىمۇ نەچچە يۈز ئېتى بار. ئۇلار بىز
يوقسۇللارنى ھايۋاندىنمۇ پەس كۆرىدۇ. ئۇلار بىزنى قۇل ئورنىدا
ئىشلىتىدۇ. بىز گاڭلارغا گەپ ياندۇرۇش يىراق تۇرسۇن، بېـ
شىمىزنى كۆتۈرۈپ قارىساقمۇ چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولۇپ
ئېغىر جازاغا ئۇچرايمىز. خوجا ئەخمەت ئېسەدەپ گەپ قىلالماي
قالدى.

خوجا ئەخمەتنىڭ يېنىدىكى ھەمراھى — بويىنىغا قۇۋۇق سېـ
لىنغان ئادەم شىكايەت قىلىپ دەرد تۆكۈشكە باشلىدى:

— مېنىڭ ئېتىم سىتى ئەخمەت. بىز خوجا ئەخمەت بىلەن
بىر مەھەللىلىك. مەن بىر ھېيت كۈنى كۆزۈمگە چىرايلىق
كۆرۈنۈپ تۆت گەز سېرىق تۇگانى پۇتا قىلىپ باغلاپ لۇكچۇن
بازىرىغا باردىم. مەن بازارغا كىرگەن چاغدا گاڭ ئېگىز ئوردىدىن

چىقىپ دالان كارىزغا بارماقچى بولۇپ بازارغا چىققان ئىكەن.

بىر كەمدە ئوردىنىڭ جاكارچىسى جاڭ سوقۇپ:

— گاڭ خوجام بازارغا قەدەم تەشرىپ قىلدى! — دەپ توۋلىدى.

بازاردىكى جىمى ئادەم بۇنى ئاڭلاپلا قول قوۋۇشتۇرۇپ بې- شىنى پەس قىلىپ گاڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى. مەنمۇ بىر دۇكان- نىڭ ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ بېشىمنى ئېگىپ تۇردۇم. شۇ ئەسنادا قېرىشقاندەك پاتتىكىم «زىڭ» قىلىپ قاتتىق - قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. مەن پاتتىكىمنى بوغۇن چاققانلىقىنى سېزىپ چىشىمنى چىشلەپ چىداپ تۇردۇم. بىر چاغدا بوغۇن[1] كۆينىكىم- نىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ يىرىك پۇتى بىلەن شىللامدىن دۈمبەمگە ماڭماسمۇ، ئاجايىپ غىدىقىم كېلىپ كەتتى. مەن چىداپ تۇرال- ماي بوغۇننى تۇتۇۋېلىشقا قولۇمنى دۈمبەمگە ئۇزاتتىم. بوغۇن يەنە ئىككى يەرنى چېقىۋالدى. مەن تاقەت قىلالماي پۇتۇمنى يېشىپ چامچامنى سېلىۋېتىپ بوغۇننى تۇتۇش ئۈچۈن بېشىمنى كۆتۈردۈم. شۇ زامات خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا ئوردا چېرىكلىرى يېنىمدا پەيدا بولدى. بىر چېرىك:

— ھوي بەدبەخ گاڭ خوجامغا بى ھۆرمەتلىك قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ، بېشىڭنى پەس قىل! — دەپ كالتەك بىلەن بېشىمغا قاتتىق ئۇردى.

مېنىڭ كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ ھوشۇمدىن كەتتىم. ھوشۇمغا كەلسەم گاڭنىڭ زىندانىدا يېتىپتىمەن. زىندانىنىڭ كەڭلىكى 12 گەز (تۆت مېتىر) ئېگىزلىكى 16 گەز بولۇپ ئۈستىدە ئادەمنىڭ قوش مۇشتۇمى پاتقىدەك كىچىك تۈڭلۈكى بار ئىكەن. ئاللا ئىگەم بەندىسىنى زىندانغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆز پاناھىدا ساقلى- غاي. زىنداندا يېتىپ مەن يېمىگەن تاياق، مەن تارتمىغان ئازاب

---

① بوغۇن — ياۋا ھەرە.

قالمىدى. ئادەمنىڭ جېنىمۇ چىڭ يەردە ئىكەن. شۇنچە ئازابتىمۇ ئۆلمىدىم. مەن ئىككى يىل زەي زىنداندا ياتتىم. ئىككى يىلدىن كېيىن سۇلتان مامۇت گاڭنىڭ پەرمانى بىلەن بوينۇمغا قۇۋۇق سېلىنىپ لوپقا سۈرگۈن قىلىندىم. مەن سۈرگۈندە يۈرۈپ «سۇلتان مامۇت گاڭنى ئانارخان ئىسىملىك بىر باتۇر قىز ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئەزىز يۇرتۇم لۈكچۈنگە قاراپ يولغا چىقتىم. يولدا خوجا ئەخمەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. تۇرپانغا ئاخشام كەچنە يېتىپ كەلدۇق.

سىتى ئەخمەت سۆزلەشتىن توختاپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ جىمىپ قالدى.

ئابدۇخالىق خوجا ئەخمەت بىلەن سىتى ئەخمەتنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلاپ ۋاڭلارنىڭ ناھايىتى زالىملىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ بىغۇبار قەلبىدە ۋاڭ ۋە بەگلەرگە قارشى نەپرەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

ئابدۇخالىق چۈشكە يېقىن ھەبىبۇللانىڭ تاغىسىنىڭ ئۆيىدىن ئىككى دوستى بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇ ھويلىغا كىرىشىگە مېھمانخانىدىن ئابدۇراخمان مەخسۇم چىقتى. ئۇ ئابدۇخالىقنى كۆرۈپ:

— دەل ۋاقتىدا كەلدىڭىز. مېھمانخانىدا مەخسۇتباي ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ تېخى يېڭىلا كەلدى. كىرىپ سالام بېرىڭ، — دېدى.

ئابدۇخالىق «ھىم» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ مېھمانخانىغا كىردى.

# لىگالار بىلەن ئامىرلار پاجىئەسى

ئابدۇخالىق مېھمانخانىغا كىرىپ مەخسۇت مۇھىتىغا سالام بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. مەخسۇت مۇھىتى ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

— سىزنى ھازىر «پارس، ئەرەب تىللىرىنى ئۆگىنىۋېتىپتۇ» دەپ ئاڭلايمىزغۇ؟ — سورىدى مەخسۇت مۇھىتى قىزىقىپ.

— نىياز موللام پارس تىلىدىن دەرس بېرىۋاتىدۇ، ھەمدۇللا داموللام «پارس تىلىنى ئالدى بىلەن ئۆگەنسۇن، ئەرەب تىلىدىن كېيىنچە ئۆزۈم دەرس بېرىمەن» — دېگەن، — دېدى ئابدۇخالىق.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، تىرىشىپ ئوقۇڭ، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئىلھاملاندۇرۇپ.

مىجىت ھاجى:

— مەخسۇتباي شەمەيگە تېزرەك مېڭىپ كەتسەك ياخشى بولىدۇ. بۇ دورام كېچىكىپ قالدىڭىزغۇ؟ بىرەر كېلىشمەسلىك بولمىغاندۇ؟ — دېدى سوئال نەزىرى بىلەن.

— شەمەيگە ئېلىپ بارىدىغان ماللارنى تەييارلاپ قويغان. ياڭخىدىن بىر ئۇچۇر كېلىپ قېلىپ كېچىكىپ قالدىم، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى جاۋاب بېرىپ.

— ئامىرلارنىڭ يىغا قىلغان خەۋىرى بولمىسۇن يەنە؟ — دېدى مىجىت ھاجى قىزىقىپ.

— نەق ئۆزى شۇ. ئۆزلەمۇ ئاڭلاپتىلا ـ دە، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى.

مىجىت ھاجى بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. مىجىت ھاجى ئويلىنىپ قېلىپ سورىدى:

— سىزنىڭ ئامىرلار بىلەن ئالدى - بەردىڭىز بارمىدى؟
— يوقسۇ هاجىكا، مەن ئامىر بىلەن بۇرۇنلا تونۇش ئىدىم. ئۇ ناھايىتى جىگەرلىك، باتۇر ئادەم ئىدى، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئىپتىخار بىلەن.
— ئامىر كىمنىڭ پۇشتىدىن ئىكەن؟ — ئىنچىكىلەپ سو-رىدى مىجىت هاجى.
ئابدۇخالىق دادىسى ئېلىپ بەرگەن تۇقاچنى يېمەستىن مەخ-سۇت مۇھىتىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى.
مەخسۇت مۇھىتى ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:
— ئامىرلار لۇكچۇن چىلانباغدا ئولتۇرۇشلۇق ھىمە ئاكى-نىڭ نەۋرىلىرى. ھىمە لىگا دېسە ئۇنى ھەممە بىلىدۇ. ئاتامنىڭ دەپ بېرىشىچە ھىمە ئاكىنىڭ بالىلىرى جىق، تېرىلغۇ يەرلىرى ئاز بولغاچقا يەيدىغان ئاشلىقى يېتىشمەيدىكەن. ئۇ ھەر يىلى ئەتىيازدا مورىيىغا بېرىپ بايلارغا ئىشلەپ، بۇغداي ئورۇپ، كۈز-گىچە سەككىز — ئون تاغار بۇغداي غەملەپ لۇكچۇنگە قايتىپ كېلىپ، كېلەر يىلى يازغىچە شۇ بۇغداي بىلەن جان باقىدىكەن.
بىر يىلى ھىمە ئاكا مورىيىدا بۇغداي ئورۇۋېتىپ ئۇسساپ كېتىپتۇ. بىر ئادەم لىگا (چىلگىنىڭ شاپىقى ئاق بىر خىلى) سېتىپ كەپتۇ. ھىمە — لىگانى سېتىۋېلىپ يەپتۇ. ئۇنىڭ ئورۇ-قىنى لۇكچۇنگە ئېلىپ بېرىپ بېغىغا تېرىپتۇ. لىگا بەك ئوخشاپ-تۇ. ئۇ لىگالارنى بالىلىرى بىلەن يەپ، ئاشقانلىرىنى لۇكچۇن بازىرىغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا لىگا دېگەن لەقەم سىڭىپ قاپتۇ.
ھىمە لىگانىڭ توققۇز قىز، بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇنىڭ چوڭ قىزى گۆھەرخاننىڭ مەستى، مەجىلىل، مەتاقى، ئابدۇرې-ھىم، ئەخمەت بالدۇر ئىسىملىك بەش ئوغلى بولغان ئىكەن. ئۇلارغا چوڭ دادىسىنىڭ لەقىمى سىڭىپ قاپتۇ. مەستى لىگا چوڭ بولۇپ كارغا يارىغۇدەك بولغاندا ئاتىسى قازا قىلىپ ئالەمدىن

ئۆتۈپتۇ. لۇكچۇندە جان باقماق تەس بولغاچقا مەستى لىگا ئۆزى-
نىڭ ئىنىلىرىنى باشلاپ ياڭخىغا كۆچۈپ كەپتۇ. ئاكا - ئۇكا
لىگالار ياڭخىدا بايلارنىڭ كارىزىنى چېپىپ تىرىكچىلىك قىلىپ-
تۇ. ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپتۇ. مەستى لىگا ئىنىلىرىغا:
— ئۆزىمىز بىر كارىز چېپىپ، سۇ چىقىرىپ يەر ئېچىپ
تېرىقچىلىق قىلساق بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.
بۇ گەپكە مەستى لىگانىڭ ئىنىلىرى قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار يەتتە
يىل ئىشلەپ بىر كارىزنى چېپىپ پۈتكۈزۈپ كۈنىگە 15 مو يەر
سۇغىرىلىدىغان سۇ چىقىرىپتۇ. ئۇلار بوز يەر ئېچىپ بۇغداي،
قوناق تېرىپتۇ. تۇنجى يىلىلا ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرى ئوخشاپ مول
ھوسۇل كۆزگە كۆرۈنۈپ قاپتۇ. بىراق «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا
تەگسە، بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ» دېگەندەك ياڭخى پۇقرالىرىنىڭ
ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان سېلىقىنى ھۆددىگە ئېلىۋالغان ھىزىمەت
شاڭيۇ لىگالارغا ئۈچ يىللىق سۇ، يەر بېجى ئۈچۈن 10 دادەن[1]
بۇغداي سېلىق ساپتۇ. لىگالار شاڭيۇغا يېلىنىپ، يالۋۇرغان
بولسىمۇ، ئۇنۇمى بولماپتۇ. شۇ يىلى لىگالارنىڭ يېرىدىن توققۇز
دادەن بۇغداي چىقىپتۇ. لىگالار ئىلاجىسىز بايلاردىن بىر دادەن
بۇغداي قەرز ئېلىپ ھۆكۈمەتكە باج سېلىقنى تاپشۇرۇپتۇ. لىگالا-
ر ئەمدى «ئۇھ» دەپ تۇرۇشىغا لۇكچۇن ۋاڭىنىڭ بەگلىرى كې-
لىپ ئۇلارنى ئالۋانغا تۇتۇپ كېتىپتۇ. ئاكا - ئۇكا لىگالار
ئۆيلىرىدىن ئايرىلىپ ۋاڭىنىڭ پىچان چوققا تامدىكى نەچچە يۈز
مو يەرگە تېرىغان بۇغدايلىرىنى ئورۇپتۇ. ئورمىدىن كېيىن
خاماندا ئىشلەپتۇ، كەچكۈزدە ئالۋاننى تۈگىتىپ ياڭخىغا قايتىپ
كەپتۇ. ئۇلار مەھەللىگە كىرىشىگە ئۇلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرى
يىغا - زارە بىلەن ئالدىغا چىقىپتۇ.
مەستى لىگا خوتۇنى چولپانخاندىن بەزى ئىشلارنى ئاڭلاپ

---

① دادەن — بىر دادەن بۇغداي 10 كۈرە، بىر كۈرە بۇغداي 40 جىڭ كېلىدۇ.

زادى تاقەت قىلالماپتۇ. ئەرلىرى ئالۋانغا كەتكەندە ھىزىمەت شاكىيۇ ۋە ئۇنىڭ دورغىلىرى لىگالارنىڭ خوتۇنلىرىنى بوزەك قىلىپ زار - زار قاقشىتىپتۇ. ھىزىمەت شاكىيۇ مەجىلىلىنىڭ خوتۇنى ئالماراخاننى ئاياغ - ئاستى قىلىشقا ئۇرۇنۇپ مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ. ھىزىمەت شاكىيۇ بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماپتۇ. ئۇ ۋاڭنىڭ بەگلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئابدۇرېھىم لىگانىڭ خوتۇنى ياش، چىرايلىق بولغاچقا ئۇنى سۇلتان مامۇت ۋاڭنىڭ ھەپتىدە بىر ئۆتكۈزىدىغان مېلىس مەشرىپىگە مەجبۇرەن ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ۋاڭ مەشرەپكە قاتناشقان قىز - چوكانلارنى خالىغانچە ئاياغ - ئاستى قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان مەستى لىگا بۇنى ئاڭلاپ كېچىچە ئۇخلىماي قانداق قىلىشنى ئويلاپتۇ. ئۇ ئەتىسى ئىنىلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى دەپتۇ. ئاكا - ئۇكا لىگالار مەسلىھەتلىشىپ لۇكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا بېرىپ بەگلەر ۋە ھىزىمەت شاكىيۇ ئۈستىدىن ئەرز قىپتۇ. ئابدۇرېھىم لىگا غەزىپىنى باسالماي ۋاڭنىڭ ئالدىدا «پاك» قىلىپ مىلتىقدىن ئوق چىقىرىپ تاشلاپتۇ. قورقۇپ كەتكەن ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى ئابدۇرېھىم لىگانى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلاپتۇ. لىگالار ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ قورشاۋنى بۇزۇپ ئوردىدىن قېچىپ چىقىپ ھىزىمەت شاكىيۇنىڭ قورۇسىغا باستۇرۇپ كىرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن نۇرغۇن نامرات، يوقسۇل دېھقانلار ئۇلارغا ئەگىشىپ بىر قوشۇن بولۇپ ھىزىمەت شاكىيۇ ۋە گۆرۈكەش جازانىخورلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۆلتۈرۈپتۇ. سۇلتان مامۇت ۋاڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ بۇ ۋەقەنى تۇرپان يامۇلىغا خەۋەر قىپتۇ. تۇرپان يامۇلى لىگالارنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن يۈزدىن ئوشۇق ئەسكەر ئەۋەتىپتۇ. قوزغىلاڭچىلار ياڭخىنىڭ سىڭىر دېگەن يېرىدە يامۇل ئەسكەرلىرى بىلەن ئىككى كۈن قاتتىق جەڭ قىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى يامۇل ئەسكەر كۆپەيتىپ لىگالارنى قورشىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ئون

نەچچە ئادىمىنى تىرىك تۇتۇۋاپتۇ. زالىم ھۆكۈمەت لىگالارنىڭ پۇتۇن ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى ھەتتا بۆشۈكتىكى بالىسىدىن تارتىپ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

مەخسۇت مۇھىتى سۆزلەشتىن توختاپ ئالدىدىكى چىنىنى قولىغا ئېلىپ چاي ئىچىشكە باشلىدى.

مىجىت ھاجى:

— مەخسۇتباي سىزدىن ئامىرلارنى سورىساق، لىگالارنى سۆزلەپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق ئامىرلارنىڭ يىلتىزى لىگالارغا تۇتىشىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى چىنىنى داستىخانغا قويۇپ.

ئابدۇخالىق چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى. مەخسۇت مۇھىتى سۆزلەشنى داۋام قىلدى:

— ئامىر ھىمە لىگانىڭ كىچىك قىزى مەرەمخاننىڭ چوڭ ئوغلى. ئۇلار ئامىر، كامىل، كازىم، نازىم، يۇنۇس، يۇسۇپ ئىسىملىك ئالتە ئاكا ـ ئۇكا ئىكەن. ئۇلارمۇ مەستى لىگالاردىن بىرنەچچە يىل كېيىن لۈكچۈندىن ياڭخىغا كېلىپ كارىز چېپىپ تېرىقچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرگەن. ئۇلار چاپقان كارىز «ئامىر كارىز» دەپ ئاتالغان.

ئامىر كارىزنىڭ شىمالىي تەرىپىدە سېمىزنىڭ كارىزى دەپ ئاتالغان بىر خەنزۇ گۆرۈكەش باينىڭ كارىزى بولغان. بۇ سېمىز باي بۇ مەھەللىدە بىر گۆرۈخانا ئېچىپ جازانىخورلۇق قىلىپ ناھايىتى بېيىپ كەتكەن. ياڭخى يۇقىرالىرى سېمىز باينىڭ گۆرۈخانىسىدىن ئۆزلىرىگە لازىملىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى كۆزدە يەردىن ھوسۇل ئالغاندا تاپشۇرۇش بەدىلىگە يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز ئورنىدا ئېلىپ كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن. سېمىز باي جازانىخورلۇق قىلىپ ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۆسۈمنى بەك ئۆستۈرۈۋەتكەچكە ياڭخىدىكى ھەر ئون ئادەمنىڭ بەش — ئالتىسى ئۇنىڭغا قەرزدار بولۇپ قالغان. سېمىز باي تۇرپان يامۇلىنىڭ ئامبال،

يۈجى (ھەربىي ئەمەلدار) قاتارلىق ئەمەلدارلىرىغا پات ـ پات پارە بېرىپ، سوغا ـ سالام يوللاپ تۇرغاچقا، يامۇل ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن سىمىز باي يامۇلغا تايىنىپ پۇقرانى بوزەك قىلىپ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن. پۇقرالارنى قەرزنى قايتۇرۇشقا قىستىغان. بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سىمىز باينىڭ تۇرپانغا كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئامىرنىڭ ئۇكىسى نازىم بىلەن يۇنۇس مەھەللىسىدىكى ئون نەچچە ئادەمنى باشلاپ بېرىپ يېرىم كېچىدە سىمىز باينىڭ قورۇسىغا بارغان. ئۇلار سىمىز باينىڭ قورۇسىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۆي ۋە ئامبارلىرىنى ئاختۇرۇپمۇ گۆرۈ قەرز ھېسابات دەپتىرىنى تاپالمىغان. ئۇلار قەرز ھېسابات دەپتىرىنى ئاختۇرۇۋاتقاندا سىمىزنىڭ غوجىدارى سەپەر كەتمىنى چوڭ، سىمىزنىڭ قولچوماقلىرىنى باشلاپ كەلـ-گەن. ئىككى تەرەپ بىر پەس تاياق ـ توقماق بىلەن قاتتىق ئېلىشقان بولسىمۇ، سەپەر كەتمىنى چوڭنىڭ ئادەملىرى كۈچلۈك كېلىپ نازىم بىلەن يۇسۇپنى تۇتۇۋېلىپ قاتتىق ئۇرغان. يۇسۇپ ھوشىدىن كەتكەن، نازىم تاياق زەربىدە ئۆلگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن غەزەپكە كەلگەن ئامىر ۋە ئۇنىڭ ئۇچ ئۇكىسى ئۆزلىرىنىڭ ئوۋ مىلتىقلىرى، قىلىچ بىلەن قوراللىنىپ جازانخور گۆرۈكەش سىمىز باي ۋە سەپەر كەتمىنى چوڭدىن ئۆچ ئېلىشقا ماڭغان. ئامىرلارنىڭ قوزغالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ياڭخى پۇقرالىرى تاياق ـ توقماق كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قوشۇلغان. بىرنەچچە يۈز ئادەم سىمىزنىڭ قورۇسىنى قورشىۋالغان. ئامىر سىمىزنىڭ ئاشلىق ئامبىرىنى ئېچىپ نامراتلارغا سىمىزنىڭ ئاشـ-لىقىنى ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن. بۇ چاغدا ھىيلىگەر سەپەر كەتمىنى چوڭ ياڭخىدىن يوشۇرۇنچە قېچىپ چىقىپ تۇرپانغا كېلىپ يامۇلـ-غا ئامىرلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان. بۇ-نىڭدىن خەۋەر تاپقان تۇرپان يامۇلىنىڭ ئامبال، ھەربىي ئەمەلـ-دارلىرى دەرھال يۈز ئەسكەرنى ياڭخىدىكى ئامىرلار قوزغىلىڭىـ-

نى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن.

قوزغىلاڭچىلار ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن ئۈچ كۈن جەڭ قىلغان. بىراق ئاخىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچى ئاز، قورالـلىرى ناچار بولغاچقا ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئۇلارنى قورشاپ تۇتۇۋالغان. ئاڭلىسام تۇنۇگۈن كېچە ئامىرلارنى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى تۇتقۇن قىلىپ تۇرپانغا ئەكېلىپ يامۇلنىڭ زىندانىغا قاماپ قويۇپتۇ ...

مەخسۇت مۇھىتى سۆزلەشتىن توختاپ بىر نۇقتىغا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

خىزمەتكار كىرىپ تاماق تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى. مىجىت ھاجى خىزمەتكارغا تاماقنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى. تاماق ۋاقتىدا ئابدۇخالىق مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ مىجىت ھاجى، مەخسۇت مۇھىتى ئۇن نەچچە سودىگەر بىلەن بىرگە كارۋان تارتىپ مال ئېلىپ روسىيىنىڭ شەمەي شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار يولغا چىقىپ بىر ئايدىن كېيىن تۇرپان كوناشەھەرنىڭ شىمالىدىكى شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان جازا مەيدانىدا تۇرپان يامۇلىنىڭ پەرمانى بويىچە ئامىر، كازىم، كامىل، يۇنۇسلار ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

ئامىرلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىقنىڭ ئۈچ كۈنگىچە زادىلا گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆزىنى خۇددى يېقىن كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك قايغۇلۇق ھېس قىلىپ يۈردى.

# تام ئۈستىدە يېزىلغان شېئىر

ھەمدۇللا داموللام 1909 ـ يىلى يازدا مەدرىسنى كېڭەيتىپ سالدى. شۇ يىلى مەدرىسنىڭ دەرسخانا، تالىپلارنىڭ ھۇجرىلىرى قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك ئۆيلەر پۈتۈپ بولغان ئىدى. بۇ يىل ئەتىياز كېلىپ ھاۋا ئىسسىشى بىلەن مەدرىسنىڭ كونا دەرۋازىسىنى ئېلىۋېتىپ يېڭى دەرۋازا ئورنىتىلىۋاتاتتى. شۇڭا ئابدۇخالىق ساۋاقداشلىرى بىلەن يېرىم كۈن ئوقۇپ، يېرىم كۈن ئەمگەككە قاتناشتى.

ئابدۇخالىق بىرنەچچە بالا بىلەن شەھەر سىرتىدىن ھارۋا بىلەن توشۇپ كېلىنگەن كېسەكنى كۆتۈرۈپ ئىش ئورنىغا ئەكېلىشكە باشلىدى. بالىلارنىڭ ئىچىدە نۇرۇللانىڭ بويى ئېگىز، يېشىمۇ چوڭراق بولغاچقا ئۇ ھارۋىدىن ساۋاقداشلىرىغا كېسەك ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئابدۇخالىقنى كىچىك دەپ دۈمبىسىگە ئىككى كېسەكنى ئېلىپ بېرىپ توختاپ قالدى. ئالدىغا ئېڭىشىپ تۇرغان ئابدۇخالىق بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— يەنە ئىككىنى، — دەپ تۇرۇۋالدى.

نۇرۇللا پېشانىسىدىكى تەرنى كۆينىكىنىڭ پېشى بىلەن ئېرتتى ـ دە، ئابدۇخالىققا قاراپ كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قويدى. ئۇ قىزىقچىلىق قىلىپ:

— باشقىلارغا تۆتنى ئارتسام،
جىق كەتتى دەپ غىڭشىيدۇ.
يەمشىلىكنىڭ ئېشىكىدەك،
تېز ماڭمايدۇ، لىڭشىيدۇ.

دەپ قوشاق توقۇدى.

بۇنى ئاڭلىغان بالىلار پاراققىدە كۈلۈپ سەكرىشىپ كېتىشتى.

— هوي بالاموي، ئۆزۈڭ كىچىك بولغىنىڭ بىلەن ئەجەپ ئەپلىك قوشاق توقۇدىڭا. كىمنىڭ بالىسى سەن؟ — دېدى. مەدرىس دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى كېمىر شەكلىدىكى ئەگمە تامنى ياساۋاتقان تامچى يەرگە قاراپ. نۇرۇللا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاردى. ئۇ تام قوپۇرۇۋاتقان موللا روزىمەت[1] ئاكىنى كۆردى. موللا روزىمەت ئاكا يەردىكى ئۆزىگە قاراۋاتقان بالىنى تونۇۋالدى.

— هە نۇرۇللا توقۇغان قوشىقىڭ خېلى جايىدا جۇمۇ. هە تېز بول، كېسەك ئۆكسۈپ قېلىۋاتىدۇ، تېز - تېز ئەكېلىڭلار، — موللا روزىمەت ئاكا.

بۇ چاغدا ئابدۇخالىق دۇمبىسىدىكى كېسەكنى توشۇپ بولۇپ هارۋا قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن ئىدى. نۇرۇللا ئالدىدىكى هېسامىدىنغا كېسەك ئېلىپ بېرىپ بولۇپ بالىلارغا تامچى ئۈستىنى كۆرسىتىپ دېدى:

— ئۇ ئادەم شائىر، ئاتامنىڭ ئاغىنىسى، ئىسمى موللا روزىمەت ئاكا. مەن ئۇنىڭ بىر ئاي بۇرۇن بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە ئوقۇپ بەرگەن بىر شېئىرىنى يادلىۋالغان. ئابدۇخالىق نۇرۇللانىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تام بېشىغا قارىدى: بېشىغا ئاق بۆك كىيگەن، كەڭ پېشانىسىدا پۇرچاقتەك تەرلەر تاڭ شەبنىمىدەك پارقىراپ تۇرغان بۇغداي ئۆڭلۈك، قويۇق قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى چوڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان تامچى ئۈستا يوغان قولىنى پەسكە سوزۇپ شاگىرتلىرىنى ئالدىرىتىپ «هە كېسەك، قېنى تېز - تېز!» دەيتتى. يەردە تۇرغان ئىككى شاگىرتى ئۇنىڭغا توختىماي كېسەك ئېتىپ بېرىپ ئاران ئۈلگۈرەتتى. ئابدۇخالىققا موللا روزىمەت ئاكىنىڭ تومۇرلىرى كۆپچۈپ چىققان يوغان،

---

[1] موللا روزىمەت — (1867 — 1930 - يىللار) تۇرپاندا ئۆتكەن شائىر.

ئەپچىل قوللىرىدا بىر سىرلىق كۈچ باردەك تۇيۇلدى. «ئۇ تامچى ئۇستام راستىنلا شائىرمىدۇ؟ نۇرۇللا يالغان ئېيتمىغاندۇ» ئابدۇخالىقنىڭ نەزىرىدە موللا روزىمەت شائىرغا ئانچە بەك ئوخشىمايتتى. ئابدۇخالىق شائىرلارنى تولاراق بېشىدا ھەيۋەتلىك سەللە، ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەن، چىرايى سۇرلۇك ھەمدۇللا داموللام سىياقىدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، بەزەن شائىرلارنى خېلىل موللامغا ئوخشاشمىكىن دەپ قىياس قىلاتتى.

— مەن موللا روزىمەتكامنىڭ بىر ئاي بۇرۇن بىزنىڭ ئۆيدە ئوقۇغان شېئىرىنى يادلىۋالغان، — دېدى نۇرۇللا بايىقى گېپىنى يەنە تەكرارلاپ.

— يالغان!

بىرنەچچە بالا چۇرقىراشتى.

— سەن نۇرۇللا يالغان ئېيتىپ بۆكىمىزگە جىگدە سالىمەن دىمە جۇمۇ — دېدى چاقچۇق لەقەملىك ئابلىز دېگەن بىر بالا.

— يالغان سۆزلەشكە نەدە چولام، ئەگەر يالغان ئېيتقان بولسام قۇلىقىمنى چاقچۇق بىلەن كېسىپ بىرەي، — دېدى نۇرۇللا ئابلىزغا قاراپ.

بۇ گەپ بىلەن بالىلار كۇلۇشۇپ كېتىشتى. ئابلىز چاقچۇقنىڭ ئاق سېرىق يۇزى قانسىراتقان ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى. نۇرۇللا پەرۋاسىز ھالدا گويا ھېچبىر ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىز ھالدا بالىلارغا:

— ھارۋا كەلگىچە ئاۋۇ سايىغا بېرىپ بىردەم ئولتۇرايلى، — دېدى جەپىر توختىنىڭ سامسىخانىسىنىڭ ئالدىنى كۆرسىتىپ.

— جۇرۇڭلار!

بالىلار مەدرىسىنىڭ كۇن پېتىش تېمىغا يانداش سېلىنغان جەپىر توختىنىڭ سامسىخانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ نۇرۇللانى ئوراپ ئولتۇرۇشتى. نۇرۇللا ئابدۇخالىقنى يېنىغا چاقىرىۋالدى.

— نۇرۇللا پات بول، نەزمىنى يادلا. بولمىسا هارۋا كېلىپ قالىدۇ، — دېدى چوڭراق بىر تالىپ بالا.

نۇرۇللا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزلىرىدىن يۇز قەدەمچە نېرىسىدا تام بېشىدا ئىشلەۋاتقان موللا روزىمەت ئاكىغا قاراپ قويۇپ دېدى:

— موللا روزىمەت ئاكام ئۇرۇمچىگە چىقىپ توقۇغان شېئىر. ئۇنداق بولسا ئوقۇدۇم هە.

— يازلىقى چىقسا كىشى ئارزۇ قىلىپ ئۇرۇمچى دەپ،
سەيلىرى ئاختۇرما[1] كۇدە، بازارلىرى لاي ئىكەن.
غېرىب بولۇپ يۇرسىلە كوچىدا پاتقاق كېچىپ،
كەمبەغەل بىچارىلەرنىڭ هالىغا ۋاي ئىكەن.

كەمبەغەل بىچارىلەر ياتسا كىم بەزگەك بولۇپ،
دەردىگە دەۋا تېپىلماي نەچچىسى بىمار ئىكەن.
ساقىيىپ چىقسا زەئىپلەر قولىغا ئورغاق ئېلىپ،
بارسىلا سەهرا تەرەپكە نەچچە ئاي ئىش بار ئىكەن.

باش توخۇ[2] دا قويسىلا خۇپتەنگىچە ئورغاق سېلىپ،
بۇ تەرىقە ئىشلىسە ئۆز يۇرتىدا پۇل بار ئىكەن.
بەزىلەر گاڭگۇڭ بولۇپ[3] ئۆز يۇرتىدا شۇڭقار ئىدى،
ناگاهان كەلسە بۇ يۇرتىغا لاچىن ئۇرغان سار ئىكەن.

يوق ئىدى قەۋهى - قېرىنداش ياقا ياشتىن بىر كىشى،
ئاه ئۇرۇپ غېرىب بولۇپ بۇ كوچىدا خار ئىكەن.
تاڭ سەهەردىن كەچكىچە قىلسىمۇ مەدىكارچىلىق،
غېرىب ئۇچۇن بۇ كوچىلار، بەكمۇ قىستاڭ تار ئىكەن.

---

① ئاختۇرما — تۇرۇپ (چامغۇر) نىڭ تۇرپان شىۋىسى.
② باش توخۇ — تاڭغا يېقىن توخۇنىڭ بىرىنچى قېتىم چىللىشىنى دېمەكچى.
③ گاڭگۇڭ — باتۇر، باشقىلارغا بوزەك بولمايدىغان ئادەم.

نۇرۇللا موللا روزىمەت ئاكىنىڭ شېئىرىنى ياد ئوقۇپ بول-غاندا جەپىر توختىنىڭ سامساخانىسىنىڭ ئالدى ئىمتاسلىقتا چۆك-كەن ئىدى. بۇ يەرگە تالىپلاردىن باشقا كوچىدىن ئۆتۈۋاتقان بىرمۇنچە ئادەملەر يىغىلىشقان ئىدى. توپ ئىچىدىن كىمنىڭدۇ ئاھ ئۇرۇپ پۇشۇلدىشى ئېنىق ئاڭلاندى.

— بەزىلەر ئۆز يۇرتىدا شۇڭقار ئىدى— دېگىنى مېنىڭ رەھمەتلىك ئاتام ئابدۇرازاق زورىنىڭ ئۆزى شۇ، — دېدى. توپ-نىڭ كەينىدە تۇرغان ساقال - بۇرۇتى يېڭىدىن خەت تارتقان، ماتادىن ئىشتان - كۆينەك كىيگەن 18 ياشلاردىكى بىر دېھقان يىگىت يىغلامسىراپ گېپىنى داۋام قىلىپ، — ئاتام چاتقال تەۋە-سىدە ھېچبىر ئادەمدىن يىقىلىپ باقمىغان چېلىشچى پالۋان - زور ئىدى. ئۆتكەن يىلى ئەتىيازدا ئاتام: «بالام ئابدۇغاپپار قارى بۇ يۇرتتا بىزنىڭ كۈن كەچۈرمىكىمىز تەس بولۇپ قالدى. تاغ ئارقىسىغا بېرىپ بىرەر ياز ئىشلەپ كېلەيلى» — دېدى. بىز ئاتام بىلەن ئىككىمىز بىر ئېشەككە نان - ئوزۇق، چاپان - چارىمىزنى ئارتىپ ئۆزىمىز پىيادە مېڭىپ تۇرپاندىن ئۇرۇمچىگە بىر ھەپتىدە باردۇق. ئۇرۇمچىدە ئىش ئىزدەپ ئۈچ كۈن يۇردۇق. تۆتىنچى كۈنى قادىر بوتۇڭ (ئىش ھۆددىگە ئالغۇچى) دېگەن ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ بىزنى مىچىۋەنىڭ گۇمىدى دېگەن يېرى-دىكى بىر باينىڭ قورۇقىغا باشلاپ باردى. بىز ئاتا - بالا ئەتىياز-دىن كۈزگىچە ئاشۇ زېمىندار باينىڭ ئېتىزىدا ئىشلىدۇق. بىز كېلىپ ئون كۈندىن كېيىن بىرنەچچە ئىشلەمچىلەر كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە روزاخۇن دېگەن بىر ئادەم خوتۇنىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. قادىر بوتۇڭ روزاخۇننىڭ خوتۇنى ئىمانىخاننى ئىشلەمچىـلەرگە تامـاق ئېـتىپ بەرسـۇن دەپ ئاشـخانـىغا ئورۇنلاشتۇردى.

بىر كۈنى مەن كەچتە تامغا قاراپ ياتقان ئىدىم. روزاخۇن كىردى. ئۇ مېنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئاتامغا قادىر

بوتۇلۇق ئۈستىدىن دەرد تۆكۈپ يىغلاپ كەتتى: قادىر بوتۇلۇق روزاخۇننى يىراق جايغا ئىشقا ئەۋەتىۋېتىپ ئۇنىڭ ياش خوتۇننى ئايىغ - ئاستى قىلىپ بوزەك ئېتىدىكەن. ھەر كۈنلۈكى داۋاملىشىۋاتقان بۇنداق زۇلۇم، خورلۇققا چىدىمىغان ئىمانىخان ئېرىگە بىر كۈنى كەچتە يىغلاپ تۇرۇپ دەردىنى تۆكۈپتۇ. روزاخۇن ئاتامنى يېقىن كۆرۈپ ئىچ باغرىنى تۆكتى. بۇنى ئاڭلاپ ئاتامنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ جان - پېنى چىقىپلا كەتتى.

ئاتام شۇ ئاخشىمىلا قادىر بوتۇڭغا قاتتىق تەگدى. قادىر بوتۇلۇق ئاتامنىڭ پەيلىگە قاراپ بېقىپ تولكىلىك قىلىپ قىلمىشىغا توۋا قىلغان بولۇپ گۇناھىنى تونۇپ روزاخۇندىن ئەپۇ سورىدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ قادىر بوتۇلۇق يوقىلاڭ بىر ئىشنى باھانە قىلىپ ئاتامنى ھاقارەتلىدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان ئاتام ئىككى ئېغىز گەپ ياندۇرۇشىغا قادىر بوتۇلۇق ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان بەش قولچوماقچىسىنى چاقىرىپ ئاتامنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئاتام باتۇر، كۈچتۈڭگۈر ئادەم بولغاچقا قادىر بوتۇڭنىڭ ئادەملىرىنى ئۆزى يالغۇز سۇرۇپ - توقاي قىلىپ ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان قادىر بوتۇلۇق ئاتامنىڭ كەينىدىن تۇيۇقسىزلا كېلىپ كالتەك بىلەن قاق شىرىقىغا قاتتىق ئۇردى. ئاتام گۈپ-پىدە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى سۇنۇپ كېتىپتۇ.

ئىشلەمچىلەر ئاتامنىڭ پۇتىنى تېڭىپ قويدى. مەن قادىر بوتۇڭنى بايغا ئەرز قىلدىم. قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدۇ دەپ باي قادىر بوتۇڭنى ياقلاپ، بارلىق گۇناھنى ئاتامغا ئارتىپ قويدى. قادىر بوتۇلۇق ئالتە ئايلىق ئىش ھەققىمىزنى بەرمىدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك ئېشىكىمىزنى تارتىۋېلىپ بىزنى قورۇقىدىن ھەيدەپ چىقاردى. بىزگە ئىچى ئاغرىغان ئىشلەمچىلەر پۇل يىغىش قىلىپ بىر ئېشەك سېتىۋېلىپ ئاتامنى مىندۇرۇپ قويدى.

مەن ئاتامنى ئىشەككە مىندۈرۈپ ئۈرۈمچىدە سۈنۈقچى ئىزدەپ يۈرۈپ دۆڭكۆۋرۈكتە موللا روزىمەتتىكام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ئاتامنىڭ هالىغا بەك ئىچىندى هەم بولغان ۋەقەنى ئاڭلاپ ناهايىتى غەزەپلەندى.

سۈنغان يەرنى سۈنۇقچىغا تاڭدۇرغىچە هاۋا ئىسسىق بولغاچقا سۈنغان پۇتنىڭ گۆشى جاراهەت بولۇپ قۇرۇتلاپ كەتتى. مەن ئاتامنى چاتقالغا ياندۇرۇپ ئەكەلدىم. ئاتام ئىككى ئايدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى ...

يىگىتنىڭ هېكايىسى ئابدۇخالىققا كۈچلۈك تەسىر قىلدى. ئۇ قادىر بوتۇڭنىڭ ئەسكىلىكىدىن قاتتىق نەپرەتلەندى. چاتقاللىق ئابدۇرازاق زور ۋە ئۇنىڭ ئوغلى غاپپارنىڭ بىھۇدە چەككەن زۇلۇم ـ كۈلپەتلىرىگە ئىچى ئاغرىپ جايىدا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ خىيالىنى جەپىر توختىنىڭ:

— قېنى باللىرىم سامسا يەڭلار، كېسەك توشۇپ هاردىڭلار، — دېگەن گېپى ئۈزۈپ قويدى.

جەپىر توختى باللارنىڭ ئالدىغا بىر لېگەن سامسىنى قويدى.

— رەهمەت جەپىر ئاكا، هەجەپ ياخشى قىلدىڭ، — دېدى نۇرۇللا.

ئۇ لېگەنگە قول سۇنغان بىر بالىنىڭ قولىغا پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ سامسىدىن ئىككىنى ئۇنىڭغا بەردى. ئارقىدىن تازا سارغىيىپ پىشقان ئىككى سامسىنى ئابدۇخالىققا بەردى. ئابدۇخالىقنىڭ قورسىقى ئاچقانىدى. ئۇ مەززىلىك سامسىنى ئىشتىها بىلەن يېدى. ئۇ بۈرۈن بۇگۈنكىدەك ئەمگەك قىلىپ باقمىغان ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ دۈمبىسى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. پۇت ـ قوللىرى تېلىپ كەتكەن ئىدى. بىراق قولىدىكى سامسا ئۇنىڭغا شۇنداق مەززىلىك تېتىدىكى ئۇ «دۇنيادا ئەڭ تاتلىق يېمەكلىك سامسا بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالدى. ئابدۇخالىق ئىككى

سامسىنى يەپ بولۇپ نۇرۇللا سۇنغان پىيالىدىكى چاينى راھەتلى- نىپ ئىچتى. پېشانىسىدىن پىژژىدە تەر چىقتى. شۇنىڭ بىلەن پۇت - قولىغا ماغدۇر كىرىپ ئۆزىنى يەڭگىل، تېتىك ھېس قىلدى.

— ھارۋا كەلدى! — دەپ ۋارقىرىدى كىمدۇ بىرى. باللار دۇئا قىلىشىپ جەپىر سامسىپەزگە رەھمەت ئېيتىپ يۈگۈرۈشۈپ ھارۋىنىڭ قېشىغا كەلدى.

باللار كەينى - كەينىدىن كەلگەن ئون ھارۋا كېسەكنى توشۇپ بولغان چاغدا تام ئۈستىدىن موللا روزىمەت ئاكىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەمدى بىردەم ھاردۇق ئېلىڭلار!

ئابدۇخالىق تام ئۈستىگە قاراپ ھەيران قالدى. موللا روزى- مەت ئاكا بىلىگە باغلىۋالغان پوتىسىنى يېشىپ ئۇنىڭدىن بىر تۈگۈنچەكنى چىقاردى. ئابدۇخالىق «تۈگۈنچەكتە يەيدىغان نېنى بار ئىكەن» دەپ ئويلىغان ئىدى. موللا روزىمەت ئاكا تۈگۈنچەك- تىن نان ئەمەس، بىر قۇتا سىياھ ۋە بىر پارچە قەغەزنى چىقار- دى. ئۇ قولىقىغا قىستۇرۇۋالغان قومۇش قەلەمنى قولىغا ئېلىپ تام ئۈستىدە بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ھېلىقى قەغەزنى تىزىغا يايدى. ئۇ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن قەلەمنى قۇتىدىكى سى- ياھقا تەگكۈزۈپ قەغەزگە خەت يېزىشقا باشلىدى.

ئابدۇخالىق بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشكە ھەس - ھەيرانۇ بولۇپ قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ئۇ موللا روزىمەت ئاكىنىڭ نېمە يېزىۋاتقىنىنى بىلگۈسى كېلەتتى. ئۇ ئاخىرى قېشىدا تۇرغان نۇرۇللادىن سورىدى:

— موللا روزىمەت ئاكا نېمە يېزىۋاتىدىغاندۇ؟

نۇرۇللا تام ئۈستىگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ دېدى:

— شائىر دېگەن شېئىر يازمامدۇ؟ ئۇ دېگەن شۇنداق شا- ئىر. قەغەز، قەلەم، سىياھنى يېنىدىن ئاجراتمايدۇ. خىيالىغا

كەلسىلا قىلىۋاتقان ئىشنى دەرھال توختىتىپ شېئىر يازىدۇ. مەن ئۇنىڭ شۇنداق شېئىر يازغىنىنى نەچچە قېتىم كۆرگەن.

ئابدۇخالىق بويىنىنى سوزۇپ موللا روزىمەت ئاكىنىڭ قولىغا قارىدى. تېخى بايىلا يوغان كېسەكلەرنى ئاجايىپ ئەپچىللىك بىلەن تىزىپ تام قوپۇرۇۋاتقان بۇ يوغان خىسلەتلىك قوللار ئەمدى قەلەمنى قەغەز ئۈستىدە ئەركىن ئوينىتىپ ھېسسىيات دېڭىزىدىن سۆز دۇردانىلىرىنى سۇزۇپ مىسرالارنى تۇزۇۋاتاتتى.

ئابدۇخالىقنىڭ ئېسىگە بىردىنلا پىر ئۇستاز شائىر ئەلىشىر نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ «چار دىۋان»، «خەمسە» ناملىق چوڭ ـ چوڭ كىتابلىرى كەلدى. «ئۇستاز نەۋائىمۇ شېئىرلىرىنى مۇشۇنداق يازغانمىدۇ؟» دېگەن شۇ خىياللار ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەچتى.

ئابدۇخالىق موللا روزىمەت ئاكىغا ئاجايىپ قىزغىن ھەۋەس بىلەن قارىغانسېرى موللا روزىمەت ئۇنىڭغا غايەت زور گىگانت ئادەم بولۇپ كۆرۈندى. ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر تۇرلۇك شېرىن سېزىم ئابدۇخالىقنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى. «مەنمۇ چوڭ بولسام ئاشۇنداق شېئىر يازىمەن» دەيدىغان بىر خىل ئىشـتىياق ئابدۇخالىقنىڭ بىغۇبار قەلبىدە كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلىپ يانار تاغدەك پارتىلىغان بۇ ھاياجانلىق ھېسسىيات ئۇنىڭ يۇمران باھار مايسىسىدەك ۋۇجۇدىنى تىترىتىۋەتتى. ئۇ ئاستىنقى كالپۇكىنى چىڭ چىشلىدى. كىچىككىنە مۇشتىنى مەھكەم تۈگـدى. ئۇنىڭ ئۇچقۇر خىيال قۇشى قانات كېرىپ ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا باشلىغاندا موللا روزىمەت ئاكا شېئىر يېزىشتىن توختىـدى. شائىر قەلەمنى ئادىتى بويىچە قۇلىقىغا قىستۇرۇۋالدى. ئۇ قۇتىنىڭ ئاغزىنى چىڭ ئېتىپ قويدى. ئالدىدىكى قەغەزگە بىر پەس قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى قولىغا ئالدى.

موللا روزىمەت ئاكىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە زەڭ سېلىپ كۆزىتىپ تۇرغان ئابدۇخالىقنىڭ قۇلىقىغا ئۇنىڭ بوم ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. موللا روزىمەت ئاكا ھازىرلا يېزىپ بولغان

شېئىرىنى ئوقۇشقا باشلىغان ئىدى:
— مو ئېشى ئالۋاڭ ئۈچۈن سېتىلدى يەر، سۇ ھەم داراق[1]
تۈل خوتۇن ساقلالمىدى بىر سۇپرا، بىر قىڭغىراق،
ئۇرۇشۇپ، داۋالىشىپ كىرسە يامۇلغا سوراق.
پۇلى بارنىڭ لى تۇرۇر[2] نامرات يەيدۇ تاياق.
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت، بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.

بەزىلەر دۇنيا ئۈچۈن قىلدى سەپەر داۋان ئېشىپ،
بەزىلەر ئۆيدە تۇرالمايدۇ يەنە قەرزدىن قېچىپ،
بەزىلەر ئۆلدى يەنە دۇنيا ئۈچۈن جاندىن كېچىپ،
بەزىلەر تۆھمەت قىلۇر، نائىلاج قورساق ئېچىپ،
بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت، بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.
.........

ئابدۇخالىق شائىر موللا روزىمەت ئاكىنىڭ ئوقۇۋاتقان مۇخەممەسىنىڭ ئاخىرقى مىسراسى بولغان «بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت، بۇ تاماشانى كۆرۈڭ»نى ئىچىدە ئوقۇپ يادلىۋالدى.

موللا روزىمەت ئاكا يازغان شېئىرىنى ئوقۇپ بولۇپ قەلەمنى قولىغا ئېلىپ ئىككى — ئۈچ يەرنى تۈزىتىپ قايتا يازدى. ئاندىن قەغەزنى ئوبدان قاتلاپ بىلىدىكى تۈگۈنچەك ئىچىگە سېلىپ تۈگۈنچەكنى چىگىپ قويدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ بىر شاگىرتى داستىخاندا نان، سامسا، چەينەكتە چاي ئېلىپ كەلدى. موللا روزىمەت ئاكا تام ئۈستىدىن چۈشۈپ شاگىرتلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ چاي ئىچىشكە باشلىدى.

بىر پەستىن كېيىن كېسەك توشۇۋاتقان هارۋىلار يەنە كېلىشكە باشلىدى. ئابدۇخالىق ساۋاقداشلىرى بىلەن هارۋىلاردىن كېسەكلەرنى ئېلىپ ياسىلىۋاتقان دەرۋازا تۈۋىگە توشۇشقا باشلى-

---

[1] داراق — دەرەخنىڭ تۈرپان شىۋىسى.
[2] پۇلى بارنىڭ لى تۇرۇر — «پۇلى بارنىڭ گېپى ئۆتەر» مەنىسىدە كەلگەن.

دى. باللار بىرنەچچە هارۋىدىكى كېسەكلەرنى توشۇپ بولغاندىن كېيىن مەدرىسنىڭ خەلپىتى سادىق خەلپەت مەدرىس هويلىسىدىن چىقىپ موللا روزىمەت ئاكا بىلەن بىردەم گەپلەشكەندىن كېيىن، باللارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇلارنى ئازاد قويۇپ بەردى.

ئابدۇخالىق مەدرىسنىڭ دەرسخانىسىغا كىرىپ ئۇ يەردىن جىلتىسىنى ئالدى ـ دە، هېسامىدىن ۋە ھەبىبۇللا بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

# ئاجايىپ بالا

يەتتىنچى ئاي كىرىشى بىلەن تەڭ تۇرپاندا هاۋا ئىسسىپ
يەر ـ جاهان تونۇردەك قىزىپ كەتتى. هەمدۇللا داموللام مۇدەر-
رىسلەر بىلەن كېڭىشىپ تالىپلارنى ئىككى ئايلىق تەتىلگە قويۇپ
بەردى.

تەتىل باشلىنىپ ئۈچىنچى كۈنى مىجىت هاجى ئەرەمسىما
خېنىم بىلەن ئابدۇخالىقنى ئېلىپ پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ باغرىغا
مېڭىپ كەتتى. باغرىدا ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ ئاتىسى هىزى-
بۇللا مۇپتىدىن قالغان چوڭ ئۈزۈملۈك بېغىنىڭ ئالدىغا جايلاش-
قان ئازادە هويلىسى بار ئىدى. هويلىنىڭ ئىچىدە ئون ئېغىزدەك
ئۆي بار ئىدى. ئەتراپى ئۈژمە، ياڭاق، چىلان دەرەخلىرى بىلەن
ئورالغان هويلىنىڭ ئالدىدا ئۈزۈم بارىڭى بار ئىدى. هويلىنىڭ
دەرۋازىسى ئالدىنىڭ ئىككى ياقىسىدا ئېگىز تېرەكلەر ئۆسكەن
ئۆستەڭدە ئۇلۇغ سۇ شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. شۇڭا بۇ يەر
شەهەر ئىچىدىن خېلىلا سالقىن بولۇپ هاۋاسى كىشىگە ئارام
بېغىشلايتتى. مىجىت هاجى باغدىكى هويلىدا بىر هەپتە تۇرغاندىن
كېيىن ئۇ يەردە ئەرەمسىما خېنىمنى قالدۇرۇپ ئۆزى ئابدۇخالىق-
نى ئېلىپ چاتقالدىكى كارىزغا مېڭىپ كەتتى.

چاتقالدىكى چوڭ كارىزدا مىجىت هاجى قارا بوران چىقىپ
ئاپەت بولغان يىلى هېيتاخۇنبايدىن سېتىۋالغان هويلىنىڭ تاملى-
رىنى قايتا ياساپ، ئۆيلەرنى هاك بىلەن ئاقارتىپ ئىشىك ـ
دېرىزىلەرنى يېڭىدىن ئورنىتىپ بۇ يەرگە هەسەن هاجىنى ئورۇن-
لاشتۇرۇپ قويغانىدى.

هەسەن هاجى مىجىت هاجىنىڭ كىچىك خوتۇنى زوهرەخان-

دىن تۇغۇلغان ئوغلى ئىدى. ئۇ بۇ ھويلىدا ئايالى ۋە ئاپىسى بىلەن بىرگە تۇراتتى. ھەسەن ھاجى ئاتىسى مىجىت ھاجىنىڭ ئابدۇخالىقنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدى. ئۇ ئىشلەمچى مەڭلىككە دەرھال بىر قوي سويۇشنى تاپشۇردى. ھەسەن ھاجىنىڭ ئايالى مەرەڭگۇزخان ئىككى قوشنا ئايالنى چاقىرىپ كىرىپ تونۇرغا يېڭىدىن نان يېقىشقا تەييارلىق قىلدى. مەڭلىك قوينى سويۇپ پارچىلىدى. ئاڭغىچە ھەسەن ھاجىنىڭ ئايالى مەرەڭگۇزخان گۆشىنى قازانغا سېلىپ پىشۇرۇشقا كىرىشتى.

گۆش پىشقان چاغدا تونۇردىكى نانمۇ پىشىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. ھويلىدىكى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى كەڭ سۇپىغا داستىخان سېلىندى. يوغان لېگەنلەرگە دورا دەرمەك سېلىنىپ مەززىلىك پىشۇرۇلغان پاقلان گۆشى ئېلىنىپ مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇخالىقنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. مىجىت ھاجى «ناھايىتى يۇمشاق، تەملىك پىشىپتۇ» دەپ ماختاپ گۆشنى ئىشتىھا بىلەن يېدى. ئىسسىق نان بىلەن بىر چىنە شورپىنى ئىچىپ بولدى. ئابدۇخالىق قويىنىڭ قوۋۇرغا گۆشىگە ئامراق ئىدى. ئۇمۇ دادىسى بىلەن تەڭلا بىر پارچە قوۋۇرغا گۆشنى يەپ بولدى. مىجىت ھاجى دۇئادىن كېيىن تاھارەت ئېلىپ پېشىن نامىزىنى ئوقۇشقا ھەسەن ھاجى بىلەن ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

داستىخان يىغىشتۇرۇلدى. ئابدۇخالىق ھويلىغا چىقتى. تام قوشنا دېھقاننىڭ ئابدۇخالىق بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئوغلى ئەنەيتۇل دەرۋازا ئالدىدا تۇراتتى. ئابدۇخالىق ئۇنى قېشىغا چاقىردى. ئەنەيتۇل ئابدۇخالىقتىن سەل ئېگىزرەك، ئورۇق كەلگەن بۇغداي ئۆڭلۈك، چاققان بالا ئىدى. ئۇنىڭ ئالدى ئوچۇق تۇرغان كونا بۆز كۆينىكى ئورۇق بەدىنىگە بىر ئاز چوڭ كېلىپ قالغاچقا، يول ماڭغاندا ئىككى پېشى ئىككى يانغا لەپەڭشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن قورسىقى قارىداپ قالغان كونا مىس چۆگۈننىڭ

قورسىقىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئىككى بېقىنىدىكى ئىنچىكە قوۋۇرغىلىرى سانىۋالغۇدەكلا تال ـ تال بولۇپ تېرىسىنىڭ ئاس-تىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

ئەنەيتۇل ئالدىدىكى ئاق پىشماق يۈزى يېڭى قىزارغان ئالمى-دەك پارقىراپ تۇرغان، پاكىزە، رەتلىك كىيىنگەن ئابدۇخالىققا قارىدى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ قىرىپ چۈشۈرۈلگەن بېشىغا كىيىۋال-غان يېپيېڭى دوپپىسىنى، ئۈچىسىدىكى ئىككى ياقىسى ۋە مەيدى-سىدىكى تۈگمىلەيدىغان يېرىگىچە كانىۋاي گۈل كەشتىلەپ تىكىل-گەن ئاق پاخپۇ كۆينىكى، كۆك ئىشتىنى، پۇتىدىكى پارقىراپ تۇرغان قارا خۇرۇم بەتىنكىسىگە سەپسېلىپ، ئۆزىنىڭ تىزىغا ياماق چۈشكەن، پۇرلىشىپ يىرتىلىشقا باشلىغان پۇچقىقى پاچاق-لىرىنى ئارانلا يېپىپ تۇرغان كىر ماتا ئىشتىنىنى يۇقىرىغا تارتىپ قويدى. توپا ـ چاڭ باسقان، قاپقارا يالىڭاياغ پۇتىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدى.

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟ — سورىدى ئابدۇخالىق ئەنەيتۇلدىن.

— توققۇزغا، — دېدى ئەنەيتۇل، ئۇ بىرئازدىن كېيىن:

— سەنچۇ؟ — دېدى.

— مەنمۇ توققۇزغا كىردىم، — دېدى ئابدۇخالىق.

— ئىككىمىز تەڭداش ئىكەنمىز، — دېدى ئەنەيتۇل.

— ئوقۇۋاتامسەن؟

— ئەنەيتۇل «چىك» قىلىپ تامىقىنى چىكىلدىتىپ بېشىنى چايقىدى.

ئابدۇخالىق ئەنەيتۇلنىڭ جاۋابىدىن ھەيران قېلىپ سورىدى:

— نېمىشقا ئوقۇمايسەن؟

— مەھەللىمىزدىكى قۇربان قارىيدا ئىككى يىل ئوقۇغان. بۇ يىل ئاتام: «ئەمدى ئوقۇشتىن توختاپ قالغىن. بىرنەچچە ئۇششاق سۈرىلەرنى بىلىۋالدىڭ، شۇمۇ كۇپايە، بىزدىن كېيىن قالساڭ قەبرە بېشىمىزغا چىقىپ دۇئا قىلىشقا يارايسەن. ئەمدى

ئۆيدىكى ئىشلارغا قارىشىپ بەرگىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇشتىن توختاپ قالدىم.
— ئۆيۈڭدە نېمە ئىش قىلىسەن؟
— ئۈچ قوي بىلەن ئىككى ئېشىكىمىز بار. شۇلارنى باقىمەن. ئۇلارنى بېقىپ بولۇپ خامانغا بېرىپ ئاتامغا بۇغداي تېپىشىپ بېرىمەن. بىر كىچىك ئۇكام بار. ئۇنىڭغا قارايمەن.
— سېنىڭ ئىشىڭ جىق ئىكەن، — دېدى ئابدۇخالىق ئەنەيتۇلغا ئىچى ئاغرىپ.
— سەنچۇ، ئوقۇمسەن؟ — سورىدى ئەنەيتۇل.
— يېڭىشەھەردىكى ھەمدۇللا داموللامنىڭ مەدرىسىدە ئوقۇيمەن، — دېدى ئابدۇخالىق مەغرۇرلۇق بىلەن.
ئەنەيتۇل: «راستما؟» دېگىنىچە ئابدۇخالىقنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. بىر پەستىن كېيىن ئۇ:
— قانداق دەرسنى ئوقۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.
— تۇرۇپتۇر ھە، — ئابدۇخالىق شۇنداق دەپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ جىلتىسىنى ئېلىپ چىقتى.
ئەنەيتۇل ئۇنىڭ چىرايلىق تىكىلگەن جىلتىسىگە ھەۋەس بىلەن قاراۋاتقىنىدا ئابدۇخالىق جىلتىسىدىن ئۆزى ئوقۇۋاتقان كىتاب «گۈلىستان» نى چىقاردى.
— بۇ قانداق ھەپتىيەك؟ — سورىدى ئەنەيتۇل قىزىقىپ.
ئابدۇخالىق:
— بۇ دېگەن پارسچە «گۈلىستان» دېگەن كىتاب.
ئەنەيتۇل ھەيران قېلىپ سورىدى:
— ۋۇيىيۇ سەن تېخى كىتاب ئوقۇۋاتامسەن؟
— ھەئە.
— ھەپتىيەكنى ئوقۇپ تۈگەتتىڭمۇ؟
ئابدۇخالىق كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەردى:
— مەن يەتتە يېشىمدىلا ھەپتىيەكنى ئوقۇپ بولغان، تېخى

ئۆتكەن يىل قۇرئاننى ئوقۇپ بولدۇم.

ئەنەيتۇل ھەيران قېلىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ:

— راستمۇ؟ — دېدى ئىشەنگۈسى كەلمەي.

— جۇرۇ سۇپىدا ئولتۇرىمىز، — دېدى ئابدۇخالىق. ئىككى بالا سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەنەيتۇل ئابدۇخالىقنىڭ قولىدىكى بېغىررەڭ قىرىم بىلەن چىرايلىق مۇقاۋىلانغان كىتابتىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئابدۇخالىق ئەنەيتۇلنىڭ كىتابقا قىزىقىپ قالغانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى سىلاپ قويۇپ دېدى:

— مەن ئوقۇپ تۈگەتكەن دەرسلىرىمنى ئۇنتۇپ قالماي دەپ بۇ كىتابنى يېنىمدىن ئايرىماي، ھەر كۈندە ئوقۇپ تەكرار قىلىپ تۇرىمەن.

ئەنەيتۇل ئۆزىنىڭ بۇندىن بىر يىل بۇرۇن قۇربان قارىنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇغان چېغىنى ئەسلىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ بەزەن ساۋاقداشلىرى موللىسى بەرگەن ساۋاقنى تەكرار قىلماي ئوينايتتى. بىر قېتىم ئەنەيتۇلغا موللىسى «تەببەت» سۈرىسىنى ئوقۇتۇۋېدى، ئۇ بېشىنى ئوقۇپ، ئاخىرىنى ئېسىگە ئالالمىدى. موللىسى قۇربان قارى غەزەپلىنىپ «سەن بۇ ساۋاقنى ئالغىلى ئۈچ كۈن بولدى. ئۈچ كۈنگىچە نېمىشقا ياد ئوقۇيالمايسەن؟ ھەربىر كۈنىگە ئۈچ چىۋىقتىن» دەپ ئۈزمە چىۋىقى بىلەن ئۇردى. ئۇ ئاغرىققا چىدىماي يىغلاپ ئىشتىنىغا سىيىۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنەيتۇل ساۋىقىنى تەكرارلايدىغان بولغان. مانا ئۆزى بىلەن تەڭتۇش ئابدۇخالىقنى ھېچكىم دەرسىڭنى تەكرارلا دېمەيدىكەن. ئۇ ئاڭلىق يوسۇندا ئۆزى بىلىپلا تەكرارلايدىكەن. ئەنەيتۇل مۇشۇنى ئويلاپ ئۆزىنى ئابدۇخالىققا سېلىشتۇرۇپ خىجالەت بولۇپ قالدى. ئابدۇخالىق نېمىدېگەن ئاڭلىق، تىرىشچان، ئىجتىھاتلىق بالا ھە؟!

— ئەنەيتۇل، — دېدى ئابدۇخالىق، — مەن بۇ كىتابتىن

ئوقۇپ بولغان بىر دەرسىمنى ساڭا ئوقۇپ بېرەيمۇ؟
— بولىدۇ، ئوقۇغىنى ئاڭلاپ باقايچۇ، — دېدى ئەنەيتۇل خۇشال بولۇپ.
ئابدۇخالىق قولىدىكى شەيخ سەئىدىنىڭ «گۇلىستان» ناملىق كىتابىنىڭ ئۈچىنچى بابىنى ئېچىپ ئۇنىڭدىن بىر كۇپلېت شېئىر ئوقۇدى:

— بىچى كار ئەيدەت زىگۇل تەبەقى،
ئەز گۇلىستان مەن بىر ۋەرەقى.
گۇل ھەمىن پەنجىرۇ زۇشەش باشەد،
ۋىن گۇلىستان ھەمىشە خۇش باشەد.

ئەنەيتۇل ئۆزى بىلەن تەڭتۇش ئابدۇخالىقنىڭ بۇ مەھەللىدىكى ھەممىدىن موللا ئادەم قۇربان قارىمۇ ئوقۇيالمايدىغان پارسچە چوڭ كىتابنى شۇنچە راۋان، قىلچە دۇدۇقلىماي ئوقۇغانلىقىدىن بەك سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ شېئىردىن گەرچە بىرەر ئېغىز گەپنى چۈشەنمىگەن بولسىمۇ ئابدۇخالىققا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى. ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە يېڭى - يېڭى ھېسلار ئويغاندى. «ھەي ئىسىت، مەنمۇ ئوقۇغان بولسام قانداق ياخشى بولۇردى - ھە، ئابدۇخالىقتەك چوڭ كىتابلارنى شارىلدىتىپ ئوقۇپ كەتكەن بولسام» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئىختىيارسىز تامىقىنى چىكىلدىتىپ قويدى. ئۇنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئابدۇخالىقنىڭ گېپى ئۈزۈۋەتتى:
— ئەنەيتۇل كىتابتىن ئوقۇغىنىمنىڭ مەنىسىنى بىلدىڭمۇ؟ — دېدى ئابدۇخالىق.
— ياق، — دېدى ئەنەيتۇل بېشىنى چايقاپ.
— بايا مەن ئوقۇغان پارسچە شېئىرنىڭ مەنىسىنى ئاڭلا ھە، — ئابدۇخالىق شۇنداق دەپ ئۇ شېئىرنى ئۇيغۇرچە مۇنداق يېشىپ بەردى:

— نه پايدا گۈلدىن ئالساڭ بىر تاۋاق،
گۈلىستانىمدىن ساقلا بىر ۋاراق.
گۈلنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ،
بۇ گۈلىستان مەڭگۇ سولمايدۇ.

ئابدۇخالىق ئوقۇشتىن توختاپ «قانداق؟» دېگەندەك ئەنەيتۇلغا قارىدى. ئەنەيتۇل ئابدۇخالىقنىڭ ئاغزى ئوچۇق جىلتىسىنىڭ ئىچىدە تۇرغان دەپتەرنى كۆرۈپ سورىدى:

— ئۇ نېمە؟

ئابدۇخالىق ھەيران قېلىپ:

— ئۇ دەپتەرغۇ، — دېۋىدى، ئەنەيتۇل يەنە:

— دەپتەرنىڭ ئىچىدىن بىر تال ياغاچ چىقىپ تۇرىدىغۇ؟ — دېدى.

ئابدۇخالىق كۈلۈپ كەتتى. ئۇ جىلتىسىدىن دەپتەر بىلەن قەلەمنى چىقاردى. ئەنەيتۇل دەپتەرنى قولىغا ئېلىپ، ئىچىدىكى خەتلەرنى كۆرۈپ:

— بۇمۇ ئوقۇيدىغان كىتابىڭمۇ دېدى كۆزىنى پارقىرىتىپ.

— بۇنى سەن كۆرمىگەنمۇ؟ — سورىدى ئابدۇخالىق.

— ياق، — ئەنەيتۇل بېشىنى چايقىدى. ئۇ قەلەمنى قولىغا ئېلىپ:

— بۇ چوكا ياغاچنى نېمە قىلىسەن؟

— ھەي ئاداش، بۇ چوكا ياغاچ ئەمەس. مۇشۇ دەپتەرگە خەت يازىدىغان قەلەم. سەن بۇنىمۇ كۆرمىگەنمۇ؟

— ياق، بىزنىڭ بۇ يەردە ھېچكىمنىڭ بۇنداق دەپتەر، قەلىمى يوق، — ئەنەيتۇل شۇنداق دەپ دەپتەردىكى خەتلەرگە قارىدى. بۇ خەتلەرنى كىم يازدى؟

— مەن يازدىم.

ئەنەيتۇل ئىشەنمىدى. ئۇ:

— ۋاي ئاداش سەن توققۇز ياشقا كىرگەن بالا تۇرساڭ،

قانداق خەت يازالايسەن؟ بولتور ئابدۇگايىتنىڭ ئاتىسى پوتون چاتقال تەۋەسىدىن خەت يازالايدىغان ئادەم تاپالماي يار بېشى كەلپىنلەر مەھەللىسىدىكى موللا روزىمەت ئاكىغا بىر كورە بوغداي بېرىپ بىر پارچە خەت يازغۇزۇپ چىقىپتۇ، — دېدى ئابدۇخالىقا.

ئابدۇخالىق دەپتەرنىڭ ئاق يېرىنى ئېچىپ قەلەمنى قولىغا ئالدى. ئۇ بىردەمدىلا چىرايلىق ئىككى قۇر خەت يازدى. ئۇ ئەنەيتۇلغا قاراپ:

— مانا كۆردۈڭمۇ قانداق؟ — دېدى مەغرۇر ھالدا.

— نېمە دەپ يازدىڭ ئوقۇپ باقە، — دېدى ئەنەيتۇل قىزىقىپ.

ئابدۇخالىق يازغىنىنى ئوقۇپ بەردى:

«چاتقالدا ئوقۇش - يېزىشنى بىلىدىغان ئادەم يوق ئىكەن. بىر پارچە خەتنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ يازغۇزۇپتۇ.»

ئەنەيتۇل ھەيران قېلىپ دېدى:

— بۇ مەن ساڭا ھازىرلا دەپ بەرگەن گەپقۇ؟

— ھەئە شۇ، — دېدى ئابدۇخالىق.

ئۇلار شۇ يوسۇندا قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا مىجىت ھاجى بىلەن ھەسەن ھاجى پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ مەسچىتتىن قايتىپ ھويلىغا كىردى. دادىسىنى كۆرگەن ئابدۇخالىق سۆيۈنۈپ يەرگە چۈشۈپ ئەنەيتۇلنى كۆرسىتىپ:

— چوڭ دادا بۇ ئەنەيتۇل، — دېدى.

مىجىت ھاجى ئەنەيتۇلدىن سورىدى:

— سەن كىمنىڭ بالىسى؟

— گاجىتنىڭ بالىسى.

— ئاتاڭ بارمۇ؟

— بار.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— ئەتىگەندە قوغۇنلۇققا كەتكەن.

— ئاتاڭغا «بازاردىن مىجىت ھاجى دادام كەپتۇ» دەپ قوي، —

مجىت ھاجى شۇنداق دەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئەنەيتۇل:
— مەن ھازىر قوغۇنلۇقـقا بارىـمەن. سەنمۇ بىلـلە بارامسەن؟ — دېدى ئابدۇخالىققا.
— بولىدۇ باراي — دەپ ئابدۇخالىق جىلتىسىنى ھويلا تېمىدىكى قوزۇققا ئىلىپ قويدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ چوڭ دادىسىدىن سوراپ چىقتى. ئاندىن ئەنەيتۇل بىلەن ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.
بىر ئاش پىشىمدىن ئۇزاقراق ۋاقىت ئۆتكەندە ئابدۇخالىق سېرىق گۇلدەك سارغىيىپ، تورلىشىپ پىشقان چوڭ بىر چىلگىنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا كىردى. ئىككى بالىنىڭ كەينىدىنلا ئۇستىگە بىر تاغار ئارتىلغان ئېشەكنى ھەيدەپ ئوتتۇرا بوي، قارا ساقاللىق، ماتا ئىشتان ـ كۆينەك كىيگەن، بېشىدىكى شاپاق دوپپىسى كونىراپ كەتكەن گاجىت كىرىپ كەلدى.
ھويلىدىكى سۇپىدا يېڭى كۆرپە ئۈستىدە پەر ياستۇققا يۆلىنىپ ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرغان سۆلەتلىك مجىت ھاجى گاجىتنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئورنىدىن تەۋرىنىپ قويدى.
— ئەتىگەن ئۇقۇشمايلا قوغۇنلۇققا كېتىپتىمەن. بالىدىن ئاڭلاپلا ئالدىراپ كېلىشىم. ئۆزلىرىنى قوغۇنغا ئىغىز تېگىپ باقامدىكىن دەپ ئازراق ئالغاچ كەلدىم، — دېدى گاجىت قول باغلاپ تۇرۇپ.
— ئاۋارە بوپسەن گاجىت، تاغارنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ قوي ئەمىسە، — دېدى مجىت ھاجى سۇپىنىڭ قېشىنى كۆرسىتىپ.
تاشقىرىدىن ھەسەن ھاجى كىردى. ئۇ گاجىتنى كۆرۈپ:
— قوغۇن ئەكەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ھەرقايسىلىرىنى ئىغىز تېگىپ باقسۇن دەپ «بۇرنىنى ئۇزۇپ»[1] كەلدىم، — دېدى گاجىت.

---

① بۇرنىنى ئۇزۇپ— ئەڭ ئالدىنى، تۇنجىسىنى دېگەن مەنىدە.

ھەسەن ھاجى تاغاردىن بىر يوغان پوستىپىياز[1] قوغۇننى پەتنۇسقا تىلىپ ئېلىپ مىجىت ھاجىنىڭ ئالدىغا قويدى.

مىجىت ھاجى ئابدۇخالىقنى «قوغۇن يە» دەپ چاقىردى.

ئابدۇخالىق:

— ئۆزلە يېسلە، مەن قوغۇنلۇقتا ئادىشىم بىلەن يېدىم، ئوينايمەن، — دەپ ئەنەيتۇل بىلەن تالاغا ماڭدى.

ئىككى بالا دەرۋازا ئالدىغا چىقىشىغا بىر ئايالنىڭ «ئەنەيتۇل، ئەنەيتۇل!» دەپ سوزۇپ چاقىرغان ئىنچىكە ئۈنى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا بىر بوۋاق يىغلاشقا باشلىدى.

— ئاپام چاقىرىۋاتىدۇ. جۈرۈ بىزنىڭ ئۆيگە كىرگىن، — دېدى ئەنەيتۇل ئابدۇخالىقنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ.

ئابدۇخالىق «كىرەيمۇ، كىرمەيمۇ» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغىنىدا ئەنەيتۇلنى ئاپىسى يەنە چاقىردى.

— جۈرسىنا، مانا بۇ بىزنىڭ ئۆي، — دەپ ئەنەيتۇل ئابدۇخالىقنى دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان كىچىك ئىشىكلىك كۆرۈمسىز بىر ھويلىنى كۆرسەتتى. ئەنەيتۇلنى ئاپىسى ئۈچىنچى قېتىم چاقىردى. ئەنەيتۇل ئابدۇخالىقنىڭ قولىدىن تارتىپ ھويلىسىغا ئېلىپ كىردى. ئەنەيتۇلنىڭ ئاپىسى گۈلنارىخان ئىشىكتىن كىرگەن ئوغلىغا «چاقىرسام نېمىشقا ‹ھە› دېمىدىڭ؟» دەپ تېرىكمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئوغلىنىڭ قېشىدا شەھەردىن چىققان كىچىك بايۋەچچە تۇراتتى. ئۇ مېھمانغا قاراپ:

— كىردىڭىزمۇ — دېدى ئىللىقىنا.

— بۇنىڭ ئېتى ئابدۇخالىق ئاپا — دېدى ئەنەيتۇل.

— ئوغلۇم ئادىشىڭنى سۈپىغا باشلا. سەن ئۇكەڭگە بىرە قاراپ تۇر. مەن سۇ ئەكىرىپ غىزا ئېتىمەن، — دېدى گۈلنارىخان.

---

① پوستىپىياز — قوغۇننىڭ بالدۇر پىشار سورتى.

ئەنەيتۇل ئابدۇخالىقنى كونا پالاز سېلىنغان سۇپىغا ئولتۇر-
غۇزدى. ئۆزى بۆشۈكنى تەۋرىتىپ يىغلاۋاتقان ئۇكىسىنى بەزلە-
دى. بىراق بوۋاق يىغىدىن توختىمىدى.

— مەن ئۇكاڭنى ئىمىتىپ قوياي، — گۈلناردخان بۆشۈك-
نىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بوۋاقنى بىر پەس ئىمىتتى. بوۋاقنىڭ
يىغىسى بېسىقتى. گۈلناردخان ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئالدىغا چۇ-
شۇۋالغان قاپقارا ئۇزۇن چېچىنى كەينىگە تاشلاپ قىزىل تاش
بىلەن جىگدە قاسرىقىدا بويالغان بۆزدىن تىكىلگەن كۆينىكىنىڭ
ئالدى تۈگمىسىنى ئەتتى. قازان بېشىدا تۇرغان يوغان قاپاقنى
كۆتۈرۈپ سۇ ئەكېلىش ئۈچۈن تالاغا ماڭدى.

ئەنەيتۇل بۆشۈكنى بىردەم تەۋرىتىپ ئۇكىسىنى ئۇخلىتىپ
قويدى. ئابدۇخالىق بىردەم ئولتۇرۇپ زېرىكتى. ئۇ ئورنىدىن
تۇرۇپ هويلىغا سەپسالدى. هويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر كەتمەن،
ئۇچىغا قەلەي قاپلانغان ياغاچ گۈرجەك، تامدىكى قوزۇقتا ئىلىغ-
لىق ئورغاق، ئېشەكنىڭ تۇقۇمى، ئارغامچا ··· قاتارلىق نەرسە-
لەر تۇراتتى. هويلىنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدا يازلىق ئوچاق سېلىن-
غان بولۇپ، بىر قازان ئېسىقلىق ئىدى. قازان بېشىدا ئىككى
ياغاچ تاۋاق، بەش هېجىر، بىر تەڭنە، تامدىكى قوزۇقتا بىر
چۆمۈچ ئېسىقلىق تۇراتتى. ئابدۇخالىق سۇپىغا قارىدى: سۇپىدا
كونا ئۈچ يوتقان، ئۈچ كۆرپە، ئۈچ ياستۇق تامغا يۆلەپ تىزىپ
قويۇلغان ئىدى. ئابدۇخالىق ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ئۆينىڭ
ئىچىگە قارىدى. ئىسلىشىپ كەتكەن كېمىر ئۆينىڭ ئىچى قۇپقۇ-
رۇق بو لۇپ بىرەر بىسات كۆرۈنمەيتتى. ئابدۇخالىق كۆڭلىدە
«مۇشۇنداق ئۆيدە بۇلار قانداق ئولتۇرىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ
بۆشۈك يېنىدا ئولتۇرغان ئەنەيتۇلغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئابدۇ-
خالىق ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

— ئابدۇخالىق بىردەم ئولتۇرسىنا، ئاپام سۇ ئەكىرىپ
سۇيۇقئاش ئېتىدۇ. كۆك پۇرچاق قېسىپ قويۇپتۇ، — دېدى

ئەنەيتۇل.

ئابدۇخالىق سۇپىغا كېلىپ قايتا ئولتۇردى. ئەنەيتۇل:

— هازىر بىزنىڭ قوغۇنلار پىشتى. ئاتام يەنە بەش كۈندىن كېيىن گۇچۇڭغا قوغۇن سانقىلى بارىدۇ، — دېدى.

— گۇچۇڭغا ئاتاڭ قوغۇننى نېمە بىلەن ئېلىپ بارىدۇ؟ — سورىدى قىزىققان هالدا ئابدۇخالىق.

— ئېشەككە تاغارنى ئارتىپ ئاپىرىدۇ.

— قوغۇنۇڭلارنى تۇرپاندىلا ساتساڭلار بولمامدۇ؟

— ئاتام قوغۇننى گۇچۇڭغا ئاپىرىپ بۇغدايغا تېگىشىپ كېلىدۇ. بىزنىڭ يەيدىغان بۇغدىيىمىز يوق.

— هازىر نېمە يەۋاتىسىلەر؟ — سورىدى ئابدۇخالىق ئەجەپلىنىپ.

— ئاتام هەسەن هاجىمدىن بىزە قوناق، بىزە بۇغداي قەرز ئالغان، شۇنى يەۋاتىمىز. ئۇمۇ تۈگەي دەپ قالدى، — دېدى ئەنەيتۇل.

ئابدۇخالىق بىر نېمە دەي دەپ تۇرغاندا، هەسەن هاجى ئۇنى چاقىردى:

— ئابدۇخالىق، هوي ئابدۇخالىق!

— هە مانا، مەن هازىرلا چىقىمەن!

ئابدۇخالىق ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مېنى چاقىرىۋاتىدۇ، مەن چىقاي. ئەنەيتۇل، ئەتە ئەتىگەن سەن مېنى چاقىرغىلى كىرگىن، بىللە ئوينايمىز جۇمۇ، — دېدى.

— ئاپام غىزا ئېتىدۇ، غىزا يەپ چىقىپ كەتمەمسەن، — دېدى ئەنەيتۇل.

ئابدۇخالىق «رەهمەت» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

# يېڭى دوستلار

ئىككىنچى كۈنى ئەتىسى ئەتىگەندە ئابدۇخالىق ئۆزىنى بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپىغا قارىۋىدى چوڭ دادىسى يېنىدا يوق ئىدى. ئاخشام ھەسەن ھاجى تاغىسى «ئۆگزە سالقىن» دەپ مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇخالىققا ئۆگزىگە ئورۇن سېلىپ بەرگەن ئىدى. ئابدۇخالىق ئورنىدىن تۇرۇپ شەرق تەرەپكە قارىدى. ئىدىقۇت تېغى ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ نۇرلىرى دەرۋازا ئالدىدىكى تېرەك، ئۈژمە دەرەخلىرى شاخلىرىنىڭ ئاراشلىرىدىن خۇددى ئالتۇن يىپلاردەك ۋىلىلداپ ئۆگزىگە چۈشۈپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

— ئابدۇخالىق، ھوي ئابدۇخالىق!

دەرۋازا ئالدىدىن ئەنەيتۇلنىڭ چاقىرغان ئۈنى ئاڭلاندى. ئابدۇخالىق ئالمان - تالمان كىيىملىرىنى كىيدى. ئورنىدىن قوپۇپ ئۆگزىنىڭ لېۋىگە كەلدى. ئۇ پەسكە قاراپ:

— ئەنەيتۇل، مېنى بىزە ساقلاپ تۇرسىنا، — دېدى. شۇ ئارىدا ئۆگزىگە مەرەڭگۈزخان چىقتى. ئۇ ئورۇن - كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇپ پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئابدۇخالىق ئۆگزىدىن چۈشتى. ئۇ ئالدىراپ يۈزىنى يۇيدى. ئاندىن كېيىن يۈگۈرۈپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ئۇنى ئەنەيتۇل بىلەن ئۈچ بالا كۈتۈپ تۇراتتى.

ئەنەيتۇل ئېگىز، ئورۇق كەلگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك بالىنى «ئابدۇگايىت» دەپ تونۇشتۇردى. سېمىز، كۆزى چوڭ 12 ياشلاردىكى بالىنى «ئابلىمىت موزاي» دېدى. ئۇلارنىڭ قېشىدا تۇرغان پاكار، سېرىق بالىنى «ئېلى سېرىق» دېدى. ئەنەيتۇل

ئابدۇخالىقنى ئاغىنىلىرىغا تونۇشتۇرۇپ:
— مەن گېپىنى قىلىپ بەرگەن ئابدۇخالىق مانا مۇشۇ. بۇ ئاجايىپ موللا بالا ئىكەن جۇمۇ، — دېدى.
ئابدۇخالىق ئەنەيتۇلغا قاراپ:
— مېنى مۇشۇنىڭغا چاقىردىڭمۇ؟ — دېدى ئۆزىنى ماختىغىنىغا سەل تېرىكىپ.
ئەنەيتۇل هۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئابدۇۋايىت بىلەن ئۇنىڭ ئىككى دوستى پىخىلداپ كۈلۈشتى.
— ياق بىز قوي باققىلى بارىمىز، سەنمۇ بارامسەن؟ بىز بەك قىزىق ئويۇنلارنى ئوينايمىز جۇمۇ، — دېدى ئەنەيتۇل.
ئابدۇخالىق:
— بېرىشنىغۇ بارىمەن. مەن تېخى ئەتىگەنلىك چېيىمنى ئىچمىدىم، — دېدى ئىككىلىنىپ.
— ۋاي ئاداش، بىزمۇ تېخى چاي ئىچمىدۇق. ماللارنى يېقىپ كېلىپ چاي ئىچىمىز، — دېيىشتى باللار.
— بولىدۇ ئەمىسە بارسام باراي، — دېدى ئابدۇخالىق.
— نان ئېلىۋالغىن، — دېدى ئەنەيتۇل.
ئابدۇخالىق ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
ئابدۇخالىقنىڭ يۈگۈرۈپ تېز كىرگىنىنى كۆرگەن مەرەڭگۈزخان سورىدى:
— بۇنچە ئالدىراش نەگە بارىدىلا؟
— باللار قوي باققان يەردە ئويناپ كېلىمىز دەيدۇ، مەنمۇ بارىمەن، — دېدى ئابدۇخالىق.
مەرەڭگۈزخان سېۋەتتىن چوڭ بىر مايلىق تۇغاچنى ئېلىپ كىچىككىنە بىر ياغلىققا چىگىپ ئابدۇخالىققا بەردى. ئابدۇخالىق «خوش» دەپلا يۈگۈرگەن پېتى هويلىدىن چىقىپ كەتتى. ئابدۇخالىق دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ئەنەيتۇل ئۈچ قوينى هەيدەپ بىر ئېشەكنى يېتىلەپ هويلىسىدىن چىقتى. ئۇ ئېشەكنى ئىشىك

ئالدىدىكى پاكار تامغا تارتىپ مىنىۋالدى. ئۇ ئابدۇخالىققا:

— كەل كەينىمگە مىنگەشكىن، — دېدى.

ئابدۇخالىق پاكار تامغا چىقىپ ئەنەيتۇلنىڭ كەينىگە مىنگىشىۋالدى. ئىككى بالا ئۇستىگە مىنىۋالغان قارا ئېشەك پۇشقۇرۇپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. ئەنەيتۇل قولىدىكى ئۇزۇن تاياق بىلەن كەينىدە قالغان سېرىق قوينى «كۇش - كۇش» دەپ ھەيدەپ قوياتتى.

ئۇلار مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپى جەنۇبقا قاراپ يۇز قەدەمچە ماڭا - ماڭمايلا مەھەللە كوچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان دېھقان ئۆيلىرىدىن ئەنەيتۇل بىلەن تەڭتۇش ۋە ئۇنىڭدىن چوڭ باللار ئۇچ — تۆتتىن قوي، بىرنەچچە ئۆچكىلىرىنى ھەيدەپ ئاچىقىپ توپقا قوشۇلۇشقا باشلىدى. باللارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلىرى، قوي - قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى، توخۇلارنىڭ قاقاقلاشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى گويا تاڭ سەھەرلىك ئومۇمىي خوردەك مەھەللىگە بىر كېلىپ دەرەخ شاخلىرىدا ئولتۇرغان قۇشقاچ، پاختەكلەرنى چۆچۈتۈپ يىراقلارغا ئۇچۇرۇۋەتتى. بىر ئۆيدىن 13 ياشلاردىكى قارامۇتۇق بىر بالا بىر كالىنى يېتىلەپ چىقىپ توپقا قوشۇلدى.

— ئوسمان كالا، — دېدى ئەنەيتۇل ئابدۇخالىققا ئۇنى كۆرسىتىپ، ئابدۇخالىق قىزىقىپ سورىدى:

— ئۇنى نېمىشقا «كالا» دەيسىلەر؟

— ئاتىسىنىڭ لەقىمى «كالا» تۇرسا، — دېدى ئەنەيتۇل پەرۋاسىزلا.

مەھەللىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا باللار كۆپىيىپ 20 گە يەتتى. ئۇلار 150 تىن ئوشۇق قوي، ئۆچكىنى ھەيدەپ 10 نەچچە ئېشەككە مىنىپ چوڭ بىر توپنى ھاسىل قىلغان ئىدى. ئاسمان پەلەك توپا توزۇتۇپ مەرىشىپ كېتىۋاتقان قوي، ئۆچكىلەر،

ئۇلارنىڭ كەينىدىكى ئېشەكلەرگە مىنىۋالغان بالىلار، ھەممىنىڭ كەينىدە سېرىق كالىسىغا مىنىپ كېلىۋاتقان ئوسمان كالا، بالىلارنىڭ بەزىلىرىگە ئەگىشىۋالغان ئىتلار قوشۇلۇپ قىزىقارلىق بىر مەنزىرىنى ھاسىل قىلغان ئىدى. بۇ سەھرا مەنزىرىسى ئابدۇخالىققا بەك قىزىقارلىق تۇيۇلدى. بالىلار ئۇزاق ماڭمايلا كۆز يەتكۈسىز بىر بىنامغا يېتىپ كەلدى. ئېچىرقاپ كەتكەن قوي، ئۆچكىلەر بىنامغا چىقىپلا يۇگۇرۇشۇپ قويۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەرنى بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ كىرتىلدىتىپ يېيىشكە باشلىدى.

— ماللارنى ھايداڭلار، ئوتلاققا ئاپىرىمىز، — دېدى ئابدۇۋايىت بالىلارغا.

بالىلار ئولاش - چولاش قوي، ئۆچكىلىرىنى ھەيدىشىپ بىنەمنىڭ ئىچكىرىسىگە مېڭىپ بىر دۆڭنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى.

— مانا ئوتلاققا كەلدۇق! دەپ ۋارقىراشتى بالىلار.

— يېتىپ كەلدۇق، يەرگە چۈشكىن ئاداش، — دېدى ئەنەيتۇل كەينىگە قاراپ.

ئابدۇخالىق ئېشەكتىن چۈشتى. ئەنەيتۇل ئېشكىنى ئوت - چۆپ بولۇق ئۆسكەن يەرگە ئاپاردى. ئۇ «ئېشىكىم يامان» دەپ ئارغامچا بىلەن ئالدى ئىككى پۇتىنى چۇشەپ باغلاپ ئېشەكنى ئوت يېيىشكە قويۇۋەتتى.

— ماللار ئەمدى ئوتلاۋېرىدۇ. جۇرۇڭلار بىز قومغا بارايلى! — دېدى ئابدۇۋايىت بالىلارغا.

بالىلار:

— قومغا بارىمىز! — دەپ ۋارقىرىشىپ كۈن چىقىش تەرەپتىكى دۆڭگە قاراپ يۇگۇرۇشتى.

ئابدۇخالىق بالىلارنىڭ كەينىدىن دۆڭگە چىقتى. ئۇ دۆڭ ئۈستىدە تۇرۇپ شىمال تەرەپكە قارىدى. شىمالدا بۇك - باراقسان

دەرەخلەر بىلەن يېشىللىققا پۈركەنگەن چوڭ كارىز مەھەللىسى كۆرۈندى. ئۇنىڭ خېلىلا يىراق نېرىسىدا تۇرپان مۇنارى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئابدۇخالىق كەينىگە ئۆرۈلۈپ جەنۇبقا قارىدى. ئىجىرىق، لوقاق، تۆگە تاپىنى، يانتاق دېگەندەك ئوت - چۆپلەر ئۆسكەن بۇ بىنام يەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە يىراقتا ئادەم بويىدىن ئېگىز قومۇش، يۇلغۇنلار تاڭ سەھەرنىڭ مەيىن شامىلىدا خۇددى دولقۇنلىنىۋاتقان كۆل سۈيىدەك ياپيېشىل كۆرۈنەتتى.

— قومۇشلۇققا قاراۋاتامسىز؟ ئۇ يەردە توشقان، جەرەن، تۈلكە، بۆرە بار. بەزىدە ئاندا - ساندا قاۋان، ياۋا توڭگۇزمۇ پەيدا بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ئابدۇۋايىت ئابدۇخالىقنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— بۆرە بارمۇ؟ بۆرە بۇ يەرگە كەلسە بىز قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئابدۇخالىق سەل قورقۇپ.

— كۈندۈزى بۆرە بۇ يەرگە قورقۇپ كېلەلمەيدۇ. ئاتام «دۇنيادا ئادەم ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھەممىدىن باتۇر» دېگەن. بىز دېگەن جىق تۇرساق، ئەگەر بۆرە كېلىپ - تارتىپ قالسىمۇ ئۇنداق بىر نېمىلەردىن قورقىمىزمۇ؟ — دېدى ئابدۇۋايىت يۈرەكلىك ھالدا ئىشەنچ بىلەن مۇشتىنى تۈگۈپ.

ئابدۇخالىق قوي كۆزلىرىدىن بىر تۇرلۇك شوخلۇق، باتۇرلۇق جىلۋە قىلىپ تۇرغان ئابدۇۋايىتنىڭ بەزى مىجەزلىرى يېڭى شەھەر مەدرىسىدىكى ساۋاقدىشى نۇرۇللاغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ «مۇشۇنداق ئاغىنە بار يەردە قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟» دەپ ئويلىدى.

— ئابدۇگايىت! — دەپ چاقىردى ئوسمان كالا قۇملۇقتا تۇرۇپ «ۋ»نى «گ» دەپ تەلەپپۇز قىلىپ.

ئابدۇۋايىت ئوسماننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەتتى. ئابدۇخالىق كۈن چىقىش تەرەپكە قارىدى. دۆڭنىڭ كۈن چىقىش تەرىپى ئىككى - ئۈچ چاقىرىمغا سوزۇلغان قۇملۇق بولۇپ ئۇنىڭ نېرى-

سىدا دەل ـ دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بىر مەھەللە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

باللار قۇملۇقتا يۈگۈرۈشۈپ، موللاق ئېتىپ، ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ئويناۋاتاتتى. ئابدۇخالىق ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىغا قىزىقىپ بىر پەس قاراپ تۇردى. بىر كەمدىن كېيىن ئۇنى ئابدۇۋايىت يېنىغا چاقىردى. ئابدۇخالىق باللارنىڭ قېشىغا بارغاندىن كېيىن ئۇنى ئابدۇۋايىت باللارغا تونۇشتۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆزئارا تونۇشۇپ قالدى. بىراق، دەسلەپتە دېھقان باللىرى «بايۋەچچە» ئابدۇخالىقتىن تەپ تارتىشقان بولسىمۇ، بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ خۇشخۇي، ئىللىق چىرايى، كەمتەر، كىچىك پېئىل، چىقىشقاق مىجەزى باللارغا يېقىپ قالدى. دېھقان باللىرى ئۇنى ئوڭايلا «ئاداش» دەپ ئارىغا ئېلىپ كېتىشتى.

باللار ئۇنى ـ بۇنى پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا ئابدۇۋايىت ئورنىدىن قوپتى. ئۇ ئۇچىسىدىكى ماتا كۆينىكىنى سالدى ـ دە، بىرنەچچە قېتىم سىلكىپ قېقىۋەتتى. ئاندىن ئۇنى قۇمغا يايدى. ئۇ باللارغا:

— ھازىر ناشتا قىلىمىز، — دېدى.

شۇ گەپ بىلەن باللار ئۆيلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن نان، ئۆرۈك قېقى، قۇرۇق جۇجەم (ئۈزمە)، مېغىزلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن داستىخانغا قويۇشتى.

ئابدۇخالىق قولىدىكى مايلىق توقاچنى 10 نەچچە پارچە زاغرا نانىڭ يېنىغا قويۇشقا نېمىشقىدۇر خىجالەت بولدى. «ئەستاخ، مەرەڭگۇزخان كىچىك ئاپام نېمىشقا بىرەر پارچە زاغرا ناننى قوشۇپ بەرمىگەندۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ مايلىق توقىچىنى ئوتتۇرىغا قويسا يېگى تونۇشقان دوستلىرى ئۇنى زاڭلىق قىلىدىغاندەك تۇيۇلدى. بىراق يەنە بىر ئىش ئۇنى قىينايتتى. ھەممە بالا نانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تەڭ يەيمىز دەۋاتقاندا ئۇ ئەكەلگەن

نېنىنى ئوتتۇرىغا قويمىسا باللار ئۇنى ئاچكۆز ئىكەن دېمەمدۇ؟ ئابدۇخالىق «داستىخان» نى چۆرىدەپ ئولتۇرغان دېھقان باللىرىنىڭ ئاياغ كىيمەي يېرىلىپ، قاپقارا بولۇپ كەتكەن پۇتلىرىغا، يىرتىق ماتا، بۆز كۆينەك، ئىشتانلىرىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ پۇتىدىكى پارقىراق بەتىنكىسىگە، يېپيېڭى ئۇستۇبېشىغا سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنى خۇددى نورغۇن قوينىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغان يالغۇز ئۆچكىدەك سەزدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى بۇ باللارنىڭ ئارىسىدا يېتىملىك ۋە يالغۇزلۇق ھېس قىلدى.

ئابدۇۋايىت ـ نىڭ ئاۋازى ئابدۇخالىق ـ نىڭ چىگىش خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

— ھەي ئابدۇخالىق ئاداش، مېھمان چىرايىڭنى چىقارماي ئېچىلىپ ئولتۇرسىـنا، — دېدى ئۇ بىردىنـلا ئابدۇخالىقـنى سەنلەپ، — مە ئاله، بىزنىڭ مۇنۇ مېۋىلەرنى يەپ باقە.

ئابدۇخالىق ئابدۇۋايىت سۇنغان بىر ئۇچۇم مېغىزنى ئالدى. ئابدۇۋايىت ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ سارغىيىپ پىشقان زاغرا نېنىدىن بىر پارچە سۇندۇرۇپ ئۇنىمۇ ئابدۇخالىقنىڭ بوش قولىغا تۇتقۇزدى.

— ئاتام «نامراتنىڭ نېنى چىشقا دورا» دەيدىغان. بىز يېگەن نانلارنىمۇ تېتىپ باقسىنا ئاداش، — دېدى ئابدۇۋايىت يېقىنچىلىق قىلىپ.

ئابدۇخالىق مېغىز بىلەن زاغرا ناننى قوشۇپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ مايلىق توقىچىنى ئابدۇۋايىت كىچىك ـ كىچىك پارچىلاپ ھەممە بالىغا يەتكۈزدى. باللار مايلىق توقاچنى ماختاپ بىرنەچچە چاينايلا يەپ بولۇشتى. پەقەت شۇ چاغدىلا ئابدۇخالىق ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلدى. مېغىز بىلەن يېگەن زاغرا نان ئۇنىڭغا تاتلىق تېتىپ قالدى. ئۇ قولىدىكى ناننى بىردەمدىلا يەۋەتكىنىنى تۇيمايلا قالدى. ئابدۇۋايىت ئۇنىڭ قولىغا قاراپ بېقىپ ئوتتۇرىدىن بىر ئۇچۇم ئۆرۈك قېقىنى ئېلىپ بەردى. ئابدۇخالىق قېشىدىكى ئەنەيتۇل بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ

قاق يېپىشكە باشلىدى. بىر چاغدا باللار نان، مېۋىلەرنى يەپ بولۇپ «داستىخان»نى قۇرۇقداپ قويۇشتى. ئابدۇۋايىت يېنىغا ئېسىۋالغان كىچىك قاپاقنى قولىغا ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى. ئۇ:

— ئاۋۇال مېھماندىن كەلسۇن، — دەپ قاپاقنى ئابدۇخالىققا سۇندى.

ئابدۇخالىق قاپاقنى قولىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىچىندىكى سۇدىن بىر يۇتۇم ئىچىۋېدى، سۇ خۇددى ھەسەلدەك تاتلىق تېتىپ كەتتى. ئۇ قاپاقتىكى سۇدىن غۇرتۇلدىتىپ ئۈچ يۇتۇم ئىچىۋەتتى. باللار ئۇنىڭ قولىدىكى قاپاققا قارىشىپ تۇكۇرۇكىنى يۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئابدۇخالىق قاپاقنى ئابدۇۋايىتقا بەردى. ئابدۇۋايىت قاپاقتىكى سۇنى ئىككى يۇتۇم ئىچىشىگىلا باللار «ۋاي ماڭا، ئەكەلچۇ!» دەپ ۋارقىراشقىلى تۇردى. قاپاق قولىدىن قولغا ئۆتۈپ بىردەمدىلا قۇرۇقدىلىپ قالدى. باللارنىڭ ناشتىلىقى مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى. ئابدۇۋايىت كۆينىكىنى قۇم ئۇستىدىن ئېلىپ سىلكىۋېتىپ ئۇچىسىغا كىيىۋالدى. ئۇ باللارغا:

— بىر تەرەپكە ئۆتۈڭلار، ئەمدى چېلىشىشنى باشلايمىز، — دېدى. باللار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئابدۇۋايىتنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشتى. — ئابلىمىت موزاي، سەن قارازور بىلەن بىر چېلىشىپ باقسىنا، — دېدى ئابدۇۋايىت بىر چەتتە تۇرغان ئابلىمىتقا. ئابلىمىت «چېلىشسام چېلىشاي» دەپ ئىشتىنىنىڭ پۇشقىنىنى تۇرۇپ ئوتتۇرىغا چۇشتى.

— چۇشمەمسەن قارازور، — دېيىشتى باللار ئابدۇۋايىتقا يېقىن ئولتۇرغان ئابلىمىت بىلەن تەڭتۇش قاراموتۇق، ئورۇقراق كەلگەن سېلىمنىياز ئىسىملىك بالىغا قارىشىپ.

سېلىمنىياز بۇ مەھەللىدىكى تەڭتۇش باللار بىلەن چېلىشىپ ھەممىسىنى يىقىتقاچقا باللار ئۇنىڭغا «قارازور» دەپ لەقەم قويۇۋالغان ئىدى. سېلىمنىياز ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ مەيدانغا چۇشتى. ئىككى بالا خۇددى سوقۇشقاق خورازلاردەك

بىر ـ بىرىگە ھۇرپىيىشىپ بىردەم تۇردى. بىردىنلا ھەر ئىككى-سى ئىتتىك يېقىنلىشىپ بىر قولىدا قارشى تەرەپنىڭ بىلىنى قاماللاپ تۇتسا، يەنە بىر قولىدا يوتىسىغىچە تۇرۇلگەن ئىشتىنىنى تۇتۇپ چېلىشىشقا باشلىدى. ئۇيان چايقىلىشىپ، بۇيان چايقىلى-شىپ تۇرۇپ سېلىمنىياز تۇيۇقسىزلا ئابلىمىتنىڭ ئوڭ پۇتىغا چىيماق سېلىپ ئارقىسىغا قايرىپ يوكلا قىلىپ بېسىۋالدى. باللار چۇرقىرىشىپ كېتىشتى.

— بولدى ـ بولدى ھېساب قارازور قويۇپ كەت! — دېدى ئابدۇۋايىت.

سېلىمـنىياز قويـۇپ كېتىـشىگە ئۇنىڭ ئاستىدىن قوپقان ئابلىمىت:

— بۇ دورام ھېـسـاب ئەمـەس، يـەنە بىر دورام چېلىشى-مەن، — دېدى قىزىشىپ.

كەل تۇتىسنا! — دېدى سېلىمنىياز.

ئابلىمىت شۇئان بېرىپ سېلىمنىيازغا يېپىشتى. ئۇ سېلىم-نىيازنى ئۇيانغا چايقاپ، بۇيانغا ئىتتىرىپ تۇرۇپ تۇيۇقسىزلا يەردىن لىككىتە ئۇزۇپ ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىككى پىرقى-رىتىپ يەرگە پوككىدە تاشلىدى.

— ھا ـ ھا ـ ھا!

— بەللى يارايسەن موزاي، — دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى بىرنەچچە بالا.

ئەمدى سېلىمنىياز: «بۇ ھېساب ئەمەس، يەنە بىر چېلىشى-مەن» دەپ تۇرىۋالدى. باللار: «بولىدۇ، چېلىشىڭلار» دەپ چۇرقىراشتى. ئابلىمىت بىلەن سېلىمنىياز ئۈچىنچى مەرتىۋە چېلىشىشقا باشلىدى. بۇ نۆۋەت سېلىمنىياز ئابلىمىتنى يىقىت-ۋالدى. ئابلىمىت يەنە رازى بولمىدى. ئۇ ئىككىسى تۆتىنچى قېتىم ئېلىشىپ ئابلىمىت سېلىمنىيازنى يىقىتىۋالدى.

— ئەمدى بولدى قىلىڭلار. قېنى بۇ ئىككىسىنى يېڭىۋال-

دىغان ئوغۇل بالا مەيدانغا چۈشسۇن، — دېدى ئابدۇۋايىت.

— مەن قارازور بىلەن چېلىشىمەن، — دېدى 13 ياشلاردىكى يۈزىدە چوقۇرى بار ھازىم ئىسىملىك بالا.

— سەن چوقۇر قارازورنى يىقىتالمايسەن، — دېدى بىرنەچچە بالا تەڭلا.

ھازىم چوقۇر بالىلارنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمىدى.

— مەن موزايىنى يىقىتمىسام ھېساب ئەمەس — دەپ ھامۇت ئورنىدىن تۇردى.

— مۇنۇ تازنى، بۆكى بېشىدىن چۈشۈپ كەتسە ئەمدى — دېدى ئېلى سېرىق.

ھامۇت بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— مانا ئەمىسە، ئەمدى بولغاندۇ، — دەپ بېشىدىكى بۆكىنى ئېلىپ يەرگە تاشلىدى.

ھامۇتنىڭ بېشى قۇلىقى بىلەن تەڭ تەمرەتكە بېسىپ كەتكەن ئاپئاق تاز ئىدى. بالىلار پاراقىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى. بىراق ھامۇت تاز بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي:

كېلە موزاي، — دەپ پۇشقىقىنى تۇرۇپ تەييار بولدى.

مەيدانغا چۈشكەن ئىككى جۈپ بالا ئۈچ قېتىمدىن ئېلىشتى. ھازىم سېلىمنىيازدىن يىقىلىپ قالدى. ھامۇت ئابلىمىتنى يىقىتىۋالدى.

— بۆكۆڭنى ئالغانغا چۈشلۇق ئىش قىلدىڭ جۇمۇ ھامۇت ئاداش — دېدى ئابدۇۋايىت چاقچاق قىلىپ.

— بىزدەك ئوغۇل بالىلار بوش كەلمەيمىز — دېدى ھامۇت مەغرۇرلۇق بىلەن.

ئابدۇۋايىت ئابدۇخالىققا:

— ئىككىمىز بىر چېلىشىپ باقمىزمۇ؟ — دېدى.

— مەن چېلىشىشنى بىلمىسەم، — دېدى ئابدۇخالىق قىزىرىپ.

— قوپە ئادىشىم، بىلمىسەڭ ئۆگىنىسەن، — دېدى ئابدۇۋا-

يىت ئابدۇخالىقنىڭ قولىنى تارتىپ.

ئابدۇخالىق تۇردى. ئابدۇۋايىت:

— كۆينىكىڭنى سېلىۋەت. ئۇ بەك يېڭى ئىكەن. يەرگە تېگىپ كىر بولمىسۇن يەنە، — دېدى.

ئابدۇخالىق كۆينىكىنى سېلىپ تاشلىدى. ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى يوتىسىغىچە تۇرۇپ مەيدانغا چۇشتى. ئابدۇۋايىت ئۇنىڭغا رەقىبىنى قانداق تۇتۇشنى ئۆگەتتى. ئارقىدىن چېلىشىش ئۇسۇلىدىكى بىرنەچچە خىل ھەرىكەت پەنتىنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئابدۇخالىقنى ئۇيان - بۇيانغا چايقاپ تۇيۇقسىزلا بىر چىيماق سېلىپ يىقىتتى. ئابدۇخالىق يەردىن قوپقاندىن كېيىن ئابدۇۋايىت:

— ھازىرقىدەك تۇيۇقسىز پەنت قىلىپ، ناھايىتى تېز، چەبدەس ھەرىكەت قىلساڭ رەقىبىڭنى يېڭەلەيسەن، — دەپ چۇشەندۇردى. ئابدۇخالىق ئىتتىك كېلىپ ئابدۇۋايىتنى تۇتتى. ئۇ تۇيۇقسىزلا بىر تەتۇر چىيماق سېلىپ ئابدۇۋايىتنى گۇپپىدە يىقىتىۋالدى.

— مانا ئەمدى چېلىشىشنى ئۆگىنىۋالدىڭ. قېنى ئاۋۇ ئەنەيتۇل بىلەن چېلىشىپ باق، — دېدى ئابدۇۋايىت. ئابدۇخالىق ئەنەيتۇلنىڭ ئالدىغا باردى. ئەنەيتۇل ئورنىدىن تۇرۇپ تەييارلىنىپ تۇرغان ئىدى. چېلىشىش باشلاندى. بىرىنچى قېتىم ئەنەيتۇل ئابدۇخالىقنى يىقىتىۋالدى. ئابدۇخالىق ئورنىدىن تۇرۇپلا «يەنە چېلىشىمەن» دېدى. ئىككىنچى قېتىممۇ يەنە ئابدۇخالىق يىقىلىپ قالدى. «يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك ئابدۇخالىق «يەنە چېلىشىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۈچىنچى قېتىم چېلىشقاندا ئابدۇخالىق ئەنەيتۇلغا تۇيۇقسىزلا بىر تەتۇر چىيماق سېلىپ ئۇنى گۇپپىدە يىقىتىۋالدى. ئۇلار شۇ يوسۇندا كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە مەرتىۋە چېلىشتى. ئابدۇۋايىت ئابدۇخالىققا قانداق پەنت قىلىشنى ئۆگىتىپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇخا-

لىق ئاخىرى چېلىشىشنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇ ئېلى سېرىق بىلەن چېلىشىپ ئۇنى يىقىتىۋالدى. بىر هازادىن كېيىن باللار چېلىشىپ هاردى.

بۇ چاغدا كۈن ئىدىقۇت تېغى ئۇستىدىن خېلىلا ئېگىز ئۆرلەپ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى بىلەن يەر - جاهاننى قىزدۇرۇشقا باشلىغان ئىدى.

— ماللارمۇ ئوتقا تويدى ئاداشلار كېتىمىزمۇ؟ — دېدى ئابدۇۋايىت باللارغا.

— كېتىمىز، جۇرۇڭلار! — باللار ۋارقىراشقان پېتى يۇگۈرۈشۈپ دۆڭگە چىقتى. ئۇ يەردىن پەسكە ماللىرى ئوتلاۋاتقان ئوتلاققا بېرىپ ئېشەكلىرىنى تۇتۇپ مىنىشتى. ئەنەيتۇل ئېشىكىنى تۇتۇپ كەلدى. ئۇ كەينىگە ئابدۇخالىقنى مىنگەشتۈرۈۋالدى. باللار ئولاش - چولاش ۋارقىرىشىپ ماللىرىنى هەيدىشىپ هەممىسى ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئابدۇخالىق مەهەللىگە قايتىپ كېلىپ ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بولۇپ ئولتۇرغان ئىدى. دەرۋازا ئالدىدا ئۇنى ئابدۇۋايىت بىلەن ئەنەيتۇل چاقىردى. ئابدۇخالىق دەرۋازا ئالدىغا ئىككى دوستىنىڭ قېشىغا چىقتى. ئىككى دوستى ئۇنى قوغۇنلۇققا ئېلىپ كەتتى. ئۇلار قوغۇنلۇقتىن قايتىپ كېلىپ كۆلگە بېرىپ سۇغا چۆمۈلدى. ئاخشىمى كەچقۇرۇنلۇقى كارىزنىڭ تىلما بويىدىكى مۇزدەك قۇمدا يېتىپ باللار ئابدۇخالىق بىلەن چۆچەك، تېپىشماق ئېيتىشتى.

هەش - پەش دېگۈچە بىر هەپتە ئۆتۈپ كەتتى. مىجىت هاجى شەهەرگە قايتماقچى بولدى. ئابدۇخالىق يېڭى تونۇشقان دوستلىرى بىلەن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان هالدا خوشلىشىپ چوڭ دادىسى بىلەن شەهەرگە قايتتى.

# سىرلىق تېلېگىراممىا

ئابدۇخالىق چاتقالدىن قايتىپ كېلىپ ئەتىسى چۈشكىچە كىتاب ــ دەپتەرلىرىنى شىرەگە يېيىۋېلىپ دەرس تەكرارلىدى، ھۆسنخەت يازدى. چۈشتىن كېيىن ئۆيىنىڭلى كوچىغا ماڭدى. ئاكىسىنىڭ تالاغا ماڭغانلىقىنى كۆرگەن ئابدۇقەييۇم يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئابدۇخالىقتىن سورىدى:

— ئاكا نەگە بارىسەن؟

— بازارغا، — دېدى ئابدۇخالىق توختاپ.

— جېنىم ئاكا مەنمۇ بازارغا بىللە بارايچۇ؟ — يالۋۇردى ئابدۇقەييۇم.

— سەن بازاردا نېمە قىلىسەن؟

— ئۆزۈڭ نېمە قىلىسەن؟

— مەن ئوينايمەن. باغرى، چاتقالغا بېرىپ بازارنى كۆرمىگىلى 15 كۈن بولدى.

— مەنمۇ بازارغا بېرىپ ئويناپ كېلەيچۇ ئاكا.

ئۆيدىن چىققان نىيازخان:

— ئابدۇخالىق بازارغا بارسىڭىز ئۇكىڭىز ئابدۇقەييۇمنىمۇ بىرگە ئېلىۋېلىڭ، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى ئابدۇخالىق.

ئابدۇقەييۇم بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ سەكرەپ كەتتى. ئابدۇخالىق ئۇكىسىغا قاراپ:

— كەينىمدىن يۈگۈرگىن ئەمىسە، — ئابدۇخالىق شۇنداق دەپ يۈگۈرگىنىچە تالاغا چىقىپ كەتتى. ئابدۇقەييۇممۇ ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ئابدۇخالىق يۈگۈرگەن پېتى دەرۋازىدىن

چىقىپ شىمال تەرەپتىكى كوچا بېشىغا چىققاندا توختىدى. ئابدۇقەيە-
يۇم ھاسىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاكىسىنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلدى.
— چاپلاشمىساڭچۇ، مەنمۇ تەرلەپ كەتتىم، — دەپ ئابدۇخا-
لىق پېشانىسىدىكى تەرنى يانچۇقىدىن قولياغلىقنى چىقىرىپ ئېرتتى.
— ئاكا مەنمۇ تەرلەپ كەتتىم، قولياغلىقىڭنى ماڭىمۇ بەر-
چۇ، مەنمۇ تەرىمنى ئېرتىۋالاي، — ئابدۇقەييۇم ئاكىسىغا قولى-
نى سۇندى.
ئابدۇخالىق قولياغلىقنى ئۇكىسىغا بېرىۋېتىپ دېدى:
قولياغلىق دېگەننى كىمنىڭ بولسا شۇ ئۆزىلا تۇتۇشى كې-
رەك. باشقىلار تۇتسا بولمايدۇ.
— نېمىشقا، سەن مېنىڭ ئاكام تۇرساڭ — دېدى ئابدۇقەيە-
يۇم قولياغلىق بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى ئېرتىۋېتىپ.
— مېنىڭ كېسىلىم بولسا ساڭا يۇقۇدۇ، سېنىڭ كېسىلىڭ
بولسا ماڭا يۇقۇدۇ، — دېدى ئابدۇخالىق.
— ئۇنداق بولسا ھە، قولياغلىقىڭنى ئال، مەنمۇ ئاپامدىن
بىر قولياغلىق ئالىمەن، — دېدى ئابدۇقەييۇم.
— جۇرۇ، — دېدى ئابدۇخالىق.
ئۇكىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئىككى بالا شەرققە مې-
ڭىپ سودىگەر كوچىسىغا چىقتى. ئۇلار سودىگەر كوچىسىدىكى
دۇكانلارنى ئارىلاپ، ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ ماڭا - ماڭا قازىخانا
مەسچىتى ئالدىدىكى مەيدانغا چىقىپ قالدى.
ئابدۇقەييۇم بۇتخانىنىڭ يان ئالدى تەرىپىدە تاۋۇز سېتىۋاتـ-
قان قاسىم باققالنىڭ لەمپىسى ئالدىغا كەلگەندە:
— ئاكا ئۇسساپ كەتتىم، — دېدى.
ئابدۇخالىق ئېغىز ئاچقىچە قاسىم باققال قىپقىزىل چىققان
يوغان بىر تىلىم تاۋۇزنى ئابدۇقەييۇمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:
«يېسىلە بالام»، — دېدى.
قاسىم باققال يەنە بىر تىلىم تاۋۇزنى ئابدۇخالىققا بېرىپ:

— ئۆزلەمۇ يېسلە، تاۋۇز بەك تاتلىق، شېكەر تاۋۇز! — دەپ توۋلاپ قويدى.

ئىككى بالا ئالدىغا ئېڭىشىپ:

— قوم تاۋۇزكەن، ئەجەپ تاتلىق ئىكەن، — دېيىشىپ يېيىشكە باشلىدى.

قاسىم باققال خېرىدار چاقىرىپ توۋلايتتى:

— چاڭقىغانلار كېلىڭلار، ئۇسسىغانلار ئېلىڭلار، شېكەر تاۋۇز، يەپ كۆرگەنلەر دەرماندا، يېمىگەنلەر ئارماندا، ھەي - ھەي، شېكەر تاۋۇز!

— ئاكا «يەپ كۆرگەنلەر دەرماندا» دېگىنى نېمە گەپ؟ — قىزىقىپ سورىدى ئابدۇقەييۇم.

ئابدۇخالىق قولىدىكى شاپاقنى نېرىسىدىكى سېۋەتكە تاشلىۋېتىپ ئابدۇقەييۇمدىن سورىدى:

— تاۋۇزنى يەپ ئۇسسۇزلۇقۇڭ قاندىمۇ؟

— ھەئە.

— پۇت - قولۇڭغا ماغدۇر كىردىمۇ؟

— پۇت - قولۇمغا تېخى ماغدۇر كىرمىدىغۇ، — دېدى ئابدۇقەييۇم قول - پۇتلىرىغا قاراپ.

ئابدۇخالىق بىلەن قاسىم باققال كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي ئۇكام تاۋۇزنى يەپ ئۇسسۇزلۇقىڭنىڭ قانغىنى «يەپ كۆرگەنلەر دەرماندا» دېگەنگە ئوخشاش گەپ. ئابدۇخالىق ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن ئىككى ياماقنى چىقىرىپ قاسىم باققالغا سۇندى.

— جۇرۇ ئۇكام، — دەپ ئابدۇخالىق قازىخانا مەسچىتى تەرەپكە ماڭدى.

ئۇلار ئەمدى مېڭىشىغا بىر قارا ئېشەكنى يېتىلىۋالغان، ساقال، بۇرۇتىغا ئاق سانجىغان بىر دېھقان ئالدى تەرەپتىن كەلدى. ئابدۇخالىق تىزىغىچە كەلگەن يەكتىگىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتمىگەچكە مەيدىسىدىكى تۈكلەر كۆرۈنۈپ تۇرغان، ھەربىر قە-

دەم باسقاندا يوغان پوتىدىكى قوپال كەشى شاقىلداپ سەت ئاۋاز چىقىرىدىغان 50 ياشلاردىكى بۇ ئادەمگە قىزىقىپ قالدى. ئۇنىڭ دىققىتىنى ئابدۇقەييۇمنىڭ ئاۋازى بۇزدى:

— ئاكا ئۆيگە كېتىمەن، بەك ئىسسىق ئىكەن.

— ئىسسىققا چىدىمايدىغان ئادەم نېمىشقا مەن بىلەن بىللە بازارغا بارىمەن دەپ جېدەل قىلىسەن ئەمىسە؟ — دېدى ئابدۇخالىق.

— قورسىقىم ئاچتى.

— ئۆيدە مانتىدىن ئۇچنى يېدىڭغۇ؟

— ئۇسساپ كەتتىم.

— هازىرلا تاۋۇز يېدىڭغۇ؟

— بەك ئىسسىق ئىكەن.

ئابدۇخالىق ئۇكىسىنىڭ جېدەلى بېسىقمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— ئەمىسە جۇرۇ، مۇنۇ يول بىلەن كېتىمىز، — دەپ ئابدۇخالىق ئۇكىسىنى ئەگەشتۇرۇپ قازىخانا مەسچىتى بىلەن بۇتخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇدۇل غەربكە سوزۇلغان سۇلتانباي كوچىسىغا قاراپ ماڭدى.

ئىككى بالا كوچا ئاغزىغا يېتىپ بېرىشىغا ئۇدۇلىدىكى كىچىك يان كوچىدىن مەخسۇت مۇھىتى چىقىپ كەلدى.

ئىككى بالا مەخسۇت مۇھىتىغا سالام بەردى:

— ئەسسالام!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — مەخسۇت مۇھىتى باللار بىلەن سالاملىشىپ تۇرۇشىغا قازىخانا مەسچىتى تەرەپتىن بايىقى ئېشەك يېتىلىۋالغان ئادەمنىڭ مەخسۇت مۇھىتىنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋاي مەخسۇتباي! ۋاي مەخسۇتباي!

مەخسۇت مۇھىتى ئۇ دېھقاننى تونۇۋالدى. ئۇ دېھقان «ۋاي مەخسۇتباي!» دېگىنىچە يېتىپ كەلدى.

— هوي قۇرباناخۇنكاممۇ سىز؟ قاچان كەلدىڭىز؟ — دېدى

مەخسۇت مۇھىتى دېھقان بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ.

قۇربان ئىسىملىك بۇ دېھقان ئاستانە يېزىسىنىڭ يېڭىتۇر مەھەللىسىدىن ئىدى.

— بۇ يەرگە كەلگىلى بىر ئاش پىشىم بولدى. ھېچ تاپالمىدىم، ھېچ تاپالمىدىم، — دېدى ھەسرەت بىلەن.

— نېمىنى تاپالمىدىڭىز؟ بىر نېمىڭىز يوقاپ كەتتىمۇ؟ — سورىدى مەخسۇت مۇھىتى.

ئابدۇخالىق قۇربان ئاكىنىڭ ئاغزىدىن قانداق گەپنىڭ چىقىشىغا قىزىقىپ قاراپ تۇردى.

— ھەي مەخسۇتباي ئۇكەم، بۇگۇن خۇدايىم ئۆزلەنى ماڭا يەتكۇزدى. بولمىسا قانداقمۇ قىلۇردۇم، — قۇربان ئاكا شۇنداق دەپلا يىغلاپ كەتتى.

مەخسۇت مۇھىتى قۇربان ئاكىنىڭ كۆز يېشى قىلىشىدىن ئۇنىڭ بېشىغا ناھايىتى ئېغىر بىر مۇشكۇلاتنىڭ كەلگىنىنى ھېس قىلدى.

— قۇرباناخۇنكا ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، بىز دېگەن بىر ئۆستەڭنىڭ سۇيىنى تەڭ ئىچىپ چوڭ بولغان تۇرساق، بېشىڭىزغا نېمە دەرد - ئەلەم كەلدى. مانا مەن سىزدىن ياردىمىمنى ئايىمايمەن، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى مەردانىلىق بىلەن.

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ يىغلاۋاتقان بىر دېھقان بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئادەملەر كېلىپ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ سەمىمىي گېپىدىن كۆڭلى تەسەللىگە ئېرىشكەن قۇربان ئاكا غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا سۆزلەپ كەتتى:

— ئىنىم بارات ئاخۇن قۇمۇلغا قوي ئالغىلى كەتكىلى بىر ئاي بولغان. ئۇ كېتىپ ھازىرغىچە قۇدۇققا تاش چۇشۇپ كەتكەندەك جىم بولۇپ كەتكەن. تۇنۇگۇن دەنباۋجوي[1] دىن بىر ئادەم

---

[1] دەنباۋجوي — تېلېگراف ئىدارىسى

كېلىپ «ساڭا قۇمۇلدىن دىيەنباۋ (تېلېگراممىا) كەلدى» دەپ مۇنۇ قەغەزنى بەردى. مەن ئوقۇمىغان قارىتورۇك ئادەم تۇرسام ئۇنداق بىر نېمىلەرنى ئوقۇيالايمەنمۇ، بۇنىڭغا ئىچىم پۇشۇپ بۇ دەنباۋنى مەھەللىمىزدىكى تۇرسۇن ئىمامغا كۆرسەتتىم. ئىمام دەنباۋنى ئوقۇيالمىدى. ئۆستەڭ بويىدىكى قاسىم قارىغا كۆرسەتـ-سەم ئۇمۇ ئوقۇيالمىدى. بىزنىڭ يېڭىتۇردا ئەھلى ئىلىملەردىن شۇ ئىككىلا ئادەم بار ئەمەسمۇ. قوشنام رىزگان تامچى «خوجام ئالدى مەھەللىسىگە بارغىن، ئوقۇيدىغان ئادەم چىقۇر» دەپ يول كۆرسەتتى. مەن ئۇدۇل تۆمۈر ئاخۇنۇمنىڭ ھوزۇرىغا كىرسەم ئۇ زات يوق ئىكەن. بىرنەچچە قارى، ئەھلى ئىلىملەرگە كۆرسەتـ-سەم ئۇلارمۇ ئوقۇيالمىدى. بەزەن ئادەملەر:

— سىيىت قارىلار ئوقۇيالمىغان بولسا بۇ بىر سىرلىق تېلېگراممىمۇ نېمە؟ دەپ مېنى قورقۇتۇپ قويۇشتى.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ «بارات ئاخۇن ئۇكەم بىرەر كېلىشـ-مەسلىككە ئۇچراپ قالغاندىمۇ» دەپ غەمگە پېتىپ قالدىم. مېـ-نىڭ ھالىمغا ئىچى ئاغرىغان قوشنام يۇسۇپ سەيپۇڭ:

— ئەكەلچۇ، مەن بىر ھەجىلەپ باقاي، — دەپ دەنباۋنى قولىغا ئالدى.

يۇسۇپ سەيپۇڭ خېلى قېرىشىپ دەنباۋنىڭ بېشىدىكى «قويـ-لارنى ئېلىپ» دېگەن ئىككى خەتنى ئوقۇپ ئاخىرىنى ئوقۇيالمـ-دى. مەن بۇ سىرلىق دەنباۋدا نېمە گەپ بارلىقىنى بىلەلمەي تېخىمۇ تىت - تىت بولدۇم. ۋادەرىخا، ئاستانە، قارا خوجا تەۋەسىدە بۇ دەنباۋنى ئوقۇيالايدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىسا، ھەي مەخسۇتباي، بۇ راستىنىلا بىر سىرلىق دەنباۋ بولمىسۇن — قۇربان ئاكا ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقاپ جىم تۇرۇپ قالدى.

ئابدۇخالىق قۇربان ئاكىنىڭ ئاستانىدا خەت ئوقۇيالىغۇدەك بىرەر ئادەم تاپالماي يېرىم كۈن يول مېڭىپ 60 چاقىرىم بېسىپ تۇرپان شەھىرىگە كەلگەنلىكىگە كۈلگىسى كەلدى. بىراق ئۇ

قۇربان ئاكىنىڭ كىچىچە ئۇخلىماي قىزىرىپ كەتكەن كۆزىدىن ئېقىۋاتقان ياشنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. «ماڭا كۆرسەتـ كەن بولسا ئوقۇپ بەرمەسمىدىم» ئابدۇخالىق شۇنى ئويلاپ تۇراتـ تى. ئۇكىسى ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ ئاستاغىنە:

— ئاكا سەن سىرلىق دەنباۋنى ئوقۇيالامسەن؟ — دېدى.

ئەتراپتا قارىشىپ تۇرغان ئادەملەر بۇ گەپكە دىققەت قىلمىدى. بىراق سەزگۈر مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇقەييۇمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالدى. مەخسۇت مۇھىتى يېنىدا تۇرغان ئابدۇخالىققا قاراپ قوـ يۇپ قۇربان ئاكىغا دېدى.

— قېنى شۇ سىرلىق تېلېگرامما، مەن بىر كۆرەي.

— مانا تۇتسىلا، — قۇربان ئاكا تېلېگراممىنى مەخسۇت مۇھىتىغا بەردى. ئۇ تېلېگراممىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىـ قىپ كۈلۈپ كەتتى:

— ھا - ھا - ھا!

قۇربان ئاكا بۇ تۇيۇقسىز كۈلكىدىن مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. قۇربان ئاكا سورىدى:

— مەخسۇتباي بۇ راستىنلا ئوقۇغىلى بولمايدىغان سىرلىق دەنباۋمىكەن؟

— ئەندۆرەپ كەتمەڭ. ئوقۇپ بەرگەندە بىلىسىز. مېنى ئىزتىراپقا سالغىنى باشقا بىر ئىش، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ.

— ھېچبىر چىدىغۇچىلىقىم قالمىدى ئۇكەم. بۇ سىرلىق دىيەنباۋنىڭ سىرىنى ئېچىپ بەرسىلە، — ئۇكەم — دېدى قۇربان ئاكا ئۆتۈنۈپ. مەخسۇت مۇھىتى قولىدىكى تېلېگراممىنى ئېچىـ شىپ ئابدۇخالىققا سۇنۇۋېتىپ دېدى:

— بىزنىڭ چوڭ موللا بۇ يەردە تۇرسا، بۇنى ئۇنىڭغا ئوقۇتـ ماي يەنە كىمنى ئىزدەيمىز؟

— ۋۇي مۇشۇ كىچىك بالا ھەر موللا ئادەملەر ئوقۇيالمىغان

خەتنى ئوقۇپ چىقىرالۇرمۇ؟ — دېيىشتى ئەتراپتا تۇرغان بىرنەچچە ئادەم.

— بۇ ئابدۇخالىققۇ، ئۇ دېگەن ھەمدۇللا داموللامنىڭ مەدرىسىدە ھازىر كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ. ئۆتكەن يىل سەككىز يېشىدا قۇرئان تاماملىغان بالا ئۇ. ئۇنى بوش چاغلىماڭلار جۇمۇ، ئەقىل ياشتا ئەمەس باشتا، — دېدى زاسۇيپەز نىياز ئاكا.

— راست گەپ. مىجىت ھاجىمنىڭ بۇ نەۋرىسى مەدرىسىدە «گۇلىستان»نى ئوقۇۋاتقۇدەك دەپ ئاڭلىدىم، — دېدى ئابدۇل مىسكەرچى.

— بۇ دېگەن سىرلىق دەنباۋ تۇرسا، — دېدى ئابدۇل موزدۇز «شىرت» قىلىپ بۇرنىنى تارتىپ.

مەخسۇت مۇھىتى ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي ئابدۇخالىققا:

— قېنى تېلېگراممىنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىڭ، — دېدى.

ئابدۇخالىق:

«قويلارنى سېتىپ ئالدىم. قۇربان ئاخۇن ئاكام كەلسۇن، ئىنىڭىز بارات» دېگەن ئىككى جۈملە سۆزنى جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ئوقۇدى.

قۇربان ئاكا بۇ ئىككى جۈملە گەپنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىدى. ئۇ مەخسۇت مۇھىتىگە قاراپ:

— مەخسۇتباي كىچىك بالا خاتا ئوقۇپ قويمىغاندۇ-ھە، — دېدى. مەخسۇت مۇھىتى ئىستېھزا بىلەن كۈلۈپ قويۇپ:

— بايىلا مۇنۇ ئابدۇل مىسكەرچىنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭىزغۇ، بۇ بالا دېگەن ھەر چوڭ كىتابلارنى ئوقۇپ تۈگەتكەن بالا. بۇنداق تېلېگرامما ئۇنىڭغا نېمىتى، ئۇنىڭ ئوقۇغىنى دۇرۇست، — دېدى ئىشەنچ بىلەن.

— ئاخىرىچۇ؟ ئاخىرىدا نېمە دەپتۇ؟ — سورىدى قۇربان ئاكا. مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىقنىڭ قولىدىن تېلېگراممىنى

ئېلىپ قۇربان ئاكىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئوقۇدى.

— خۇدايىم توۋا، سىرلىق دەنباۋكەن دېسە قورقۇپ يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ سىرىنى مانا بۇ توققۇز ياشلىق ئابدۇخالىق ئاچتى. رەھمەت ئۆزلەگە موللا بالام، — دېدى قۇربان ئاكا گويا ئۇستىدىن بىر ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلىپ.

ئابدۇخالىق مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى. مەخسۇت مۇھىتى ئەتراپتىكى ئادەملەرگە قاراپ دېدى:

— بۇ ئاددىي بىر پارچە تېلېگراممىدا بىزنىڭ قازى، ئىمام، قارىلىرىمىزغا ناھايىتى سىرلىق تۇيۇلۇپتۇ. بۇنىڭدىكى سىر باشقا نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ نادانلىق، خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پېتىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقانلىقىمىز. بىزدە يېڭى نىزامچە پەننىي مەكتەپلەر بولمىغاچقا بالىلىرىمىز ئوقۇشىمىز قېلىپ ساۋاتسىز، كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بولۇپ چوڭ بولۇۋاتىدۇ. قارىغۇ ئادەم قانداقمۇ توغرا يول تېپىپ ماڭالايدۇ؟ ھەي ئىسىت، ھەي دەردىم! مەخسۇت مۇھىتى قاپىقىنى تۈرۈپ جىمىپ قالدى. ئابدۇخالىق ئەتراپىدا تۇرغان ئادەملەرگە قارىدى. ئۇلار خۇددى ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەملەردەك باشلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ سۈكۈتكە چۆككەن ئىدى. سۈكۈتنى يەنە مەخسۇت مۇھىتى بۇزدى:

— قېرىنداشلار بىزنىڭ كۈنلىرىمىز مۇشۇنداق نادانلىق، قالاقلىق، كونىلىق، خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پېتىپ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاش بىلەن ئۆتەرمۇ؟ زادى نېمە قىلماق كېرەك؟

بىر پەستىن كېيىن بۇ سوئالغا مەخسۇت مۇھىتى يەنە ئۆزى جاۋاب بەردى:

— بىزمۇ تۇرپاندا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئېچىشىمىز، بالىلىرىمىزنى ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇشىمىز لازىم.

# ئىككىنچى قىسىم

# خوش خەۋەر

1912 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئىدى. مىجىت ھاجى كەچتە مېھمانخانىدا نەۋرىسى ئابدۇخالىققا ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىدىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنى ئوقۇتۇپ تىڭشاپ ئولتۇراتتى. مىجىت ھاجى ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ كىتاب ئاڭلىغۇسى كېلىپ قالغان چاغلاردا بۇرۇنقىدەك ئابدۇراخمان مەخسۇم ياكى لۇكچۇندىن مەخسۇس نامەت خەلپەتنى تەكلىپ قىلىپ ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئوماق نەۋرىسى ئابدۇخالىقنى چاقىرىپ كىتاب تەكچىسىدىن ئاڭلىغۇسى كەلگەن خالىغان بىرەر كىتابنى ئېلىپ بەرسىلا، ئابدۇخالىق ناھايىتى يېقىملىق ئاھاڭدا دۇدۇقلىماي راۋان ئوقۇپ چوڭ دادىسىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرالايدىغان بولغان ئىدى. مىجىت ھاجى بۇنىڭدىن بەك سۆيۈنەتتى. ئۇ ئابدۇخالىق ئوقۇغان كىتابنى ئاڭلىغانچە ئاڭلىغۇسى كېلىپ، بەزەن چاغلاردا ھەتتا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. مىجىت ھاجى ئابدۇخالىق ئوقۇۋاتقان «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنى تازا بېرىلىپ تىڭشاۋاتقاندا خىزمەتكار كىردى. خىزمەتكار مەخسۇت مۇھىتنىڭ مىجىت ھاجىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتكىنىنى مەلۇم قىلدى.

— نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدىڭمۇ، — دېدى مىجىت ھاجى ئورنىدىن تۇرۇپ.

— تاھىربېگىم ئىچكىرىدىن كەلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى خىزمەتكار.

— سەن چىقىپ ئايۇپقا ئېيت، پەيتۇننى تەييار قىلسۇن، مەن ھايال بولماي چىقىمەن، مىجىت ھاجى شۇنداق دەپ تۇمىقى

بىلەن پەرىجىسىنى كىيدى.
ئۇ ئابدۇخالىققا قاراپ:
— سىزمۇ مەن بىلەن بىرگە بېرىپ تاھىربەگ ئاكىڭىزغا سالام بېرىپ، كۆرۈشۈپ كەلمەمسىز، — دېدى.
— بولىدۇ، مەن تەييار ھاجىم دادا، — دەپ ئابدۇخالىق پىيمىسىنى كىيىپ تالاغا ماڭدى.
ئابدۇخالىقنىڭ كەينىدىن مىجىت ھاجى ھويلىغا چىقتى. ھويلىدا ئايۇپ پەيتۇننى تەق قىلىپ تۇراتتى. مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇخالىق پەيتۇنغا چىقتى. مىجىت ھاجى ئايۇپ پەيتۇننى مەخ-سۇتباينىڭ قورۇسىغا ھەيدەشنى بۇيرىدى.
مەخسۇت مۇھىتى ئۆتكەن يىلى قازىخانا مەسچىتىنىڭ غەربىي يان تەرىپىدىكى كوچىدىن بىر قورۇ جاي سېتىۋېلىپ قىش كۈنلە-رىنى مۇشۇ جايدا ئۆتكۈزەتتى.
يولدا كېتىۋېتىپ مىجىت ھاجىنىڭ ئىچى پۇشتىمۇ، سۆزلە-گىلى تۇردى:
— ھەي، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەر ئەجەب تېز ئۆتتى - ھە، ئۆتكەن يىلى كۈزدىن بۇيان بۇ جاھاندا نى - نى چوڭ ئىشلار يۈز بەردى.
يا تەقسىر، — دېدى مىجىت ھاجى ئۆزىچە.
— قايسى ئىشلارنى دەيدىلا چوڭ دادا، — سورىدى ئابدۇخالىق.
— ئۆتكەن يىل ئونىنچى ئايدا ئىچكىرىدە ئىنقىلاب بولۇپ خاننى يىقىتقاننى دەيمىنا. بۇ كىچىك ئىشمۇ بالام، — دېدى مىجىت ھاجى.
— تاھىربەگ ئاكام: «سۇن جۇڭشەن قوزغىغان بۇ ئىنقىلاب جۇڭگودا ئىككى مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن خانلىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى» دېگەنىغۇ، — دېدى ئابدۇخالىق.
— بارىكاللا ئېسىڭىزدە بار ئىكەن - ھە، — دېدى مىجىت

هاجى گېپىنى داۋام قىلىپ، — خان ئونىنچى ئايدا ئاغدۇرۇلدى.
ھۆكۈمەت تاھىربەگنى نەنجىڭدە ئېچىلىدىغان جۇمھۇرىيەت قۇ-
رۇش رەئىسى جۇمھۇر سايلاش قۇرۇلتىيىغا شىنجاڭدىن باش
ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىدى. بىز تاھىربەگنى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا
نەنجىڭگە ئۇزىتىپ قويمىدۇقمۇ، بۇ يىل بىرىنچى ئايدا نەنجىڭدىن
مىنگو (جۇمھۇرىيەت) قۇرۇلۇپ سۇن جۇڭشەن ئەپەندى دازۇڭ-
تۇڭ (بۇيۇك رەئىس جۇمھۇر) بولۇپ سايلىنىپتۇ دېگەن خەۋەر
كەلدى. بىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولدۇق. بىراق، خۇشال-
لىقىمىز ئۇزۇنغا بارمىدى. ئۇرۇمچىدىكى شۇنفۇ[1] جۇمھۇرىيەتنى
قوبۇل قىلماپتۇ. ئىلىدا تۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەت جۇمھۇرىيەت قۇ-
رۇپتۇ دېگەن گەپلەر تارقالدى. كېيىن ئاڭلىساق شىنجاڭنىڭ
شۇنفۇسى يۇەن داخۇا «ئۆلگۈچە خانغا سادىق بولىمەن» دەپ
قەسەم قىپتۇ ـ دەك. ئۇ ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا
جازا يۇرۇشى قىلىپ ئەسكەر ئەۋەتىپتۇ. جازا يۇرۇشى قىلغان
ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى يېرىم يولدا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇچرى-
شىپ قاتتىق ئۇرۇش قىلىپتۇ. ئۇرۇشتا ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى
يېڭىلىپ قوزغىلاڭچىلار غەلىبە قىلىپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەبلەنگەن
يۇەن داخۇا يۇرت ـ يۇرتلارغا ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ
ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتىپ ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرماقچى
بوپتۇ.

قۇمۇلدا شا مەخسۇت ۋاڭ يۇەن داخۇانىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇ-
رۇۋېلىپ قۇمۇل خەلقىگە «ئىككى ئوغلى بار ئادەمنىڭ بىر ئوغلى
ئۆز ئېتىغا مىنىپ كەلسۇن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتلىقلار
ئىككى يۇزگە توشقاندا ۋاڭ بىر ئەمەلدارنى باش قىلىپ ئۇلارنىڭ
قولىغا مىلتىق تۇتقۇزۇپ ئۇرۇمچىگە يولغا ساپتۇ، يېڭى ئەسكەر-
لەرنىڭ ئىچىدە تۆمۈر خەلىپە دېگەن جىگەرلىك ئادەم بار ئىكەن.

① شۇنفۇ — ئەل قىلغۇچى، بويسۇندۇرغۇچى مەنسىدىكى ئەمەل نامى.

ئۇ ھەمراھلىرىغا «بىز كىم ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغۇدەكمىز، ئىچكىرىدە ئىنقىلاب قىلىپ خاننى يوقۇتۇپتۇ. بىزمۇ ۋاڭنى يوقاتساق ھەممە ئىش تۈزەلمەمدۇ» دېگەن ئىكەن. بۇ گەپ ھەممىسىگە يېقىپتۇ. ئۇلار ۋاڭنىڭ ئەمەلدارىنىڭ قورالىنى تارتىۋېلىپ قومۇلغا قوغلىۋېتىپتۇ. ئىككى يۈز ئاتلىق تۆمۈر خەلپىنىڭ يولباشچىلىقىدا قومۇلدىكى قوراي تېغىغا قايتىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شا مەخسۇت ۋاڭ قاتتىق دەككە - دۈككىدە قاپتۇ. ئۇ، بارىكۆل ئامبىلى يى شىڭفۇغا ئىككى مىڭ سەر كۈمۈش بېرىپ تۆمۈر خەلپىنى باستۇرۇپ بەرگىن دەپتۇ. يى شىڭفۇ پۇلنى ئېلىپ 130 ئەسكەر بىلەن بارىكۆلدىن كوشۇتىغا يېتىپ كېلىپ بىر سارايدا ئارام ئېلىۋاتقاندا تۆمۈر خەلپە كېچىسى ئادەملىرى بىلەن كېلىپ يې شىڭفۇ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى تىرىك تۇتۇۋاپتۇ. يې شىڭفۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ. شا مەخسۇت ۋاڭ بۇنى ئاڭلاپ ئۈرۈمچىگە ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم سوراپتۇ. يۈەن داخۇا 1500 ئەسكەرگە چيەن گۋاڭخەن دېگەننى باش قىلىپ قومۇلغا ئەۋەتىپتۇ. تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭچىلىرى چيەن گۋاڭخەننىڭ نەچچە يۈز ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، قومبۇلاققا چېكىندۈرۈپتۇ. ئاڭلىساق ھازىر تۆمۈر خەلپىنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى كۆپىيىپ قورال - ياراق، ئوق - دورىلىرىمۇ تولۇقلىنىپ كۈچىيىپ كېتىپتۇ - دەك. بۇنىڭدىن دەككە - دۈككىگە چۈشكەن يۈەن داخۇا ئورنىنى ياڭ زېڭشىنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئۆزى ئىچكىرىگە كېتىپتۇ - دەك...

مىجىت ھاجى بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— ئەمدى تاھىربەگ نەنجىڭدىن قانداق خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلگەندۇ، — دېدى چوڭ بىر نەپەس ئېلىپ.

پەيتۇن توختىدى.

— ھاجىم يېتىپ كەلدۇق، — دېدى ئايۇپ ھارۋىكەش.

مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇخالىق پەيتۇندىن چۈشتى. ھويلىدا

ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان خىزمەتكار مېھمانخانىغا باشلىدى. مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇخالىق مېھمانخانىغا كىرگەندە مېھمانلار بىر پارچە سۇرەتنى قولدىن - قولغا ئېلىپ ناھايىتى قىزىقىپ كۆرۈۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — مىجىت ھاجى سورۇن ئەھلىگە سالام بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — كەلسىلە ھاجىكا، ھە ئابدۇخالىق سىزمۇ كېلىڭ، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئىتتىك مىجىت ھاجىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، مىجىت ھاجى مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ تۆردە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن تاھىر بەگنىڭ ئالدىغا بېرىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئىككىسى بىر - بىرىدىن قىزغىن ئەھۋال سوراشتى.

تاھىر بەگ ئابدۇخالىقنى ئۇز يېنىغا چاقىرىۋالدى. ئۇ ئابدۇخالىق بىلەن بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەشكەندىن كېيىن يېنىدىكى سومكىسىدىن بىر تال قەلەم ۋە چىرايلىق بىر يانچۇق خاتىرىسىنى ئېلىپ ئابدۇخالىققا سوۋغا قىلدى. ئابدۇخالىق سوۋغىنى ئېلىپ بەك خۇشال بولدى، تاھىر بەگكە رەھمەت ئېيتتى.

— جۇمھۇرىيەتنى قۇرۇپ، رەئىس جۇمھۇرنى سايلىدۇق دېيىسلە تاھىربېگىم، — دېدى مىجىت ھاجى ئېچىتىخار بىلەن.

— شۇنداق، شۇنداق ھاجىكا، 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى دۆلەت قۇرۇش ۋە رەئىس جۇمھۇرنى سايلاش مۇراسىمى ناھايىتى داغدۇغىلىق ئېچىلدى. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى رەئىس جۇمھۇرلۇققا سايلانغاندا تەنتەنە ساداسىدىن زال تىترەپ كەتتى، — دېدى تاھىربەگ شۇ چاغدىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلەپ.

— رەئىس جۇمھۇر دۆلەت ئاتىسى سۇن جۇڭشەن قانداقراق ئادەم ئىكەن؟ — مىجىت ھاجى قىزىقىپ سورىدى.

— دۆلەت ئاتىسى سۇن جۇڭشەن خاننى ئاغدۇرۇپ، فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىنى يوقىتىپ جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇش

ئۇچۇن، ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلغان. ئۇلۇغ زات ئىكەن. ئۇ مۇشۇ نىشان ـ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دەپ يېشى ئەللىككە يېقىنلىشىپ قالسىمۇ ئۆيلەنمىگەن ئىكەن.

— ئاجايىپ ئادەم ئىكەن. مۇشۇنداق غەيرەت ـ شىجائەت، مۇشۇنداق ئىرادە كىمدە بار ـ هە! دۆلەت ئاتىسى بولۇشقا لايىق ئىكەن، — دېدى مىجىت هاجى هاياجانلىنىپ.

— مانا بۇ سۈرەتنى كۆرۈپ باقسىلا، — دېدى مەخسۇت مۇهىتى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرى بىلەن چۈشكەن خاتىرە سۈرەتنى مىجىت هاجىغا سۇنۇپ.

— هاجىكا قايسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى؟ قېنى تېپىپ باقسىلاچۇ؟ — دېدى مەخسۇت مۇهىتى.

مىجىت هاجى سۈرەتنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

رەسىمدە تاهىربەگ ئالدىنقى رەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى. مىجىت هاجى تاهىربەگنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كەڭ پىشانىلىك، يالاڭباش، ئەپچىل قويۇۋالغان بۇرۇتى تولىمۇ ياراشقان، كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك، سەمىمىيلىك ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان، ئىللىق چىراي، خۇش پىچىم كىشىنىڭ دۆلەت ئاتىسى سۇن جۇڭشەن ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى.

— تاهىربېگىمنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان بۇ زات چوقۇم دۆلەت ئاتىسى سۇن جۇڭشەن، — دېدى مىجىت هاجى ئىشەنچ بىلەن.

— قانداق دەيدىلا؟ — مەخسۇت مۇهىتى سۈرەتكە قاراپ بېشىنى چايقىدى.

مىجىت هاجى قىزىقىپ:

— بۇ كىشى ئولتۇرغانلارنىڭ هېچبىرىگە ئوخشىمايدىكەن. ئۇنىڭ قىياپىتىدىن بىر ئۇلۇغۋارلىق چىقىپ تۇرامدۇ؟ — دېدى.

— توغرا. ئاشۇ كىشى دەل سۇن جۇڭشەن ئەپەندى بولىدۇ، — دېدى تاھىر بەگ ئۇ مېنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ جۇمھۇرىيەت پروگراممىسىغا پىكىر ئالدى. مەن سۇن جۇڭشەن ئەپەندىگە شىنجاڭدا يەرلىك مىللىي مۇختارىيەت (ئاپتونومىيە) نى يولغا قويۇش، ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللىي مائارىپ، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۇرۇش، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى، خەلقچىلىق (دېموكراتىيە) نى يولغا قويۇش، توغرىسىدا رەسمىي تەلەپ قويدۇم. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى مېنىڭ شىنجاڭ ۋەكىللىرىگە ۋاكالىتەن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قويغان بۇ تەلەپلىرىمنى قوبۇل كۆرۈپ، ھەل قىلىشقا ۋەدە بەردى. بۇ تەلەپلەر جۇمھۇرىيەت پروگراممىسىغا كىرگۈزۈلدى.

— ئەمدىكى گەپ سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋەدىسىنىڭ قاچان ئىشقا ئېشىشىدا قالدى - دە، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى.

— شۇنداق، — دېدى تاھىربەگ بېشىنى لىڭشىتىپ.

ئابدۇخالىق چوڭ دادىسىنىڭ قولىدىن سۇرەتنى ئېلىپ سۇن جۇڭشەن ئەپەندى بىلەن تاھىربەگكە قىزىقىپ خېلى ئۇزاق قارىدى. ئۇنىڭ سەبىي بالىلىق قەلبىدە يېڭى جۇشقۇن ھېس تۇيغۇلار ئويغاندى. ئۇ: «سۇن جۇڭشەن ئەپەندى 30 يىل تىرىشىپ قىلىمەن دېگەن ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپتۇ. بىر ئادەمدە ئىرادە، غەيرەت بولسىلا، تىرىشسىلا قىلىمەن دېگەن ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىكەن» دەپ ئويلىدى.

— غىزا تەييار بولۇپ قالدى. قېنى ھەرقايسىلىرى قوللىرىنى چايقىۋالىلا، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى مېھمانلارغا. خىزمەتكار ئاپتوۋا بىلەن چىلاپچىنى كۆتۈرۈپ تۆردىن باشلاپ مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىشكە باشلىدى. ئابدۇخالىق قولىدىكى سۇرەتنى تاھىربەگكە بېرىۋېتىپ مېھمانلار قاتارىدا تاماققا ئولتۇردى.

# ئابدۇخالىقنىڭ كېسىلى

قىشنىڭ قارا سوغۇقى تۈگەپ ھاۋا ئىللىشقا باشلىدى. ئۇ-زۇن ئۆتمەي دەل - دەرەخلەر بىخ سۈرۈپ ئېتىز - قىرلاردا ئوت - چۆپلەر، مايسىلار ئۈنۈپ يەر - جاھان يېشىل تون كىيدى. باغلاردا گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ، باھار قۇشلىرى سايرىشىپ، نەغمە - ناۋا قىلىشقا باشلىدى.

قىشچە سوغوقتىن قېچىپ تالا - تۈزگە تولا چىقالمىغان بالىلارنىڭ كۆڭلى تۇغۇلدى. بىر جۈمە كۆنى ئىدى. ھېسامىدىن بىلەن ھەبىبۇللا ھويلىغا كىردى. ھەبىبۇللا ئادەت بويىچە پاختەك-نى دوراپ سايرىدى.

— گۇ - گۇ - گۇك! گۇ - گۇ - گۇك!

ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بولغان ئابدۇخالىق ئۆيىدە كاڭغا شىرەنى قويۇۋېلىپ ھەمدۇللا داموللام ئالدىنقى كۈنى ئەرەب تىلى-دىن بەرگەن دەرسنى تەكرارلاپ ئولتۇراتتى. پاختەكنىڭ ئاۋازى ئابدۇخالىقنىڭ دىققىتىنى بۆلدى. ئۇ كىتابنى يىغىشتۇرۇپ جىلد-تىسىگە سالدى. جىلتىنى قوزۇققا ئىلىپ قويدى. ئابدۇخالىق چاپىنى بىلەن ئايىغىنى كىيىپ ھويلىغا چىقتى. ئۇ ئىككى ئاغىي-نىسىنى كۆرۈپ:

— ئۆيگە كىرىڭلار، — دېدى خۇشال ھالدا.

— ھېسامىدىن بېشىنى چايقاپ:

— رەھمەت، جۈرۈ بىز بىلەن ماڭ، — دېدى.

— نەگە بارىمىز؟

— بارغاندا بىلىسەن، بۈگۈن مەكتەپكە بارمىغاندىكىن، تازا بىر ئويناپ كەلمەيمىزمۇ، — دېدى ھەبىبۇل.

ئابدۇخالىق:

— مېنى بىزە ساقلاپ تۇرۇڭلار. مەن ئۆيگە كىرىپلا چىقىمەن، — دەپ ئىتتىك ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئىككى بالا هويلىدا قالدى. شۇ ئەسنادا هويلىغا تاشقىرىدىن ئابدۇراخمان مەخسۇم كىرىپ كەلدى.

— ئۇ يوقمىكەن؟ — سورىدى ئابدۇراخمان مەخسۇم كېلىپلا.

— ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. هازىر چىقىدۇ، — دېدى هېسامىدىن.

— ئۇ چىقتى ئەنە، — دېدى هەبىبۇل ئىشىكتىن بېشى كۆرۈنگەن ئابدۇخالىقنى كۆرسىتىپ.

ئابدۇخالىق ئۇچ دەستىغا بىر ئوچۇمدىن ئۇزۇم ئارىلاشتۇرۇلغان مېغىز بەردى.

— جۇرۇڭلار ئاغىينىلەر، — دېدى هېسامىدىن تالاغا مېڭىپ.

— جۇرۇڭلار! — باللار شۇنداق دېيىشىپ هويلىدىن چىقىپ كېتىشتى.

چىڭقى چۈش.

گۈلسۇمخان يېڭى چىققان كۆدىدە پۆرە ئېتىپ بىر لىگەن ئېلىپ كىردى. ئەرەمسىما خېنىم يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە كۆڭلى تارتمىدى. مجىت هاجى بۇندىن بىر هەپتە بۇرۇن روسىيىگە سودىغا كەتكەن ئىدى.

«ئەستا بۇ باللىنى، تېخىچە كەلمەيدىغۇ؟ يارغا ئاداشلىرىم بىلەن ئوينىغىلى بارىمەن دېسە بېرىك دەپتىمەن...» ئەرەمسىما خېنىم شۇلارنى ئويلاپ هويلىغا چىقىپ قاراپ باقماقچى بولدى. ئۇ ئەمدى ئىشىكتىن چىقىشىغا تاشقى هويلىدىن ئابدۇخالىق خۇددى سولاشقان چېچەكتەك سالپىيىپ روهسىز هالدا كىرىپ كەلدى. ئەرەمسىما خېنىم ئابدۇخالىقنىڭ چىرايىغا سەپ ـ سېلىپ ئەنسىرەپ قالدى. چۈنكى، ئابدۇخالىق بۇرۇنقىدىن جۇدەپ قالغان ئىدى.

— ئەجەب كىچىكتىكىڭىزغۇ؟ — ئابدۇخالىقتىن سورىدى ئە-رەمسىما خېنىم.
— ھەببىبۇل يەنە بىزە ئوينايلى دەپچۇ، — دېدى ئابدۇخالىق.
— قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟ — سورىدى چوڭ ئانا مېھرىبان-لىق بىلەن، ئابدۇخالىق بېشىنى چايقىدى.
ئەرەمسىما خېنىم ئالدىغا كەلگەن ئابدۇخالىقنىڭ قولىنى تۇتۇپ چۆچۈپ كەتتى.
— ئاتتام بالام، قولىڭىز ئەجەب ئىسسىققۇ؟ نەرىڭىز ئاغ-رىۋاتىدۇ؟ — ئەرەمسىما خېنىم ئابدۇخالىقنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى.
— نەرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟ بويىڭىز قىزىپ كېتىپتىغۇ؟ — دېدى، ئەرەمسىما خېنىم.
ئابدۇخالىق ئانىسىغا قاراپ:
— ھېچنەرىم ئاغرىمىدى، — دېدى ئاستاغىنە.
— جۇرۇڭ ئۆيگە كىرىپ كېتىنى، — ئەرەمسىما خېنىم ئابدۇخالىقنى يېتىلەپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى.
ئۇلارنىڭ كەينىدىن گۈلسۇم كىردى. گۈلسۇم:
— پۆرنى ئىسسىتىپ ئەكىرەيمۇ؟ — دېدى.
ئەرەمسىما خېنىم بېشىنى چايقاپ:
— ياقەي، تېخى سوۋۇپ كەتمىگەندۇ. ھەي گۈلسۇم سېنىڭ كۆزۈڭ پىششىق، سەن قاراپ باقچۇ، بالىنىڭ بويى قىزىپ قاپ-تۇ، — دېدى.
گۈلسۇمخان ئابدۇخالىقنىڭ گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكىغا قاراپ دېدى:
— بۇ بالىنىڭ قورۇق ئىسسىقى ئۆرلەپ كېتىپتۇ. كۆزلى-رىنىڭ ئەتراپىغا قارىسىلاچۇ، يامان ئاچ كىرىپ قاپتۇ.
ئەرەمسىما خېنىم:
— مەنمۇ شۇنداق گۇمان قىلغان. ماڭ سەن ھازىرلا چىقىپ

ماشنى كۆپرەك سېلىپ شويلا قايىنتىپ كىر. ئەتىياز كۈنلىرىدە شويلا گۈرۈچ قۇرۇق ئىسسىقنى ئالىدۇ. ئېسىمدە بار چاغدا دەپ قويا ي. كەچقۇرۇن يېشىل ئۈزۈم، شاپتۇل قېقى، خەشەك ئۆرۈكنىڭ قېقىنى نەچچە تال قارا ئۆرۈك بىلەن چوڭ كورىغا چىلاپ قويغىن. ئەتىياز كۈنلىرىدە ئۇسسۇزلۇققا قاق سۈيى ئىچسە مەنپەئىتى بار، — دېدى.

گۈلسۈمخان «خوش هاجىم خېنىم» دەپ ئىتتىك مېڭىپ ئىشىككە بارغاندا ئەرەمسىما خېنىم ئۇنى توختىتىۋالدى:

— توختا، ئاگال[1] ئايۇپقا دەپ قوي. مەپىنى قوشۇپ شېھىتلىك مەھەللىسىدىكى گۆھەرخان بۇۋۇمنى ئەپكەلسۇن، بۇۋىمىنىڭ قولى شىپالىق، ئۇ ئابدۇخالىقنى ئاشلاپ، ئۇچۇقلاپ قويغاي، — دېدى.

ئەرەمسىما خېنىم گۈلسۈمخان ئىشىكتىن چىقىپ بولغاندا چاقىردى:

— ھەي گۈلسۈم!

— لەببەي هاجىم خېنىم! — گۈلسۈم قايتىپ كىردى.

— سەن ئاگال شويلا قايىنتىپ كىر، ئاندىن كېيىن ئايۇپنى ئېلىپ گۆھەرخان بۇۋىمنى ئۆزۈڭ ئېلىپ كەل، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم.

— خوش شۇنداق قىلاي، — گۈلسۈم ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

ئەرەمسىما خېنىم پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ جەينامازدا دۈرۈت ئوقۇپ ئولتۇراتتى. گۈلسۈم بىر چىنە شويلا ئېلىپ كىردى.

بۇ چاغدا ئابدۇخالىق ئۇخلاپ قالغان ئىدى. گۈلسۈمخان ئابدۇخالىقنى ئويغاتتى.

---

[1] ئاگال — ئاۋۇالنىڭ تورپان شىۋىسى.

— غىزالىرىنى ئىچسىلە، سوۋۇپ قالمىغاي، — دېدى گۈلسۈمخان شىرەنى كۆرسىتىپ.

ئابدۇخالىق «ھىم» دەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ كاڭدىن تاپسىغا چۈشۈپ ئاپتوۋىنى ئېلىپ يۈز - قولىنى يۇيۇپ بولۇپ كاڭغا چىقتى. ئۇ شىرەگە كېلىپ ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان شويلا گۇرۇچنى ئىچىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقان ئىدى. ئۇ گەردىنە چىنىدىكى شويلا گۇرۇچنى بىردەمدىلا ئىچىپ بولدى.

— يەنە ئىچەمسىلا، ئازراق ئەكىلىپ بېرەي، — دېدى گۈلسۈمخان.

— تويدۇم، ئىچمەيمەن، — دېدى ئابدۇخالىق پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ.

— ئابدۇخالىق تەرلەپ قاپسىز، يوتقاننى يېپىنىپ يېتىۋېلىڭ، تازا بىر تەرلىسىڭىز يېنىكلەپ قالىسىز، — دېدى چوڭ ئانىسى.

ئابدۇخالىق يوتقانغا كىرىپ يېتىۋالدى.

گۈلسۈمخان گۆھەرخان بۇۋىمنى ئالغىلى ماڭدى.

ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتۈپ گۈلسۈمخان گۆھەرخان بۇۋىمنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. گۆھەرخان بۇۋىم:

— ئەسسالام ھاجى خېنىم، تىنىچ - ئامان تۇرۇۋاتامسىلا؟ — دەپ كاڭغا يېقىنلاشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام گۆھەرخان بۇۋىم، ئۆزلەمۇ بارمۇ بۇ شەلەردە، ئەجەب كېلىپ باقمايلاغۇ - دەپ ئەرەمسىما خېنىم كاڭدىن چۈشۈپ بۇۋىم بىلەن قول ئېلىشىپ بولۇپ يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ كۆرۈشتى.

ئەرەمسىما خېنىم گۈلسۈمخانغا بۇيرىدى:

— بۇۋىمگە داستىخان سال!

گۆھەرخان بۇۋىم بېشىدىكى لېچەكنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ:

— رەھمەت ھاجىم خېنىم. مەن ھازىرلا مويدىن قارىنىڭ

ئۆيىدە داستىخان ئۈستىدىن قوپۇپلا بۇ يەرگە كېلىشىم، — دېدى تەۋەززۇ بىلەن تەزىم قىلىپ.

— بىزنىڭ داستىخان ئۇلارنىڭكىگە ئوخشىمامدىكىن - ھە؟ — دېدى ئەرەمسىما خېنىم مەڭسىتمەسلىك بىلەن بوينىنى تولغاپ.

— ئوخشىمايدۇ ھاجىم خېنىم، ئوخشىمايدۇ. ئۆزلىرى ھاگادا[1] ئۇچىۋاتقان لاچىن بولسىلا، ئايشە ئاپئاق (مويدىن قارىنىڭ خوتۇنى) دان ئىزدەپ جىرىقلاپ يۈرگەن بىر قۇچقاچ. ھى - ھى - ھى! — دەپ خۇشامەت بىلەن كۈلدى، گۆھەرخان بۇۋىم.

ئەرەمسىما خېنىم سەل يۇمشاپ قالدى. ئۇ:

— داستىخان سالمىدى دەپ كۆڭۈللىرىگە كەلمىگەي ئەمىسە ھە بۇۋىم. ئۆزلە ئىشنى تۈگەتكەندە داستىخان كەلتۈرۈرمىز، — دېدى.

— شۇنداق بولغاي، مەن ئاگال بايۋەچچەمنى بىر كۆرەي، كىچىككىنە تۇرۇپلا بەك موللا بوپتۇ. چوڭ بولسا ئالىم بولغۇدەك دەپ داڭقىنى كۆپ ئاڭلىدۇق بۇ يىگىتنىڭ، — گۆھەرخان بۇۋىم شۇنداق دەپ بىسمىللا ئېيتقان پېتى كاڭغا ئابدۇخالىقنىڭ قېشىغا چىقتى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ چىرايىغا قاراپ بېقىپلا چۆچىگەندەك بولدى. ئۇ قىسقا بىر دۇرۇتنى ئوقۇپ ئابدۇخالىقنىڭ ياستۇقىغا، بەدەن بېشىغا مۇشتىنى تەگكۈزۈپ ھۇرۇپ بىر ھازا سۈپكۆچ قىلدى. ئاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەرەمسىما خېنىمغا قاراپ:

— ھېلىمۇ تازا گاختىدا چاقىرىپلا مېنى، ئالتۇن بالامغا كۆز تېگىپ ناھايىتى يامان ئاچ كىرىپتۇ ئەمەسمۇ، ھەي بۇ ئىشنى نېمە دېگۈلۈك ھاجىم خېنىم «بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت - قولىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ. بۇ ئالتۇن

---

[1] ھاگا — ھاۋانىڭ تۇرپان شىۋىسى.

بالامنى قوقاق چىرماپ جىن چاپلىشىپ قاپتۇ، — دېدى بېشىنى چايقاپ ئېچىنغانلىقىنى ئىپادىلەپ.

— توۋا خۇدايىم بالا - قازادىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن، — دېدى گۈلسۇمخان ئالاقزادە بولۇپ.

ئەرەمسىما خېنىم ئەنسىرەپ قالدى. ئۇنىڭ بايىقى كۆرەڭلىكى نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. ئۇ يالۋۇرغان هالدا:

— بۇۋىم بىر بولسىمۇ ئۆزلەدىن، ئىككى بولسىمۇ ئۆزلەدىن، ئۆزلە بىر ئامال قىلىۇرلا، — دېدى.

— گاشات[1] قىلمىسىلا، بۇ دېگەن سەۋەب ئالىمى. «سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن ئەمەسمۇ ئاتا - بوۋىلار. ئاگىلى خۇدايىم بار، ئۇندىن قالسا ئۆزلە بىلەن بىز بار. خاتىرجەم بولسىلا خۇدايىم سالغان بۇ رەشنى[2] خۇدايىم ئۆزى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى گۆهەرخان بۇۋى.

گۆهەرخان بۇۋى ئابدۇخالىقنى هۇرۇپ سۈپكۆچ قىلىۋېتىپ گۈلسۇمخانغا شەرەت قىلدى. گۈلسۇمخان دىككىتە ئورنىدىن تۇرۇپ هويلىغا چىقىپ كېتىپ بىردەمدىلا بىر چوڭ چىنىگە لىققىتە كېپەك ئېلىپ كىردى. ئۇ بىر ياغلىققا چىنىنى دۈم كۆمتۈرۈپ ياغلىقنى چىڭ چىگدى. ئابدۇخالىقنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ ياغلىققا چىگىلگەن چىنىنىڭ ئاغزىنى ئابدۇخالىقنىڭ پېشانىسىگە، يۈزىگە، مەيدە، قورساقلىرىغا، پۇتىغا تەگكۈزۈپ ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇپ ئاشلاشقا باشلىدى. بۇنى ئۈچ مەرتىۋە تەكرارلاپ: «مېنىڭ قولۇم ئەمەس، هەۋۋا ئانىمىزنىڭ قولى، مېنىڭ قولۇم ئەمەس بۈۋى پاتىمەنىڭ قولى، ئەي ئاش مۇشۇ بالامدىن چىقىپ ئۇلۇغ سۇلارغا بار، يالغۇز دەرەخكە بار، ئەسكى تاملىقلارغا بار، بەرنا يىگىت، چېچى ئۇزۇن قىزلارغا بار، چىق - چىق، نەگە

---

① گاشات — غەم تارتىش، ئەنسىرەش مەنىسىدە.
② رەش — ئاغرىق - سىلاق، جاپا - مۇشكۇل.

بارساڭ، شەگە بار، سۇپكۆچ» دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن گۆھەر-خان بۇۋى چىنىگە چېكىلگەن ياغلىقنى ئاچتى. لىقمۇلىق كېپەك قاچىلانغان چىنىنىڭ بىر تەرىپىدە ئىككىلىك قول سىغقۇدەك يوچۇق پەيدا بولۇپ، كېپەك ئازلاپ كەتكەن ئىدى.

— مانا كۆردىلەمۇ، بايۋەچچەمگە ناھايىتى يامان ئاش كىرد-ۋاپتۇ ئەمەسمۇ، ھېلىمۇ چىداپتۇ بۇ بالا، — دېدى گۆھەرخان بۇۋى چىنىنى ئەرەمسىما خېنىمغا كۆرسىتىپ.

ئەرەمسىما خېنىم تۆۋە ئىستىغپار ئېيتىپ دۇرۇت ئوقۇپ ئابدۇخالىققا ئامانلىق تىلەيتتى.

گۆھەرخان بۇۋى ئابدۇخالىقنى كەينى - كەينىدىن ئۈچ مەرتىۋە ئاشلىدى، ئاخىرقى قېتىم ئاشلاپ بولۇپ ئابدۇخالىقنى ھويلىغا ئېلىپ چىقتى. گۇلسۇمخانغا ئابدۇخالىقنى ئاشلىغان چىنىدىكى كېپەكنى ئۈچ ئاچا يولنىڭ دوقمۇشىغا تۆكۈۋېتىپ كېلىشنى تاپشۇردى. گۇلسۇمخان ياغلىققا چېگىلگەن چىنىنى ئېلىپ ھويلىدىن تېز چىقىپ كەتتى.

گۆھەرخان بۇۋى بىر دۇرۇتنى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ كىچىك چىنىدىكى سۇنى قولىغا ئېلىپ: «قوقاق بولساڭ، كۆچۈپ چىق، ئۈچۈق بولساڭ ئۈچۈپ چىق...» دەپ سۇنى ئابدۇخالىققا ئانچىكىم چاچرىتىپ سۇپكۆچ قىلىپ ئۈچۈقلىدى.

— ئۈچۈقداپ بولدۇم، كەينىلىرىگە قارىماي ئۇدۇل ئۆيگە كىرىپ كەتسىلە، — دېدى گۆھەرخان بۇۋى ئابدۇخالىققا.

ئابدۇخالىق يۇگۇرگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

گۆھەرخان بۇۋى ئابدۇخالىقنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى. ئۇ كاڭنىڭ لېۋىدە ئولتۇرغان ئابدۇخالىقنى يېتىۋېلىشقا ئۈندە-دى. ئابدۇخالىق ئورنىغا بېرىپ يېتىۋالدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى.

بۇ ئۈچ كۈن ئابدۇخالىققا ئۈچ يىلدىنمۇ ئۇزاق تۇيۇلدى. گۆھەرخان ئەتىگەندىن كەچكىچە ئابدۇخالىقنى ئاشلايتتى. ئاشلاپ

بولۇپ ئۇچۇقلايتتى. ئۇچۇقلاپ بولغاندىن كېيىن ئورنىدا ياتقۇزۇپ دۇرۇت ئوقۇپ سۈپكۈچ قىلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىك چىنىگە بىر يۇتۇمدەك سۇ قۇيۇپ قايسىبىر سۈرىنى ئوقۇپ سۈپكۈچ قىلىپ دېمىدە تەييارلاپ ئابدۇخالىققا ئىچكۈزدى.

ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن كۈن يېڭىلا ئولتۇرغان، قۇشقاچلار ۋىچىرلىشىپ ئۇگىلىرىغا قايتىشىۋاتقان بىر چاغدا گۆھەرخان بۇۋى ئابدۇخالىقنى هويلىدا بىرئاق خوراز بىلەن ئۇچۇقلىدى. ئۇچۇقلاش تۈگىگەندىن كېيىن ئابدۇخالىق يۇگۇرگەن پېتى ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئاخشىمى كەچتە ئەرەمسىما خېنىم گۆھەرخان بۇۋىنىڭ ئالدىغا بىر كۆينەكلىك قارا دۇخاۋا، قەن گېزەك، نان ۋە بەش شىڭ[1] گۇرۇچ قويۇپ دۇئاسىنى ئالدى. بۇۋىمنىڭ كىچىك بالىلىرىغا دەپ ئابدۇخالىقنىڭ ئاندا ـ ساندا كىيىپ قويغان كۆينەك، ئىشتانلىرىدىن ئىككى قۇرنى ياغلىقىغا چېگىپ بەردى. گۆھەرخان بۇۋى خوشلىشىپ ئۆيدىن چىققۇچە بوسۇغىدا توختاپ دېدى:

— ئابدۇخالىق بايۋەچچەمگە تىل تۇمار ئېسىپ قويسىلا، بۇ بالىغا قازارەن تىل تېگىپ قالسا چاتاق ئىش بولىدۇ.

— ئەجەب ئوبدان گەپ قىلدىلا بۇۋىم. مەنمۇ شۇنى خىيال قىلىپ تۇرغان. شۇ تىل تۇمارنى، — ئەرەمسىما خېنىم شۇنداق دېيىشىگە گۆھەرخان بۇۋى گەپنى بۆلۈپ:

— بىزنىڭ ئۆيدىكى ئادەم تۇمار پۇتىدۇ. ئۇ پۇتكەن تۇمارنى نە ـ نەلەردىن كېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. بولمىسا ئابدۇخالىق بالامغا بىزنىڭ ئادەم تىل تۇمار پۇتۇپ بەرگەي، — دېدى.

— ئەجەب ياخشى گەپ بولدى، شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم ئېغىر بىر يۇكتىن قۇتۇلغاندەك يېنىك تىن ئېلىپ.

---

① شىڭ — ئاشلىق ئۆلچىگۈچ. بىر شىڭ گۇرۇچ تۆت جىڭ كېلىدۇ.

گۆھەرخان بۇۋى خوشلىنىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتۈپ ئابدۇخالىق تاشقىرىغا چىقاي دەپ تۇرغىنىدا گۈلسۈمخان كىرىپ گۆھەرخان بۇۋىمىنىڭ ئوغلى تىل تۇمارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئابدۇخالىق تاشقىرىغا چىقىشتىن يالتىيىپ قالدى.

— ئۇ بالىنى ئۆيگە چاقىرغىن، كىرسۇن، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم.

گۈلسۈم ھويلىغا چىقىپ گۆھەرخان بۇۋىمىنىڭ ئوغلىنى ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — سورىدى ئەرەمسىما خېنىم.

— ئاۋۇت، — دېدى ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلاردىكى ئۇ بالا. ئۇ بۇ ياسىداق ئۆيگە كىرىپ ئەيمىنىپ تەمتىرەپ قالدى.

— ئۇ تاپىسىدا ئۆرە تۇرغان پېتى دېدى:

— ئاتام بۇ تىل تۇمارنى ئۆزى ئەكېلىپ بەرمەكچى ئىدى. بىر ئىشى چىقىپ قېلىپ قوشدۆڭگە كەتتى. ئاپام «مەن خەتمىگە بارىمەن، سەن ئاپىرىپ بەرگىن» دېۋىدى. مەن كەلدىم.

— تىل تۇمار قېنى؟ — سورىدى ئەرەمسىما خېنىم ئاۋۇتتىن.

ئاۋۇت ماتا كۆينىكىنىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە پاكىزە ئاق داكىغا ئورالغان تىل تۇمارنى ئەرەمسىما خېنىمغا ئۇزاتتى.

ئەرەمسىما خېنىم تىل تۇمارنى قولىغا ئېلىپ ئاۋۇتتىن سورىدى:

— ئاتاڭ بۇ تىل تۇمارنى قانچىگە پۈتتۈپتۇ؟

— ئاتام - ئاتام—... ئاۋۇت دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى.

— ھە قېنى خىجىل بولماي دەۋەرگىن، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم.

ئاۋۇت پاتىڭنى قاشلاپ تۇرۇپ:

— ئاتام ئەسلي بىر تىل تۇمارنى بىر پاقلانغا پۈتىدىغان.

ئاتام قوشدۆڭگە ماڭغىچە: «مەن بۇ تىل تۇمارنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ كۆپ ئەجىر بىلەن پۈتتۈم. بۇنى پۈتكەننىڭ ئورنىدا ئىككى ـ ئۈچ تىل تۇمار پۈتكۈزدۈم. لېكىن بۇنى ئابدۇخالىق بايۋەچچەمگە خالىس پۈتۈپ بەردىم. ھاجىم خېنىم قايسى كۈنىلا ئاپاڭغا جىق بىر نېمىلەرنى دۇئا قىلدۇرۇپتۇ، بىر نېمە بەرسە ئالمىغىن» دېگەن، — دېدى ئىنجىقلاپ تەستە.

ئەرەمسىما خېنىم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ بىر پەس تۇرۇپ قېلىپ گۈلسۈمگە تاپىلىدى:

— سەن چىقىپ نەسرۇللا غوجىدارغا ئېيت. ئاۋۇنقا تىل تۇمارنىڭ ھەققى ئۈچۈن قوزىلىق قويدىن چوڭراقىنى بەرسۇن. بۇ ئىشنى سېنىڭدىن، غوجىداردىن باشقا ئادەم ئۇقمىسۇن.

— خوش ھاجىم خېنىم دېگەنلىرىنى قىلىمەن، — دەپ گۈلسۈمخان ئاۋۇتنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئەرەمسىما خېنىم ئابدۇخالىقنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇ تىل تۇمارنى ئاۋايلاپ ئابدۇخالىقنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى.

— بۇ سىزنى يامان كۆزدىن ساقلايدۇ بالام. ئاداشلىرىڭىزغا تىل تۇمارنى كۆرسەتمەڭ، ئۇلارغا تىل تۇمارىم بار دەپ گەپ قىلماڭ. تىل تۇمارىڭىز بارلىقىنى ھېچكىم بىلمىسۇن، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم.

ئەرەمسىما خېنىم تىل تۇمارنى ئابدۇخالىقنىڭ كۆينىكىنىڭ ئىچىگە مەيدىسىگە كەلتۈرۈپ يوشۇرۇپ قويدى.

ئابدۇخالىق:

— ھېچكىمگە دېمەيمەن. گېپىڭىزنى ئېسىمدە تۇتىمەن چوڭ ئانا، — دېدى.

# غەلىتە كۈلكە

ئەرەمسىما خېنىم ئۆيدىن ھويلىغا چىقىپ كەتتى. ئۆي ئىچىدە ئابدۇخالىق يالغۇز قالدى. ئۇ بوينىدىكى تىل تۇمارنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ بېقىپ يەنە بوينىغا ئېسىپ كۆينىكىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى. ئۇ تاپىسىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ بىر ھەپتىدىن بۇيان مەكتەپكە بارالماي بەكمۇ زېرىكىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئالدىغا قاراپ ھەربىر چامدام ماڭغىنىدا بوينىدىكى تىل تۇمار پۇلاڭشىپ ئۇنىڭ مەيدىسىگە تېگىپ قىچىقىنى كەلتۈرەتتى. ئابدۇخالىق بۇ قىچىققا چىدىماي كۈلۈۋەتتى. ئۇ تىل تۇمارنى مەيدىسىگە بېسىۋېلىپ، چوڭ بىر تىنىپ قويۇپ كاڭنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى.

ئابدۇخالىق بىر ھەپتىدىن بۇيان بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى. ئۇ: «مەن ئاخشىمى كەچتە ئۆيدىن تالاغا چىقمىسام ماڭا نەدىكى جىن چاپلاشسۇن، بىزنىڭ ئۆيدە جىن بولمىسا، چوڭ ئانام جىنلار ئەسكى تاملىقلاردا، كونا ئۆيلەردە، يالغۇز دەرەخلەردە، سۈيى توختاپ كەتكەن كونا كارىزلاردا بولىدۇ دېگەنىغۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ گۆھەرخان بۇۋىمىدىن شۇبھىلىنىپ قالدى. ئۇ گۆھەرخان بۇۋىمىنىڭ بەزى غەلىتە قىلىق، ھەرىكەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۈلۈۋەتتى. دەل شۇ چاغدا ئۆيگە گۈلسۈمخان كىردى. ئۇ ئۆيدە يالغۇز قالغان ئابدۇخالىقنىڭ كۈلۈۋەتكىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئۈندىمەي سۈپۈرگىنى ئېلىپ ئۆينى تازىلىدى، ئۆينى تازىلاپ بولۇپ سۈپۈرگىنى ئىشىكنىڭ كەينىگە قويۇۋېتىپ تۇيدۇرماي ئابدۇخالىققا قارىدى.

ئابدۇخالىق ئۆزىچە بىر كىمنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك مىيى‑قىدا كۈلۈپ قويۇپ يەرگە بىرنى تۈكۈرىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى گۈلسۇمخانغا تېخىمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. گۈلسۇمخان ئابدۇخالىققا يەر تېگىدىن بىر قارىدى. گۈلسۇمخانىنىڭ يۈرىكى دۇپۇلدەپ سو‑قۇشقا باشلىدى. ئۇ نېمىشقىدۇر ئۆزىچىلا ئەنسىزچىلىككە چۈ‑شۈپ قورقۇشقا باشلىدى. پۇت ‑ قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىپ ئۆينى سۈپۈرگەن سۈپىرەندىنى ئارانلا ئېلىپ ئۆيدىن دەلدەڭشى‑گىنىچە چىقىپ كەتتى.

گۈلسۇمخام هويلىدا ئەرەمسىما خېنىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئەرەمسىما خېنىم گۈلسۇمگە قاراپ هەيران قالدى. ئۇ:

— ئاتتام، گۈلسۇم ساڭا نېمە بولدى؟ چىرايىڭ ئۆمىسلى‑غۇ؟ بىر نېمىدىن قورقۇپ كەتكەندەكلا كۆرۈنىسەنغۇ، — دېدى.

گۈلسۇمخان دۇدۇقلاپ گەپ قىلالمىدى.

ئەرەمسىما خېنىم:

— ئەمتەي زادى نېمە بولدى؟ — دېدى جىددىيلىشىپ.

— ها ‑ هازىر ئۆ ‑ ئۆيگە كىرسەم، ئاب ‑ ئابدۇخالىق، — گۈلسۇمخان دۇدۇقلاپ ئەرەمسىما خېنىمنى تىت ‑ تىت قىلىۋەت‑تى. گۈلسۇم مەيدىسىنى بېسىۋېلىپ تەستە دېدى:

— هازىر ئۆيگە كىرسەم يالغۇز ئولتۇرۇپ كۈلۈۋاتىدۇ.

— كىم كۈلۈۋاتىدۇ؟ — سورىدى ئەرەمسىما خېنىم ئەنسىز هالدا:

— ئابدۇخالىق بايۋەچچەم.

— ئابدۇخالىق؟! ئۇ مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە بىر ئوبدان قالغانغۇ؟

— ۋاي تاڭ. مەن ئۆيگە كىرسەملا ئۆزىچىلا كۈلۈۋاتىدۇ.

— ۋاي ئاللا بىر توۋا، بۇ بالىغا نېمە بولغاندۇ ئەمدى؟ گۆهەرخان بۈۋىم ئاشلاپ، ئوقۇپ ئۈچۈقداپ قويغاندىن كېيىن ياخشى بولۇپ قالغاندىغۇ؟ جۇرۇ تېز بول ئۆيگە كىرىنى، —

ئالدىراش ئۆيگە ماڭدى ئەرەمسىما خېنىم.
— ئۇ جىن چاپلاشقاندەكلا كۈلۈۋاتىدۇ ئەمەسمۇ، مەن ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ قورقۇپ قالدىم، — دېدى گۈلسۇمخان ئەرەمسىما خېنىمنى يۆلەپ كېتىۋېتىپ.
— ئەستاغپۇرۇللا ئۇنى نېمىشقىمۇ يالغۇز قويغاندىمىز، — ئەرەمسىما خېنىم ئۆيگە يېتىپ كىرگىچە ھاسىراپ يۈرىكى سىيىلىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ بۇ يىللا سەمرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئىشىكتە تۇرۇپلا:
— ۋاي ئابدۇخالىق بالام بارمۇ سىز بالام! — دېدى. ئۇنىنى تىترىتىپ، يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا بېسىۋېلىپ. ئابدۇخالىق تاپىسىدا تۇراتتى. ئۇ چوڭ ئانىسىنىڭ بۇنچىۋالا ھاسىراپ، ئالدىراپ كەتكىنىنى بۇرۇنلاردا كۆرمىگەچكە «نېمە بولغاندۇ؟» دەپ ھەيران قالدى. ئۇ:
— نېمە بولدى؟ — دېدى ئاغزىنى ئاچقىنىچە كۆزىنى پارقىرىتىپ.
ئەرەمسىما خېنىمغا ئابدۇخالىقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان بۇ قىياپىتىنى باشقىچىلا تۇيۇلدى. ئۇ يېقىن كېلىپ ئابدۇخالىققا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئابدۇخالىق:
— چوڭ ئاپا نېمە بولدى؟ ماڭا ئەجەب قاراپ كەتتىلەغۇ، — دېدى خۇدۇكسىرەپ.
ئەرەمسىما خېنىم ئابدۇخالىقتىكى بۇ ئۆزگىرىشنى باشقىچە مەنادا چۈشەندى. ئابدۇخالىق كاڭغا چىقماقچى بولۇپ ئېرغىپ كاڭغا چىقىۋېلىپلا «ھى - ھى - ھى!» قىلىپ كۈلۈۋەتتى. ئابدۇخالىقنىڭ ھېچبىر گەپ - سۆزسىزلا كۈلگەنلىكى ئەرەمسىما خېنىمنى قورقىتىۋەتتى. ئۇ غال - غال تىترەپ يېنىدا تۇرغان گۈلسۇمخاننىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. گۈلسۇمخان چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئەرەمسىما خېنىمنى يۆلەپ كاڭغا ئاچىقىپ كۆرپىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا ئىككى پەر ياستۇقنى قويۇپ

بەردى. ئەرەمسىما خېنىم پەر ياستۇققا يۆلىنىپ پىچىرلاپ ئايتەل-
كۇرسى[1]نى ئوقۇپ ئەتراپقا سۇپكۆچ قىلىپ ھۇرۇپ - ھۇرۇپ
قوياتتى.

گۇلسۇمخان باياتىن پاتىپاراق بولۇپ ئەتىگەنلىك چاينىڭ تېخى ئىچىلمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئالدىراش چوڭ شىرەنى كاڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە داستىخان سالدى. ئىشىكنىڭ كەينىدىكى تام ئىشكاپتىن تەخسىلەرگە قەن، ناۋات، قۇرۇق ئۈزۈم، مېغىز ئېلىپ شىرەگە تىزدى. ئۇ ئىتتىك ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

ئەرەمسىما خېنىم جىلتىسىدىن ئەرەبچە بىر كىتابنى ئېلىپ ئوقۇپ ئولتۇرغان ئابدۇخالىققا شۈبھە بىلەن قاراپ قويۇپ دۇرۇت ئوقۇشىنى ئاخىرلاشتۇردى. كەينىدىنلا پىچىرلاپ دۇئا قىلدى.

گۇلسۇمخان يوغان پەتنۇستا ئۈچ گەردىن قايماقلىق سۈت چاي ۋە نان ئېلىپ كىردى. ئۇ سۈت چايلار بىلەن ناننى شىرەگە قويۇپ بولۇپ ئاپتوۋا بىلەن چىلاپچىنى ئېلىپ كەلدى. ئەرەمسىما خېنىم قولىنى يۇيۇپ بولۇپ:

— ئابدۇخالىق سىزمۇ قولىڭىزنى يۇيۇۋېلىڭ، — دېدى.

ئابدۇخالىق «ھىم» دەپ كىتابنى جىلتىسىگە سېلىپ جىلتىسىنى ئىلغۇچقا ئېسىپ قويۇپ كاڭنىڭ لېۋىگە كەلدى. ئۇ قولىنى چىلاپچىغا تۇتۇپ ئېڭىشىپ قولىنى يۇيۇۋېتىپ «ھى - ھى!» قىلىپ كۇلۇۋەتتى.

ئەرەمسىما خېنىم ئالاقزادە بولۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئابدۇخالىق قولىنى يۇيۇپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا يەنە كۇلۇۋەتتى.

ئەرەمسىما خېنىم ئاللا توۋا دەپ ئابدۇخالىقنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

---

① ئايتەلكۇرسى — قۇرئاندىكى سۈرە.

— قانداق بولۇۋاتىسىز بالام؟ — سورىدى ئەرەمسىماخېنىم ئابدۇخالىقنىڭ پېشانىسىگە قولىنى تەستە تەگكۈزۈپ.

ئابدۇخالىق:

— ھېچقانداق بولمىدىمغۇ چوڭ ئاپا. قاق سۆيىنى ئىچىپ بېشىمنىڭ ئاغرىقىمۇ ساقايدى. بويۇمنىڭ قىزىقىمۇ ياندى.

مەن ساقايدىم ئەمدى، — ئابدۇخالىق يەنە گەپ قىلماقچى بولۇپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئۇ «چىك» قىلىپ تامىقىنى چىكىلدىتىپ قويۇپ ئۇنچىقمىدى.

— ئۇنداق بولسا چېيىڭىزنى ئىچىڭ بالام، — دېدى ئەرەم-سىما خېنىم.

گۈلسۈمخان نان چىلاپ قويغان گەردىن چىنىنى ئابدۇخالىق-نىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

ئابدۇخالىق «ھىم» دەپ شىرەگە كېلىپ ئېگىشىپ ياغاچ قوشۇقنى قولىنى سۇنۇۋېتىپ يەنە كۆلۈۋەتتى.

— ھى - ھى - ھى! — ئۇ دەرھال سول قولى بىلەن مەيدىسىنى بېسىۋېلىپ كۆلۈشتىن توختىدى. ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ بىر ئۇھ تارتىۋەتكەندىن كېيىن گەردىن چىنىنى ئالدىغا تارتىپ قوشۇق بىلەن سۈت چاينىڭ قايمىقىنى سۈزۈپ ئىچىشكە باشلىدى.

بۈگۈنكى ئەتىگەنلىك چاي ئەرەمسىما خېنىمنىڭ ئاغزىغا تې-تىمىدى. ئۇ بەخىرامان ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتقان ئابدۇخالىققا ئەلەملىك ھالدا قاراپ قويۇپ تەخسىدىكى مېغىزدىن بىرنەچچە تال ئېلىپ ئۇزۇم بىلەن يېگەن بولدى. «ھەي، يامان چاغدا يامان بولدى. بالىنىڭ چوڭ دادىسى شەمەيگە، ئاتىسى كۈيئوغۇل بالام ئۇرۇمچىگە كەتكەن چاغدا بولغان ئىشنى كۆرمەمدىغان. ئون بىر ياشقا كىرگىچە بۇ بالىنى كۆز قارىچۇغىمىزنى ئاسرىغاندەك شۇنچە ئەزىزلەپ چوڭ قىلمىدۇقمۇ. ئەستاغپۇرۇللا، بۇ نېمە بولغىنى ئەمدى؟ ئۇنىڭغا جىن چاپلىشىپ ساراڭ بولۇشقا باشلى-

مىغان بولسا ئۇ نىمىشقا بىكاردىن - بىكار كۈلىدۇ؟ ئەمدى دادىسىغا نىمە دەرمەن؟ ...» ئەرەمسىما خېنىم ئاشۇنداق چىگىش خىياللار ئىلكىدە كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۆزى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ئابدۇخالىقنىڭ چىپىنى ئىچىپ جىلتىسىنى ئېسىپ مەكتەپكە مېڭىشقا تەييارلانغانلىقىنى كۆرمەي قالدى.

گۈلسۈمخان كاڭدىن پەسكە چۈشكەن ئابدۇخالىققا:

— نەگە بارىدىلا؟ — دېدى ئەنسىزلىك بىلەن.

گۈلسۈمنىڭ ئاۋازى قولىقىغا كىرىشى بىلەن ئەرەمسىما خې-نىم ئېسىنى يىغدى. ئۇ كۆزىدىن مەڭزىگە ئېقىپ چۈشكەن ياشنى لىچىكىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئالدى-راپ كاڭدىن تاپىسىغا چۈشۈپ ئابدۇخالىقنىڭ ئالدىنى توستى.

— ئەمدى سەللىمازا ساقايغۇچە مەدرىسكە بارماڭ. نەسۇرۇل-لا ئۆزى بېرىپ خېلىل موللامغا ئېيتىپ قويغاي، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم چۇس - چۇس گەپ قىلىپ.

ئابدۇخالىق چوڭ ئاپىسىنىڭ قىزىرىپ قالغان كۆزىگە قاراپ ھەيرانلىق بىلەن جايىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ:

— مەن ھازىر ساقىيىپ كەتتىم-غۇ، بېشىم-مۇ ئاغرىماي-دۇ، — دېدى ئاخىرى.

— ياق بولمايدۇ، مەدرىسكىغۇ بارمايسىز، ئۆيدىن تالاغىمۇ چىقمايسىز، كاڭغا چىقىپ يېتىڭ! — بۇيرىدى ئەرەمسىما خېنىم قولىنى شىلتىپ.

ئابدۇخالىق چوڭ ئاپىسىنىڭ بۇنداق قاتتىق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ باقمىغاچقا ئۇنىڭغا ھار كەلدى. ئۇ ئىلاجىسىز ئېغىر خورسىنىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ئۇ كاڭغا چىقىشقا ئېڭىشىۋې-تىپ يەنە كۈلۈپ كەتتى:

— ھى - ھى - ھى!

ئەرەمسىما خېنىم بىلەن گۈلسۈمخان دەررۇ بىر - بىرىگە قارىشىپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ۋەھىمە بىلەن تۇرۇپ

قىلىشتى.

ئابدۇخالىق بولسا جىلتىسىدىن ئەرەبچە ئوقۇشلۇق كىتابىنى ئېلىپ تامىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ دەرسىنى تەكرار قىلىشقا باشلىدى.

ئەرەمسىما خېنىم گۈلسۈمخانغا نىيازخاننى چاقىرىپ كە-ىرشنى بۇيرىدى. بەش مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەي نىيازخان كىردى. نىيازخاننى كۆرۈپلا ئەرەمسىما خېنىمنىڭ غۇژژىتە ئاچچىقى كەل-دى. ئۇ:

— چاقىرتمىسام كىرمەمسىز؟ خۇدايىم توۋا، بىزدىن زې-ىرىكىپتىمۇ نېمە ئەمدى بۇ بالىلار، — دېدى زەردە بىلەن.

— ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە، هەرگىز ئۇنداق ئەمەس، مەن ئالدىلىرىدا ناماقۇل بولاي ئاپا، توختىخاننى ئېمىتىپ قويۇپلا كىرەي دەپ تۇرغان، — دېدى نىيازخان يالۋۇرغان هالدا.

ئەرەمسىما خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بولدى ئۇنچىۋالا تۇزۇت قىلىپ كەتمەڭ، — دېدى.

ئابدۇخالىق نىيازخاننى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ:

— تىنچلىقمۇ ئاق ئايلا، ئۇكىلىرىم تازىمۇ؟ دېدى ئەدەپ بىلەن.

— ئابدۇقەييۇم مەكتەپكە كەتتى. ئۆزىڭىزچۇ، ساقايدىڭىز-مۇ؟ — دېدى نىيازخان مېهرىبانلىق بىلەن.

— ساقايدىم، — دېدى ئابدۇخالىق ئاستاغىنە كۆزىگە لۆم-مىدە ياش ئېلىپ.

نىيازخان ئوغلىنى هېچقاچان بۇنداق مىسكىن هالدا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئابدۇخالىق جۇدەپ، چىرايى سارغىيىپ، كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ قالغان ئىدى.

نىيازخان كۆڭلىدە: «ئەجەب تۇنۇگۈن كىرىپ قاراپ باقماپ-تىمەن» دېگەننى ئويلاپ كۆڭلى بەكمۇ پەرىشان بولدى.

ئۇ ئابدۇخالىققا:

— يېتىۋېلىڭ، يېتىپ ئارام ئېلىڭ، — دېدى.

ئابدۇخالىقنىڭ ئۈنى چىقمىدى. ئۇ دېرىزە تەكچىسىگە قويـ-غان كىتابىنى ئېلىپ دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ كىتابىنى ئوقۇشقا كىرىشتى.

ئەرەمسىما خېنىم گۈلسۈمخانغا «ئابدۇخالىقنىڭ قېشىدىن تەۋرىمە» دەپ ئىشارەت قىلىپ قويۇپ كاڭدىن پەسكە چۈشتى. ئۇ نىيازخاننى «جۈرۈڭ» دەپ ئۆيدىن تالاغا ئاچىقىپ كەتتى. ئەرەمسىما خېنىم هويلىغا چىقىپ نىيازخاننى دېرىزە تۈۋىگە تار-تىپ ئەكېلىپ دېدى:

— هەي نىيازخان يامان بولدى، بەك يامان بولدى.

— زادى نېمە ئىش بولدى ئاپا؟ — سورىدى نىيازخان تەشۋىشلىنىپ.

ئۆي ئىچىدە دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتقان ئابدۇخالىق گۈدۈڭلىگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ كىتابىنى يېپىپ قويۇپ قۇلاق سالدى:

— هەي نېمە بولماقچى، ئابدۇخالىققا جىن چاپلىشىپتۇ، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم ۋەهىملىك هالدا.

— ئاتتام نېمە دەيدىلا ئەمدى ئاپا، بۇ راستمۇ، ئابدۇخالىق بىر ئوبدانلا ساقتەك كۆرۈنىدىغۇ، — دېدى نىيازخان، — كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— گۆھەرخان بۇۋىم دېمەمدۇ. مەنمۇ دەسلەپتە ئىشەنگۈم كەلمىگەن. هەي سىز تېخى كۆرمىدىڭىز، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم گېپىنى داۋام قىلىپ، — ئۇ ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپمۇ كۈلگۈدەك، گۈلسۈم كۆرۈپ قاپتۇ. تېخى مەن ئۆيدە ئولتۇرسام-مۇ هېچبىر گەپ - سۆز يوقلا كۈلۈپ كېتىدۇ. بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم شۇنداق قىلدى. ئۇنىڭغا جىن چاپلاشمىسا نې-مىشقا كۈلىدۇ ئەمىسە؟ ئۇنىڭ چىرايىمۇ ئۆزگىرىپ قالدى، ئىشتىهاسى ئازلاپ، جىمغۇرلىشىپ، بالىلارغىمۇ ئارىلاشماس بو-

لۇپ قالدى. ھەي ئەجەب بۇرۇنراق چوڭ موللىلارغا كۆرسىتىپ باقماپتىمىز.

— ھەي خۇدايىم نېمە دەيدىلا ئەمدى، — دېدى نىيازخان ھەسرەت - نادامەت بىلەن.

ئابدۇخالىق ھويلىدا بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۈلگىسى كەلگەن بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — بۇ نىيازخاننىڭ ئۈنى ئىدى.

ئابدۇخالىق قۇلاق سېلىۋېدى، ئەرەمسىما خېنىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— گۆھەرخان بۇۋىمگە ئاشلىتىپ، ئوقۇتۇپ، ئۇچۇقلاتقان بولساقمۇ ئابدۇخالىققا ئانچە كار قىلمىدى. گۆھەرخان بۇۋىممۇ جىنلار بىلەن كۈچ ئېلىشالمىدىم دېگەن. ئەمدى چاتقالدىكى يۇلغۇن موللىنى چاقىرتماقتىن باشقا ئامال قالمىدى.

— يەمشىدىكى قاسىم پېرىخوننى ئەكېلىپ پېرە ئوينىتىپ باقمىزمۇيە؟ — دېدى نىيازخان.

— ئۆشتە قىزىم، نېمىلەرنى دەيدىغانسىز. ئابدۇخالىق رەسمىي ساراڭ بولۇپ ئەقلىدىن ئازمىغان تۇرسا. بىز ئىشنى يوغىنىتىپ پېرىخون چاقىرىپ نېمە قىلىمىز. ئەڭ ياخشىسى چاتقالدىكى يۇلغۇن موللىنى چاقىرتساق، ئۇ ئوقۇپ بالىغا چاپلاشقان جىننى چوقۇم قوغلىۋېتەلەيدۇ، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم ئىشەنچ بىلەن.

ئابدۇخالىق دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئەرەمسىما خېنىم بىلەن نىيازخاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئىككىسى ئاخىرى يۇلغۇن موللىنى ئەكېلىشكە بۈگۈنلا چاتقالغا ئايۇپ ھارۋىكەشنى ماڭغۇزماقچى بولۇشتى.

— ئاپا ئۆزلە ئابدۇخالىقنى ئۆيدە يالغۇز قويمىسىلا، ئۇ تالاغىمۇ ئۆزى يالغۇز چىقمىسۇن، قالغان ئىشلارغا مەن بار، — دېدى نىيازخان شۇنىڭ بىلەن ھويلىدىكى گۇدۇڭلىشىپ پاراڭ

سىلىشىۋاتقان ئاۋازلار جىمىپ قالدى.

※ ※ ※

ئابدۇخالىق ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ يادىغا ئۆتكەن يىلى ئەتىيازدا بولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەقە كەلدى:

تۇرپان يېڭىشەھەر كۇن چىقىش دەرۋازىسىنىڭ تۇۋىدە ئول-تۇرۇشلۇق نەۋۇل تۇمۇرچىنىڭ نەبى ئىسىملىك بىر ئوغلى ئاب-دۇخالىق بىلەن بىرگە مەدرىسىدە ئوقۇيتتى. نەبى ئابدۇخالىقتىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى. ئۇ دەرسنى ناھايىتى ئىخلاس بىلەن ئوقۇيتتى. ساۋاقداشلىرى بىلەن چىقىشقاق، يۇۋاش بالا ئىدى. ئابدۇخالىق بىلەن نەبىنىڭ كۆڭلى خېلىلا يېقىن ئىدى.

بۇلتۇر ئەتىياز كۇنلىرىنىڭ بىرىدە نەبىنىڭ بويى قىزىپ زۇكام بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

بىر جۇمە كۇنى ھەبىبۇل ئابدۇخالىقنى چوڭ ئاتامنىڭ ئۆيى-گە بارىمەن، سەن بىللە بېرىشىپ بەرسەڭ دەپ تۇرۇۋالدى. ئابدۇخالىق ماقۇل بولدى. ئىككى بالا يېڭىشەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى يېنىدىكى ھەبىبۇلنىڭ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. ھە-بىبۇللانىڭ ئىشى بىر دەمدىلا تۈگىدى. ئىككى بالا ئۆيلىرىگە قايت-ماقچى بولۇپ نەۋۇل تۇمۇرچىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتتى. دەل شۇ چاغدا نەبىنىڭ سىڭلىسى ئانارگۇل ئىشىكتىن چىقتى.

ئابدۇخالىق قىزنى كۆرۈپ سورىدى:

— ئاكىڭىز ساقايدىمۇ؟

ئانارگۇل «چىك» قىلىپ تامىقىنى چىكىلدىتىپ بېشىنى چايقىدى. ئابدۇخالىق ئانارگۇلنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزى قى-زىرىپ ياشاڭغۇراپ قالغىنىدىن ئۇنىڭ قاتتىق قورقۇپ كەتكىنى-نى بىلدى.

— ئاكىڭىز ھازىر ئۆيدىمۇ؟ — سورىدى ئابدۇخالىق.

ئانارگۇل چوڭ بىر نەپەس ئېلىپ سەل تۇرۇۋېلىپ دېدى:

— ئاتام نەبى ئاكامغا جىن چاپلىشىپ قاپتۇ دەپ چاتقالدىن يۇلغۇن موللىنى ئەكەلگەن. يۇلغۇن موللا نەبى ئاكامغا ئوقۇۋاتىدۇ. مەن بەك قورقۇپ كەتتىم.

— ھەبىبۇل ئاداش نەبىنى كۆرۈپ چىقمايمىزمۇ جۇرۇ، — دېدى ئابدۇخالىق.

ئىككى بالا كىچىك ئىشىكتىن چاققانغىنە ھويلىغا كىردى.

ھويلىنىڭ ئىچىدىن قانداقتۇر بىر قاڭسىق، سېسىق پۇراق پۇراپ تۇراتتى. ئابدۇخالىق ھويلىنىڭ ئىچىگە قارىدى. ئوتتۇرىدا يۇغان بىر داستا قارىيىپ كەتكەن سۇ تۇراتتى. بىلەكلىرىنى جەينىكىگىچە تۇرىۋالغان بەدبەشىرە ئىككى ئادەم نەۋۇل ئاكىنىڭ تۆمۈرچىلىك دۇكىنىنىڭ ئوچىقىدا قىزىغان تۆمۈرلەرنى ھۆل لاتا بىلەن تۇتۇپ ئېلىپ داستىكى سۇغا تاشلايتتى. سۇ ۋاراقشىپ قايناپ ھور كۆتۈرۈلەتتى. ئۇنىڭدىن تارقالغان قاڭسىق سېسىق پۇراق ئادەمنىڭ بۇرنىنى ئېچىشتۇراتتى، ھېلىقى ئىككى ئادەم تۆمۈرچىلىك دۇكىنىنىڭ ئوچىقىدا قىزىغان تۆمۈرلەرنىڭ ھەممىسىنى داسقا تاشلاپ بولدى. داستىكى سۇ ۋاراقشىپ قايناپ قويۇق ھور كۆتۈرۈلۈپ ھويلىغا بىر كەلدى. قاڭسىق، سېسىق پۇراققا چىدىمىغان ئابدۇخالىق بىلەن ھەبىبۇل قاتتىق چۆشكۈرۈپ، يۆتىلىپ كەتتى. ئىشىكى ئوچۇق تۇرغان ئۆي ئىچىدىن قوپال ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ھوۋ، كېلىڭلار!

ھېلىقى ئىككى ئادەم ئېتىلغان پېتى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئابدۇخالىق بىلەن ھەبىبۇل ئۆيدە نېمە بار ئىكەن دەپ قىزىقىپ ئىشىك تۈۋىگە باردى. ئۆي ئىچى غۇۋا ھورغا تولۇپ كەتكەچكە ئۇلار ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى.

دەل شۇ چاغدا شاراقلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەنلا بايىقى قوپال، سەت ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى:

— كۆچ - كۆچ، سۇف - سۇف - سۇف! كۆچۈڭلار ھاي

هازازۇل جىنلار ئەسكى تاملىقلارغا كۆچۈڭلار، يالغۇز دەرەخلەر-
گە كۆچۈڭلار، سۇيى يوق كارىزلارغا كۆچۈڭلار، بۇ سىلەرنىڭ
جايىڭلار ئەمەس، ئۆز جايىڭلارغا كۆچۈڭلار! كۆچمىسەڭلار ئاس-
تىڭلارغا ئوت قويىمەن. شەمشىرىم بىلەن چاپىمەن! هاي -
هاي - هاي! هۇي - هۇي - هۇي! هوۋ...!

ئاۋاز توختاپ هېلىقى ئىككى ئادەم بىر زەمبىلنى كۆتۈرۈپ
ئۆيدىن ئىتتىك چىقتى. ئۇلار قويۇق هور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان
داسقا زەمبىلنى تەگكۈزۈپ تۇردى. زەمبىلدە نەبى ياتاتتى. ئۇ
كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئابدۇخالىق بىلەن هەببۇل-
نى كۆردى. ئۇ گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپلا يۆتىلىپ
كەتتى. ئارقىدىنلا قەي قىلىپ قۇسقىلى تۇردى. نەبىنىڭ سىڭلى-
سى بىر ياغلىقنى ئەكېلىپ نەبىنىڭ ئاغزى بۇرنىدىكى قۇسۇقلار-
نى ئېرتىپ قويدى. نەبىنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار يۈزىنى
هۆل قىلىۋەتتى.

شۇ چاغدا بېشىدىكى سەللىسى كىرلىشىپ كەتكەن يۈزىنى
قويۇق ساقال، تۇك باسقان، پاكار بويلۇق ئالا يەكتەك كىيگەن
قورقۇنچلۇق بىر ئادەم قولىدىكى قىلىچنى هاۋاغا سانجىپ شىلتى-
غان پېتى يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ سېپىغا بىرنەچچە
يۇمۇلاق هالقا بېكىتىلگەن ئىدى. ئۇ قىلىچىنى هەربىر سىلكى-
گەندە شاراقلىغان ئاۋاز چىقاتتى.

— يۇلغۇن موللا دېگەن شۇ. مەن ئۇنى تونۇيمەن، بۇلتۇر
مەن ئۇنى كۆرگەن، — هەببۇل قىلىچ تۇتقان پەتەك ئادەمنى
كۆرسىتىپ.

ئابدۇخالىق بۇ قورقۇنچلۇق ئادەمگە ۋەهىمە بىلەن قارىدى.
يۇلغۇن موللا ئىككى بالىنى كۆرۈپ قېلىپ شاگىرتلىرىغا
بۇيرىدى:

— بۇلارنى چىقىرىۋېتىپ ئىشىكنى تاقاڭلار!

بىر شاگىرت كېلىپ ئابدۇخالىق بىلەن هەببۇلنى هويلى-

دىن چىقىرىۋېتىپ ئىشىكنى تاقاپ قويدى.

ئىككى بالا ئەمدىلا تالاغا چىقىپ تۇرۇشىغا نەبىنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى ئاڭلاندى:

— ۋاي جان! جېنىم ئاتا، جېنىم ئاپا مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! ئابدۇخالىق بىلەن ھەبىبۇل بۇ ئېچىرغان نالە - زارىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىدى. ئۇلار ئىشىكنىڭ يېنىدىكى كىچىك سۇپىغا بىرنەچچە كېسەكنى تىزىپ ھويلىنىڭ پاكار تېمىغا يامىشىپ چىقتى. نەبى قويۇق تۇمان ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئابدۇخالىق بىلەن ھەبىبۇل قاڭسىق، سېسىق ھورنىڭ ئىچىدە نەپەس ئالالماي قىينىلىپ ئاۋازى پەسلەپ كېتىۋاتقان نەبىگە ئىچى ئاغرىپ نېمە قىلىشلىرىنى بىلەلمەي قېتىپ قېلىشتى.

نەبى ئاخىرقى قېتىم «جېنىم ئاتا، جېنىم ئاپا!» دەپ ھالسىز ندا قىلىپ جىمىپ قالدى.

يۇلغۇن موللىنىڭ شاگىرتلىرى، ئوچاقتىكى قىزىغان تۆمۈرلەرنى ئەكېلىپ يەنە داسقا تاشلىدى. داستىكى سۇ باشقىدىن ۋاراقشىپ قايناپ قويۇق ھور كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

يۇلغۇن موللا قېلىچنى ھەر تەرەپكە شىلتىپ سانجىپ بايىقى گەپلىرىنى قايتا تەكرارلاپ يەرنى تېپىپ تۇرۇپ ۋارقىرايتتى. ئۇ بىر چاغدا:

— ھوۋ - ھوۋ! جىنلار كۆچتى! — دەپ توۋلىدى.

ئىككى شاگىرت دەرھال بىر يوتقاننى ھورغا تۇتۇپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن نەبىنىڭ ئۇستىگە يېپىپ ئۇنىڭ بېشىنى چۇمكەپ قويدى.

— چاپسان كەينىڭلارغا قارىماي ئۆيگە كۆچۈرۈڭلار! — دەپ توۋلىدى يۇلغۇن موللا.

ئىككى شاگىرت نەبى ياتقان زەمبىلنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

يۇلغۇن موللا چۈشىنىكسىز، غەلىتە توۋلاپ قىلىچنى شا-

راقلاتقان پېتى ئۆلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

ئۆينىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكى يېپىلدى.

ئابدۇخالىق بىلەن ھەبىبۇللا قاڭسىق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇر-غان داسىقا نەپرەت بىلەن قاراپ تامىدىن چۈشۈپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئابدۇخالىق ھېسامىدىن، ھەبىبۇللا، ئابدۇراخمانلار بىلەن سودىگەر مەسچىتىنىڭ ئالدىدا ئويناۋاتاتتى. بىر ئادەم نەبىنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ شۇم خەۋەر ئابدۇخالىقا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ مەڭزىگە ئېقىپ چۈشىۋاتقان ياشلىرىنى قولى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ:

— نەبى ياخشى بالا ئىدى، — دېدى ئۆكسىگەن پېتى.

— ھېلىقى يۇلغۇن موللا نەبىنى ئوقۇپ جىنلارنى كۆچۈر-مەن دەپ نەبىنى سېسىق ھورنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزۇپ سېسىق يوتقان بىلەن نەبىنى چىڭ يۆركۈپ قويغىنىنى ئابدۇخالىق بىلەن ئىككىمىز كۆرگەن. بىچارە نەبى سېسىق يوتقاننىڭ ئىچىدە دىمىق-تا بولۇپ دەم ئالالماي ئۆلۈپ كەتتىمىكىن دەيمەن، — دېدى ھەبىبۇللا ئېچىنغان ھالدا.

بۇ گەپكە ئابدۇراخمان قارشى چىقتى:

— ئۇنداق دېمە ھەبىبۇل جۇمۇ، موللامىلار جان خۇدانىڭ دېگەن تۇرسا. نەبىنى يۇلغۇن موللا ئۆلتۈرۈپ قويغان بولامدا؟

— ھەبىبۇل راست ئېيتىدۇ، بىز ئەتىگەندە يۇلغۇن موللى-نىڭ نەبىنى قانداق ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن تۇرساق، — دېدى ئابدۇخالىق.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئابدۇراخمان قايتا ئېغىز ئاچمىدى.

.........

ئابدۇخالىق دېرىزە تۈۋىدە چوڭ ئاپىسى بىلەن ئاق ئايلىنى-نىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نەبىنىڭ ئۆلۈم ۋەقەسى ئېسىگە چۈشتى. يۇلغۇن موللىنىڭ بەت - بەشىرە قىياپىتى

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىپ تېنى شۈركىنىپ كەتتى.

ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بىردىنلا چوڭ ئاپىسىنىڭ: «ئابدۇخالىق ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوقلا ئۆزى يالغۇز تۇرۇپمۇ كۈلىدۇ. ئۇنىڭغا جىن چاپلاشمىسىزە كۈلەمدۇ؟» دېگەن گېپى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئابدۇخالىق بۇ گەپنىڭ تىل تۇمارنىڭ مەيدىسىگە تېگىپ قىچىقى كەلگەندە قىچىققا چىدىماي كۈلگەنلىكىنىڭ «جىن چاپلىشىپتۇ» دېگەن گەپنىڭ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ بويىندىكى تىل تۇمارنى ئېلىپ يىراققا ئېتىۋەتمەكچى بولدى. بىراق، ئەرەمسىما خېنىم بۇ تىل تۇمارنى ئۇنىڭ بويىنغا ئېسىپ قويغىچە:

— بۇ تىل تۇمارغا ناھايىتى ئۇلۇغ ئايەت پۈتۈلگەن. ئۇ سىزنى ھەرقانداق بالا ـ قازادىن ساقلايدۇ. سىزنى بەخت ـ تەلەيلىك قىلىدۇ. بويىنىڭىزدا تىل تۇمار بارلىقىنى ھېچكىمگە ئېيتماڭ، ئۇنى ھېچكىم كۆرمىسۇن، بولمىسا بالا ـ قازاغا گىرىپتار بولىسىز، — دەپ قاتتىق جېكىلىگەن ئىدى.

«ھېچقاچان يالغان ئېيتىپ باقمىغان چوڭ ئاپام ماڭا يالغان ئېيتقانمىدۇ؟ ياق، ھەممە گەپ ھېلىقى گۆھەرخان بۇۋى دېگەن قېرى جادۇدا. ئۇ چوڭ ئاپامنى «بۇ بالىغا جىن چاپلىشىپ قوقاق چىرماپ كېتىپتۇ» دەپ ئالدىمىغان بولسا چوڭ ئاپاممۇ بۇ تىل تۇمارنى بويىنۇمغا ئېسىپ قويماستى. تىل تۇمار مەيدەمگە تېگىپ قىچىقىم كېلىپ كۈلگىنىمنى ئۇلار نېمىشقا بىلمەيدىغاندۇ. مېنى يۇلغۇن موللىغا ئوقۇتسا ئۇ قېرى جادۇ نەبىنى قىيىنغاندەك مېنىمۇ قىيىنىسا، مەنمۇ نەبىگە ئوخشاش ئۆلۈپ قالۇرمەنمۇ؟…»

ئابدۇخالىقنىڭ خىيالى بارغانسېرى چىگىشلىشىپ كەتتى. ئۇ ئويلىغانسېرى ئۆزىنىڭ خۇددى «دىر ـ دىر قوزام» چۆچىكىدىكى ئاچكۆز، ۋەھشىي بۆرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان بىچارە قوزىچاققا ئوخشاپ قېلىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى.

ئابدۇخالىق مۇڭلۇق كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، كۆزدە

ئۈششۈك تەگكەن گۈلدەك سولىشىپ روھسىز ھالدا ئولتۇرغىنىدا ئۆيگە ئەرەمسىما خېنىم كىردى. ئۇ دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرغان ئابدۇخالىققا لەپپىدە قاراپ قويۇپ نەزىرىنى تاپسىدا ئولتۇرغان گۈلسۈمخانغا بۇرىدى. گۈلسۈمخان دىككىدە ئورنىدىن تۇردى.

ئەرەمسىما خېنىم شەرەت قىلىپ گۈلسۈمخاننى يېنىغا چاقىردى. گۈلسۈمخان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىۋىدى، ئۇ گۈلسۈمخاننىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. گۈلسۈمخان قول قۇۋۇشتۇرۇپ:

— بولىدۇ، خوش، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئەرەمسىما خېنىم:

— ئابدۇخالىق دېرىزە تۈۋىدە نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.

ئابدۇخالىق بېشىنى چايقاپ «ھېچنېمە» دېدى مەيۇس ھالدا.

— ئورنىڭىزغا كېلىپ يېتىۋېلىڭ بالام، — دەپ بۇيرۇدى ئەرەمسىما خېنىم.

ئابدۇخالىق ئورنىدىن تۇردى. بويىنىدىكى تىل تۇمار مەيدىسىگە تېگىپ قىچىقىنى كەلتۇردى. ئۇ كۈلۈۋېتىشكە تاس - تاس قېلىپ قولى بىلەن تىل تۇمارنى مەيدىسىگە چىڭ بېسىۋالدى.

— مەن سىزگە يېتىۋېلىڭ دەۋاتىمەن بالام، — دېدى ئەرەمەسىما خېنىم ئابدۇخالىققا تىكىلىپ.

ئابدۇخالىق تۇرغان جايىدىن تەۋرىمەي:

— مەن مەدرىسكە بارىمەن. ھېلىمۇ بىر ھەپتە بولدى دەرستىن قالدىم، — دېدى نارازى ئاھاڭدا.

— سىز دېگەن كېسەل تۇرسىڭىز، مەدرىسكە قانداق بارالايسىز؟ — ئەرەمسىما خېنىمنىڭ ئاچچىقى كەلدى.

— ۋاي چوڭ ئاپا، بويۇمنىڭ قىزىقى ياندىغۇ، بېشىمنىڭ ئاغرىقىمۇ ئۆچ كۈن بولدى توختىدى. مەن ساقايدىم. مەن نەدە كېسەل؟ — دېدى ئابدۇخالىق قاپىقىنى تۈرۈپ ئاچچىقى بىلەن.

ئابدۇخالىقنىڭ بۇ گېپى ئەرەمسىما خېنىمغا خۇددى ئوچۇق ئاسماندا تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقىغاندەك تاسادىپىي تۇيۇلدى. ئەرەمسىما خېنىم قولىدىكى تەسۋىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكىنىنى تۇيمىدى.

بۇ ئابدۇخالىقنىڭ ئۇن ياشقا كىرگىچە چوڭ ئاپىسى بىلەن تۇنجى قېتىم تاكاللىشىشى ئىدى. ئەرەمسىما خېنىم ئۆزىگە قاپىقىنى تۈرۈپ غەزەپ بىلەن ھومىيىپ تۇرغان ئابدۇخالىققا نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئاغزىنى ئاچقىنىچە جايىدا تۇرۇپ قالدى. ئەنە شۇ ئېچىلىپ ئۆيگە نىيازخان كىردى. ئۇ ئالدىراشلا:

— ئاپا تېز بولسىلا، مېھمان كەلدى. ئۆزلەنى سوراۋاتىدۇ، — دېدى.

— مەن چىقالمايمەن. ئۆزىڭىز ئۆزىتىۋېرىڭ، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم جىلە بولۇپ چېچىلىپ.

— ئۇلار مەنلا يالغۇز ئۇزىتىدىغان مېھمانلار ئەمەس ئاپا. ئۇلار لۈكچىندىكى گۇڭ خوجا[1] نىڭ پۇجۇڭ خېنىملىرى، — دېدى نىيازخان. نىيازخان شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ كاڭدا دومسىيىپ ئولتۇرغان ئابدۇخالىققا كۆزى چۈشتى.

— ئابدۇخالىق سىز يېتىپ ئارام ئېلىڭ، سىزگە گۈلسۈم كىرىپ قارىسۇن، ئۇنىڭ گېپىنى يېرماڭ، تالاغا چىقىپ كەتمەڭ جۇمۇ، — دېدى سىلىق - سىپايە ھالدا.

— مەن مەدرىسكە بارىمەن. خېلى جىق دەرسلىرىمدىن قالدىم، — دېدى ئابدۇخالىق چۈسلۈق بىلەن.

نىيازخان بىرئاز ئويلىنىپ:

— بۈگۈن كىچىكتىڭىز، ئەمدى ئارام ئېلىڭ، ئەتە قاراپ باقىنى ھە، — دېدى.

ئابدۇخالىق «ھىم» دەپ دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ كىتابىنى

---

[1] گۇڭ خوجا — لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ ئىنىسى.

قولىغا ئىلىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى.

— مەن ئالدىدا چىقىپ تۇراي ئاپا، — نىيازخان شۇنداق دەپ تالاغا ماڭدى.

— سىز گۈلسۇمنى پاتراق كىرگۈزۈۋېتەرسىز. مەنمۇ ھازىرلا چىقىمەن، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم.

ئەرەمسىما خېنىم ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئىچكىرى ئۆيدىن قارا دۇخاۋا كۆينەكنى بىلەن پۇچىقىغا گۈل كەشتىلەنگەن ناۋاترەڭ تاۋا ئىشتان، يېپيېڭى پارقىراپ تۇرغان خۇرۇم ئايىغىنى كىيىپ چىقتى.

شۇ ئارىدا ئۆيگە گۈلسۇم كىردى.

ئەرەمسىما خېنىم تامدىكى ئەينەككە قاراپ بېشىدىكى رومىلىنى تۈزەشتۈردى. ئۇ گۈلسۇمگە:

— بالىغا ئوبدان قارا جۇمۇ، قىلچە بىخەستىلىك قىلما! — دېدى. گۈلسۇم «خوش ھاجىم خېنىم» دەپ تەزىم قىلدى.

ئەرەمسىما خېنىم قەددىنى رۇسلاپ مەغرۇرانە ھالدا تېتىك قەدەم تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئابدۇخالىق كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ چوڭ ئاپىسىنىڭ كەينىدىن قاراپ چوڭقۇر تىنىپ قويدى.

# ئۆگزىدە سايرىغان پاختەك

ئەرەمسىما خېنىم مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇخالىق دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ كىتابىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ بىر پەس كىتاب ئوقۇپ هاردى بولغاي، كىتابنى جىلتىسىگە سالدى. جىلتىسنى ئىلغۇچقا ئىلدى. گۈلسۇم كەش- تە تىككەچ ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى.

ئابدۇخالىق ئۆزىنى شۇ تاپتا قەپەسكە سولانغان قۇشتەك هېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ يوتقان - كۆرپىنىڭ بىر چېتىدە بىر پەس ئولتۇردى. ياتاي دېسە ئەمدى تېخى ئاش ۋاقتى بولغان تۇرسا. يە بىرەر يېرى ئاغرىمىسا، ياتماي دېسە چوڭ ئاپىسىنىڭ تاپىلىشى بىلەن گۈلسۈمخان ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ ئولتۇرغان تۇرسا، ئەستا، ئابدۇخالىق ياستۇققا يۆلەندى. ئۇ بېشىنى قاشلاپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆمدى:

«مۇشۇنداق قەپەستىكى قۇشتەك جىم ئولتۇرسام هېلىقى يۇلغۇن موللا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ كەلسىلا ئىشىمنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. ‹ماڭا جىن چاپلاشمىدى، مەن ساق› دېسەم، ماڭا هېچكىم ئىشەنمىسە. ئەستا، بۇ چوڭ ئاپامغا نېمە بولغاندۇ زادى؟ ئۇ ماڭا ئېسىمنى تاپقاندىن باشلاپلا ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگەتكەن پىر چەڭ- گىدەك ئاجايىپ ئادەملەرنى ماڭا تونۇتقان، سادىر پالۋاننىڭ هې- كايىسىنى سۆزلەپ بېرىپ، قوشاقلىرىنى يادلاتقان، نۇزۇگۇم- نىڭ شى دارىنىنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ قومۇشلۇقلاردا مۆكۈپ يۈر- گەندە ۋە دار ئالدىدا ئېيتقان قوشاقلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىپ ئۆزى يىغلاپ كەتكەن ئىدىغۇ؟ ئۇ ماڭا هەجىگە بارغۇچە شەمەي، قازان، ئىستانبول شەهەرلىرىدە كۆرگەنلىرىنى ئاجايىپ قىزىقار-

لىق سۆزلەپ بەرگەن ئىدىغۇ؟ ئۇ ماڭا ئەزەلدىن جىن، ئالۋاستى دېگەن بىر نېمىلەرنى سۆزلەپ بەرمىگەنىغۇ؟ ئەمدى قانداق بولغىنى بۇ؟ يە چوڭ ئاپامنىڭ ئۆزىگە جىن چاپلاشتىمۇ؟ چوڭ ئاپام ئەجەب جاھىل ئىكەنغۇ؟ بايا مەن ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرۇپ زادى خاتا قىلدىممۇ؟ ياق، مەن راست گەپ قىلدىمغۇ؟ مەن ئەمدى قورقۇپ يېتىۋەرسەم يۇلغۇن موللا مېنى بۆرە دىر - دىر قوزامنى تۇتۇۋالغاندەك تۇتۇۋالىدۇ. مەن دىر - دىر قوزام بولمايمەن...»

ئابدۇخالىق شۇلارنى ئويلاپ چاپىنىنى سالدى. كەشتە تىكىۋاتقان گۇلسۇمخانغا قاراپ:

— مېنىڭ ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ. مەن ئۇخلايمەن، دەپ يوتقاننى پۈركىنىپ يېتىپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

ئابدۇخالىق بىردەم ياتقاندىن كېيىن بىر كۆزىنى ئاستا ئېچىپ گۇلسۇمخانغا قارىدى. گۇلسۇمخاننى تەرەت قىستاپ ئولتۇرالماي قالغان ئىدى.

ئابدۇخالىق كۆزىنى يۇمۇپ ئەتەي خورەك تارتىشقا باشلىدى. خورەك ئاۋازىنى ئاڭلىغان گۇلسۇمخان ئابدۇخالىقنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلاپ ئالدىراش تەرەتكە چىقىپ كەتتى.

ئابدۇخالىق دەرھال ئورنىدىن قوپتى. لىمتاقتا يىغىپ قويۇلغان كۆرپىدىن بىرنى ئالدى. يوتقاننى قايرىۋېتىپ كۆرپىنى ئۆزىنىڭ بويىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدا قاتلاپ توم قىلدى. ئىككى پارچە لاتا بىلەن ئىككى يەردىن بوغۇم قىلىپ تاڭدى. چوڭ دادىسىنىڭ كونىراپ قالغان تۇمىقىنى بىر ياغلىققا چېگىپ يۇمىلاق كەلتۇرۇپ توم كورپىنىڭ ئۇچىغا چاتتى. ئۇخلىغاندا كىيىدىغان بۆكىنى چېگىپ يۇمىلاق قىلغان تۇماققا كىيگۈزدى. بۇنىڭ بىلەن يوغان بىر قونچاق پۈتتى. ئۇ قونچاقنى ئەپلەپ ياستۇقتا ياتقۇزۇپ ئۈستىگە يوتقاننى يېپىپ قويدى. ئاندىن كېيىن ئابدۇخالىق ياستۇقنىڭ قېشىغا چاپىنىنى قويۇپ قويدى. ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ يېڭى چاپىنىنى كېيىپ چىقتى. كاڭدىن پەسكە چۈشۈپ

ئايغىنى كىيدى. ئۇ ئالدىراش ھويلىغا چىقتى. ئۇ تامغا تىرەپ قويۇلغان شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقتى. قادىر باينىڭ ھويلىسى مىجىت ھاجىنىڭ ھويلىسى بىلەن تۇتاش ئىدى. ئابدۇخالىق ھويلىغا قارىۋېدى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ ئۆگزىنىڭ جەنۇبىغا قاراپ يۈگۈردى. قادىر باينىڭ ئۆيلىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى ئەبەيدۇللا شەمەيچىنىڭ ھويلىسى بىلەن تۇتىشاتتى. ئابدۇخالىق بىردەمدىلا ئەبەيدۇللا شەمەيچىنىڭ ئۆگزىسىگە بېرىۋالدى. ئۇ ئۆگزىدە تۇرۇپ ھويلا ئىچىگە قارىدى. ھەببۇلنىڭ ئاپىسى تاجىخان ھويلىدا بىر خوتۇن بىلەن گەپلىشىپ تۇرۇپتۇ. ئابدۇخالىق دەرھال تۇرخۇننىڭ كەينىگە مۆكۈۋالدى. ئۇ تۇرخۇننىڭ كەينىدە مۆكۈپ ئولتۇرۇپ زېرىكتى. ئۇ ئاستا تۇرخۇننىڭ كەينىدىن چىقىپ ھويلىغا قارىدى. ھويلىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بىرەر كىم ئۆزىنى كۆرۈۋالمىسۇن دەپ ئولتۇرىۋالدى.

بىردەمدىن كېيىن ھويلىدا ئىشىكنىڭ غىچىلداپ ئېچىلغانلىقى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ھەببۇلنىڭ:

ئالتە كەپتەر، يەتتە بولدى،
يەتتە كەپتەر سەككىز بولدى.
سەككىز كەپتەر توققۇز بولدى،
توققۇز كەپتەر ئوتتۇز بولدى،
ۋاي - ۋاي نازىركوم……

دەپ ناخشا ئېيتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ھەببۇللا ئۇسسۇلغا بەك ئامراق ئىدى. ئۇ مەھەللىدە بولغان بىرنەچچە توي - تۆكۈن، مەشرەپلەردە ئۇسسۇلچى ھوشۇرخانغا ئەگىشىپ نازىركومغا ئويناشنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى. ئابدۇخالىق ئۆگزىدە ئاستا مىڭىپ ھويلا تەرەپكە يېقىنلىشىپ كېلىپ پەس ئولتۇرۇۋېلىپ، پاختەكنىڭ سايرىشىنى دوراشقا باشلىدى:

— گۇ - گۇ - گۇك! گۇ - گۇ - گۇك!

ھەبىبۇللا ھويلىدىن يۈگۈرۈپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. دەرۋازا ئالدىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى.

پاختەك يەنە سايرىدى:

— گۇ - گۇ - گۇك! گۇ - گۇ - گۇك!

ھەبىبۇللا قۇلاق سېلىپ پاختەكنىڭ ئۆگزىدە سايراۋاتقىنىنى بىلدى.

ھەبىبۇللا يۈگۈرۈپ ھويلىغا كىردى. شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ تۇرخۇننىڭ كەينىگە مۆكۈۋالغان ئابدۇخالىقنى كۆردى.

— تېپىۋالدىم بۇياققا چىق! — دېدى ھەبىبۇل.

ئابدۇخالىق تۇرخۇننىڭ كەينىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئالقىنى بىلەن ئاغزىنى ئېتىپ «گەپ قىلما!» دەپ شەرەت قىلدى. ھەبىبۇللا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئابدۇخالىقنىڭ قېشىغا ئاستا باردى. ئۇ ھەيران قالغان ھالدا ئابدۇخالىقتىن سورىدى:

— بۇ يەرگە نەدىن چىقىۋالدىڭ؟

ئابدۇخالىق قانداق چىققانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— سەن كېسەل ئەمەسمىدىڭ؟

— چىك، — ئابدۇخالىق تامىقىنى چىكىلدىتىپ بېشىنى چايقىدى. ئۇ ئاستا:

— مەن ئەتىسىلا ساقىيىپ قالغان، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا بىر ھەپتىگىچە مەدرىسكە بارمىدىڭغۇ؟

چوڭ ئاپام ئۆيدىن تالاغا چىقارتمىدى، — دېدى ئابدۇخالىق خورسىنىپ.

— نېمىشقا؟

— سەن كېسەل دەپچۇ.

— سەن ساقايدىم دېدىڭغۇ؟

— ساڭا جىن چاپلىشىپتۇ دەيدىغۇ - تاڭ.

ئابدۇخالىقنىڭ بۇ گېپىدىن ھەبىبۇللا چۆچۈپ كەتتى. ئۇ

ئابدۇخالىققا سەپ ـ سېلىپ قاراپ:
— ۋاي ئادىشىم سەن ئاگالقىدەكلا بىر ئوبدان تۇرۇپسەنغۇ، جىن چاپلاشقاندەك ئەمەسقۇ، — دېدى ھەبىبۇل.
ئابدۇخالىق زوڭزىيىپ ئولتۇرغاچقا پۇتى تالدى. ئۇ بىر قولى بىلەن يەرنى تايىنىپ قوپتى ـ دە، پىخىلداپ كۇلۇپ كەتتى. بۇ ئىش ھەبىبۇلغا غەلىتە تۇيۇلدى. ئۇ ھەيران قېلىپ ئەتراپقا قارىدى. كۇلگۇدەك بىرەر نەرسە كۆزىگە چېلىقمىدى. ھەبىبۇللا گۇمانلىنىپ ئابدۇخالىققا قارىدى. ئابدۇخالىق بىر قولى بىلەن مەيدىسىنى بېسىپ ئولتۇرىۋالدى.
— ھازىر نېمىگە كۇلدۇڭ، — سورىدى ھەبىبۇل.
— ھېچنېمىگە، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ.
ھەبىبۇللا كۆڭلىدە «ئابدۇخالىققا راستىنلا جىن چاپلىشىپتىمۇ نېمە؟ ئۇ نېمىشقا ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوق كۇلىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى.
ئىككى بالا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ بىر پەس جىم ئولتۇرۇپ قالدى. جىمجىتلىقنى ھەبىبۇللا بۇزدى:
— ئادىشىم سەن بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟
— ئۆيدىن قېچىپ چىقتىم، — دېدى ئابدۇخالىق جىددىيلىشىپ. ھەبىبۇل بۇ گەپكە ھەيران قېلىپ:
— نېمىشقا قېچىپ چىقتىڭ؟ — دېدى.
— ھەي ئادىشىم سەن تېخى بىلمەيسەن، — دېدى ئابدۇخالىق زارلىنىپ گېپىنى داۋام قىلىپ، — بىر ھەپتە بۇرۇن مېنى شېھىتلىكتىكى گۆھەرخان بۇۋىمگە ئاشلىتىپ ئوقۇتقان. ئۇ «بۇ بالىغا جىن چاپلىشىپ قوقاق چىرماپ كېتىپتۇ» دېدى. چوڭ ئاپام ئۇنىڭ يالغان گېپىگە ئىشىنىپ بوينۇمغا مۇشۇنداق تۇمارنى ئېسىپ قويدى.
ئابدۇخالىق جىم تۇرۇپ قالدى. ھەبىبۇللا باشماالتىقنى

چىقىرىپ:

— ئوغۇل بالا ئىكەنسەن ئاداش. قورقما بىز بار، بىردەمە-لىككە ھېسامىدىن كىرىدۇ، — دېدى.

ئابدۇخالىق دەردىنى تۆككىلى تۇردى:

— ماڭا جىق ئىشلار مۇشۇ تىل تۇماردىن كەلدى. ئۇنى بوينۇمغا ئېسىپ، ھېچكىم كۆرمىسۇن دەپ كۆينىكىمنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويۇۋېدى. ماڭسام، يەرگە ئېگىشىپ قوپسام تىل تۇمار مەيدەمگە تېگىدۇ. سەنمۇ بىلىسەن، مېنىڭ مەيدەمدە قىچىشقىم بار ئەمەسمۇ، تىل تۇمار مەيدەمگە تېگىپلا كەتسە قىچىشقىم كېلىدۇ، شۇنداق چاغدا كۆلمەي قانداق قىلىمەن. شۇنىڭغا كۆلسەم ئۆيىمىزدىكى گۈلسۇمخان بىلەن چوڭ ئاپام «بۇ بالىغا جىن چاپلىشىپتۇ، بولمىسا يالغۇز ئولتۇرۇپمۇ كۈلەمدۇ؟» دەپ ئاق ئايلامغا دېدى. ئاق ئايلام بىلەن چوڭ ئاپام مەسلىھەتلىشىپ چاتقالدىن يۇلغۇن موللىنى ئەكېلىشكە ئايۇپ ئاكامنى ئەۋەتتى.

ھەبىبۇللا يۇلغۇن موللىنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ سورىدى:

— يۇلغۇن موللىنى ئەكېلىپ نېمە قىلغۇدەك؟

— مېنى ئۇنىڭغا ئوقۇتۇپ، ماڭا چاپلاشقان جىننى كۆچۈر-مەمدۇ؟ — دېدى ئابدۇخالىق مۇڭلىنىپ.

ھەبىبۇللا بېشىنى چايقاپ دېدى:

— سەنمۇ بىلىسەن ئادىشىم، ئۇ يۇلغۇن موللا دېگەن بەك ئەسكى جادۇ. بۇلتۇر نەبىنى قانداق قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇقۇ.

— شۇ. مەن بەك قورقىۋاتىمەن، — دېدى ئابدۇخالىق تىترەپ.

— قورقما ئادىشىم بىز بار. بىزنىڭ ئىسكىلاتنىڭ[1] قېشىدا

---

(1) ئىسكىلات — ئامبار (رۇسچە)

بىر كىچىك ئۆي بار. سېنى شۇ ئۆيگە ئەكىرىپ مۆكتۈرۈپ قوياي ئەمىسە، — دېدى ھەبىبۇل.

— بىرەرسى كۆرۈپ قالامدۇ؟ — دېدى ئابدۇخالىق ئەنسىرەپ.

— ياق. ھېچكىم كۆرمەيدۇ. كاڭدا كىگىز تۇرغان. مەن ساڭا يوتقان كۆرپە ئاچىقىپ بېرىپ ئىشىكنى تېشىدىن سولاپ قويىمەن. جۇرۇ، ئاپام سىلەرنىڭكىگە كىرىپ كەتتى. ئۆيدە ئادەم يوق، — ھەبىبۇللا شۇنداق دەپ ئابدۇخالىق بىلەن ئۆگزىدىن ھويلىغا چۈشتى.

ئىككى بالا ئامبارنىڭ قېشىدىكى كىچىك ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى.

※ ※ ※

گۇلسۇمخان تالادىن كىرىپ دەرھال كاڭغا قارىدى. ئۇ يوتقان كۆرپىنىڭ ئاۋۋالقى پېتىدەك تۇرغانلىقىغا قاراپ «ئابدۇخالىق قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ» دەپ ئويلاپ خاتىرجەم بولدى. ئۇ يېپ - يىڭنىسىنى قولىغا ئېلىپ كەشتە تىكىشكە باشلىدى.

چۈشكە يېقىن ئەرەمسىما خېنىم كىردى. ئۇ كاڭغا قاراپ سورىدى:

— ئابدۇخالىق ئۇخلاپ قالدىمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى گۇلسۇمخان ئورنىدىن تۇرۇپ.

— مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كىردىم. بوپتۇ ئۇخلىسۇن. سەن بىخەستىلىك قىلما، بالىغا ئوبدان قارا، — ئەرەمسىما خېنىم شۇنداق دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

چۈش بولغاندا ئەرەمسىما خېنىم ئۆيگە كىردى. ئۇ كاڭغا قاراپ بېقىپلا:

— ۋۇي بۇ قانداق ئىش؟ ئابدۇخالىق تېخىچىلا ئۇخلاۋاتامدۇ؟ — دېدى، ئەنسىز ھالدا.

— ئابدۇخالىق بىر تاتلىق ئۇخلاپ يېتىپتۇ ھاجىم خې-

نىم، — دېدى گۈلسۈمخان بەخىرامان.
— ئۇنى ئويغات، — غىزايىنى يېسۇن، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم. گۈلسۈمخان قولىدىكى يېڭنە ئىشىنى قويۇپ چاقىردى:
— ئابدۇخالىق، ھەي ئابدۇخالىق! قوپسىلا غىزا پىشتى. ئابدۇخالىقتىن بىرەر سادا چىقمىدى. ئەرەمسىما خېنىم كاڭغا چىقىپ ئۆزى چاقىردى:
— ھەي ئابدۇخالىق قوپۇڭ بالام!
ئابدۇخالىق قىمىرلاپمۇ قويمىدى.
— مۇنداق قاتتىق ئۇخلاپ كېتەمدۇ بۇ بالا، — ئەرەمسىما خېنىم شۇنداق دەپ يوتقاننى سىلكىپ تارتتى. يوتقان سىيرىلىپ چۈشتى. ئەرەمسىما خېنىم قاراپ بېقىپ ۋارقىرىۋەتتى.
— ۋاي ئاتام! ۋاي ئاللا بىر توۋا، بۇ نېمە ئىش؟!
كاڭغا قاراپ گۈلسۈمخان-مۇ چاچ-راپ ئورنى-دىن تۇرۇپ داد - پەرياد كۆتۈردى
— ۋاي ئاللا، مەن ئۆيدىن تەۋرىمەي قاراپ ئولتۇرغانغۇ. ئۇ بالا نەگىمۇ كەتكەندۇ، مەن ئەمدى قانداق قىلۇرمەن.
ھۇ - ھۇ ھۇ! — گۈلسۈمخان چېچىنى يۇلۇپ يىغلىغىلى تۇردى. ئەرەمسىما خېنىم ئاچچىقىدا يوتقاننى پىرقىرىتىپ بۇ-لۇڭغا تاشلىۋەتتى. ئابدۇخالىق ياساپ ياتقۇزۇپ قويغان يوغان قونچاق كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى. ئەرەمسىما خېنىمنىڭ كۆزى-گە قونچاق خۇددى كىچىك بالىدەك كۆرۈندى. ئۇ غال - غال تىترەپ «بۇ، بۇ، ۋاي!» دېگىنىچە، دىرىڭگىدە كەينىگە ئۆچۈپ يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشىدىن كەتتى.
گۈلسۈمخان ئالدىراش كاڭغا چىقىپ ئەرەمسىما خېنىمنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ كەينى - كەينىدىن:
— ھاجىم خېنىم، ھاجىم خېنىم! دەپ چاقىردى.
ئەرەمسىما خېنىمنىڭ كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلۇپ چىشلىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن ئىدى.

گۆلسۇمخان ئەرەمسىما خېنىمنىڭ بېشىغا بىر ياستۇقنى قويۇپ، كۆينىكىنى تۈزەپ ياتقۇزۇپ قويۇپ نىيازخاننى چاقىرغىلى يۈگۈرگەن پېتى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

نىيازخان ئۆيگە كىرگەندە ئەرەمسىما خېنىم كاڭدا هوشسىز ياتاتتى. نىيازخان قورقۇپ كەتتى:

— ئاپا ھەي ئاپا! — نىيازخان شۇنچە بەك توۋلىسىمۇ ئەرەمسىما خېنىم كۆزىنى ئاچمىدى.

— ۋاي خۇدايىم ئاپامغا نېمە بولغاندۇ؟ كۆزلىرىنى ئاچسىلاچۇ ئاپا! — نىيازخان كاڭغا چىقىپ ئەرەمسىما خېنىمنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى. ئەرەمسىما خېنىمنىڭ ئازراق بويى قىزىپ قالغاندەك ئىدى.

نىيازخان ئەرەمسىما خېنىمنى چاقىرىپ ئۇيان - بۇيان چايقىغان بولسىمۇ كۆزىنى ئاچمىدى. نىيازخان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي «ئاپا!» دېگىنىچە يىغلىۋەتتى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ گۆلسۇمخانغا بىر چىنە سوغۇق سۇ ئەكېلىشنى بۇيرىدى. گۆلسۇمخان چىنىگە سوغۇق سۇ ئېلىپ نىيازخانغا سۇندى.

نىيازخان چىنىنى ئېلىپ ئىچىدە پىچىرلاپ قايسىبىر سۈرىنى ئوقۇپ سۇغا سۈپكۈچ قىلىپ دەم سالدى. ئۇ گۆلسۇمگە ئەرەمسىما خېنىمنىڭ پۇت - قوللىرىنى سىقىپ ھەربىر ئۇگىلىرىنى ئۇۋۇلاشنى بۇيرىدى. گۆلسۇمخان ئەرەمسىما خېنىمنىڭ پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ ئۇۋۇلاشقا باشلىدى.

نىيازخان چىنىدىكى سوغۇق سۇنى ئۇچۇمىغا ئېلىپ ئەرەمسىما خېنىمنىڭ يۈزىگە چاچتى. مۇزدەك سۇ تامچىلىرى يۈزىگە تەگكەن ئەرەمسىما خېنىم بىر ئىڭراپ، تەۋرىنىپ جىمىپ قالدى.

گۆلسۇمخان ئەرەمسىما خېنىمنىڭ ئىككى مۈرە، شىللىسى باشلىرىنى ئۇۋۇلىدى. نىيازخان يەنە ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ ئۇچۇم سۇنى ئەرەمسىما خېنىمنىڭ يۈزىگە چاچتى. ئۇچىنچى قېتىم سۇ

چېچىلغاندىن كېيىن ئەرەمسىما خېنىم «ئۇھ!» دەپ ئېغىر تىنىپ چوڭ بىر نەپەس ئالدى ـ دە، پاللىدە كۆزىنى ئاچتى.
نىيازخان ئەرەمسىما خېنىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:
— ئاپا نېمە بولدىلا؟ نەلىرى ئاغرىۋاتىدۇ؟ — دېدى ئالدىراپ.
ئەرەمسىما خېنىم نىيازخان بىلەن گۇلسۇمخانغا قاراپ:
— مەن نېمە بولدۇم؟ سىلەر نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ ھەي نىـيازخان كۆزۈڭ ياشـتەكلا تۇرۇدىـغۇ؟ — دېدى ئالاڭغىراپ قاراپ.
— گۇلسۇم چاقىردى، مەن كىرسەم، — دېدى نىيازخان دۇدۇقلاپ.
ئەرەمسىما خېنىم بايا ئابدۇخالىقنىڭ ئورنىدا ياتقان قونچاقـنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكىنىنى ئېسىگە ئالدى، ئۇ نىيازخانغا قاراپ:
— ئا ـ ئابدۇ ـ ئابدۇخالىق ئۆزى يوق. ئۇ بىر نېمە تۇرىدۇ، — دېدى دۇدۇقلاپ ئابدۇخالىقنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ.
نىيازخان شۇ چاغدىلا كۆرپىنىڭ ئۈستىدىكى قونچاقنى كۆرـدى ـ دە، قورققىنىدىن «ۋاي!» دەپ چىرقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزى چەكچىيىپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېتىپ قالدى.
گۇلسۇمخان دەرھال نىيازخاننى يۆلىۋالدى. ئۇ:
— ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا خېنىم، خۇدايىم ساقلايدۇ، قورقمىسىلا، — دېدى.
نىيازخان ئاچچىقلىنىپ غال ـ غال تىترىگەن پېتى:
— ئابدۇخالىق قېنى؟! — دەپ گۇلسۇمخانغا چەكچەيدى.
گۇلسۇمخان لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ ئەرەمسىما خېنىم ھوـشىدىن كەتمەستە دېگەنلىرىنى بىر قۇر تەكرارلىدى ۋە ئاخىرىدا:
— ھەممە گۇناھ مەندە خېنىم، بايۋەچچەم تالاغا ئويناپ چىقىپ كەتكەندۇ، مەن ئىزدەپ تاپاي، — دەپ قوشۇپ قويدى.
ئەرەمسىما خېنىم ئۇندىمەي كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

— ئۆيگە ئەتىگەندىن بىرەر يات ئادەم كىرگەنمۇ؟ — سورىدى نىيازخان.

— ياق، — دەپ بېشىنى چايقىدى گۈلسۈم.

— گۈلسۈم مېنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قوي، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم.

گۈلسۈم لىمتاقتىن ئىككى ياستۇق ئېلىپ ئەرەمسىما خېنىمنىڭ ئوڭ يېنىغا قويۇپ ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

ئىشىك ئېچىلدى. خىزمەتكار سادەتخان بوسۇغىدا تۇرۇپ:

— پۇجۇڭ خېنىملار كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى.

— گۈلسۈم مېنى يۆلە، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم.

گۈلسۈمخان دەرھال ئەرەمسىما خېنىمنى يۆلەپ كاڭدىن چۈشۈردى، كۆينىكىنىڭ قاتلىشىپ قالغان يەرلىرىنى سىپاشتۇرۇپ تۈزەپ قويدى. ئەرەمسىما خېنىم ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى. نىيازخان ئالدىدا ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

# قوش شەھىرى

ئەبەيدۇللا شەمەيچىنىڭ مال ئامبىرىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئۆيدە ئابدۇخالىق ھەبىبۇللا ئەكىرىپ بەرگەن بىر لېگەن پولونى يەپ ئولتۇراتتى.

— مەن تويدۇم. ساڭا رەھمەت. ئەمدى ماڭا ھېلىقى ئىككىمىز مىنگەن ئاق بوز ئېتىڭلارنى ئەكېلىپ بەرگىن، — دېدى ئابدۇخالىق جىددىيلىشىپ.

— ئاتنى نېمە قىلىسەن؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ھەبىبۇللا.

— ئاتنى مىنىپ ئۆرۈمچىگە قاچىمەن. ئۇ يەردىن يىراقلارغا كېتىمەن. ئۇلار مېنى ئەمدى تۇتۇۋالسا يۇلغۇن موللىغا ئوقۇتىدۇ، — دېدى ئابدۇخالىق خورسىنىپ.

— يۇلغۇن موللىغا ئوقۇتسا نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق ھە، — دېدى ھەبىبۇل كۆزىنى پارقىرىتىپ.

— ھەبىبۇل تېز بول ئاداش، — ئابدۇخالىق ئالدىراتتى.

ھەبىبۇل تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئابدۇخالىق چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئىشىككە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ھەبىبۇل ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر تۇگۈنچەكنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— مەن ھامۇت ھارىۋىكەشكە ئاق بوز ئاتنى توقۇتۇپ يارغا ئوينىغىلى بارىمەن دەپ دەرۋازىنىڭ كەينىگە باغلاپ قويۇپ كىردىم. مە، بۇ ياغلىقتىكى ئىككى نان. مۇنۇ گۆشلەرنى ئېلىۋال، يولدا يېمەمسەن، — ھەبىبۇل شۇنداق دەپ پولونىڭ ئۈستىدىكى ئىككى پارچە گۆشنى نانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ ياغلىققا چىگدى.

ئابدۇخالىق رەھمەت ئېيتىپ تۇگۇنچەكنى ئېلىپ ھويلىغا چىقتى.
— ماڭ قورقما، ھېچكىم يوق، — دېدى ھەبىبۇل.
ئابدۇخالىق يۈگۈرۈپ دەرۋازىنىڭ كەينىدىكى ئاتنى يېتىلەپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ئۇ ئاتنى پاخشە تامغا تارتىپ مىنىۋالدى.
— مەنمۇ سەن بىلەن بىللە قاچايمۇ - يە، — دېدى ھەبىبۇل.
— ياق باشقىلارغا تۇيۇق[1] بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ئابدۇخالىق ئات ئۈستىدە تۇرۇپ.
— خوش ئادىشىم!
— خوش ئادىشىم! — ئابدۇخالىق كۆزىگە لىق ياش ئالغان ھالدا ئاتقا بىر قامچە سالدى. ئات ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى.

※ ※ ※

پۈجۈڭ خېنىملار ئۇزاپ كەتتى.
ئەرەمسىما خېنىم دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەن گۈلسۈمنى يېنىغا چاقىردى. ئەرەمسىما خېنىم گۈلسۈمدىن سورىدى:
— ئابدۇخالىق قولۇم - قوشنىلارنىڭ بىرەرسىنىڭ ئۆيىدە بارمىكەن؟
گۈلسۈم بېشىنى چايقاپ:
— مەھەللىدىكى ھەممە ئۆيلەرگە كىردىم. ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرىدىن سورىدىم. ئۇنى ھېچكىم كۆرمەپتۇ، — دېدى روھسىز ھالدا.
— نەگىمۇ كەتكەندۇ ئەمدى بۇ بالا. چۈشلۈك غىزايىنىمۇ يېمىسە، — ئەرەمسىما خېنىم ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ گۈلسۈمگە، — ماڭ سەن نىيازخان بىلەن نەسرۇللانى چاقىر، ئۆيگە كىرسۇن، — دېدى.

---

① تۇيۇق — تۇيۇلۇپ قېلىش، مەلۇم بولۇپ قېلىش مەنىسىدە.

ئەرەمسىما خېنىم ئۆيگە كىرىپ يېڭىدىن كاڭغا چىقىپ تۇ-رۇشىغا سالام بېرىپ ئاۋۋال نەسرۇللا غوجىدار، ئۇنىڭ كەينىدىن نىيازخان كىردى. ئەرەمسىما خېنىم بەك جىددىيلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ:

— گۇلسۇم مەھەللىدىكى ھەممە ئۆيلەرگە كىرىپتۇ. ئابدۇ-خالىقنى ھېچكىم كۆرمەپتۇ. ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟ مەن بەك ئەنسى-رەپ تۇرۇپتىمەن. ئۇ ساپ - ساق بولغان بولسىدى، ئويناپ - ئويناپ كىرەر ئىدى. ئۇ كېسەل تۇرسا. نەسرۇللا تېز خىزمەتكارلارغا بۇيرۇق، ئۇلار قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ، باغرى، قاڭقا، مۇنار، يېڭىسار، چاتقال، يار، يارغوللاردىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئابدۇخالىق نەدە بولسا شەدىن دەرھال قايتۇرۇپ كەلسۇن. نىيازخان سىز خوتۇنلارنى بۇيرۇق، خوتۇن خەقلەر كۇن چىقىش قوۋۇق، كۇن پېتىش قوۋۇق، شېھىتلىك مەھەللىسى، ئۇرۇمچى كوچىسىدىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئابدۇخالىقنىڭ دېرىكىنى ئېلىپ كەلسۇن، بولسا بىللە ئېلىپ كەلگەي، — دېدى چوڭقۇر تىنىپ.

— خاتىرجەم بولسىلا، ھاجىم خېنىم. ئابدۇخالىقنى كەچ-كىچە نەدىن بولسىمۇ تېپىپ كېلىمىز. مەن چىقاي، — دېدى نەسرۇللا ئىشىككە مېڭىپ.

— مەن خەۋەرىڭلارنى كۇتىمەن، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم.

— خوش ئاپا تولا بەك ئەنسىرەپ كەتمىسىلە، ئابدۇخالىق بىردەمگىچە ئۆزى كېلەمدۇ تېخى، مەن تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ماڭغۇزاي، — نىيازخان شۇنداق دېگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

ئابدۇخالىق بىرەر كىمنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن، كەينىدىن چوڭ ئانىسى ئەۋەتكەن ئادەملەرنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ بىردەم - بىردەم ئاتنى قامچىلايتتى. ساغرىسىغا ھەر-

بىر قامچا تەگكەندە ئاق بوز ئات كىچىككىنە قۇلىقىنى شىڭغايتىپ پۇشقۇرۇپ قويۇپ يورغىلاپ مېڭىپ كېتەتتى. ئاق بوز ئات ئۇدۇللا ئۇرۇمچى كوچىسىدىن ئۆتۇپ يارغول تەرەپكە مېڭىپ كەتتى. ئابدۇخالىقنىڭ پالان يەرگە بارىمەن دېگەن ئېنىق نىشانى بولمىغاچقا ئۇ ھەدەپ ئاتنى قامچىلاپ ئۇرغىنى بىلەن ئات نەگە ماڭسا شۇ يەرگە قويۇپ بەردى.

ئابدۇخالىق شۇ ماڭغانچە چۇشتىن سەل ئاشقاندا يارغولغا يېتىپ باردى. ئات بىر پۇشقۇرۇپ توختاپ قالدى. بىر توشقان يۇلغۇن تۇۋىدىن پەرتلا قىلىپ ئېتىلىپ چىقىپ يولنى كېسىپ ئۆتۇپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئابدۇخالىق ئالدى تەرەپكە قارىدى. غەربىي شىمال تەرەپتىكى ئېگىز تۆپىلىكتە جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان يارغول قەدىمكى شەھىرى كۆرۇندى. ئابدۇخالىق ئات-نىڭ تىزگىنىنى سىلكىپ دېۋىتىپ قويىدى. توختاپ قالغان ئات مېڭىپ كەتتى. بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن بىر توشقان سەكرەپ - سەكرەپ يولدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا بىر تۇلكە ئۇنى قوغلاپ كەتتى. ئات تۇلكىدىن چۆچۈپ بېشىنى سىلكىپ، پۇشقۇرۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئابدۇخالىق سىلكىنىپ ئات ئۇستىدىن ئۇچۇپ چۇشكىلى تاس قالدى. ئۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ ئاتنى توختىتىپ ئالدى. ئۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇ ئۇلۇغ سۇ ئېقىۋاتقان غولنىڭ ئىچىگە چۇشىدىغان ئېگىز داۋان بېشىدا تۇراتتى. ئۇ كەڭلىكى ئۇچ - تۆت چاقىرىم كېلىدىغان غولنىڭ ئىچىگە نەزەر تاشلىدى. داۋان بېشىدىن غولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ئېقىننىڭ بويىغىچە بول-غان ئىككى - ئۇچ چاقىرىم كېلىدىغان يانتۇ قاپتالدا بۇك - باراقسان ئۆسكەن تال - سۆگەتلەر، ئۇلارغا چىرمىشىپ كەتكەن چىڭگىلىكلەر، ئاسمانغا بوي سوزغان تېرەكلەر، يوپۇرماقلىرى كۆن نۇرىدا كۇمۇشتەك پارقىراپ تۇرغان جىگدىلەر، قارىياغاچلار ۋە يەنە بىر قانداق دەرەخلەر ئىللىق باھاردىن بەھرە ئېلىپ

ئاجايىپ نەپىس يېشىل تونلارنى كىيىشىپ سۈرەتتەك گۈزەل كۆرۈنەتتى. ئۆستەڭ بويلىرىدا قويۇق ئۆسكەن خىلمۇخىل ئوت - چۆپلەر، چىرايلىق ئېچىلغان رەڭگا - رەڭ ياۋا گۈللەر، ئۆستەڭدە شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار ئادەمنى مەپتۇن قىلاتتى. قويۇق دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىكى خىلۋەت جايلاردا ئاندا - ساندا كۆرۈنۈۋاتقان ئۆيلەرنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاقۇش ئىسلار خۇددى سەلكىن شامالدا ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىۋاتقان ئاپئاق شايى لېنتىدەك كۆرۈنەتتى. دەل - دەرەخلەرگە قونۇۋالغان نەغمىچى قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئادەمنىڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىنى قوزغايتتى.

ئۆستەڭنىڭ غەرب تەرىپىدىن تاكى 20 — 30 غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى تىك قىيالىق يارغىچە بولغان ئىككى - ئۈچ چاقىرىمدىن ئوشۇق يانتۇ قاپتال تۇتاش كەتكەن ئۈزۈملۈك باغ بولۇپ، تەكلەر ئەمدىلا تەڭگىنىڭ چوڭلۇقىدا يوپۇرماق كۆتۈرگەن ئىدى. تىك يارنىڭ تۈۋىدە بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن دېھقان ئۆيلىرى جايلاشقان. ئۆيلەرنىڭ ئالدى - كەينى ئۈژمە، ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت، ئالما، ئانارلىق باغلار بىلەن ئورالغان ئىدى. قويۇق ئېچىلغان شاپتۇل چېچەكلىرى يىراقتىن يوغان بىر پارچە گۆھەردەك جۇلالىنىپ ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

ئابدۇخالىق بۇ گۈزەل مەنزىرىگە زوقلىنىپ قاراپ تۇراتتى. بىردىنلا سۈزۈك زەڭگەر ئاسماندا قاناتلىرىنى كېرىپ مەغرۇر پەرۋاز قىلىۋاتقان شۇڭقارغا كۆزى چۈشتى. شۇڭقار ئاسمان قەھرىگە ئۆرلەپ كۆزگە ئاران چېلىقىدىغان ئېگىزلىككە چىقتى. ئۇ تۇيۇقسىزلا يەر يۈزىگە ئوقتەك ئېتىلىپ نېمىنىدۇر بىر ھايۋانغا چاڭ سېلىپ، ئۇنى قاماللىغان پېتى ئاسمانغا ئۆرلەپ يىراققا ئۇچۇپ كەتتى. شۇڭقار كۆزدىن غايىب بولغاندا، ئابدۇخالىق «چىك» قىلىپ تامىقىنى چىكىلدىتىپ قويدى. كەينى تەرەپتىن بىر ئادەمنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۆھ - ھۆ، ئۆھ، ھۆ!

ئابدۇخالىق كەينىگە قارىدى. بىر ئاق ساقاللىق بوۋاي يوغان بىر كۆتۈرۈم ئوتنى يۈدۈپ ھاسىرىغان پېتى يېتىپ كەلدى. بوۋاينىڭ پېشانىسىدىن چىپىلداپ تەر چىقىۋاتاتتى. بوۋاي ھەدەپ يۆتىلەتتى.

«بىچارە ئادەمگە ئوت ئېغىر كېلىپ ھېرىپ كېتىپتۇ» ئابدۇخالىق شۇنى ئويلاپ ئۇ ئادەم ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم چوڭ دادا! — ئابدۇخالىق سالام قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ئۆھ - ئۆھ - ھۆ! بوۋاي يەنە يۆتىلىپ كەتتى.

ئابدۇخالىقنىڭ بوۋايغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— ئوتلىرىنى ئاتقا ئارتىۋالسىلا چوڭ دادا، — ئابدۇخالىق.

بوۋاي بۇ ئەدەپلىك بالىغا بېشىدىن - ئايىغىچە سەپ - سېلىپ قاراپ:

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ نەگە ماڭدىڭ بالام؟ — دېدى، بوۋاي ھاسىراپ.

ئابدۇخالىق بوۋايغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى ئويلىنىپ قالدى. ئۇ «راست گەپنى قىلسام كەينىمدىن ئىزدەپ كەلگەنلەرگە بۇ بوۋاي ئېيتىپ قويسا ئۇلار مېنى تۇتۇۋالىدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ بىردەم دېلىغول بولۇپ بوۋايغا جاۋاب بەردى:

— ئىسمىم يۈسۈپ، يارغولغا ئويناپ چىققان، ئۆيىمىز بازاردا، — دېدى.

— بۇ يەردە توغقىنىڭلار بارمۇ؟ — سورىدى بوۋاي.

— يو - يوق، — ئابدۇخالىق دۇدۇقلاپ جاۋاب بېرىپ قىزىرىپ كەتتى. چۈنكى يارغولدا ئۇلارنىڭ ئانا جەمەت تۇغقانلىرى بار ئىدى.

— ئويناپ كەلگەن بولساڭ بوپتۇ. ھېرىپ قالدىم، ئولتۇ-
رۇپ دەم ئالاي دېسەم ناماز پېشىن قازا بولۇپ كېتىدۇ. پاتراق
ئۆيگە يېتىپ بارمىسام بولمايدۇ. ھېلىمۇ سەن ئۇچراپ قالدىڭ
يۇسۇپ ئېتىڭنى ئاۋۇ يول ياقىسىدىكى قىرماققا تارت، كەينىڭگە
مىنىۋالاي، سەن ئوتنى ئالدىڭغا ئېلىۋال ـ دېدى بوۋاي.

ئابدۇخالىق ئاتنى يول ياقىسىغا ئېلىپ باردى. بوۋاي ئىند-
جىقلىغان پېتى ئوتنى يۇدۇپ كېلىپ قىرماققا قويدى. ئابدۇخا-
لىق قىرماققا چىقىپ ئاتقا مىندى. بوۋاي يوغان بىر كۆتۈرۈم
ئوتنى ئابدۇخالىقنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بەردى.

— ياپىرىم مەدەت! — بوۋاي شۇنداق دەپ ئابدۇخالىقنىڭ
كەينىگە مىنگىشىۋالدى.

ئابدۇخالىق كەينىگە قاراپ:

— ئۆيلىرى نەدە؟ قاياققا ماڭىمىز؟ — دېدى.

— بىزنىڭ ئۆي ئەنە ئاۋۇ ئېگىز تېرەكنىڭ ئالدىدا، —
دېدى.

يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قويۇق دەرەخلەرنىڭ خېلىلا نې-
رىسىدىكى پاكار ـ پاكار قىرچىن تاللارنىڭ ئارىسىدا ئۆسكەن
ئېگىز تېرەكنى كۆرسىتىپ.

— يول نەدە؟

— ئالدىڭغا كۆن پېتىشقا قاراپ مېڭىۋەرگىن. داۋاندىن
چۈشسەك ئۆستەڭ بويىدا بىزنىڭ ئۆيگە ئېلىپ بارىدىغان چىغىر
يول بار، — دېدى بوۋاي.

ئابدۇخالىق «چۇ!» دەپ ئاتنى دېۋىتتى. ئات داۋاندىن پەس-
كە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

— ئاتـلىرى نېـمە چوڭ دادا؟ — سورىـدى ئابـدۇخالىق
كېتىۋېتىپ.

— ھە مەن ساڭا ئېتىمنى دەپ بەرمەپتىمەن ـ ھە. مېنىڭ
ئېتىم روزى، لەقىمىم جەدە، — دېدى بوۋاي.

— ئۆستەڭ بويىدا شۇنچە جىق ئوتلار تۇرسا، نەدىن ئەپكەل-
دىلە بۇ ئوتنى؟ — دېدى ئابدۇخالىق قىزىقىپ.
— ھەي بالام داۋاننىڭ ئۆستىدىكى دۆڭدە ئىككى مو يېرىم
بار ئىدى. ئۇ يەرگە بۇغداي تېرىغان. بۇغدايلارنى ئوت بېسىپ
كېتىپتىكەن. ئوتنى ئوتىۋېتىپ كەلدىم. «قېرىغاندا ئىشەڭ تې-
زىكى ئالتۇن كۆرۈنۈپتۇ» دەپ بۇ ئوتلارنى تاشلىۋەتكۈم كەلمى-
دى، — دېدى بوۋاي.
داۋان بارغانسېرى پەسلەپ ئۆستەڭگە تۇتىشىپ كەتكەن ئى-
دى. غولىنىڭ شىمالىي تەرىپى ئېگىز، جەنۇبىي بارغانسېرى پەس-
لەپ باراتتى. سۇ شىمال تەرەپتىن كېلىپ جەنۇبقا ئېقىپ كېتەت-
تى. سۇ يېيىلىپ كەڭ ئاقىدىغان ئۆستەڭنىڭ بويىدا جەنۇبقا
كەتكەن بىر چىغىر يول كۆرۈندى.
— ئەنە ئاۋۇ يول بىلەن ماڭساق بىردەمدىلا ئۆيگە يېتىپ
بارىمىز، — دېدى بوۋاي سول قول تەرەپتىكى يولنى
كۆرسىتىپ.
ئابدۇخالىق ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئاتنى سول تەرەپتى-
كى چىغىر يولغا بۇرىدى. ئات بىر پۇشقۇرتىپ ئىتتىك مېڭىپ
كەتتى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن چىغىر يول قويۇق دەرەخلەر-
نىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار
بىر كىچىك ئوچۇقچىلىق مەيدانغا چىقىپ قالدى. مەيداننىڭ كۈن
چىقىش تەرىپىدە تۆت ئېغىز ئۆي چوقچىيىپ تۇراتتى. ئابدۇخا-
لىق ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاتنى توختاتتى.
— يېتىپ كەلدۇق، بىزنىڭ ئۆي مۇشۇ مانا، — دېگىنىچە
بوۋاي ئاتتىن چۈشتى.
— ئەكەل ئوتنى ماڭا بەر، — دېدى بوۋاي.
ئۇ ئوتنى ئابدۇخالىقنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ يەرگە قويدى.
— ئەمدى مەن سېنى چۈشۈرۈپ ئالاي - دەپ روزى بوۋاي
ئاتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئابدۇخالىقنى ئاتتىن چۈشۈرۈۋالدى.

بوۋاي ئاتنى يېتىلەپ مەيداننىڭ بىر چېتىگە تىكىلگەن مال باغلايدىغان موما ياغاچقا ئاتنى باغلاپ، بايا ئەكەلگەن ئوتتىن سېلىپ بەردى.

روزى بوۋاي ئۆيگە قاراپ توۋلىدى:

— هوي ئانىسى مېهمان كەلدى!

ئۆي ئىچىدىن «هە مانا!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

روزى بوۋاي ئابدۇخالىقنى ئوتتۇرىدىكى ئۆيگە باشلىدى. ئۆي ئىچىدە بىر موماي كاڭغا كۆرپە سېلىۋاتاتتى.

ئابدۇخالىق سالام بېرىپ ئۆيگە كىردى. روزى بوۋاي ئۇنى كاڭدىكى كۆرپىگە باشلىدى.

موماي ئابدۇخالىقنىڭ ئۇستىدىكى كىيىم - كېچەكلىرى، پۇتىدىكى پارقىراپ تۇرغان خۇرۇم ئايىغىغا بايۋەچچىلەردەك تۇرقىغا قاراپ سەل ئەيمىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— غىزايىڭنى داستىخانغا ئېلىپ كەل، — دېدى بوۋاي.

— ئەمدى بۇ مېهمانغا قانداق بولۇر، ئۇ غىزانى قويساق، — دېدى موماي خىجالەت ئارىلاش.

— نېمە ئەتكەن؟ — سورىدى بوۋاي.

— تۇشۇك پەن لەگمىنى[1] ئەتكەن. ئۇنى مېهمانغا قانداق قويۇرمەن، — تەڭقىسلىقتا قالدى ئوغۇلخان موماي.

— بىز نېمە يېسەك شۇ، — دېدى روزى بوۋاي.

ئوغۇلخان موماي يوغان هېجىرگە بىر ساپلىق تۇشۇك پەن لەغمىنى ئۇسۇپ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆستەڭ بويىدىن تېرىپ كەلگەن سۇزە، يالپۇز، پاقۇرتماق قاتارلىق ياۋا كۆكتات، يۇمران ئوتلاردىن قورىغان قورۇمىدىن بىر ساپلىق ئۇسۇپ ئابدۇخالىقنىڭ

---

① تۇشۇك پەن لەغمىنى — تۇرپاندا ئاق قوناق ئۇنىدىن ئېتىلىدىغان لەغمەن. ئۇزۇنلۇقى قازاننىڭ ئاغزىنىڭ كەڭلىكىدىن ئۇزۇن، كەڭلىكى يىگىرمە سانتىمېتىر كېلىدىغان تاختايغا چوكا پاتقۇدەك چوڭلۇقتا بىرنەچچە تۇشۇك تېشىلىدۇ. خېمىر شۇ تۆشۈكتىن بېسىپ قايناۋاتقان قازانغا چۈشۈپ پىشۇرۇلىدۇ.

ئالدىغا قويدى.

روزى بوۋاي ئۆزىگە قويۇلغان قاچىنى قولىغا ئالدى - دە، — قېنى خوش يۇسۇپ ئاخۇن، — دەپ تامىقىنى يېيىشكە باشلىدى. ئابدۇخالىق ئالدىدىكى يوغان ھېجىرنى قولىغا ئېلىپ لەغمەندىن بىر چوكا ئاغزىغا سالدى. ئۇ مۇشۇ چاققۇچە مۇنداق قارا سىرلاق- لىق ھېجىردا بۇنداق قوناق ئۇنىدىن ئېتىلگەن تاماقنى يەپ باقمى- غان ھەتتا كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىدى. ئۇ چوكىدەك توملۇقتىكى لەغمەن چۆپىنى ئېغىز چىشلىرىدا چايىنىغىنىدا تىلى ۋە قۇۋۇزلى- رىغا قانداقتۇر يېرىك بىر نەرسە تەگكەندەك بىلىنىپ تەستە يۇتتى. بىراق، بۇ توم ئۇزۇك - ئۇزۇك چۆپلەر قورۇما بىلەن يېيىلگەندە خېلى تەملىك ئىدى. ئابدۇخالىق قوناق ئۇنىدىن ئېتىل- گەن بۇ لەغمەننى يېگەنسېرى ئۇنىڭغا مەززىلىك تېتىپ قالدى.

روزى ئاخۇن بوۋاي ھېجىرنى خېلى بورۇنلا بوشىتىپ دۇئا ياندۇرۇپ نامازغا ماڭغان ئىدى.

ئابدۇخالىق قاچىدىكى لەغمەننى تەستە يەپ بولدى. ئابدۇخا- لىق داستىخاندىن قوپۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. روزى بوۋاي ئاتىنىڭ ئېگىرىنى ئېلىپ ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىغا ئەكېلىپ قوي- غان ئىدى. ئابدۇخالىقنىڭ ھەببۇل نان چېگىپ بەرگەن ياغلىقى- نى بولسا ئىشىك يېنىدىكى تامغا قېقىلغان قوزۇققا ئېلىپ قويۇپتۇ.

ئابدۇخالىق ئۆيلەرگە يانداش سېلىنغان ئېغىلغا قىزىقىپ، ئېغىلنىڭ تال چىۋىقلىرىدىن توقۇلغان ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن ئىچىگە قارىدى. ئېغىلدا بىر قارا قوزا بىلەن ئىككى قوي، بىر ئۆچكە، بىر ئوغلاق بار ئىدى. ئۆچكە بىلەن قويلار ئابدۇخالىقنى كۆرۈپ مەرەشكە باشلىدى. ئابدۇخالىق تام تۈۋىدە تۇرغان ئوتتىن ئېلىپ ئېغىلغا تاشلىدى. ئۆچكە، قويلارنىڭ مەرەشلىرى بېسىقتى.

ئابدۇخالىقنىڭ قۇلىقىغا مېكىيان توخۇنىڭ كوك - كوكلى- غان، چۈجىلەرنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ كەينىگە قارىدى. يوغان بىر سېرىق مېكىيان ئون نەچچە چۈجىنى ئەگەش-

تۇرۇپ تامنىڭ كەينىدىن چىقىۋېتىپتۇ. ئۇ چۆچىلەرگە زوقلى-
نىپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى.

— ھە يۇسۇپ جۆجەكلەرگە[1] قاراۋاتامسەن؟

ئابدۇخالىق كەينىگە قارىدى. پېشىن نامىزىدىن قايتىپ كەلگەن روزى بوۋاي ئارقىسىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— بۇلار توخۇمدىن چىققىلى قانچە كۈن بولدى؟ — سورىدى، ئابدۇخالىق چۆجىلەرنى كۆرسىتىپ.

— ئەمدى تېخى ئون كۈن بولدى. سەن كەتكۈچە بىرنەچچى-نى بېرىمەن. ئۆيۈڭلەرگە ئەپكېتىپ باقمامسەن، — دېدى بو-ۋاي. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئابدۇخالىق بەك خۇشال بولدى. ئۇ:

— رەھمەت روزاخۇن دادا، — دېدى.

ئابدۇخالىق نېمىنىدۇ خىيال قىلىپ بىر پەس تۇرۇپ قال-دى. روزى بوۋاي ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئابدۇخالىق نان چېگىل-گەن ياغلىقنى قوزۇقتىن تەستە ئالدى. ئۇ ياغلىقنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى. بوۋاي بىلەن موماي كاڭدا ئولتۇراتتى.

ئابدۇخالىق ياغلىقنى يېشىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ نان بىلەن گۆشنى چىقىرىپ قويدى.

— بۇ نېمەڭ ئەمدى؟ — دېدى روزاخۇن بوۋاي.

ئابدۇخالىق يەنە يالغان ئېيتتى:

— مەن ماڭغۇچە ئاپام يولدا قورسىقىڭ ئاچسا يېگىن دەپ بەرگەن. مەن لەگمەننى يەپ قارنىم تويدى. ئۆزلە يەپ باقسىلا.

— چېگىپ قويغىن، يولدا يېمەمسەن، — دېدى روزى بوۋاي.

— ئوغۇلخان ئانام بىلەن ئىككىلىرى يېسىلە، — دېدى ئابدۇخالىق نان بىلەن گۆشنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ.

روزى بوۋاي:

— بوپتۇ ئەمسە تۇزۇت قىلمىدىم. بىز گۆش بىلەن ئاق

---

① جۆجەك — چۆجىنىڭ تۇرپان شىۋىسى.

ناننى ھېيتتا يېگەنچە، — دەپ بىر پارچە گۆشنى ئوغۇلخان مومايغا بېرىپ بىر پارچىسىنى ئۆزى يېدى.
ئابدۇخالىق ھېيتنىڭ قاچان بولغانلىقىنى ئويلاپ ھېسابلاپ بېقىۋېدى. ھېيت بولۇپ ئۆتكىلى بەش ئاي بوپتۇ.
«بەش ئايغىچە قوناق ئۇنىدا ئېتىلگەن تۆشۈك پەن لەگمىنىدىنى يەپ زېرىكمىگەنمىدۇ بۇلار؟ گۆشكە ئۆشمىكىن دېسەم گۆشنى يەپ بوپتىغۇ» ئابدۇخالىق شۇنى ئويلاپ ئولتۇراتتى. روزى بوۋاي ئۇنىڭ خىيال قىلىۋاتقانلىرىنى بىلىۋالغاندەكلا:
— يۇسۇپ سەن بازاردىكى چوڭ بىر باينىڭ بالىسىدەك تۇرىسەن، بىزنىڭ مۇشۇ زاغرا نان بىلەن تۇشۈك پەن لەگمىنىنى تويغۇچە يېيالىغىنىمىزنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى ئىش. بەزى يىللىرى يەيدىغانغا قوناقمۇ يوق، ئاچ قالغان چاغلىرىمىزمۇ بولغان، — دېدى ئېغىر خۇرسىنىپ.
— نېمىشقا، — ئابدۇخالىق قىزىقىپ.
— مەھەللىمىزدىكى سېلىم دورغا ھۆكۈمەتنىڭ باج - سېلىق ئالغۇچى، دەپ ئىككى مو يەرگە تېرىغان بۇغداينىڭ يېرىمىدىن جىقراقىنى تارتىۋالىدۇ. مىراب سۇ ھەققى دەپ ئالىدۇ. بىزگە ئېگىزغا تېرىغان قوناق قالىدۇ. زالىملارنىڭ دەستىدىن كۈن ئالمىغىمىز تەس بالام، — دېدى روزى بوۋاي چوڭقۇر تىنىپ.
ئابدۇخالىق روزى بوۋايغا ئېچىنىپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.
— سەن ھەقاچان كوناشەھەرنى كۆرگىلى چىققانغۇ دەيمەن، — سورىدى روزى بوۋاي.
— ھەئە، — دېدى ئابدۇخالىق بېشىنى لىڭشىتىپ.
— نەۋرەم قادىر بىر يەرگە كەتكەن. ئۇ ئۆيدە بولغان بولسا بىللە ئېلىپ چىقىپ، ساڭا كونا شەھەرنى كۆرسىتەتتى.
ئەمدى ئەتىلىككە كۆرمەمسەن، بۈگۈن ئاخشام بىزنىڭ ئۆيدە

قونۇپ قال، — دېدى روزى بوۋاي.
ئابدۇخالىقنىڭ كۆتكىنىمۇ شۇ ئىدى.
— ئاتاڭ، ئاپاڭ غەم تارتىپ كېتۇرمۇ - يە، — دېدى روزى بوۋاي.
ئابدۇخالىق دەرھال:
— ياق، مەن ئۇلارغا دەپ قويۇپ ماڭغان، — دېدى.
— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، پۇت - قولۇڭنى سۇنۇپ كەڭتاشا ئولتۇر، تارتىنما، ئۆزۈڭ ناھايىتى ئوبدان بالا ئىكەنسەن. مەن ساڭا ئامراق بولۇپ قالدىم - دېدى.
روزى بوۋاي ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن.
ئابدۇخالىق ئۇنچىقمىدى. ئوغۇلخان موماي تالاغا چىقىپ كەتتى. ئۆي ئىچى سۈكۈتكە چۆمدى. بىر پەس جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئابدۇخالىق روزى بوۋايدىن ئۆتۈندى:
— چوڭ دادا بىرەر چۆچەك ئېيتىپ بەرسىلەچۇ.
— كۈندۈزى چۆچەك ئېيتسا بىر يەرنىڭگە چىش چىقىدۇ، دەيدۇ بالام. مەن ساڭا بىر رىۋايەت سۆزلەپ بېرەي، — دېدى.
روزى بوۋاي قىزىقچىلىق قىلىپ.
ئابدۇخالىق روزى بوۋايغا يېقىنراق سۈرۈلدى.
روزى بوۋاي سۆزلەشكە باشلىدى:
— قەدىمكى زاماندا يارغول شەھىرى ھازىرقى ئورنىدا بولماي كۆن پېتىش تەرەپتىكى تاغنىڭ باغرىغا جايلاشقان ئىكەن. ئۇ زامانلاردا بۇ يەرلەر تىرەن جىلغا، چوڭقۇر ھاڭ - يار بولماي تاغنىڭ باغرى بىلەن تۈتاش تەكشى، تۈز يەر ئىكەن. دەريا شەھەرنىڭ كۆن پېتىش تەرىپىدىن ئېقىپ ئۆتىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ سۈيى مول، يەرلىرى مۇنبەت پۇقرالىرى ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەمگەكچان بولغاچقا بۇ ئەلنىڭ باياشاتلىق، مەمۇرچىلىق، مولچىلىق بىلەن داڭقى چىققان ئىكەن. بۇ ئەلنىڭ پادىشاھى قاۋۇل بۇقا ئۆلۈپ ئوغلى قاپلانخان يۇرت سوراشقا باشلاپتۇ. ياش

پادشاھ قاپلانخان ئويۇن - تاماشاغا ئامراق، مەيخۇمار، بەدخەج بولغاچقا ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمىر - ئەركانلىرى ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ دۆلەت ئىشى بىلەن كارى بولماپتۇ. ئاتىسىدىن قالغان خەزىنىنى بۇزۇپ - چېچىپ، كېچە - كۈندۈز مەيخورلۇققا بېرىلىپ كېتىپتۇ. «يېتىپ يېسە تاغمۇ توشىماس» دېگەندەك ئۇزۇن ئۆتمەي دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ. قاپلانخان خەزىنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن پۇقرالارغا ئۈچ يىللىق ئالۋاڭ سېلىق سېلىپ بىراق يىغىۋالىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. ئەمىر - ئەركانلار خانىنىڭ پەرمانى بويىچە پۇقرالاردىن سېلىق يىغىشقا باشلاپتۇ. بىر قىسىم پۇقرالار ئالۋاڭ سېلىقنى تۆلىيەل-مەي باشقا يۇرتلارغا سەرسان بولۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئەل ئىچىدە خانغا بولغان نارازىلىق كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كېتىپتۇ.

قاپلانخانىنىڭ دۆلەت ئىشى بىلەن كارى بولمىغاچقا ئەل ئىچى-دە ئوغرى، بۇلاڭچىلار كۆپىيىپ، بۇزۇقچىلىق ئەۋج ئېلىپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا قارلىق تاغنىڭ شىمالىدىن ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتى ئەسكەر باشلاپ بۇ ئەلگە باستۇرۇپ كەپتۇ. قاپلانخا-نىڭ لەشكىرى كۈچى ئاجىز، ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىغاچقا ھونلار قاپلانخان ۋە ئۇنىڭ خانىش، مەلىكىلىرىنى قىرىپ تاشلاپ-تۇ. دۈشمەن باستۇرۇپ كەلگەن كۈنى قاپلانخانىنىڭ ئون ئىككى ياشلىق ئوغلى قوچقار تېكىن[1] بىر نەچچە مەھراملىرى بىلەن ئوۋغا كەتكەن ئىكەن.

ئاخشىمى كەچقۇرۇن قوچقار تېكىن ھەمراھلىرى بىلەن ئوۋ-دىن قايتىپ كېلىۋاتسا دەريا بويىدىكى قويۇق دەرەخلىقنىڭ ئىچى-دىن بىر ئادەم چىقىپ قوچقار تېكىنگە:

— سىز ھازىر شەھەرگە كىرمەڭ. شەھەرنى ھونلار بېسى-ۋالدى، ھونلار ئاتا - ئانىڭىز، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرى-

---

[1] تېكىن — شاھزادە

ڭىزنى قىرىپ تاشلىدى. ھازىر سىزنى ئىزدەۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

قوچقار تېكىن ئۇ ئادەمدىن:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئامان. سىز مەن بىلەن مېڭىڭ، — دەپتۇ.

ئامان قوچقار تېكىننى دەريا بويىدىكى قويۇق دەرەخلىك ئىچىدىكى چىغىر يول بىلەن پاكار تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكۈزۈپ يەمىشى دېگەن يۇرتقا ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئاماننىڭ يەمىشىدە كۈچتۈڭگۈر ئىسىملىك ئاجايىپ بەقۇۋۋەت كۈچلۈك، باتۇر ئاكىسى بار ئىكەن. كۈچتۈڭگۈر شىر، يولۋاس، قاپلانلار بىلەن ئۆزى يالغۇز ئېلىشىپ ئۇلارنى يېڭىش بىلەن ئەلگە داڭقى تارالغان باتۇر پالۋان ئىكەن.

قوچقار تېكىن ئەنە شۇ كۈچتۈڭگۈرگە شاگىرتلىققا كىرىپتۇ. ئۇ ئۇقيا ئېتىش، نەيزە سانجىش، دۈشمەن بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشىش، مۇشتلىشىش، قىلىچۋازلىق، ئات چاپتۇرۇش، چەۋەندازلىق، چېلىشىش قاتارلىق نۇرغۇن ماھارەتلەرنى توپ - توغرا سەككىز يىل ئۆگىنىپ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپتۇ.

قوچقار تېكىن يىگىرمە ياشقا كىرگەندە كۈچتۈڭگۈرنى بېسىپ چۈشكۈدەك پالۋان بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قوچقار تېكىن ئەل ئىچىدىن تىنى ساغلام، كۈچلۈك، ئۆزىگە سادىق يىگىتلەرنى توپلاپ مەشىق قىلدۇرۇپ تەربىيىلەشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەردىن ئايلار پۈتۈپ، ئايلاردىن يىللار پۈتۈپ، ئون يىل ئۆتۈپتۇ. قوچقار تېكىن ئون يىل تىرىشىپ، قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇپ نۇرغۇن باتۇر پالۋانلارنى يېتىشتۈرۈپتۇ.

ئۇ دوستى ئاماننى ھونلار بېسىۋالغان يۇرتىغا يوشۇرۇن تىڭ - تىڭلاشقا ئەۋەتىپتۇ. ئامان شەھەرگە بېرىپ قارىسا ھونلارنىڭ خانى ئاقخاننىڭ قاتتىق زۇلۇمىغا چىدىمىغان پۇقرالار تەرەپ - تەرەپلەرگە مۇساپىر بولۇپ كەتكەچكە شەھەر چۆلدەرەپ

قاپتۇ. ئاقخان ئويۇن - تاماشا، يەپ ئىچىشكە بېرىلىپ كەتكەچكە لەشكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى سۇسلىشىپ، ئىنتىزامى بوشاپ كېتىپتۇ.

ئاقخاننىڭ زۇلۇمى چېكىگە يېتىپ پۇقرالارنىڭ نالە - پەريادى ئاللاغا يەتكەنمۇ، ئالدىنقى يىلى ناھايىتى چوڭ كەلكۈن كېلىپ دەريا قىنىنى سۇجىراپ پەسكە چۈشۈرۈپ ناھايىتى چوڭقۇر يار پەيدا قىلىپ قويۇپتۇ. شەھەر تاغ باغرىدا دۆڭدە قاپتۇ. پۇقرالار دەريا سۈيىنىڭ تېخىمۇ تېرەنگە چۈشۈپ كېتىپ ئۆزلىرىنىڭ سۇ ئىچىشىنىڭ قىيىن بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ شىمالىغا بېرىپ شەھەرنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە بىر چوڭ ئۆستەڭ قېزىپ دەريا سۈيىنىڭ يېرىمىنى ئۆزلىرى چاپقان ئۆستەڭگە باشلاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ دەريا سۈيى تېگىنى جىراپ كەتكەچكە دەريانىڭ ئورنى پەسلەپ يار ئېگىزلەپ كېتىپتۇ.

ئاماندىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قوچقار تېكىن ئۇستازى كۈچتۇڭگۇر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ رەسمىي تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن قوچقار تېكىن ئىككى مىڭ پالۋان بىلەن يېرىم كېچىدە پۈتۈن شەھەر قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. قوچقار تېكىننىڭ پالۋان يىگىتلىرى ئاقخاننىڭ لەشكەرلىرىنى قىرىپ تاشلاپتۇ. ئاقخان ئازغىنە لەشكەرلىرى بىلەن تاڭ قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ. قوچقار تېكىن شەھەرنى ئازاد قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئەلگە قوچقار تېكىن پادىشاھ بوپتۇ. ئۇ ئامانىنى ۋەزىر، كۈچتۇڭگۇرنى لەشكەر باشلىقى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ پادىشاھ قوچقار تېكىن ئەلنى ئادىل سوراپتۇ. پۇقرالاردىن ئالىدىغان بىر يىللىق باج سېلىقنى بىكار قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مۇساپىرلار ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. شەھەر قايتا گۈللىنىشكە باشلاپتۇ.

بىراق، دۈشمەن تىنچ ياتماپتۇ. پات ـ پات شەھەرگە ھۇجۇم قىلىدىكەن. پادىشاھ قوچقار تېكىن شەھەرنى دۈشمەندىن قوغ-داپ، مۇداپىئە قىلىپ ساقلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن شەھەرنى ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز تۆپىلىككە قۇرۇشقا پەر-مان چۈشۈرۈپتۇ.

پادىشاھ قوچقار تېكىننىڭ پەرمانى بويىچە يۇقرالار ئۈچ يىل ئىچىدە يېڭى شەھەرنى پۈتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ شەھەر قوچقار شەھىرى دەپ ئاتىلىپتۇ. بىرنەچچە زامان ئۆتۈپ يۇقرالار «قوچقار» دىكى «قار» نى تاشلىۋېتىپ، «قوش شەھىرى» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

قوش شەھىرى ئىككى غول ۋە ئېگىز يارنىڭ ئۈستىگە جاي-لاشقانلىقتىن بۇ شەھەرگە كېيىن كەلگەنلەر يارغول شەھىرى دەپ ئاتاپتۇ.

روزى بوۋاي سۆزلەشتىن توختاپ قالدى.

يىراقتىن نامازغا ئېيتقان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن دەرھال تاھارەت ئېلىپ مەسچىتكە ماڭمىسام بولمى-غىدەك، نامازنى قازا قىلىپ قويىمەن، — روزى بوۋاي شۇنداق دەپ ئىشىرىقنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئوغۇلخان موماي بىر قاچىدا سۈت ئېلىپ كىردى.

ئۇ ئابدۇخالىققا قاراپ:

— قورساقلىرى ئاچقاندۇ، مەن ئۆچكىنى سېغىپ كىرگەن، سۈتلۈك چاي قىلىپ بېرەي، — دېدى.

ئابدۇخالىق «رەھمەت» دەپ باشقا گەپ قىلمىدى.

ئوغۇلخان موماي قۇم چۆگۈندە سۈتنى قايناتتى. ئۇ ئابدۇخا-لىق چۈشتە تۆشۈك پەن لەغمىنى يېگەن يوغان قارا ھېجىرغا بىر پارچە زاغراناننى چىلاپ ئۈستىگە سۈت چاينى قۇيدى. داستىخان-نى سېلىپ ئابدۇخالىقنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. ئابدۇخالىق:

— روزاخۇن چوڭ دادام كەلسە بىللە ئىچمەيمىزمۇ، — دېدى.

— ئۇنىڭغا قارىماي ئىچۋەسىلە. مەن تۇخۇم پىشۇرۇپ بېرىمەن ئۆزلەگە، — ئوغۇلخان موماي شۇنداق دەپ ئىككى تۇخۇمنى پاكىزە يۇيۇپ قازانغا ئازراق سۇ قۇيۇپ تۇخۇمنى سالدى. ئۇچاقتىكى ئوتنى ئولغايتىپ، بىردەمدىلا تۇخۇمنى پىشۇردى. ئۇ تۇخۇمنى مۇزدەك سۇغا سېلىپ بىردەم تۇرغۇزۇپ سۇدىن ئېلىپ بىر قاچىغا سېلىپ ئابدۇخالىقنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

ئابدۇخالىق قاچىنى قولىغا ئېلىپ ناننى چوقۇپ سۇتكە ئارىلاشتۇرىۋېدى، نان بىردەمدىلا ئۇماچ بولدى. ئۇ بۇ سۇتلۇك ئۇماچنى سۇمۇرۇپ بىر يۇتۇم ئىچىپ ھەيران قالدى. چۈنكى، بۇ سۇتلۇك ئۇماچ ئۆيدە گۇلسۇمخان تەييار قىلىدىغان قايماقلىق سۇتلۇك چايدىن تەملىك ئىدى. ئۇ بۇ سۇتلۇك ئۇماچنى بىردەمدىلا ئىچىپ بولدى. ئالدىدىكى تۇخۇمدىن بىرنى سويۇپ يېدى.

غەربىي تەرىپى ئېگىز يار، شەرقىي دۆڭلۈك بولغاچقا غولنىڭ ئىچىگە كەچ كىرە ـ كىرمەيلا قاراڭغۇ چۈشەتتى. ئابدۇخالىق داستىخاندىن قوپقاندا ئۆيگە چىراغ يېقىلدى. ئوغۇلخان موماي كاڭنىڭ بىر تەرىپىگە ئابدۇخالىققا ئورۇن سېلىپ بەردى.

— يېتىۋالسىلا، بالىلارنىڭ دادىسى خۇپتەندىن كېيىن كېلىدۇ، — دېدى ئوغۇلخان موماي.

ئابدۇخالىق ئۇندىمەي كىيىملىرىنى سېلىپ يوتقانغا كىرىپ ياتتى. ئۇ قاتتىق چارچاپ كەتكەچكە تېزلا ئۇخلاپ قالدى.

※ ※ ※

بۇ چاغدا مىجىت ھاجى قورۇسى پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە قالغان ئىدى. تەرەپ ـ تەرەپكە كەتكەن خىزمەتكارلار ئابدۇخالىقنى تېپىش ئۈمىدىدە ئۇياقتا تۇرسۇن ئۇنىڭ ھېچبىر خەۋىرىنى ئالالماي قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەن ئىدى.

بەدبەشىرە يۇلغۇن موللا كېلىپلا ئابدۇخالىقنىڭ يوقاپ كەت-
كىنىنى ئاڭلاپ:
— جىن - شاياتۇنلار ئالداپ ئېلىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ئۇنىنى غەلىتە قورقۇنچلۇق چىقىرىپ.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەرەمسىما خېنىم يەنە ھوشىدىن كەتتى. ھويلىدىكى چوڭدىن - كىچىك ھەممە ئادەم تېخىمۇ پاراكەندە بولۇپ كەتتى.
نىيازخان بىر پەس كۆز يېشى قىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. گۇلسۇم نىيازخانغا ھاجىم خېنىمنى يۇلغۇن موللا كۆرۈپ دەم سېلىپ سۈپكۈش قىلىپ باقسا، ھوشىغا كېلەرمىكىن، دېگەن ئىدى. نىيازخان «ئاپامغا ئۆزۈم ئامال قىلىمەن، يۇلغۇن موللى-نىڭ ئاغزىدىن ياخشى گەپ چىقمايدىكەن. «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك»، دېگەندەك يۇلغۇن موللا كېلىپلا بىزنى تېخىمۇ قورقۇ-تۇپ، تېخىمۇ پاراكەندىچىلىككە سېلىپ قويدى. بىز ئابدۇخالىق-نىڭ دەردىنى تارتىپ كېتەلمەي تۇرساق ئەمدى ئاپام ھوشىدىن كەتتى. ئاھ خۇدا، بۇ بالا - قازالارنى ئۆزۈڭ كۆتۈرۈۋەتكىن» دېدى، ئاھ ئۇرغىنىچە.

# مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالسىلا جان ئاتا…

ئەتىسى ئابدۇخالىق ۋاقچە ئويغاندى. ئۇ خېلى چاغلاردىن بۇيان مۇنداق ھوزۇرلىنىپ ئۇخلاپ باقمىغان ئىدى.

ئوغۇلخان موماي ئابدۇخالىقنىڭ ئويغانغانلىقىنى كۆرۈپ بايا سېغىپ ئېلىپ كىرگەن ئۆچكە سۈتىنى قۇم چۆگۈنگە قۇيۇپ قاينىتىشقا ئوچاققا قويدى.

ئابدۇخالىق كىيىملىرىنى كىيىپ تالاغا چىقتى. بۇ چاغدا كۈن خېلىلا ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆيىنىڭ كەينىگە بېرىپ كېلىپ ئۆستەڭ بويىغا باردى. سوغۇق سۇدا يۈزىنى يۇيۇپ كەينىگە قايتتى. «چاينى تېزراق ئىچىپ بۇ يەردىن كېتەي. مېنى ئىزدەپ چىققانلارغا روزى بوۋاي مېنىڭ گېپىمنى دەپ قويسا ئىسمىمنى يۇسۇپ دېگىنىم بىلەمدۇ ئۇلار مېنى تېپىۋالىدۇ. ئۆستەڭنى ياقىلاپ مېڭىپ يەمشىگە باراي. ئۇ يەردە ساقلاپ تۇرسام، ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلار ئۇچراپ قالسا قوشۇلۇپ ماڭمايمەنمۇ…» ئابدۇخالىق شۇلارنى ئويلاپ ئۆيگە كىردى. ئوغۇلخان موماي كاڭغا داستىخان سېلىپ قاچىغا ناننى چىلاپ سۈتنى قۇيۇپ تەييار قىلىپ ئابدۇخالىقنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— داستىخانغا كېلىپ چايلىرىنى ئىچىۋالسىلا، — دېدى ئوغۇلخان موماي ئابدۇخالىقنى.

ئابدۇخالىق كاڭغا چىقىپ قاچىنى قولىغا ئالدى. ئوغۇلخان موماي تۇخۇمنى ئاخشامقىدەك ئايرىم پىشۇرماي سۈتنىڭ ئۈستىگىلا چېقىپ سۈت بىلەن بىرگە پىشۇرغان ئىدى. ئەتىگەنكى بۇ چاي ئاخشامقىدىنمۇ ئېچىشلىك بولغان ئىدى. ئابدۇخالىق چاينى ئىچىپ بولۇشىغا روزى بوۋاينىڭ نەۋرىسى ئابدۇقادىر كىرىپ

كەلدى.
ئىككى بالا سالاملاشتى. ئابدۇقادىر:
— دادام ماڭا سىزنى «يەمشى يولىغىچە ئاپىرىپ قويغىن»
دەپ تاپىلىغان. ماڭىمىزمۇ؟ — دېدى.
— روزاخۇن چوڭ دادام كەلسە، خوشلىشىۋالغان بول-
سام، — دېدى ئابدۇخالىق.
— دادام تېرىقلار مەھەللىسىگە نەزىرىگە كەتتى. چۈشتە
كېلەرمىكىن، — دېدى ئابدۇقادىر.
— ئۇنداق بولسا مەن ماڭاي، خوش ئوغۇلخان چوڭ
ئانا، — دېدى ئابدۇخالىق.
ئابدۇقادىر ئاتقا ئىگەرنى توقۇپ تەييار قىلغان ئىدى.
ئابدۇخالىق ئاتنى سۇپىغا تارتىپ مىنىۋالدى، ئابدۇقادىر
ئۇنىڭ كەينىگە مىنگەشتى. ئوغۇلخان ئانا بىر تۇگۇنچەكنى كۆتۈ-
رۈپ ئۆيدىن چىقتى.
— بۇنى ئاۋالسىلا بالام، زاغرا نان بولسىمۇ يولدا قورساقلى-
رى ئاچقاندا تاتلىق تېتىپ قالۇر. تۇخۇم پىشۇرۇپ چىگىپ
قويدۇم، — دېدى ئوغۇلخان موماي نان چىگىلگەن ياغلىقنى
ئابدۇخالىققا سۇنۇپ.
— رەھمەت چوڭ ئانا. مەن روزاخۇن چوڭ دادامنى، ئۆزلە-
نى يوقلاپ كېيىن يەنە كېلىمەن، — دېدى ئابدۇخالىق.
— خوش ئاقيول بولسۇن!
— خوش!
ئابدۇخالىق نان چىگىلگەن ياغلىقنى ئىگەرنىڭ ئالدىغا چىڭ
چىگىۋالدى. ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى جەنۇبقا بۇراپ ئۆستەڭ بويىدىكى
چىغىر يول بىلەن يەمشىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئىككى بالا
ئاتلىق يىگىرمە مىنۇتتەك مېڭىپ پاكار تاغنىڭ دوقمۇشىدىن
ئايلىنىپ ئۆتتى.
— مەن مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالاي، — دېدى ئابدۇقادىر.

ئابدۇخالىق ئاتنى توختاتتى. ئابدۇقادىر ئاتتىن چۈشتى. ئۇ ئابدۇخالىققا ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— داۋاندىن چۈشسىڭىزلا يەمشى يولىغا يېتىپ بارىسىز.

ئەنە قاراڭ، ئاۋۇ هارۋا كېتىۋاتقان يول شۇ — دېدى، ئابدۇقادىر.

ئابدۇخالىق پاكار تاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرىنى بويلاپ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان يولغا قارىدى. ئىككى ئات قوشۇلغان هارۋا كۈن پېتىش تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ئابدۇخالىق «كۈن پېتىش تەرەپتە كۆرۈنۈۋاتقان ئاۋۇ مەهەللە يەمشى ئىكەن - دە، تېزراق ماڭاي، ئاۋۇ هارۋىغا يېتىشىپ ئالاي. ئۇ هارۋا ئۈرۈمچىگە بارامدۇ تېخى» ئابدۇخالىق شۇلارنى ئويلاپ ئابدۇقادىر بىلەن خوشلاشتى. ئابدۇقادىر كەينىگە ياندى.

ئابدۇخالىق «چۇ!» دەپ ئاتنى بىر دىۋىتتى. ئات بىر پۇشقۇرۇپ داۋاندىن پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى. ئابدۇخالىق بىردەمدىلا يەمشى يولىغا چۈشتى. ئۇ شەرقتىن - غەربكە سوزۇلغان يول بىلەن ئانچە ئۇزۇن ماڭمىغان ئىدى. يىراقتىن ئۈچ ئاتلىق ئادەم كۆرۈندى. ئابدۇخالىق ئېتىنى دىۋىتتى. ئات ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

ئابدۇخالىق بىردىنلا:

— ئاتا! — دەپ توۋلىدى قولىنى پۇلاڭلىتىپ.

ئۇ ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئۈچ ئاتلىقنىڭ ئىچىدىكى چىلان تورۇق ئاتقا مىنگەن كىشىنىڭ ئۆز ئاتىسى ئابدۇراخمان مەخسۇم ئىكەنلىكىنى يىراقتىن تونۇۋالغان ئىدى.

— چۇ! — ئابدۇخالىق ئاتقا بىر قامچا سالدى.

تۇيۇقسىز تەگكەن قامچىدىن چۆچۈپ كەتكەن ئاق بوز ئات بىر يۇلقۇنۇپ ئالغا قاراپ تاراسلاپ چېپىپ كەتتى. ئابدۇخالىق! — ئابدۇراخمان مەخسۇممۇ ئابدۇخالىقنى تونۇپ ئېتىغا قامچا سالدى. ئۈچ ئات تاراسلاپ چېپىپ توپا توزۇتقان پېتى

يېتىپ كەلدى.

ئابدۇخالىق ئېتىنى تەستە توختىتىپ ئۆزىنى يەرگە ئاتتى.

— ئاتا! — ئابدۇخالىق ئەلەملىك ۋارقىراپ ئابدۇراخمان مەخسۇمغا ئېتىلدى.

— ئابدۇخالىق! — ئابدۇراخمان مەخسۇممۇ ئاتتىن چۈشۈپ توۋلىغان پېتى قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ يېتىپ كەلدى.

— جېنىم ئاتا مېنى قۇتقۇزۇۋالسىلا! مەن ئۆزلەرنىڭ ئۆز بالىلىرىغۇ.

ئابدۇخالىق ئاچچىق نالە - زار بىلەن ئاتىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى - دە، ھۆ تارتىپ شۇنداق ئېچىنىشلىق يىغلاپ كەتتىكى، بۇ ئەلەملىك نالە - زار ئابدۇراخمان مەخسۇم ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى مەخسۇت مۇھىتى بىلەن تاھىر بەگلەرنىڭ يۈرەك باغرىنى پارە - پارە قىلىۋەتتى. ئابدۇخالىقنىڭ ئەلەملىك داد - پەريادى بۇ قەدىمىي ماكاننى تىترىتىپ زىلزىلىگە سالدى.

— زادى نېمە بولدى؟ — ئابدۇراخمان مەخسۇممۇ يىغلىۋې-تىشكە تاس قېلىپ تىلىغا ئارانلا شۇ گەپ كەلدى.

— ئۇلار مېنى يۇلغۇن موللىغا ئوقۇتىمىز دەيدۇ، يۇلغۇن بوللا بەك ئەسكى، ئۇ نەبىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانغا ئوخشاش مېنى ئوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، — دېدى ئابدۇخالىق قار - يامغۇر يىغلاپ باش ئايىغى يوقلا.

— نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق، بالا يۈرەكزادە بولۇپ بەك قورقۇپ كېتىپتۇ، — دېدى تاھىربەگ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ. ئابدۇراخمان مەخسۇم يانچۇقىدىن قول ياغلىقنى ئېلىپ ئابدۇخا-لىقنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ مېھرىبانلىق بىلەن دېدى:

— سىز ھەرقانداق چوڭ بالا - قازاغا يولۇققان بولسىڭىز-مۇ، سىزنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا جېنىمنى تىكتىم بالام، مەن بار قورقماڭ، يىغلىماڭ!

— ئابدۇخالىق ئۆكسۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— مۇشۇ گەپلىرى راستمۇ ئاتا؟
ئابدۇراخمان مەخسۇم بوغۇزىغا ئاچچىق بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك خىرىلداپ:
— راست ئوغلۇم، مەن سىزگە قاچان يالغان ئېيتىپ باققان، — دېدى.
— ئابدۇخالىق، ئالدىڭىزدا ئاتىڭىز بىلەن تاھىربەگ ئاكام تۇرۇپتۇ، مەنمۇ بار. سىز بىزنىڭ بالىمىزغا ئوخشاش. زادى ئۆيدە نەچچە كۈندىن نېمە ئىشلار بولدى؟ يىغلىماي دەپ بېرىڭ. بىز بىرلىكتە چارە تاپمايمىزمۇ، — دېدى. مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىقنىڭ قولىنى تۇتۇپ.
ئابدۇخالىق بىر پەس ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ قولى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتتى. ئۇ ناھايىتى تەستە يىغىدىن توختىدى.
— مەيەدە بىردەم ئولتۇرايلى، ئابدۇخالىقنىڭ گېپىنى ئولـتۇرۇپ تىڭشىـمايـمىزمۇ، — دېدى تاھىربەگ يېنىدىكى ئىككىيلەنگە:
— بولىدۇ.
ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ يولنىڭ چېتىگە چىقىپ تاش ئۇستىگە ئولتۇرۇشتى.
ئابدۇراخمان مەخسۇم ئابدۇخالىق مېنىپ كەلگەن ئاق بوز ئاتقا قاراپ:
— بۇ ئەبەيدۇللا باينىڭ ئېتىغۇ؟ — دېدى.
ئابدۇخالىق «ھىم» دەپ بېشىنى لىڭشىتتى.
مەخسۇت مۇھىتى كىچىك قول سومكىسىدىن ئىككى تال شاكىلات ئېلىپ ئابدۇخالىققا «يەڭ» دەپ بەردى. ئابدۇخالىق شاكىلات يېمىگىلى خېلى كۈنلەر بولغان ئىدى. ئۇ بىر تال شاكىلاتنى يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ يەنە بىرىنىڭ كۈمۈش قەغىزىنى سويۇۋېتىپ يېيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى خېلى تۇتۇۋالدى.

— سىز نەگە بارماقچى؟ — سورىدى ئابدۇراخمان مەخسۇم.

— ئۈرۈمچىگە، — دېدى ئابدۇخالىق شاكىلاتنى يەۋېتىپ.

— ئۆيدىكىلەر ئۈرۈمچىگە ماڭغانلىقىڭىزنى بىلەمدۇ؟ — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم ئەجەبلىنىپ.

ئابدۇخالىق بېشىنى چايقاپ:

— ھېچكىم بىلمەيدۇ، ھەببۇللا بىلىدۇ، — دېدى.

— ئەتىگەن ماڭغانمۇ؟

— ياق، تۈنۈگۈن ئاشۋاقتىدا.

ئابدۇراخمان مەخسۇم مەخسۇت مۇھىتى بىلەن تاھىربەگكە قاراپ قويدى.

— بايا يىغلاپ تۇرۇپ يولغۇن موللىنىڭ گېپىنى قىلدىڭىز. مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ دەيسىز. ئۆيدە زادى نېمە ئىش بولدى. باشتىن بىر - بىرلەپ ئوچۇق قىلىپ دەپ بېقىڭە. بىز ھېچنېمىدىنى ئۇقالمىدۇق، — دېدى يەنە ئابدۇراخمان مەخسۇم. ئابدۇخالىق چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ تۇيۇقسىزلا تىترەپ ئالاقزادە بولۇپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ تۆۋەن كالپۇكىنى چىڭ چىشلەپ ئاتىسىغا قارىدى. ئابدۇراخمان مەخسۇم بولسا ئۇنى نېمە دەيدىكەن دەپ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

ئابدۇخالىق بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا قاراپ سۆزلىگىلى تۇردى:

ئۇ بىر ھەپتىدىن بۇيان مىجىت ھاجى ئائىلىسىدە «ئابدۇخالىققا جىن چاپلىشىپتۇ» دېگەن گەپ بىلەن يۈز بەرگەن پاتىپاراقچىلىقلارنى، تۈنۈگۈن ئەتىگەندە ئەرەمسىما خېنىم بىلەن نىيازخاننىڭ دېرىزە تۈۋىدە ئاستاغىنە دېيىشكەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكىنى، چاتقالدىن يولغۇن موللىنى ئۆزىنى ئوقۇتقىلى ئەكېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆيدىن قانداق قېچىپ چىققانلىقىنى، يارغولغا بېرىپ نەدە ياتقانلىقىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. قونچاق ياساپ ئورنىغا ياتقۇزۇپ قويغانلىقىنى ئاڭلى-

غان ئۇچۇيلەن كۇلۇپ كەتتى.

مەخسۇت مۇھىتى:

— بىزنىڭ ئابدۇخالىق نىمە دىگەن ئەقىللىق بالا - ھە، يارايسىز! — مۇرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدى.

ئابدۇخالىق يۇلغۇن موللىنىڭ نەبىنى ئوقۇپ ئۆلتۇرۇپ قوي-غانلىقىنى سۆزلەپ بەرگىنىدە ئۇچەيلەن چۆچۇپ كېتىشتى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئابدۇخالىقنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ نىمە دىيىشىنى بى-لەلمەي ئولتۇرۇپ قالدى.

— يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر ئېچىلمىغان، مائارىپ، ئاقار-تىش ئىشلىرى يولغا قويۇلمىغان، نامراتلىق، قالاقلىق، كونى-لىق كىشەنلىرى چىرمىۋالغان مىللەتنىڭ تەقدىرى قۇللۇق ئاسا-رىتىدە خار - زارلىقتا قېلىپ، ئېزىلىش، يەنچىلىشتىن باشقا يەنە قانداق بولماقچىدى؟ بىزگە مۇشۇ زۇلۇم، مۇشۇ دەرد - ئەلەملەر يېتىپ ئاشقانغۇ؟ ئەمدى مانا بىز مۇشۇ مەسۇم، گۇدەك ئۆسمۇر دۇچ كەلگەن قىسمەتتىن نادانلىق، خۇراپاتلىقنىڭ مىل-لىتىمىزگە كەلتۇرگەن چىدىغۇسىز ئېغىر ئازاب - كۇلپەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز يارەنلەر، — دېدى تاھىربەگ گېپىنى داۋام قىلىپ، — مىجىت ھاجىم، ئابدۇراخمان مەخسۇمدەك ئوقۇغان، كۆپنى كۆرۈپ كۆزى ئېچىلغان، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان زاتلار-نىڭ ئائىلىسىدە ئەھۋال مانا مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق، ھەتتا قور-قۇنچلۇق تۇرسا، ئابدۇخالىقتەك بىر سەبىي بالا ئۆلۇم تەھدىتىگە دۇچ كېلىۋاتسا، مىڭلىغان، تۇمەنلىگەن خەلقىمىزنىڭ ھالى نە بولماقچى؟! ئاھ، دەردىما!

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئېغىر گۇناھ ئۆتكۇزۇپ قويغان كىشى-دەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. بىر پەس جىم - جىتلىق-تىن كېيىن ئۇ:

— بۇنىڭغا بىر چارە تېپىشىمىز كېرەك، — دېدى تەستە.

بۇ گەپ بىلەن ئابدۇخالىق يانچۇقىغا سېلىۋالغان تىل تۇمار-نى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى. ئۇ ئېغىر بىر يۇكتىن قۇتۇلغاندەك ئەركىن نەپەس ئالدى.

— ئۇ نېمە؟ — دېدى مەخسۇت مۇھەتتى.

— ئۇ گۆھەرخان بۇۋىمىنىڭ ئېرى ماڭا پۈتۈپ بەرگەن، چوڭ ئاپام بوينۇمغا ئېسىپ قويغان تىل تۇمار. ئولتۇرسام، قوپسام ئۇ مەيدەمگە تېگىپ قىچىقىمنى كەلتۈرۈپ كۈلسەم ئۇلار ماڭا «جىن چاپلىشىپتۇ» دەپ مېنى يۇلغۇن موللىغا ئوقۇتماقچى بولدى ئەمەسمۇ، ھەممە ئىشنى تاپقان مۇشۇ تىل تۇمار بولمامدۇ، — دېدى ئابدۇخالىق ئاچچىقى بىلەن.

ئابدۇراخمان مەخسۇم دەرھال تىل تۇمارنى يەردىن ئېلىپ پۈۋلەپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ بولغاندىن كېيىن دېدى:

— ئادەتتە تىل تۇمارغا ئۇلۇغ سۈرىلەرنى پۈتىدۇ. بۇنى يەرگە ئاتساڭ يامان بولىدۇ. تىل تۇمار مەيدىڭىزگە تېگىپ كۈل-كىڭىزنى كەلتۈرگەن بولسا يانچۇقىڭىزغا سېلىۋالسىڭىز بولۇردىغۇ؟

— ئەمدى ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى. چارىمۇ تېپىلدى، — دېدى مەخسۇت مۇھەتتى ئابدۇراخمان مەخسۇم بىلەن تاھىر بەگكە قاراپ گېپىنى داۋام قىلىپ، — ئابدۇخالىققا جىن چاپلاشمىغان-لىقىنى، بەلكى تىل تۇمارنىڭ مەيدىسىگە تېگىپ غىدىقلىشىدىن ئابدۇخالىقنىڭ كۈلگەنلىكىنى، ئۇ تىل تۇمارنى يانچۇقىغا سېلى-ۋالغاندىن كېيىن بىھۇدە كۈلۈپ باقمىغانلىقىنى ئەرەمسىماھاجى ئايلامغا، نىيازخان ئاغچامغا دەپ چۈشەنچە بېرىشىمىز كېرەك. ئۇلارمۇ ئەقىللىق، ئاقىل ئادەملەردىنغۇ؟

— ئابدۇراخمان مەخسۇم بۇرادىرىمىز ئوتتۇرىدا قىينىلىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەخسۇتباي بۇ ئىشقا ئۆزلە بىلەن ئىكك-مىز ئارىلاشمىساق بولمىغۇدەك، — دېدى تاھىر بەگ.

— ئەجەب ئوبدان گەپ بولدى. ئىككىلىرىگە رەھمەت، —

دېدى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم تەۋەززۇ بىلەن.

شەرق تەرەپتىن ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ چىلانتۇرۇق ئېتى كىشنەپ تىپىرلاپ كەتتى.

— بۇ ئاتقا نېمە بولدى؟ — ئابدۇراخمان مەخسۇم ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ كۈن چىقىش تەرەپتىن بۇلار تەرەپكە كېلىۋاتقان ئىككى ئاتلىقنىڭ بىرى غوجىدار نەسرۇللا، يەنە بىرى ئايىت ئاتباقار ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى.

چىلانتۇرۇق ئات ئايىت ئاتباقارنىڭ ھىدىنى سېزىۋېلىپ كىشنەپ كەتكەن ئىدى.

ئىككى ئاتلىق ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ بىردەمدىلا يېتىپ كېلىشتى.

— ئۇھ، خۇداغا شۈكرى، ئابدۇخالىق بايۋەچچەم بۇ يەردە تۇرامدۇ، ھەر نېمە بولسا تاپتۇق بۇ بالىنى، — دېدى يىراقتىنلا ئايىت ئاتباقار قولىنى پولاڭلىتىپ.

نەسرۇللا غوجىدار بىلەن ئايىت يىراقتىنلا ئاتتىن چۈشۈپ ئېتىنى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىككىسى ئابدۇراخمان مەخسۇم، تاھىربەگ، مەخسۇت مۆھتىگە سالام بېرىپ كۆرۈشتى.

نەسرۇللا غوجىدار:

— ساق - سالامەت بار ئىكەنلا بالام! — دەپ ئابدۇخالىقنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ يۈزىنى - يۈزىگە يېقىپ يىغلاپ كەتتى.

— ئۆيدىكى ئون نەچچە ئادەم تۈنۈگۈندىن تا ھازىرغىچە كىرپىك قاقماي بايۋەچچەمنى ئىزدەپ تۇرپاننى قېزىۋەتتۇق. ھېچكىمنىڭ گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمىدى. ھاجى خېنىم ئىككى قېتىم ھوشىدىن كېتىپ يېتىپتۇ. نىيازخان ئاغچاممۇ تولا يىغلاپ ھالىدىن كەتتى. خىزمەتكارلاردىن گۈلسۈمخان، سادەتخانلار قويغان تۇتقىنىنى بىلەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئايۇپكامنىڭمۇ كۆز-

لىرى چەكچىيىپ ھالىدىن كەتتى، — دېدى ئايىت ئاتباقار ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ.

— بىز ھەممىمىزلا بەك ئەنسىرىدۇق، بەك قورقتۇق، — دېدى نەسرۇللا ئابدۇخالىقنى يەرگە قويۇپ كۆز يېشىنى ئېرتىپ تۇرۇپ.

— ھېلىمۇ ياخشى بىز مۇشۇ يەردە ئابدۇخالىققا ئۇچراپ قاپتىمىز، بولمىسا ئۇ ئۇدۇللا ئۇرۇمچىگە كېتۇركەندۇق ئەمەسمۇ، — مەخسۇت مۇھىتى.

— ھەرنېمە بولسا ئابدۇخالىقنى ساق - سالامەت تېپىۋالدۇق، بۇ ناھايىتى غەنىيمەت ئىش بولدى، — دېدى نەسرۇللا.

— تېزراق ماڭمايمىزمۇ، ئۆيدىكىلەرنى بالدۇرراق خاتىرجەم قىلىنى، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم. ئايىت ئاتباقار ئابدۇخالىقنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ئاق بوز ئاتقا مىندۈرۈپ قويدى.

شۇنىڭ بىلەن چوڭلار ئۆز ئاتلىرىغا مىنىشىپ شەرققە — تۇرپان يېڭىشەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى.

# بۇ — مېنىڭ ئانا يۇرتۇم

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئابدۇخالىقنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا يۇلغۇن موللىنى چاتقالغا يولغا سالدى. تاھىربەگ بىلەن مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىقنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشىنىڭ سىرىنى ئېچىپ ئەرەمسىما خېنىم بىلەن نىيازخانغا چۈشەندۈر-دى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئائىلىدىكى ئۇقۇشماسلىق، پاراكەندىچىلىك ئاخىرلىشىپ تۇرمۇش ئىزىغا چۈشتى. ئابدۇخالىق جىلتىسىنى ئېسىپ يەنە مەدرىسكە بارىدىغان بولدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى.

ئابدۇخالىقنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، تاماقنى ئادەتتىكىدىن ئاز يەيدىغان، كېچىسى ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ چىرايى سارغىيىپ جۈدەپ قالدى. ئابدۇراخمان مەخسۇم ئەرەمسىما خې-نىم، نىيازخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئابدۇخالىقنى ھاۋالاندۇر-غاچ ئاستانىغا ئېلىپ بېرىپ ئۇ يەردىن تۈيۈق سۇ بېشىدىكى مەشھۇر تېۋىپ ئابلىمىت ئاخۇنۇمغا كېسىلىنى كۆرسىتىپ كەل-مەكچى بولدى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئابدۇخالىق بىلەن پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ ئاستانىغا يېتىپ بارغاندا چىڭقىچۈش بولغان ئىدى. ئاتا - بالا ئىككىسى پەيتۇندىن چۈشكەندە مەخسۇت مۇھىتى ھويلىدا تۇرات-تى. ئۇلار قىزغىن سالاملاشتى.

مەخسۇت مۇھىتى ئىككى مېھماننى مېھمانخانىغا باشلىدى. ئۇ قاسساپقا ئىككى قوي سويدۇردى. ئىسمايىل كاۋاپچى تونۇرغا ئوت سېلىپ قوينىڭ بىرىنى تونۇردا كاۋاپ قىلدى.

كەچقۇرۇن تاماقتىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى تەكلىپ قىل-

غان مۇقامچىلار يېتىپ كېلىپ يېرىم كېچىگىچە پەنجىگاھ مۇقا-
مىنى ئورۇنلىدى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ
ئاكىسى ئابدۇراخمان مەخسۇمنى مۇسۇلباي چاقىرىپ ئاچقىپ كەتتى.
مېھمانخانا ئۆيدە مەخسۇت مۇھىتى كىتاب ئىشكابىدىن كۆ-
كۈش مۇقاۋىلىق بىر كىتابنى ئېلىپ ئوتتۇرىدىن بىر يەرنى
ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

ئابدۇخالىق مەخسۇت ئاكىنىڭ قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتقىنىغا
قىزىقىپ قېشىغا كېلىپ كىتابقا قاراپ ھەيران قالدى. چۈنكى،
كىتابنىڭ يېزىقى ئۇ كۆرگەن كىتابلارنىڭ ھېچبىرىگە زادىلا
ئوخشىمايتتى.

— بۇ قانداق كىتاب؟ — سورىدى ئابدۇخالىق.

مەخسۇت مۇھىتى كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— «دېۋىچكا كاپىتان» دېگەن ئورۇسچە كىتاب. بۇنى بىز-
نىڭچە «كاپىتان قىزى» دەيمىز، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى. ئۇ
كىتابنى ئابدۇخالىققا سۇندى. ئابدۇخالىق كىتابنى ئېچىپ ئىك-
كىنچى بەتتىكى بۇدرەچاچ سۆلەتلىك بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىگە
قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. «مۇنداق ئادەملەرمۇ بولىدىكەن...»
شۇنى ئويلاپ مەخسۇت مۇھىتىدىن سورىدى:

— بۇ كىم؟

— بۇ ئورۇسنىڭ چوڭ شائىرى پوشكىن. ئۇ مۇشۇ كىتابنى
يازغان كىشى، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى.

ئابدۇخالىق: «مەنمۇ ئورۇسچە بىلگەن بولسام مەخسۇتكام-
دەك مۇشۇنداق كىتابلارنى ئوقىماسمىدىم» دېگەننى ئويلاپ كى-
تابنى قايتۇرۇپ بەردى. ئارىدىن بىر سائەت ئۆتتى.

ئون بەش ياشلارغا كىرىپ قالغان بىر بالا مېھمانخانىغا
ئۇسۇپلا كىردى.

— ھە ئىمىن شاھ نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ — سورىدى

مەخسۇت مۇھىتى.

ئىمىن شاھ ھاسىرىغان پېتى:

— چاپسان بولسىلا دادام ئۆزلەنى پات كەلسۇن دەيدۇ، — دېدى ئىمىن شاھ.

— زادى نېمە ئىش بولدى؟

— بىر ئورۇس بەش ئادەمنى ئەگەشتۇرۇپ كېلىپ ئەششانىڭ ئىچىنى كولاۋېتىپتۇ.

— بۇ ناسارالارنىڭ دەستىدىن يا تىرىككە ئارام يوق، يا ئۆلۈككە، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى غودۇڭشۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ. مەخسۇت مۇھىتى كىيىم ئىشكابىدىن ئۈچىسىغا سۇر رەختىن تىكىلگەن پىلاشنى[1] كىيدى. بوينىغا ئالا ـ بالداق گالىستۇكنى تاقىدى. قولىغا بىر مېتىرچە كېلىدىغان مەخسۇس چوڭ ئەمەلدارلار تۇتىدىغان كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرىدىغان زاكۇن تايىقىنى ئالدى. ئۇ ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ:

— دۇگامەت! — دەپ چاقىردى.

45 ياشلاردىكى دۇگامەت ئىسىملىك ئادەم دەرھال يېتىپ كەلدى. مەخسۇت مۇھىتى ئۇنىڭغا:

— پەيتۇننى تەييار قىل، ئەششاغا بارىمىز، — دېدى.

شۇ ئارىدا ئابدۇراخمان مەخسۇم قايتىپ كەلدى. ئۇ مېھمانخانىغا كىرىپ مەخسۇت مۇھىتىغا قاراپ سورىدى:

— نەگە تەييارلىق قىلىۋاتىدىلا؟

— ئەششاغا بارىدىغان ئىش چىقىپ قالدى. ئابدۇخالىقنى ئېلىپ ئۆزلەمۇ بارمامىلا، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى. دۇگامەت كىرىپ پەيتۇننىڭ تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى. مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇراخمان مەخسۇم بىلەن ئابدۇخالىقنى ئېلىپ پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ ئەششاغا يۈرۈپ كەتتى.

---

[1] پىلاش — يەكتەك. (ف‍ېڭيى)

پەيتۇن يىگىرمە مىنۇتقا قالمايلا ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىگە يېتىپ باردى. ئۇلار شەھەرنىڭ ھەيۋەتلىك، ئېگىز سېپىلىنى ياقىلاپ ئىككى چاقىرىمدىن ئوشۇق يۈرگەندىن كېيىن شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى.

دەرۋازا تۈۋىدە ئۇلارنى چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان ئېگىز بويلۇق بىر بوۋاي ھاسىغا تايىنىپ كۈتۈپ تۇراتتى. مەخسۇت مۇھىتى:

— ھېلىقى ئىمىن شاھ دېگەن بالىنىڭ بوۋىسى مېئىن شاھ ئاكا، — دېدى بوۋاينى كۆرسىتىپ.

ئۇلار بوۋاي بىلەن سالاملاشتى. مېئىن شاھ بوۋاي:

— مەخسۇتباي ئۇكەم، تازا ۋاقتىدا كەلدىڭىز، بىر ئورۇس بەش ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ئەششانىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. تېزراق بارسىلا، ئۇلارنى توسۇپ ئالسىلا ئۇكەم. ئۇلار ھەممىلا يەرنى كولاپ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ، — دېدى ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ.

مەخسۇت مۇھىتى، ئابدۇراخمان مەخسۇم، ئابدۇخالىق پەيتۇنغا چىقتى. دۇگامەت پەيتۇننى ھەيدەپ مېئىن شاھ بوۋاي دېگەن ئورۇسنى كوناشەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر توپ كونا ئۆيلەرنىڭ خارابىسى ئىچىدىن تاپتى.

تەمبەل كەلگەن بىر رۇس تۆت ئادەمگە بىر چوڭ ئۆينىڭ ئىچىنى كولاتقۇزۇۋاتاتتى. ئادەملەرنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلاپ رۇس سىرتقا قارىدى. ئۇ ياۋروپالىقلاردەك مەدەنىي كىيىنگەن مەخسۇت مۇھىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھىنى ماڭا ئوخشاش ئېكسپېدىتسىيىچى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— زدراستۋۇيتې[1] دەپ قولىنى ئۇزاتتى.

---

[1] زدراستۋۇيتې — ياخشىمۇ سىز (رۇسچە).

مەخسۇت مۇھىتى قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا قولىدىكى زاكۇن تايىقىنى ھاۋادا بىر پىرقىرىتىپ، «زدراستۋۇيتې» دەپ تايىقىنى توككىدە يەرگە بىرنى ئۇرۇپ قويدى.

رۇس بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتتى.

مەخسۇت مۇھىتى ئالدىغا ئۈچ قەدەم مېڭىپ سورىدى:

— سىز بىزنىڭچە تىلنى بىلەمسىز؟

— ئاز - پاز بىلىمەن، — دېدى رۇس.

— بۇ يەر بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىز. بىز ئانا تىلىمىزدا سۆزلە-شەيلى، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ۋەزمىن ئاھاڭدا.

— ياخشى، خاراشو[1] دېدى رۇس.

مەخسۇت مۇھىتى سورىدى:

— سىز ئورۇسمۇ؟

— ھەئە، مەن رۇس.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ئىۋان فيۇدۇرۇۋىچ ئولدىنبۇرگ، — دېدى رۇس.

— مېنىڭ ئىسمىم مەخسۇت مۇھىتى. مەن سىزگە شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى بۇ يەرنى كولاشنى دەرھال توختىتىڭ! مەخ-سۇت مۇھىتى شۇنداق دەپ قولىدىكى زاكون تايىقىنى توككىدە يەرگە بىرنى ئۇردى.

ئابدۇخالىق مەخسۇت مۇھىتىنىڭ جاسارىتىگە ئىچىدە ئاپى-رىن ئوقىدى. ئولدىنبورگ ئىككى مۇرىسىنى قىسىپ، ئىككى قولىنى ئالدىغا چىقىرىپ:

— نېمە ئۈچۈن كولاشنى توختىتىمەن؟ — دېدى.

— بۇ شەھەرنىڭ ھەقدا ئىگىسى بىز. سىز يىراق روسىيە-دىن كېلىپ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تەۋەررۈك قالغان بۇ قەدىمي شەھەرنى كولاپ بۇزۇپ، يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان تەۋەررۈك

---

(1) خاراشو — ياخشى (رۇسچە).

بۇيۇملارنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەتسىڭىز، تەييار نەرسىنى ياخشى ساقلىيالمىدىڭلارغۇ دەپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى بىزنى قارغىمامدۇ؟ بىز كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا قانداق جاۋاب بېرىمىز؟ — مەخسۇت مۇھىتى سۆزلىگەنسېرى ئاچچىقلىنىپ پىغانى ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتى.

ئولدىنبورگ تەكەببۇرلۇق بىلەن سورىدى:

— سىز شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە قايسى ئەمەلدە؟ سىز تۇرپاننىڭ ھاكىمىمۇ؟

مەخسۇت مۇھىتى جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا غەزەب بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— ئودىنبورگ ئەپەندى بىز مۇشۇ ئانا ماكانىمىزدا ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ياشاپ ئاۋۇپ كەلگەنمىز. مەن ئۆز يۇرتۇمنى قوغداش ھوقۇقىغا ئىگىمۇ؟ بۇ ئەقەللىي ساۋات ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداقتا ياخشى مۇھىتوف ئەپەندى. مەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسەت قىلىشى بىلەن تۇرپانغا ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشكە كەلگەن. مانا بۇ خەتنى كۆرۈڭ. بۇنىڭغا تۇرپاننىڭ ئامبىلى جاڭ خۇالىڭمۇ تامغىسىنى باسقان، — ئولدىنبورگ شۇنداق دەپ بېلىدىكى پورتمالدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقاردى. مەخسۇت مۇھىتى ئودىنبورگنىڭ قولىدىن قەغەزنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بېسىلغان ھۆكۈمەت تامغىسىغا قاراپ قويۇپ قايتۇرۇپ بەردى.

— مۇھىتوف ئەپەندى سىزنىڭ قارشى پىكىرىڭىز بولسا دىپلوماتىيە قائىدىسى بويىچە ھۆكۈمىتىڭىزگە ئېيتىڭ. لېكىن شۇنى بىلىپ قېلىڭكى مېنىڭ مەقسىتىم سىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قەدىمىي شەھىرىڭلارنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش ئەمەس. بەلكى سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار ئۇزاق قەدىمكى زاماندا ياراتقان پارلاق مەدەنىيەت مىراسلىرىڭلارنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنى يوقىلىپ كې-

تىشتىن ساقلاش، پۈتۈن دۇنياغا تونۇتۇش. بىز ئالىملارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا مەقسىتى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ — ئولدىنبورگ شۇنداق دەپ مەخسۇت مۇھىتىغا تاماكا تۇتتى.

مەخسۇت مۇھىتى رەخمەت ئېيتىپ تاماكىنى ئالمىدى.

— ئولدىنبورگ ئەپەندى، ئاشۇ چىرايلىق گېپىڭىزنىڭ كەينىگە قانداق غەرەزلەر يوشۇرۇنغان، بىزگە بۇ نائېنىق. مەن سىزگە شۇنى ئاگاھلاندۇرىمەنكى ئەڭ ياخشىسى سىز بۇ يەردىن تېزرەك كېتىڭ. بولمىسا بىزنىڭ خەلقىمىز قارام خەلق. ئۆز كاللىڭىزغا ھېزى بولۇڭ. ئۆلىكىڭىز بۇ يەردە مۇساپىر بولۇپ قالمىسۇن، يەنە — دېدى مەخسۇت مۇھىتى تەھدىت سېلىپ.

ئولدىنبورگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ كۆزىنى پاقىرىتىپ تۇرۇپ قالدى. ئولدىنبورگقا قاراپ تۇرغان ئابدۇخالىق: «ئالىم دېگەن مۇشۇنداق يەر كولاپ كونا شەھەرلەردىن تەۋەررۈك نەرسىلەرنى تاپىدىغان ئادەم ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى.

# دەقيانۇس رىۋايىتى

مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇراخمان مەخسۇم بىلەن ئابدۇخالىقنى ئېلىپ پەيتۇندا ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى ئىچىدىن چىققاندا دەرۋازا ئالدىدا ئۇلارنى ئىمىن شاھ كۈتۈپ تۇراتتى.

— مەخسۇت ئاكا چوڭ دادام ئۆزلەنى ھەمرالىرى بىللە ئۆيگە ئېلىپ كىرگىن دېگەن، — دېدى ئىمىن شاھ.

مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇراخمان مەخسۇمغا:

— قېنى جۇرسىلە، مېئىن شاھ ئاكامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ پەتلەپ قويايلى، ئابدۇخالىق سىزمۇ جۇرۇڭ، — دېدى.

ئىمىن شاھ ئۈچ مېھماننى ئۆيگە باشلىدى. مېھمانلارنى ئۆيدە مېئىن شاھ بوۋاي كۈتۈۋالدى. قىزغىن سالام - سائەتتىن كېيىن مېئىن شاھ بوۋاي سورىدى:

— ئەجەب ھايال بولۇشتىلاغۇ، مەخسۇتاخۇن ئۇكەم، ئۇ ئورۇس نېمە دەيدۇ؟

مەخسۇت مۇھىتى ئېغىر خۇرسىنىپ دېدى:

— ھەي مېئىن شاھ ئاكا «خۇدايىم بەرسە، پەيغەمبىرىم غىلڭ قىلالماپتۇ» دېگەندەك ئىش بولدى. ئۇنىڭ قولىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلغان قەغەز بار ئىكەن. تېخى تۇرپان يامۇلىدىكى جاڭ دارىننىڭ تامغىسىمۇ بېسىلىپتۇ ئۇ بىر نېمىسىگە مېئىن شاھنىڭ ئاچچىغى كەلدى:

— قولىدا خەت بولسا نېمە بوپتۇ، — ھە، ئۇ جاڭجۇڭ، دوتەي، دارىن دېگەن بىرنېمىلەر بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ شەھەرنى بىنا قىلغاندا بىر كېسەكنى قويۇشۇپ بېرىپتىكەنمۇ — ھە؟!

ئابدۇخالىق مېئىن شاھنىڭ ئاچچىقتىن كۆپچىپ قىزىل بولۇپ چىققان چېكە تومۇرلىرىغا، جىيەكلىرى قىزىرىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئورا كۆزلىرىگە، تىترەۋاتقان ئاپئاق ساقىلىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ ئولتۇردى.

مېئىن شاھنىڭ كېلىنى قەمەرخان ئىككى لېگەندە پېتىر ياپما[1] ئېلىپ كىردى.

مېئىن شاھ مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

تاماق ئۈستىدە ئۇشۇقچە گەپ ـ سۆزلەر بولمىدى، تاماقتىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى مېئىن شاھ بوۋايدىن ئىككى مېھمانغا دەقىيانۇس رىۋايىتىنى سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

— ناھايىتى ياخشى. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تارىخىنى، قىلغان ـ ئەتكەن ئىشلىرىنى بالىلارنىڭ ئاڭلاپ، بىلىپ قالغىنى ياخشى، — دېدى مېئىن شاھ. ئۇ بىر پەس ئويلىنىپ، ساقىلىنى قولى بىلەن تاراپ ئولتۇرۇپ دەقىيانۇس ۋە ئىدىقۇت رىۋايىتىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— قەدىمكى زاماندا تەڭرىتاغ ئېتىكىدە بىر چارۋىچى بوۋاي ياشىغان ئىكەن. ئۇنىڭ دەقىيانۇس ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغان ئىكەن. دەقىيانۇس ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، باتۇر، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، قەيسەر يىگىت بولۇپ ھەر كۈنى تەڭرىتاغ ئېتىكىدە قوي باقىدىكەن.

بىر كۈنى دەقىيانۇس قويلىرىنى بېقىپ يۈرۈپ ئۇيقۇسى كەپتۇ. ئۇ بىر قىيا تاشنىڭ كۆلەڭگىسىدە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ قارىسا قويلىرى يوق تۇرغۇدەك، ئۇ قويلىرىنى ئىزدەپ جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئۇزاق مېڭىپتۇ. بىراق، قويلىرىنى تاپالماپتۇ. ئۇ يەنە مېڭىپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا ئۇنى تەرەت قىستاپ قاپتۇ. ئۇ ئولتۇرۇپ تەرەت سۇندۇرۇپتۇ. ئۇ

---

[1] پېتىر ياپما — پاخلان، ئوغلاق گۆشىنى سۆڭەكى بىلەن قورۇپ ئۈستىگە نېپىز يايغان پېتىر خېمىرنى قات ـ قات يېيىپ ھەربىر قېتىغا شورپا قۇيۇپ پىشۇرۇلىدىغان ئالىي تاماق.

قوپۇپ قارىسا سۇيدۇكى بىر تۆشۈككە چۇشۇپ كېتىۋاتقۇدەك. ئۇ «بۇ نېمە تۆشۈك بولغاي» دەپ قولىدىكى پادىچى تايىقى بىلەن تۆشۈكنى كولاپتۇ، كولىغانسېرى تۆشۈك چوڭلاپ ئاخىرى بىر ئۆڭكۈر كۆرۈنۈپتۇ.

دەقىيانۇس بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ ئۆڭكۈرگە كىرسە تامدا بىر قىلىچ ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. ئۇ قىلىچنى ئالماقچى بولۇپ قولىنى سۇنۇپتىكەن. غايىبتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— ھەي، دەقىيانۇس، مەن سېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭنى ساقلىغىلى ناھايىتى ئۇزاق زامانلار بولدى. سەن ئاخىرى يېتىپ كەلدىڭ. سەن ھازىر قىلىچقا قول ئۇزارتما. سەن دەرھال كەينىڭگە ياندا. ئۆڭكۈردىن چىقىپ ئۇدۇل كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ دەل يەتتە چاقىرىم يول يۇرسەڭ ئالدىڭغا بىر تۇپ يالغۇز دەرەخ ئۇچرايدۇ. سەن ئۇ دەرەخنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ دەرەخ تۈۋىدىن كۈن چىقىش تەرەپكە يەتتە قەدەم مېڭىپ پۇتۇڭنىڭ ئاستىنى كولا، ئۇ يەردىن بىر كومزەك چىقىدۇ. كومزەكنى ئېلىپ ئىچىدىكى خەتنى ئوقۇ. سەن شۇ خەتتە يېزىلغىنىدەك قىلساڭ مۇرادىڭغا يېتىسەن. قىلىچتىن قولۇڭنى تارت! — دەپتۇ.

دەقىيانۇس كەينىگە قايتىپ ئۆڭكۈردىن يەر يۈزىگە چىقىپتۇ. ئۇ كۈن چىقىشقا قاراپ يەتتە چاقىرىم يول مېڭىپتۇ. ئالدىغا ناھايىتى يوغان، باراقسان ئايىنىغان بىر تۇپ دەرەخ ئۇچراپتۇ. دەقىيانۇس دەرەخنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپتۇ. دەرەخنىڭ تۈۋىدىن كۈن چىقىشقا يەتتە قەدەم مېڭىپ توختاپتۇ ـ دە، پۇتىنىڭ ئاستىنى كولاپتۇ. ئۇ يەرنى كولىغانسېرى تىرەنگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتىۋاتقۇدەك. بىراق، ھېچنېمە چىقماپتۇدەك. دەقىيانۇس زېرىكمەي ـ تېرىكمەي ئۇ يەرنى يەتتە كېچە ـ كۈندۈز كولاپتىكەن، ئاخىرى مۇشتۇمدىن چوڭراق بىر كومزەك چىقىپتۇ. دەقىيانۇس كومزەكنى ئېلىپ ئىچىگە قارىسا، ئىچىدە بىر

تۇگۇنچەك تۇرغۇدەك. ئۇ تۇگۇنچەكنى ئېلىپ ئېچىپتۇ، تۇگۇنـ
چەكنىڭ ئىچىدىن خەت يېزىلغان بىر پارچە قەغەز چىقىپتۇ، ئۇ
قەغەزگە مۇنداق خەت يېزىلغان ئىكەن.
دەقيانۇس خەت بىلمەيدىكەن، ئۇنىڭ بېشى قېتىپتۇ. ئۇ
قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى ئۇخلاپ قاپتۇ.
ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاپئاق ساقال خىزىر سۈپەتلىك بىر
ئادەم «سەن ياخشى نىيەتلىك، ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىكەنسەن.
باتۇر، كۈچلۈك ئىكەنسەن، بىرەر چوڭ ئىشنى قىلىمەن دېسەڭ
توغرا نىيەتلىك، كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ.
سەن ئىلىم ئۆگەنگىن. بىلىم دېگەن ئىنسانغا قانات بولىدۇ.
‹ بىلىگى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىملىك مىڭنى › دېگەن ھېكـ
مەتنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلا» دەپتۇ.
دەقيانۇس «ئەي بوۋا مەن بىلىمنى كىمدىن ئۆگىنىمەن»
دېگەن ئىكەن. ھېلىقى بوۋاي «سەن كەينىڭدىكى ئاۋۇ چوغدەك
قىزىرىپ ياتقان تاغنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ بىر ئۆڭكۈر بار، ئۆڭـ
كۈرنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ 120 ياشقا كىرگەن بىر ئەۋلىيا بار.
ئۇ ساڭا ھەممىنى ئۆگىتىدۇ. شۇنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىنكى
بىلىم ئېلىش يولى ناھايىتى جاپالىق. لېكىن مېۋىسى شېرىن
سەن ھەممىگە چىدا دەپتۇ. بوۋاي ئاغزىڭنى ئاچ دەپتۇدەك.
دەقيانۇس ئاغزىنى ئېچىپتۇ. ھېلىقى بوۋاي دەقيانۇسنىڭ ئاغـ
زىغا سۇف دەپ سۈپكۈش قىلىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.
دەقيانۇس ئويغىنىپ ئەتراپىغا قارىسا ھېچكىم يوق. ئۇ بايا
چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئاپتۇ. ئۇ چۈشىدىكى بوۋاينىڭ
ئېيتقىنى بويىچە كەينىگە يېنىپ قىزىل تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە
كىرىپتۇ. ئۇ يەتتە ـ كېچە كۈندۈز ئىزدەپتۇ ئۆڭكۈرنى تاپالماپـ
تۇ. تاشلار پۇتىنى جىجاپ قانىتىۋېتىپتۇ. پاشا ـ كۇمۇتلار
بەدىنىنى چېقىپ يارا قىلىۋېتىپتۇ. نان، ئوزۇقى تۈگەپ قورسىـ
قى ئېچىپ ھېرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. لېكىن دەقيانۇس ئۆڭـ

كۈرنى تېپىپ، ئەۋلىيا بوۋاي بىلەن ئۇچرىشىپ بىلىم ئېلىش ئىستىگىدىن قەتئىي يانماپتۇ. ئۇ بىر چاتقاللىقنىڭ چېتىدە ھې-رىپ كېتىپ ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتىكەن. بىر زەھەر-لىك يىلان كېلىپ پۇتىنى چېقىۋاپتۇ. دەقيانۇس ئاغرىقتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىسا بىر يىلان قېچىپ كېتىۋاتقۇدەك. دەقى-يانۇس پۇتىنىڭ ئاغرىقىغا چىداپ، ئورنىدىن تۇرۇپ تېز بېرىپ تاش بىلەن يىلاننىڭ بېشىغا كەلتۇرۇپ بىرنى ئۇرۇپ يىلاننى ئۆلتۇرۇپتۇ. يىلان چېقىۋالغان يەرنى پىچىقى بىلەن ئازراق كې-سىپ تېرىسىنى ئېچىپ قاتتىق شوراپ زەھەرنى سۈمۈرۈپ تۈكۈ-رۈپ تاشلاپ، يىلاننىڭ قۇرسىقىنى يېرىپ قېنىنى جاراھەت ئاغ-زىغا ئېقىتىپ يىلاننىڭ ئۆزى بىلەن چاققان پۇتىنى مەھكەم تېڭىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زەھەرلىنىپ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قال-غان بولسىمۇ پۇتى ئىششىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاغرىققا چىداپ ئۆڭ-كۈرنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ – مېڭىپتۇ، ئۇ دەل – دەرەخ، چاتقال-لىقلار ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن مېڭىپ تېگىگە كۆز يەتكۈ-سىز چوڭقۇرلۇقتىكى بىر جىلغىغا بېرىپ قاپتۇ. ئۇ مېڭىپ كېتىۋاتقان چىغىر يول جىلغىنىڭ گىرۋىكىگە بارغاندا تۈگەپ قاپتۇ. جىلغىنىڭ ئۇ قېتىدا تاغنىڭ يان باغرىدا بىر ئۆڭكۈر كۆرۈنۈپتۇ. دەقيانۇس ئۆڭكۈرنى كۆرۈپ ‹ئەۋلىيا ئۆڭكۈرى شۇ بولسا كېرەك، دەپ خۇشال بوپتۇ. بىراق، جىلغىدىن قانداق ئۆتكۈلۈك؟ قانتى بولغان بولسىدى، ئۇچۇپ ئۆتكەن بولسا، دەقيانۇسنىڭ بېشى قېتىپ تۇرغاندا يىراقتا جىلغىنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتىدىغان بىر كۆۋرۈك كۆرۈنۈپتۇ. بىراق، كۆۋرۈكنىڭ بېشىغا بارىدىغان يول يوق ئىكەن. قانداق قىلماق كېرەك؟

دەقيانۇس «يولنىمۇ ئادەملەر مېڭىپ چىقارغانغۇ، يول بول-مىسا ئالدىمغا قاراپ مېڭىپ بىر يول ئاچمايمەنمۇ» دەپ ئويلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ تاققا يامىشىپ چوقچىيىپ تۇرغان گىرۋەك تاشلارنى، قىيالاردا ئۆسكەن ئىرغاي، تىۋىلغا دېۋىرقاي دەرەخلى-

ـرىنىڭ شاخلىرىنى تۇتۇپ بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلەپـ
تۇ. دەقىيانۇس كۆۋرۈككە يېتىپ بارغۇچە تاشلار جىراپ، دەرەخ
شاخلىرى ئىلىپ كىيىملىرى يىرتىلىپ جۇل ـ جۇل بولۇپ
كېتىپتۇ. پۇت ـ قوللىرى قاناپ، بەدەنلىرى تىلىنىپ قانغا
بويۇلۇپتۇ. ئۇ شۇنداق بىر قانلىق يول ئېچىپ ئاخىرى كۆۋرۈككە
يېتىپ كەپتۇ. دەقىيانۇس كۆۋرۈككە قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ. چۈنـ
كى ئۇ بىر تاللا ياغاچ ئىكەن. ئۇ كۆۋرۈككە دەسسەپ ماڭغاندا
قىلدەك يانغا قىڭغىيىپ تەۋرىنىپ كەتسىلا نەچچە يۈز غۇلاچ
تىرەنلىكتىكى هاڭغا غۇلاپ چۈشۈپ كېتىدىكەن، قانداق قىلىش
كېرەك. هەرقانداق ئادەمگە جان تاتلىق ـ دە. بىراق، دەقىياـ
نۇسنىڭ ئەۋلىيا ئۆڭكۈرىگە بېرىپ ئۇ يەردىكى ئەۋلىيادىن بىلىم
ئېلىش ئىستىكى غالىپ كەپتۇ. بىلىم ئېلىش ئۈنىڭغا ئۆز جېنىـ
دىنمۇ تاتلىق تۇيۇلۇپتۇ. ئۇ پادىچى تايىقىنى ئىككى قولىغا تەكـ
شى تۇتۇپ مەيدىسى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈپ ئۆزىنى تەڭشەپ تۇرىدىـ
غان تەڭشەك قىپتۇ ـ دە، «يا پىرىم مەدەت، تەۋەككۇل ئاللا!»
دەپ كۆۋرۈككە دەسسەپتۇ. ئۇ قولىدىكى تەڭشەكنى مەهكەم تۇـ
تۇپ يۈرىكىنى توم قىلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ جىلغىنىڭ ئۇ
قېتىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ئەۋلىيا ئۆڭكۈردىن
سىرتقا چىقىپ دەقىيانۇسقا مەدەت بېرىپتۇ. دەقىيانۇس ئاخىرى
كۆۋرۈكتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپتۇ. ئەۋلىيا ئۇنى ناهايىتى قىزغىن
كۈتۈۋاپتۇ.

— مەن سىنى كۈتكىلى خېلى زامانلار بولدى دەقىيانۇس.
هەر نېمە بولسا مەن هايات چېغىمدا يېتىپ كەلدىڭ. ئاللانىڭ
دەرگاهىغا سەپەر قىلىدىغان كۈنۈمگە ئاز قالدى. مەن ئەمدى سەن
ئارقىلىق ئۆز بىلىمىمنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ، ئۇ
ئالەمگە خاتىرجەم كېتىدىغان بولدۇم، — دەپتۇ.

شۇندىن باشلاپ ئەۋلىيائەزەم دەقىيانۇسقا دەرس بېرىشكە
باشلاپتۇ. دەقىيانۇس هەربىر دەرسنى جان ـ دىلى بىلەن كۆڭۈل

قويۇپ ئۆگىنىپتۇ، ئۆگىنىپتۇ، ئۆگىنىپتۇ، كېچە ـ كۈندۈز ھارماي ئۆگىنىپتۇ. بىر رىۋايەتتە دەقيانۇس ئەۋلىيا ئەزەمدىن ئۈچ يىل دەرس ئالغان دەيدىكەن. يەنە بىر رىۋايەتتە بىر يىل ئوقۇغان دەيدۇ. مەيلى قانچە يىل بولسۇن دەقيانۇس ئۆگىنىدىغانلىكى بىلىمنىڭ ھەممىسىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئەۋلىيانىڭ رازىلىقىنى ۋە دۇئاسىنى ئېلىپ ھېلىقى كومزەك چىققان جايغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ كومزەكتىن چىققان خەتنى ئوقىسا مۇنۇ سۆزلەر يېزىلغان ئىكەن:

«مۇشۇ كومزەكنى تېپىۋېلىپ بۇ خەتنى ئوقۇغان ئادەم كومزەك چىققان ئورۇننى يەنە يەتتە گەز كولىسا، كىچىك بىر ساندۇق چىقىدۇ. ئۇ ساندۇقنى تېپىۋالغان ئادەم ئۇنى ئاچسا ئىچىدىن قەغەزگە پۈتۈلگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز چىقىدۇ. ئۇ ھېكمەتلىك سۆزنى يادلىۋېلىپ مۇشۇ كومزەك چىققان جايدىن كۈن پېتىش تەرەپكە يەتتە چاقىرىم ماڭسا بىر كىچىك دۆڭ ئۇچرايدۇ. ئۇ دۆڭنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ توپتوغرا كۈن پېتىش تەرەپكە يەتتە قەدەم مېڭىپ شۇ يەرنى كولىسا بىر ئۆڭكۈرگە ئۇچرايدۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۈن چىقىش تەرەپكە قارىسا تامدا بىر قىلىچ ئېسىقلىق تۇرىدۇ. ھېلىقى يادلىۋالغان ھېكمەتلىك سۆزنى يەتتە قېتىم ئوقۇپ قىلىچقا قول سۇنغاندا قىلىچ قولغا چىقىدۇ. قالغان ئىشلار قىلىچنى قولغا ئالغاندىن كېيىن مەلۇم بولغاي.»

دەقيانۇس ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكىنىگە قارىماي كومزەك چىققان جاينى يەنە يەتتە گەز كولاپتۇ. ئۇ يەردىن بىر كىچىك ساندۇق چىقىپتۇ. دەقيانۇس ساندۇقنى ئاچسا، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە قەغەز چىقىپتۇ. قەغەزگە بىر ھېكمەتلىك سۆز پۈتۈلگەن ئىكەن. دەقيانۇس ھېكمەتلىك سۆز پۈتۈلگەن قەغەزنى ئېلىۋېلىپ، كومزەك بىلەن ساندۇقنى ئۆز ئورنىغا بۇرۇنقىدەك كۆمۈپ قويۇپتۇ. ئۇ قەغەزدىكى ھېكمەتلىك سۆزنى يادلىۋاپتۇ.

ئاندىن كېيىن دەقيانۇس ھېلىقى دەرەخ تۈۋىدىن كۆن پېيتىش تەرەپكە يەتتە چاقىرىم مېڭىپ ئىلگىرى ئۆزى كولىغان ئۆڭكۆرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئۆڭكۆرگە كىرىپ كۆن چىقىش تامدا ئېسىقلىق تۇرغان قىلىچنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھېلىقى يادلىۋالغان ھېكمەتلىك سۆزنى يەتتە قېتىم ئوقۇپ قىلىچقا قولىنى سۇنۇپتىكەن، قىلىچ قولىغا چىقىپتۇ. ئۇ قىلىچنى پېشانىسىگە تەگكۈزگەندىن كېيىن شۇنداق قارىغۇدەك بولسا قىلىچنىڭ بىر تەرىپىگە: «ئەي بۇ قىلىچنى قولىڭىزغا ئالغان باھادىر يىگىت، قىلىچنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە پۈتۈلگەن ھېكمەتلىك سۆزنى يەتتە مەرتىبە ئوقۇپ ئوڭ قول تەرەپكە يەتتە قەدەم ماڭسىڭىز، بىر ئىشىك كۆرۈنىدۇ. سىز قىلىچتىكى ھېكمەتلىك سۆزنى يەنە يەتتە مەرتىبە ئوقىسىڭىز ئىشىك ئېچىلىدۇ. سىز شۇ ئۆيگە بەنت قىلىنىپ تاشقا ئايلاندۇ-رۇۋېتىلگەن قىزنى قۇتقۇزسىڭىز، ئۇ سىزگە ھەممىنى ئېيتىپ بېرىدۇ» دېگەن خەتلەر پۈتۈلگەن ئىكەن.

دەقيانۇس قىلىچنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قارىغۇدەك بولسا ئۇ تەرىپىگە يەنە بىر ھېكمەتلىك سۆز پۈتۈلگەن ئىكەن. دەقيا-نۇس ئۇ ھېكمەتلىك سۆزنى يەتتە قېتىم ئوقۇپ، ئوڭ قول تەرەپكە يەتتە قەدەم مېڭىپتىكەن. ئالدىدا بىر ئىشىك كۆرۈنۈپتۇ. ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئۆتكەچكە ئىشىكنى ئۆمچۈك تورلىرى باغلاپ ئارانلا پەرق ئەتكۈدەك بولۇپ قالغان ئىكەن.

دەقيانۇس قىلىچتىكى ھېكمەتلىك سۆزنى يەتتە قېتىم ئو-قۇپتىكەن ئىشىك ئېچىلىپ بىر ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ئۆي ئىچىنى ئۆمچۈك تورى قاپلاپ كەتكەن ئىكەن.

دەقيانۇس ئۆي ئىچىگە قارىغۇدەك بولسا بېشى قازاندەك، ئۆزى ئاجايىپ يوغان، پۇتلىرى ئېشەكنىڭ پۇتلىرىدەك يوغىناپ كەتكەن بەدھەيۋەت بىر ئۆمۈچۈك چىنىدەك يوغان كۆكۈش كۆزى-دىن نۇر چىقىرىپ دەقيانۇسقا قاراپ كەپتۇ. ئۇنى كۆرگەن دەقيانۇسنىڭ پېشانىسىدىن پىژىلداپ ئاچچىق تەر چىقىپ كېتىپ-

تۇ. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، قىلىچتىكى ھېكمەتلىك سۆزنى يەتتە قېتىم تەكرارلاپ:

— ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم، ئۆزۈڭ مەدەت قىلغايسەن! — دەپ ۋارقىرىغان پېتى قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆمۈچۈكنى غەزەب بىلەن بىر چاپقان ئىكەن، ئالدىدىكى ئىككى پۇتىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. يەنە بىرنى چاپقان ئىكەن يەنە ئىككى پۇتىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم بارلىق كۈچى بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر چاپقان ئىكەن، ئۆمۈچۈكنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپ يەرگە دومىلاپ چۈشۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆمۈچۈك تورلىرىمۇ كېسىلىپ ئۆيگە كىرىشكە يول ئېچىلىپتۇ.

دەقيانۇس ئالدىغا قاراپ ئۈچ قەدەم مېڭىپتىكەن، ئاجايىپ يوغان يىلان ۋىشىلداپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، دەم تارتىپ كېلىۋاتقۇدەك، دەقيانۇس قىلىچتىكى ھېكمەتلىك سۆزنى يەتتە قېتىم ئوقۇپ يىلاننى بىر چاپقان ئىكەن. يىلان ئىككى پارچە بولۇپ ئۆلۈپتۇ.

دەقيانۇس ئالدىغا يەنە ئۈچ قەدەم مېڭىپتىكەن، يوغان خورازدەك كېلىدىغان بىر چايان قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ، چاقىمەن دەپ كېلىۋاتقۇدەك. دەقيانۇس قىلىچقا پۈتۈلگەن ھېكمەتلىك سۆزنى يەتتە قېتىم ئوقۇپ چاياننى بىر چاپقان ئىكەن، قۇيرۇقىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. دەقيانۇس يەنە بىرنى چاپقان ئىكەن، پۇتىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. چايان ئۆلمەي يەنە ئالدىغا كېلىۋاتقۇدەك. دەقيانۇس بارلىق كۈچىنى يىغىپ ئۈچىنچى قېتىم چاپقان ئىكەن، چاياننىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ، چايان ئۆلۈپتۇ.

دەقيانۇس ئالدىغا ئۈچ قەدەم مېڭىپتىكەن، ئالدى تەرەپتىن بىر يورۇق كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ يورۇقنى كۆزلەپ مېڭىپتۇ. ئالدىغا ئادەم پاتقۇدەك بىر تۆشۈك ئۇچراپتۇ. ئۇ تۆشۈكتىن تەستە ئىچىگە كىرسە تۆشۈكنىڭ ئىچى بىر يوغان ئۆڭكۈر ئىكەن. دەقيانۇس قارىسا ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە تاشقا ئايلانغان بىر قىز

تۇرغۇدەك.

دەقيانۇس ھېلىقى كومزەكتىن چىققان ھېكمەتلىك سۆزنى يەتتە قېتىم ئوقۇپتىكەن، قىزنىڭ كۆزىگە جان كىرىپتۇ. كۆزى پاللىدە ئېچىلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى كۈندۈزدەك يورۇپ كېتىپتۇ. دەقيانۇس ئىككىنچى قېتىمدا قولىدىكى قېلىچقا پۈتۈلگەن ھېكمەتلىك سۆزنى يەتتە قېتىم ئوقۇپتىكەن. قىزنىڭ بېشىغا جان كىرىپ زۇۋانغا كەپتۇ. قىز:

— ئەي شەپقەتلىك باھادىر يىگىت ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ دەپ سوراپتۇ.

— تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن سىزنى قۇتقۇزغىلى كەلگەن دەقيانۇس بولىمەن، — دەپتۇ دەقيانۇس.

— سىز ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — قىزدىن سوراپتۇ دەقيانۇس.

— مەن ھاسا شەھىرىنىڭ پادىشاھى قاراخاننىڭ قىزى مەلىكە يۇلتۇز بولىمەن. مېنى يەكچەشمە ئەھرەمەن دېۋە ئوغرىلاپ ئەپكېلىپ مۇشۇ ئۆڭكۈرگە بەنت قىلىۋەتكىنىگە مىڭ يىل بولدى. ھازىر يەكچەشمە ئەھرەمەن ئۇخلاۋاتىدۇ. ئۇ يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئويغىنىدۇ. سىز ھازىرلا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قېنىنى بوينۇمەنىڭ تۆۋەنىگە سۈرتسىڭىز تېنىمگە جان كىرىدۇ. مەن سىزگە نۇسرەت تىلەيمەن باتۇر دەقيانۇس، — دەپتۇ قىز.

دەقيانۇس ئىچكىرىگە كىرىپ قارىسا ئاجايىپ بەھەيۋەت بىر دېۋە ئۇخلاپ ياتقۇدەك.

دەقيانۇس دېۋىگە قاراپ تېنى شۈركىنىپ كەينىگە نەچچە قەدەم چېكىنىپ كېتىپتۇ. بىراق، ھېلىقى تاشقا ئايلانغان مەلىكە يۇلتۇز كۆز ئالدىغا كېلىپ بىر غەيرەتكە كەپتۇ ـ دە، قىلىچتىكى ھېكمەتلىك سۆزنى يەتتە قېتىم ئوقۇپ دېۋىنى بىر چاپقان ئىكەن. قوش ئىشىكنىڭ بىر قانىتىدەك كېلىدىغان بىر قولىقىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. دېۋە ئەھرەمەن ئويغىنىپ كېتىپتۇ:

— ھوي نېمە بولدى. ئوك قۇلىقىم چۇمۇلە چاققاندەك ئاغرىيدىغۇ، — دېگۇدەك.

دەقىيانۇس قىلىچ بىلەن يەنە بىرنى چاپقان ئىكەن، دىۋىنىڭ سول قۇلىقىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەھرەمەن پۇتۇنلەي ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ:

— مېنى ئۇخلاتماي ماڭا چاقچاق قىلىۋاتقان قايسىڭ؟ دەپ بىر ۋارقىرىغان ئىكەن، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى گۇلدۇرماما گۇلدۇرلىگەندەك زىلزىلىگە كېلىپ تورۇستىن، يان تاملاردىن شۇرقىراپ، تۇپا قويۇلۇشقا باشلاپتۇ.

دەقىيانۇس قىلىچتىكى ئايەتنى يەتتە قېتىم ئوقۇپ قىلىچنى كۆتۈرگەن پېتى:

— بۇگۈن سېنى ئۆلتۈرۈپ جېنىڭنى ئالغىلى كەلدىم، — دەپ ۋارقىرىغان پېتى ئەھرەمەنگە ھۇجۇم باشلاپتۇ.

ئەھرەمەن قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. ئۇ ئاغزىدىن ئوت چېچىپ دەقىيانۇسنى ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالدۇرۇپتۇ. ئوتنا چاچلىرى قويقىلىنىپ، كىيىملىرى كۆيگەن دەقىيانۇس قىلىچتىكى ھېكمەتلىك سۆزنى يەتتە قېتىم ئوقۇپتىكەن، ئوت ئۆچۈپتۇ.

ئەھرەمەن ئاغزىدىن سۇ چېچىشقا باشلاپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى سۇغا توشۇپ دەقىيانۇس سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگىلى تاس قاپتۇ. ئۇ قىلىچتىكى ئايەتنى يەتتە قېتىم ئوقۇپ پۇتىنىڭ ئاستىغا بىر سانجىپتىكەن، يوغان بىر تۆشۈك ئېچىلىپ بارلىق سۇ تۆشۈككە ئېقىپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى قۇرۇپ قاپتۇ. ئەھرەمەن بىر قەستى تارمار بولسا يەنە بىر قەستىنى ئىشقا سېلىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ.

دەقىيانۇس ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپ ئەھرەمەننىڭ ئىككى قولىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. ئاخىرىدا ئەھرەمەننىڭ پېشانىسىدىكى پىيالىدەك كۆزىگە قىلىچنى بىر تىققان ئىكەن، دىۋە

ئەھرەمەن دەھشەتلىك ھۆركىرەپ يىقىلىپ چۇشۇپ ئۆلۇپتۇ.
دەقيانۇس دەرھال ئەھرەمەننىڭ كۆزىدىن ئاققان قاننى مەلىكە يۇلتۇزنىڭ بەدىنىگە سۇرگەن ئىكەن، مەلىكىگە ئاستا - ئاستا جان كىرىشكە باشلاپتۇ.
بەدىنىگە تولۇق جان كىرىپ بولغان مەلىكە يۇلتۇز:
— رەھمەت سىزگە باتۇر دەقيانۇس، ئەمدى مەن بىلەن يۇرۇڭ، — دەپتۇ.
دەقيانۇس مەلىكىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ئۆڭكۇرگە تۇتاش كەتكەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر غاردىن ئۆتۇپ كەڭرى كەتكەن بىر مەيدانغا چىقىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەيۋەتلىك بىر ساراي تۇرغۇدەك. مەلىكە يۇلتۇز دەقيانۇسقا ساراي دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىپتۇ. ئۇ:
— مانا بۇ دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچى. دەرۋازىنى ئېچىپ سارايغا كىرسىڭىز، قىرىق بىر ئۆي بار. مانا بۇلار ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ ئاچقۇچلىرى دەپ قىرىق بىر ئاچقۇچنى دەقيانۇسقا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ.
مەلىكە يۇلتۇز:
— بۇ ساراي ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى جىمىكى دەپىنە - دۇنيا، بايلىق سىزنىڭ. سىزگە كۆپ رەھمەت. مەن دەرھال بۇ يەردىن كەتمىسەم بولمايدۇ، خەير - خوش! — دەپ كەينىگە قايتىپتۇ.
دەقيانۇس سارايىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ ئىچىگە كىرىپتۇ. ساراي ئىچىدە ئىشىكلىرى قۇلۇپلاقلىق قىرىق بىر ئۆي تۇرغۇدەك. ئۇ بىرىنچى ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرسە ئۆيىنىڭ ئىچى كۇمۇش بىلەن لىق تولغان ئىكەن. ئىككىنچى ئۆيىنى ئاچسا ئۆيىنىڭ ئىچى لىپمۇلىق ئالتۇن بىلەن تولغان ئىكەن. ئۇچىنچى ئۆيىنى ئاچسا ئۇنىڭ ئىچى جاۋاھىرات، گۆھەرلەر بىلەن تولغان ئىكەن. دەقيانۇس قالغان ئوتتۇز سەككىز ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ كۆرۇپتۇ. ھەممە ئۆيلەر ئالتۇن -

كۈمۈش، جاۋاھىرات، گۆھەرلەر بىلەن تولغان ئىكەن.
دەقىيانۇس بۇنچىۋالا جىق بايلىقنى نەگە ۋە قانداق ئىشلى-تىشنى ئويلا - ئويلا بېشى قېتىپ كېتىپتۇ. ئاخىرى ئىشكلەرنى سولاپ، دەرۋازىنى ئېتىپ كەينىگە يېنىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ قاتتىق ھېرىپ - چارچاپ كەتكەچكە بىر كېچە - كۈندۈز ئۇخلاپتۇ.
دەقىيانۇس ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ جا-مائەتكە جاكارلاپتۇ:
— مەن بۈگۈندىن باشلاپ بىر كاتتا شەھەر بىنا قىلماقچى-مەن. كىمدە - كىم شەھەر بىنا قىلىشقا قاتناشسا كۈنلىكىگە بىر تىللا[1] بېرىمەن.
دەقىيانۇسنىڭ جاكارسىنى ئاڭلىغان ئادەملەر يۇرت - يۇرت-لاردىن كېلىپ شەھەر سېلىشقا قاتنىشىپتۇ. نەچچە تۈمەن ئادەم شەھەر سېپىلىنى سوقسا، نەچچە تۈمەن ئادەم پادىشاھ ئوردىسىنى ساپتۇ. نەچچە تۈمەن ئادەم قەلئە، قورغانلار سالسا، نەچچە تۈمەن ئادەم پۇقرالار ئولتۇرىدىغان ئۆيلەرنى ساپتۇ. يەنە شەھەر ئىچىدە نۇرغۇن - نۇرغۇن دۇكانلار، ئىبادەتخانىلار، سارايلارنى بىنا قىلىپتۇ. يەنە نەچچە تۈمەن ئادەم ئۆستەڭ چېپىپ شەھەرگە سۇ باشلاپ كەپتۇ.
دەقىيانۇس ئىش ئۈستىدە تۇرۇپ شەھەر سېلىنىۋاتقان جاي-دىن بىردەممۇ ئايرىلماپتۇ. شۇنداق بىر رىۋايەتتە ئالتە ئاي، يەنە بىر رىۋايەتتە ئۈچ يىلدا دەقىيانۇس شەھىرىنى بىنا قىلىپ بولغان ئىكەن.
شەھەر پۈتكەندىن كېيىن دەقىيانۇس سالغان ئولتۇراق ئۆي-لەرنى ئۆز يۇرتداشلىرىغا ھەقسىز تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇدەك. شەھەر بىنا قىلىشقا قاتناشقان ھەربىر ئادەمگە ئۆمۈر بويى خەجلى-سە يېتىپ ئاشقۇدەك ئالتۇن، كۈمۈش ئىنئام قىلىپتۇدەك.

---

[1] تىللا — ئالتۇن پۇل.

دەقىيانۇسنىڭ مۇنداق مەرت، سېخىيلىكى، ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەرلىكى ئۇنىڭ يۇرتداشلىرىنىلا قايىل قىلىپ قالماستىن قوشنا ئەللەردىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرنىمۇ قاتتىق تەسىرلەندۈ-رۈپتۇ. ئۇلار ھەممىسى بىرلىشىپ دەقىيانۇسنى ئۆزلىرىگە پادى-شاھ قىلىپ سايلاپ ئالتۇن تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

دەقىيانۇس پادىشاھ بولغاندىن كېيىن شەھىرىگە ئىدىقۇت (بەخت - سائادەتلىك شەھەر) دەپ نام بېرىپتۇ.

............

مېئىن شاھ بوۋاي سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى.

مەخسۇت مۇھەتتى چىنىگە ئىسسىق چاي قۇيۇپ:

— چاي ئىچسىلە مېئىن شاھ ئاكا - دېدى.

مېئىن شاھ ئۇسسۇزلۇقنى ئىچىپ يۆتىلى بېسىلدى.

مەخسۇت مۇھەتتى:

— تاماق بەك ئوخشاپتۇ. دەقىيانۇس رىۋايىتىنىمۇ ناھايىتى تولۇق، ياخشى سۆزلەپ بەردىلە، ئۆزلەگە كۆپ رەھمەت، بىز يانايلى، — مەخسۇت مۇھەتتى شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى.

ئابدۇخالىقا دەقىيانۇسنىڭ ئىلىم ئىگىلەش يولىدىكى جاپا - مۇشكۇللەرنى قەيسەرلىك بىلەن يېڭىپ ئۆلۇم خەۋپىدىن قورقماي ئىلىم ئۆگەنگەنلىكى ئالاھىدە قاتتىق تەسىر قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە يېڭى ئىنتىلىشلار قوزغىلىپ، ساماۋى ئىستەكلەر ئۇنى ھاياجانلاندۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ مېئىن شاھ بوۋايغا ھۆرمەت بىلدۇرۇپ خوشلاشتى - دە، ھەممى-نىڭ كەينىدىن پەيتۇنغا چىقتى.

# چاقىرىلمىغان مېھمان

مەخسۇت مۇھىتى ئىككى مېھمىنى — ئابدۇراخمان مەخسۇم ۋە ئابدۇخالىق بىلەن كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ قوللىرىنى ئېرتىۋاتقاندا ئىشىكتە دۇگامەت پەيدا بولدى.

— ھە دۇگامەت نېمە گەپ؟ — سورىدى مەخسۇت مۇھىتى.

— ئىشىكتە بىر ئورۇس ئۆزلە بىلەن كۆرۈشسەم دەپ تۇرۇپتۇ، — دېدى دۇگامەت.

— بۇ چاقىرىلمىغان مېھمان كىم بولغاي، بوپتۇ كىرسۇن، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى.

بىر دەمدىن كېيىن ئىشىك يېنىك چېكىلدى، مەخسۇت مۇھىتى:

— مەرھەمەت، پاژالۇيتسا[1] — دېدى ئۈنلۈك.

ئىشىك ئېچىلدى. ئۆيگە ئىۋان فىيۇدۇرۇۋىچ ئولدىنبۇرگ قولىدا بىر كىچىك سەپەر سومكىسى كۆتۈرگەن ھالدا كىردى. ئۇ:

— ياخشىمۇ سىز، زدراستۋۇيتې، — دېگىنىچە ئوڭ قولىنى سۇنۇپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

مەخسۇت مۇھىتى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كېلىڭ ئىۋان فىيۇدۇرۇۋىچ، — دەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

مەخسۇت مۇھىتى ئولدىنبۇرگقا تىكىلىپ قاراپ ئۇلۇغ — كىچىك تىنىپ قويۇپ دېدى:

---

[1] پاژالۇيتسا ـ مەرھەمەت (رۇسچە)

— بىزدە «مېھمان ئۇلۇغ، مېھمان كەلگىنى ئامەت كەلگىنى» دېگەن ئاتىلار سۆزى بار. سىز بىزگە ئامەت ئەمەس، ئاپەت ئېلىپ كەلسىڭىزمۇ، بەربىر مېھمان — دە، مەرھەمەت ئەپەندى.

ئولدىنبۇرگ ئايىغىنى سېلىپ تۆرگە چىقىپ ئابدۇخالىقنىڭ قېشىدا ئولتۇردى.

داستىخاننى يىغىشتۇرغىلى خىزمەتكار كىردى.

مەخسۇت مۇھىتى سورىدى:

— ئاش بارمۇ؟

بار.

— مېھمانغا ئاش كەلتۇرگىن.

مەخسۇت مۇھىتى ئولدىنبۇرگقا قاراپ:

— بىز تېخى يېڭىلا غىزالىنىپ بولدۇق. سىزگە غىزا ئېلىپ كىرسۇن، — دېدى.

ئولدىنبۇرگ:

— رەھمەت مۇھىتۇف ئەپەندى. بىراق مەن قولۇمنى يۇيۇۋېتەي، — دېدى.

— مېھمانغا سۇ ئەكەل، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى.

خىزمەتكار ئاپتوۋا بىلەن چىلاپچىنى كۆتۈرۈپ ئولدىنبۇرگنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىغا سۇ بەردى. ئولدىنبۇرگ قولىنى لۆڭگىدە ئېرتىپ بولۇپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

شۇ ئارىدا يەنە بىر خىزمەتكار ئۈستىگە يوغان بىر پارچە گۆش بېسىلغان ھور چىقىپ تۇرغان پولودىن بىر تاۋاق ئېلىپ كىرىپ مېھماننىڭ ئالدىغا قويدى. مېھمان يېنىدىن بەكىسىنى چىقىرىپ پولونىڭ ئۈستىدىكى گۆشنى ناننىڭ ئۈستىگە ئېلىپ ئۇششاق توغرىدى. گۆشنى توغراپ بولۇپ پولونىڭ ئۈستىگە تۆكتى. ئۇ ساھىبخان بىلەن ئىككى مېھمانغا قاراپ تاۋاقنى شەرەت قىلىپ:

— مەرھەمەت، — دېدى.

— سىز ئېلىۋېرىڭ ئىۋان فىيودوروۋىچ، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى.

مەخسۇت مۇھىتى ئولدىنبۇرگنىڭ ئۆزى روسىيىدە تولا كۆرگەن رۇسلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى بىلىدىغانلىقىغا قاراپ شىنجاڭغا كەلگىلى خېلى ئۇزاق بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى.

— ئولدىنبۇرگ ئەپەندى. سىز شىنجاڭغا كەلگىلى ئۇزاق بولدىمۇ — قانداق؟ — سورىدى مەخسۇت مۇھىتى.

ئولدىنبۇرگ پولونى ئىشتىها بىلەن يەۋېتىپ جاۋاب بەردى:

— ئەمدى بىر ئاي بولدى.

— بۇرۇن كەلگەنمۇ؟

— ياق، بۇ مېنىڭ شىنجاڭغا تۇنجى كېلىشىم.

مەخسۇت مۇھىتى بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ئولدىنبۇرگ ئۆزى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— مېنىڭ ئاتام روسىيىنىڭ ئورۇنبۇرگ شەھىرىدىن. ئۇ ھەربىيدە ئوفىتسېر بولۇپ بۇنىڭدىن ئەللىك نەچچە يىل بۇرۇن تاشكەنتكە بارغانىكەن. كېيىن ئۇ تاشكەنتتە بىر تاتار قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تاشكەنتتە تۇرۇپ قاپتۇ. كېيىن مەن تۇغۇلۇپتىمەن. مەن تاشكەنتتە ئۆزبېك باللىرىنىڭ ئىچىدە چوڭ بولغان. ئۆزبېكچە ئىپتىدائىي (باشلانغۇچ) مەكتەپتە ئوقۇغان. شۇڭا سىلەرنىڭ تىلىڭلارنىمۇ بىلىمەن. مەن ئون ئىككى ياشقا كىرگەندە ئاتام بىزنى ئېلىپ روسىيىگە قايتتى. ئۇ موسكۋادا بىر ئەمەلگە تەيىنلەنگەندى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى موسكۋادا رۇسچە پۈتكۈزدۈم. كېيىن موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكولتېتىنى پۈتكۈزدۈم. مېنىڭ ئۆگىنىش نەتىجەم ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا مەشھۇر ئاكادېمىك تۈركولوگ، ئۇيغۇرشۇناس ئالىم رادلوپ مېنى پېتىربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئاسپى-

رانتۇرىيىسىدە ئىككى يىل ئوقۇشقا تونۇشتۇردى. مەن ئۇ يەردە ئىككى يىللىق ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇستازىم رادلوۋ مېنى روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئۆزى بىلەن بىرگە ئىشلەشنى تەكلىپ قىلدى. مەن يېڭى خىزمەت ئورنۇمدا ئۇستازىم رادلوۋ، مالوۋلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەخسۇس ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدىم. مەن روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلەۋاتقىنىمغا يەتتە يىل بولدى. بۇ يىل مەن مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تۇرپانغا كەلدىم.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى مەخسۇت مۇھىتى.

ئولدىنبۇرگ بېشىنى لىڭشىتىپ «شۇنداق» دەپ تاۋاققا قول سېلىپ پولو يېيىشنى داۋام قىلدى.

ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆكتى. بىر پەستىن كېيىن ئولدىنبۇرگ پولونى يەپ بولۇپ تاۋاقنى قۇرۇقداپ قويدى.

— بەرگەن تامىقىڭىزغا رەھمەت، مۇھىتوۋ ئەپەندى، — دېدى ئولدىنبۇرگ كۈلۈمسىرەپ.

مەخسۇت مۇھىتى ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئولدىنبۇرگقا جىددي تەرىزدە قاراپ:

— ئەمدى ئەپەندى سىز بىلەن سۆزلىشىدىغان گەپ قالمىدى. خۇ دەيمەن. مەرھەمەت، پاژالۇيىتسا، — دېدى ئىشىكنى كۆرسىتىپ.

ئولدىنبۇرگ ئولتۇرغان ئورنىدىن قىمىرلىمىدى. ئۇ ئېغىر بېسىقلىق بىلەن:

— مۇھىتوۋ ئەپەندى، مەن شىنجاڭغا كېلىپ سىلەر ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى ئۇچراتقان تەربىيە كۆرگەن، مەدەنىيەتلىك ئادەم سىز بولىسىز. مەن بىر ئىلمي خادىم. مەندە ئىلمي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتىن باشقا غەيرىي مۇددىئا يوق. بىز بەزى نۇقتىلار ئۈستىدە ئازراق سۆزلەشسەك. سىز ماڭا يەنە يېرىم سائەت، بولسا بىر سائەت ۋاقىت بەرسىڭىز، — دېدى

ئۆتۈنگەن ھالدا يالۋۇرۇپ:

ئابدۇخالىق ئۆز يېنىدا ئولتۇرغان بۇ ئادەمگە قاراپ: «ئۆيدىن چىق دېسىمۇ ئىزا تارتماي ئولتۇرىدىغۇ، نېمە گېپى باردۇ. مەنمۇ بىر ئاڭلايچۇ، دەپ ئويلىدى.

مەخسۇت مۇھىتى ئامالسىز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئولدېنبۇرگقا قاراپ:

— قۇلىقىم سىزدە ئەپەندى، — دېدى.

— مەن شىنجاڭغا كېلىپلا بىر نۇقتىغا دىققەت قىلدىم، — دېدى ئولدېنبۇرگ گېپىنى داۋام قىلىپ، — سىلەر ئۆزۈڭلەرنى ئىلىلىق، ئۈرۈمچىلىك، تۇرپانلىق، قەشقەرلىك، خوتەنلىك، ئالتە شەھەرلىك دەپ ئاتايدىكەنسىلەر. بۇنىڭدىن قارىغاندا سىلەردە بىر ئومۇمىي مىللەت نامىمۇ يوقالغىلى باشلاپتۇ. بۇ سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كەلگەن ئۈچ تۆت يۈز يىللىق تارىخىي پاجىئەلەرنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا سىلەر ئۇيغۇرلار ئۇزاق قەدىمىي زاماندا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۇلۇغ ھەسسە قوشقان قەدىمىي مىللەت. مەن ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئورمانلىقلاردا، كەپىلەردە ئىپتىدائىي (باشلانغۇچ) تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان چاغلاردا سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار ئاللىبۇرۇن سىۋىلىزاتسىيىلىك (مەدەنىيەتلىك) دەۋرىگە قەدەم قويۇپ يارغول شەھىرى، ئىدىقۇت شەھىرى، بەشبالىقتەك دۇنياۋى چوڭ شەھەرلەرنى قۇرغان، ئاللىبۇرۇنلا ئېلىپبەلىك يېزىققا ئىگە بولۇپ كىتابلارنى يازغان، مىق مەتبە، قەغەز كەشىپ قىلىپ توم توم كىتابلارنى نەشر قىلىپ تارقاتقانىدى. تۇرپان شۇ زامانلاردا يىپەك يولىدا چاقنىغان بىر مەرۋايىتتەك پارلاق مەدەنىيەت نۇرلىرىنى چاچقانىدى. بۇ قۇرۇق گەپ ئەمەس. مەن سىلەرگە پاكىتنى كۆرسىتەي، — ئولدېنبۇرگ شۇنداق دەپ يېنىدىكى سومكىسىنى ئېچىپ بىر تۇگۈنچەكنى چىقاردى. ئۇ تۇگۈنچەكنى يېشىپ ئىچىدىكى نەرسى-

نى مەخسۇت مۇھىتى، ئابدۇخالىق، ئابدۇراخمان مەخسۇمغا كۆرسەتتى. لاتىنىنىڭ ئىچىدە چوڭ نان جىگىسىدەك چوڭلۇقتا، ئۈزۈنچاق، تۆت قىرلىق كەلگەن سارغىيىپ، قارىداپ كەتكەن ياغاچ پارچىلىرى تۇراتتى.

— بۇ نىمە؟ — سورىدى مەخسۇت مۇھىتى ئانچە ئىرەن قىلماي.

— بۇ بىر تولىمۇ قىممەتلىك گۆھەر موھىتۇف ئەپەندى. مەن بۇنى سىزنىڭ پۇتكۇل بايلىقىڭىزغا تېگىشمەيمەن، — دېدى ئولدىنبۇرگ كۇلۇپ تۇرۇپ.

مەخسۇت مۇھىتى سەل جىددىيلىشىپ:

— چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز ئەپەندى، — دېدى.

ئولدىنبۇرگ ئىككى مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ:

— سىز ماڭا يېرىم سائەتلا ۋاقىت بەرگەن تۇرسىڭىز، چاقچاققا نەدە ۋاقىت يەتسۇن؟ — دېدى ئولدىنبۇرگ.

— بۇ زادى نىمە؟ — سورىدى مەخسۇت مۇھىتى.

— بۇ كىتاب بىسىشتا باسما زاۋۇتتا ئىشلىتىدىغان نابۇر. بۇنى تاتارلار ھەرپ نۇسخىسى دەيدۇ — دېدى ئولدىنبۇرگ چۇشەندۇرۇپ.

— بۇنى نەدىن ئالدىڭىز؟ — مەخسۇت مۇھىتى ئورنىدىن تۇرۇپ ئولدىنبۇرگنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بۇنى ئەتىگەندە ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىدىكى ھېلىقى سىز مەن بىلەن كۆرۈشكەن ئۆينىڭ ئىچىدىن تاپتىم. بۇنىڭغا ئوخشاش ياغاچ نابۇردىن ئىككى ساندۇق چىقتى دەڭا — دېدى ئولدىنبۇرگ خۇشاللىقىنى باسالماي.

مەخسۇت مۇھىتى ئويلىنىپ قالدى.

ئابدۇخالىق بۇ ياغاچ ھەرپ نۇسخىلىرىغا قىزىقىپ قالدى. ئۇ ئولدىنبۇرگنىڭ ئالدىدىكى لاتا ئىچىدە تۇرغان نابۇردىن بىرنى ئېلىپ قاراپ ھېچنىمىنى پەرق ئېتەلمەي جايىغا تاشلاپ قويدى.

بىر هازادىن كېيىن مەخسۇت مۇهىتى:
— دېمەك نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنلا بىزنىڭ ئاتا —
بوۋىلىرىمىز ئىدىقۇت شەھەرىدە باسما زاۋۇتلارنى قۇرۇپ كىتاب-
لارنى باسقانىكەن، — دە، ياپىرىم بۇ كارامەتلەرنى كۆرۈڭ —
دېدى مەخسۇت مۇهىتى هاياجانلىنىپ.
ئابدۇراخمان مەخسۇم بىلەن ئابدۇخالىق لاتىدىكى ياغاچ
هەرپ نۇسخىلىرىنى قايتا ئېلىپ قاراشقا باشلىدى.
— گېپىڭىز ئورۇنلۇق ئەپەندى، — دېدى ئولدىنبۇرگ گې-
پىنى داۋام قىلىپ، — بۇ نابۇرلارنىڭ ياغاچتىن ياسالغىنىغا
هەمدە بۇنىڭدىكى هەرپ شەكلىدىن قارىغاندا هۆكۈم قىلىشقا بولى-
دۇكى — ئۇيغۇرلاردا مەتبەئە تېخنىكىسى ياۋروپادىن بىر نەچچە
ئەسىر بۇرۇن، هەتتا ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك بىلەن بىر دەۋردە مەي-
دانغا كەلگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شۇنىسى ناهايىتى ئېنىقكى
— شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇ باسما زاۋۇتلىرىدا ئىشلەيدى-
غان تېخنىك ئىشچىلىرى بولغان. باسما زاۋۇتلار باسىدىغان كى-
تابلارنى يازىدىغان ئالىم، ئەدىب يازغۇچىلىرى، رىداكتورلىرى[1]
بولغان. باسما زاۋۇتلار ئىشلىتىدىغان قەغەزلەرنى ياسايدىغان
قەغەزچىلىك زاۋۇتلىرى، كارخانىلىرى بولغان. ئۇلاردا ئىشلەي-
دىغان مەلىكىلىك ئىشچىلار، تېخنىكلار نەدىن كەلگەن؟ ئۇلار
ئۇلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۇرىدىغان مەكتەپلەردىن كەلگەن. دې-
مەك ئاشۇ زور قوشۇننى يېتىشتۇرىدىغان بىر يۇرۇش مائارىپ
قۇرۇلمىسى، مەكتەپلەر بارلىقىقا كەلگەن. مەكتەپلەردە ئوقۇغۇ-
چىلارنى تەربىيىلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بولغان. بۇ كى-
چىككىنە ياغاچ نابۇرلار قەدىمكى تۇرپاننىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيى-
تىگە قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆهپىسىنىڭ تارىخىي پاكىتى بولۇپ
قولىمىزدا تۇرۇپتۇ. بۇنى هېچقانداق بىر ئادەم ئىنكار قىلالماي-

① رىداكتور — مۇهەررىر (رۇسچە)

دۇ. مەن بۇنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلايمەن.
ئولدىنبۇرگ سۆزلەشتىن توختاپ مەخسۇت مۇھىتى ۋە قىز-
شىدا ئولتۇرغان ئۇماق ئابدۇخالىققا قاراپ قويدى. مەخسۇت مۇھىتى ھاياجان بىلەن ياغاچ ھەرپ شەكىللىرىنى قولىغا ئېلىپ خۇددى قىممەتلىك گۆھەرگە قارىغاندەك ئىنچىكىلەپ زەن قويۇپ قاراشقا باشلىدى.
— قەغەز بارمۇ؟ — دېدى ئولدىنبۇرگ.
مەخسۇت مۇھىتى ئىشكابىدىن بىر نەچچە ۋاراق قەغەز ئېلىپ ئولدىنبۇرگقا سۇندى. ئولدىنبۇرگ سومكىسىدىن بىر قەلەي قۇ-
تىنى چىقىرىپ ئاغزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئىچىدە قىزىل سۇرۇق بار ئىدى. ئۇ لاتىدىكى ياغاچ نابۇردىن بىرنى ئېلىپ قۇتىدىكى سۇرۇققا پاتۇرۇپ ئېلىپ ئاق قەغەزگە باستى.
— مانا قاراڭلار، — دېدى ئولدىنبۇرگ يېنىدا ئولتۇرغانلار-
غا قەغەزگە ئىزى چىققان قىزىل شەكىلنى كۆرسىتىپ، — بۇ قەدىمكى ئۇرخۇن ئۇيغۇر يېزىقى ئالفاۋىتىدىكى[1] بىر ھەرپىنىڭ شەكلى. ئۇرخۇن ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 1500 يىل بۇرۇن قوللىنىشقا باشلىغان.
مەخسۇت مۇھىتى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئولدىنبۇرگدىن سورىدى:
— بۇ ياغاچ نابۇرلارنى سىز نېمە قىلماقچى؟
— مەن بۇنى روسىيىگە ئېلىپ كېتىمەن. موسكۋا مۇزېيىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. مەن بۇنى تەتقىق قىلىپ ئىلمىي ماقالە، كىتاب يېزىشىم مۇمكىن. مۇھىتوۋ ئەپەندى بۇ نابۇرلار بۇ يەردە ئاشۇ كونا خارابە ئىچىدە كۆمۈلۈپ ياتىۋەرسە زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چىرىپ تۈگىمەمدۇ؟ موسكۋا مۇزېيخانىسى بۇ بۇيۇملارنى بىخەتەر ساقلايدۇ، — دېدى ئولدىنبۇرگ. مەخسۇت مۇھىتى قا-
پىقىنى تۈرۈپ نېمىنىدۇ ئويلاپ ئۈنچىقمىدى. بىر ھازادىن كې-

---

[1] ئالفاۋىت — ئېلىپبە.

يىن ئۇ:

— ئولدىنبۇرگ ئەپەندى ئەجرىڭىزگە سىز رازى بولغىدەك ھەق بېرەي. ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بۇ تەۋررۈك يادى-كارلىقلارنى ماڭا تاپشۇرۇڭ، مەن ساقلايمەن، — دېدى قەتئىي-لىك بىلەن.

ئولدىنبۇرگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ جىددىي تەرىزدە دېدى:

— بۇ گېپىڭىز ئەلۋەتتە ئورۇنلۇق مۇھتۇف ئەپەندى. بىراق شۇنى سوراپ باقايكى سىلەرنىڭ شىنجاڭدا بىرەر مۇزېي بارمۇ؟

— يوق، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى.

— بىرەر ئىلمىي تەتقىقات ئورنى بارمۇ؟

— يوق.

— ئۇنداقتا سىلەردە باسما زاۋۇت بارمۇ؟

— يوق.

— بىرەر ئىنستىتۇت ياكى ئۇنىۋېرسىتېت بارمۇ؟

مەخسۇت مۇھىتى بۇ سوئالغا دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بى-لەلمەي يۈزى ۋىللىدە قىزاردى. ئۇ بېشىنى چايقىدى.

— ئۇرۇمچىدە گىمنازىيە بارمۇ؟

مەخسۇت مۇھىتى يەنە بېشىنى چايقىدى.

— سىز ياشاۋاتقان مۇشۇ ئانا ماكانىڭىز تۇرپاندا ئىپتىدائىي مەكتەپمۇ باردۇر؟ — دېدى ئولدىنبۇرگ سەل جىددىيلىشىپ.

مەخسۇت مۇھىتى چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئېغىر خۇرسىندى، ئۇ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

— يوق — يوق — يوق! بىزدە مەكتەپ نېمە ئىش قىلسۇن! بىزدە بارى ھازىر نامراتلىق، يوقسۇزلۇق، قالاقلىق، كونىلىق، نادانلىق، خۇراپات، جاھالەت! سوئالىڭىزنى توختىتىڭ ئەپەندى!

ئولدىنبۇرگمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ

قويۇپ سۆزلەپ كەتتى:

تارىختا ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا مەدەنىيەتلىك مىللەت دەپ تونۇلغان. مىلادى 847 - يىلى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار پان تېكىننىڭ باشچىلىقىدا ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ خېشى كارىدورى ۋە غەربىي يۇرتقا يېتىپ كەلگەن. ئۇلار بۇ جايلاردىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ گەنجۇ (كەڭسۇ) ئۇيغۇر خانلىقى (850 - يىلى قۇرۇلۇپ 1028 - يىلى يىمىرىلگەن) ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (866 - يىلى قۇرۇلۇپ 1393 - يىلى يىمىرىلگەن) ۋە قاراخانىيلار خانلىقى (880 - يىلى قۇرۇلۇپ 1212 - يىلى يىمىرىلگەن) دىن ئىبارەت ئۈچ خانلىقنى قۇرۇپ چىقىپ سەلتەنەت سۈرگەن. مىڭ يىل بۇرۇن دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان، باشقىلاردا يوق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار بىر ئۇلۇغ مىللەت يىگىرمىنچى ئەسىرگە كېلىپ باشقىلاردا بار نەرسىلەرنىڭ بىرىمۇ يوق، يېڭىچە مائارىپ ۋە مەدەنىيىتى يوق ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالاقلىق، قاشاقلىققا مەھكۇم بولۇپ، ھەتتا مىللەت نامىنىمۇ ساقلاپ قالالماي قانداقتۇر چەنتۇ[1] دەپ ئاتىلىپ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىشىدىنمۇ ئېچىنىشلىق پاجىئە بولامدۇ؟

مەخسۇت مۇھىتى بىر چەت ئەللىكنىڭ ئالدىدا بۇنچىلىك قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنى پەقەت ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئىنتايىن ئېغىر نومۇس ۋە خورلۇققا قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ يەر بۇ يەرنى دەسسەپ ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئولدىنبۇرگ جايىغا ئولتۇرۇپ ئابدۇراخمان مەخسۇمدىن سورىدى:

— تۇرپاندا راستتىنلا ئىپتىدائىي مەكتەپ يوقمۇ؟

---

① چەنتۇ — ئازادلىقتىن بۇرۇن تارىختىكى ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلار ئۇيغۇرلارنى شۇنداق ئاتىغان. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ ئاتالغۇ ئەمەلدىن قالغان.

— مەخسۇتباي ئۈچ يىل بولدى، تۇرپاندا بىر يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئاچىمەن دەپ ناھايىتى جىق جاپا تارتتى، بىراق ھازىرغىچە مەكتەپ ئاچالمىدى، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم.

— نېمىشقا؟ — سورىدى ئولدىنبۇرگ ئەجەپلىنىپ.

— ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلمىدى.

— شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمىتى مەكتەپ ئېچىشتەك شۇنداق ياخشى ئىشنى توسايدىغان قانداق ھۆكۈمەت ئۇ؟ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئەقلىدىن ئازغانلار ئەمەستۇ - ھە. ئەمدى چۈشىنىشلىك بولدى. سىلەرنىڭ ھالىڭلار شۇڭا بەك ئېچىنىشلىق ئىكەن - دە، ھەي سىلەرگە ناھايىتى ئۇۋال بوپتۇ، — دېدى ئولدىنبۇرگ بېشىنى چايقاپ گېپىنى داۋام قىلدى، — سۇن ياتسىن[1] ئەپەندى جۇڭگودا رىسپوبلىكا ئېلان قىلغاندا خېلى جىق يېڭى گەپلەرنى قىلغان، ھەتتا سىلەرگە ئاپتونومىيە بەرمەكچىمۇ بولغانغۇ؟ سۇن ياتسىننىڭ ئاۋازى تېخى شىنجاڭغا يېتىپ كەلمەپتۇ - دە.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى. بىر ئازدىن كېيىن ئولدىنبۇرگ ئابدۇخالىققا قاراپ:

— بۇ بالا مەكتەپتە ئوقۇمامدۇ؟ — دېدى.

ئاتىسى جاۋاب بەرگىچە ئابدۇخالىق:

— مەدرىسىدە ئوقۇيمەن، — دېدى.

— مەدرىسە ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەكتەپ شەكلىغۇ؟ ئۇ شۇ دەۋرلەردە ئىلغار رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ھازىر ئىنسانىيەت 20 - ئەسىرگە قەدەم قويغان زاماندىمۇ مەدرىسىگە تايىنىۋالغان مىللەتنىڭ تەقدىرى نېمە بولغاي، سىلەر ياۋروپا مىللەتلىرىدىن ئۈچ، تۆت يۈز يىل كېيىن قاپسىلەر، — دېدى ئولدىنبۇرگ ئېچىنىش بىلەن.

ئابدۇخالىق:

---

① سۇن ياتسىن — سۇن جۇڭشەننىڭ رۇسچە تەلەپپۇز قىلىنىشى.

— مەخسۇت ئاكام پەننىي مەكتەپ ئاچسا مەن شۇ مەكتەپتە ئوقۇيمەن، — دېدى قەددىنى رۇسلاپ.

بىر ئازدىن كېيىن ئولدىنبۇرگ:

— مۇھىتۇف كىرمىدى. ئۇنى ئەمدى كۈتۈپ تۇرالمايمەن. سىز بۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا بېرىپ قويۇڭ، خاتىرە ئۇچۇن ساقلاپ قويسۇن، — دەپ لاتىنغا ئورالغان ياغاچ نابۇرلارنى ئابدۇراخمان مەخسۇمغا ئۇزاتتى.

ئولدىنبۇرگ ئورنىدىن تۇرۇپ سومكىسىنى ئېلىپ خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

# ئەپچىل يول

مىجىت ھاجى 1912 - يىلى 11 - ئاينىڭ بېشىدا شەمەيدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ يىدە ئۈچ كۈن دەم ئالدى. تۆتىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن مىرزا باي مىجىت ھاجىنى ئۆيىگە مېھمانغا تەكلىپ قىلدى. مىجىت ھاجى پېشىندىن كېيىن پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ مىرزا باينىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى.

مىرزاباي ئاتۇشلۇق سودىگەر ئىدى. ئۇ تىجارەت بىلەن تۇرپانغا كېلىپ تۇرۇپ قالغىلى بىر نەچچە يىللار بولغانىدى. ئۇ يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى ئىمىنباي ھاجىنىڭ قورۇسىنى سېتىۋېلىپ شۇ يەردە ئولتۇراتتى. مىرزاباي مىجىت ھاجى بىلەن تەڭتۇش ئىدى. ئۇ مىجىت ھاجى، ئەبەيدۇللا شەمەيچى، مەخسۇت مۇھىتى، پولاتبايلار بىلەن ھەر يىلى روسىيىگە مال ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن تۇرپاندا بازىرى ئىتتىك ماللارنى ئەكېلىپ سېتىپ تېزلا بېيىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇرپاندا ئاتىقى چىققان بايلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى.

مىرزاباي كۆپنى كۆرگەن، ئۇقۇمۇشلۇق، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان ئادەم ئىدى. مىجىت ھاجى ئۈرۈمچى كوچىسىغا جايلاشقان مىرزابايىنىڭ قورۇسىغا يېتىپ كەلگەندە دەرۋازا ئالدىدا ئۇنى مىرزاباي كۈتۈۋالدى. قىزغىن سالام سائەتتىن كېيىن مىرزاباي مېھماننى مېھمانخانىغا باشلىدى.

مىجىت ھاجى مېھمانخانىغا سالام بېرىپ كىرگىنىدە تۆردە ئولتۇرۇشقان پولاتباي، ئەبەيدۇللا شەمەيچى، سەمەت ھاجى ۋە ناتونۇش ئادەم، ئىمىنباي ھاجى قاتارلىق مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سالاملىشىپ كۆرۈشتى. ئىمىنباي ھاجى بىلەن سەمەت

ھاجى مىجىت ھاجىنى تۆرگە ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا تەكلىپ قىلـ. دى. داستىخان سېلىنىپ نان، مېۋە ـ چېۋە، قەنت ـ گېزەكلەر ھەر خىل مۇراببالار قويۇلغاندىن كېيىن مىرزاباي مېھمانلارنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ مېۋە ـ چېۋىلەرگە ئېغىز تەگكەندىن كېيىن مىرزاباي بىر چەتتە ئولتۇرغان ناتونۇش ئادەمنى مېھمانلارغا تونۇشتۇردى:

— بۇ كىشى مېنىڭ ئاچامنىڭ ئوغلى شېرىپجان قارىم بولىدۇ. ئۆزى غۇلجىدىكى ھۈسەيىنباي قۇرغان «ھۈنەر كەسىپ مەكتىپى» دە مۇئەللىم بولغان. بىزنى يوقلاپ غۇلجىدىن كەلگىلى بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى. ھەرقايسىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، تونۇشۇۋېلىش ئۈچۈن بۇ داستىخاننى سالدۇق، قېنى مېھمانلار مەزەلەردىن ئېلىشسىلا، — دېدى مىرزاباي تەۋەززۇ بىلەن.

مىجىت ھاجى مېھمانلارنى بىر ـ بىرلەپ شېرىپجانغا تونۇشـ. تۇرۇپ چىقتى.

شۇئارىدا خىزمەتكار كىرىپ چاي داستىخىنىنى يىغىشتۇر. دى. باشقىدىن داستىخان سېلىپ ھەر بىر مېھمانغا كىچىك بىر سىركايدىن مەزىلىك ئۇگرە ئاش ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭدىن كې. يىن چوڭ تاۋاقلاردا ئاش مانتا تارتتى. ئاش مانتا يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن لېگەنلەرگە چوخچا ـ چوخچا ئېلىنغان گۆش كىردى. گۆشتىن كېيىن بىر چىنىدىن چۆچۈرە، ئۇنىڭدىن كېيىن كاۋاپ ئېلىپ كىردى. داستىخان ناھايىتى مول ئىدى. تاماقتىن كېيىن ئانار، قوغۇن، تاۋۇز كەلتۈرۈلدى. مېھمانلار بىرەر ـ يېرىمدىن ئانار، بىرەر تىلىمدىن قوغۇن، تاۋۇز يەپ ساھىبخانغا رەھمەت ئېيتىپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

مىجىت ھاجى شېرىپجاندىن ھۈسەيىن مۇسابايېۋلار غۇلجىدا قۇرغان خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ ئەھۋالىنى سورىۋىدى، سورۇن جانلىـ. نىپ كەتتى.

شېرىپجان ياشلىقىدا ئاتۇش ئېكساقتا ئاكا ـ ئۇكا ھۈسەيىنـ.

باي، باھاۋۇدۇنبايلار 1885 ـ يىلى قۇرغان يېڭىچە پەننىي مەكتەپ «ھۈسەيىن مەكتىپى» دە ئوقۇغانىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن تاغىسى بىلەن ئىلىغا چىقىپ كەتكەن. ئۇ يەردىن روسىيىنىڭ قازان شەھىرىگە بېرىپ ئىككى يىل ئوقۇپ ئىلىغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ غۇلجىدا ھۈسەيىنبايلار 1905 ـ يىلى ئاچقان «ھۈنەر كەسىپ مەكتىپى» دە مۇئەللىم بولغان بىلىملىك ئادەم ئىدى.

— ھۈسەيىنبايلار ئىشنى يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئېچىپ بالىلارنى ئوقۇتۇش ئىلىم ـ مەرىپەت تارقىتىش، ئاقارتىش ئې- لىپ بېرىشتىن باشلىغان، — دېدى شېرىپجان مېھمانلارغا ئىل- لىق نەزىرى بىلەن قاراپ گېپىنى داۋام قىلىپ، — ئېكساقتىكى «ھۈسەينىيە مەكتىپى» قۇرۇلۇپ تۆت يىلدىن كېيىن ھۈسەيىن- بايلار غۇلجىدا تۇنجى يېڭىچە پەننىي مەكتەپ «ھۈسەينىيە مەكتى- پى» نى ئاچقان. ئۇلار خۇرۇم زاۋۇتىنى قۇرۇشتىن تۆت يىل ئاۋۋال «ھۈنەر كەسىپ مەكتىپى» (تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى) نى ئېچىپ خۇرۇم زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگىچە ئۈچ قاراردا 580 ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن. ئۇلاردىن 200گە يېقىن ئوقۇغۇچى تاللىنىپ زاۋۇتقا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنغان.

— خۇرۇم زاۋۇتىنى قۇرۇشتىن بۇرۇن مەكتەپ ئېچىپ بالىلارنى ئوقۇتۇپ، زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن گەپ دېسىلە، — دېدى مىجىت ھاجى شېرىپجانغا.

— ئەينى شۇنداق ھاجىكا، — دېدى شېرىپجان گېپىنى داۋام قىلىپ، — خۇرۇم زاۋۇتى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن پۈتۈپ رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا زاۋۇت قۇرۇشقا ھۈسەيىنبايلار جەمئىي 1 مىليون 200 مىڭ سوم ئالتۇن پۇل چىقىم قىپتىكەن. بۇ پۇلنى ئالتۇنغا سۇندۇرساق، 300 مىڭ سەر ئالتۇن بولىدىكەن. ھازىر بۇ زاۋۇت يىلىغا 40 مىڭ پارچە چوڭ تېرە (ئات، كالا تېرىسى)، 600 مىڭ پارچە كىچىك

تېره (قوي، ئۆچكه تېرىسى) نى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرالايدىغان
بولغان. زاۋۇتتا كۆن - خۇرۇم، مەسكاپ، چەم چىگرىن،
شاۋرۇن قاتارلىق ئون ئۇچ خىل ئاساسلىق مەھسۇلات، شام،
سوپۇن، تۇگمە، يار يېلىم، ھەر خىل ئاياغ كىيىم، ھەر خىل
خۇرۇم چاپان، تاسما، شەپكە، ئىگەر، جابدۇق، ھارۋا جاب-
دۇقلىرى قاتارلىق ئون ئىككى خىل قوشۇمچە مەھسۇلات
ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

بۇ يىل ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى كېڭەيدى. زاۋۇت ئىشچى-
لىرى كۆپىيىپ 500 گە يەتتى. ھۇسەيىنباي بۇ يىل ئەتىيازدا
روسىيىنىڭ قازان شەھىرىدىن خەلىچە ئاۋۇستاي باشلىق تۆت
ئايال ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ غۇلجىدا «قىزلار ھۈنەر مەك-
تىپى» ئاچتى. بۇ مەكتەپتە ئانا تىل، ئەدەبىيات، ھېساب،
تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت قاتارلىق دەرسلەردىن تاشقىرى، تىك-
كۈچىلىك، كېسىمچىلىك، يۇڭ پوپايكا، شارپا، پەلەي توقۇش،
رەشلىيە ئىشلەش، كەشتىچىلىك ھۈنەرلىرى ئۆگىتىلىدۇ. شې-
رىپجان سۆزىدىن توختاپ ئالدىدىكى چىنىنى قولىغا ئالدى - دە،
چايدىن بىر ئوتلىدى.

— ھەبەللى، ھۇسەيىنباي، باھاۋۇدۇنبايلار ئىشنىڭ يولىنى
ياخشى بىلگەچكە ئالدى بىلەن مەكتەپ قۇرغان، بالىلارنى تەربى-
يىلىگەن، ئىلىم ئۆگەتكەن. ئىشنى ئادەم قىلىدۇ ئەمەسمۇ،
قانداق؟ ھەي بىزلەر بولساق بىر پۇلنى ئىككى قىلىشنىڭ ھەلەك-
چىلىكىدە. خەق بولسا بىر پۇلنى ئىككى ئەمەس، بەلكى ئون،
يىگىرمە قىلىشنىڭ يولىنى تاپقان، — دېدى مىجىت ھاجى ھايا-
جان بىلەن. مىجىت ھاجىنىڭ بۇ گېپى مېھمانلارنى خېلىلا قى-
زىقتۇردى. ئۇلار يېنىدىكى ھەمراھى بىلەن سېلىشقاچ پاراڭ-
لىرىنى توختىتىپ مىجىت ھاجىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېلىشتى.

— بىر پۇلنى ئون، يىگىرمە قىلىشنىڭ يولىنى ئۆزلە
بىلسىلە بىزگىمۇ دەپ بەرسىلەچۇ ھاجىكا، — دېدى ئەبەيدۇللا

شەمەيچى قىزىشىپ.

مىجىت هاجى مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— بۇنى ئۆزلەمۇ بىلىدىلا، بىزدە ‹ پۇل تاپقىچە هېساب تاپ ›، دېگەن ئاتىلار سۆزى بار ئەمەسمۇ. بۇ ‹ سودا، تىجارەت قىلىشتىن بۇرۇن هېسابنى پىششىق بىل، بىلىم ئۆگەن. زامانغا يارىشا ئىش قىل›، دېگىنى ئەمەسمۇ، — دېدى.

— شۇنداق هاجىكا بىزلەر بۇ تەرەپلىرىنى ئۆزلەدەك تىرەن ئويلىماپتىمىز، — دېدى ئەبەيدۇللا شەمەيچى.

مىجىت هاجى چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئېغىر تىنىپ قويغاندىن كېيىن سۆزلەپ كەتتى:

— هازىرقى سودا بۇرۇنقىغا مۇتلەق ئوخشىمايدۇ. بۇرۇنلار-دا بىز شەمەيگە مال ئاپارساق بىرەر ئورۇس ياكى تاتار سودىگەر بىلەن مالنى مالغا ئايرىۋاش قىلاتتۇق. هازىر شەمەي، قازان ياكى نوۋگوردقا مال ئېلىپ بارساق پۇلغا سېتىپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى يەنە پۇلغا سېتىۋالىدىغان بولدۇق. بۇرۇن بىز بىر ئىككى سودىگەر بىلەن سودا قىلغان بولساق هازىر چوڭ - چوڭ شىركەتلەر بىلەن سودا قىلىدىغان بولدۇق. هازىر هەممە ئىش ئۆزگەردى. باشقىلارنىڭ تىل — يېزىقىنى بىلمىسەك سودىمىز ئاقمايۋاتقان، چوڭ سودىلاردا ئاددىيسى شىركەتلەر كېسىپ بەر-گەن تالون، هۆججەتلەرنى بىز ئوقۇيالمىساق، بىلمىسەك، ئو-رۇس سودىگەرلەرنىڭ هېسابچىلىرى، كاتىپلىرى، خەزىنە تۇتقۇ-چىلىرى بولىدىكەن. خوجايىنلار بولىدۇ ياكى بولمايدۇ دەپ بۇي-رۇق چۈشۈرۈپلا قويسا قالغان جىمىكى ئىشنى ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلىرى قىلىدىكەن. بىزچۇ چوڭ - كىچىك هەممە ئىشنى ئۆزىمىز قىلىپ پايىپېتەك بولۇپ كېتىمىز. بەزى چاغلاردا ئورۇس سودىگەرلىرى بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا قاراپ كۈ-لۈپ كېتىدۇ. بىزدە نېمە بار؟ پۇل بار. بىزدە يەنە نېمە بار؟ باشقىلار تالىشىپ سېتىۋالىدىغان مال بار. بىزدە نېمە يوق؟

بىلىملىك، زامانغا لايىق ئادەم يوق. بىزدە پۇل تاپقىچە، ھېساب تاپ، دېگەن ئاتىلار سۆزىنى بىلىسمۇ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەمەل قىلىدىغان ئادەم يوق. شۇڭا بىز چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلالمايمىز. ئارانلا دەسمايىمىزنى ساقلاپ، قورساق بېقىپ، جېنىمىزنى جان ئېتىپ ماڭىمىز يارەنلەر، ھەي — ي!

مىجىت ھاجى جىمىپ قالدى. ئۆي ئىچى سۈكۈتكە چۆمدى. جىمجىتلىقنى مىرزاباي بۇزدى:

— ھاجىم بۇ ئىشلارغا بىزمۇ بىر چارە تاپقان بولساق ياخشى بولماسمىدى.

— بىزمۇ باشقا گەپنى قويۇپ ھۈسەيىنبايلاردەك تۇرپاندا مەكتەپ ئېچىپ ئۆز بالىلىرىمىزنى زامانغا لايىق ئوقۇتۇپ، تەربىيىلەپ چىقساق بولىدۇ. بۇنىڭ ئەقەللىي چارىسى مانا شۇ. بولمىسا بىز روناق تاپالماي ئۆتۈپ كېتىمىز، — دېدى مىجىت ھاجى

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىلا مىجىت ھاجىم. بىزنىڭ ئاتۇش ئېكساق يېزىمىزدا ھۈسەيىنباي بىلەن باۋۇدۇن باي «ھۈسەيىنىيە مەكتىپى» نى ئاچقانغا 20 نەچچە يىل بولدى. پەقىر بۇ مەكتەپتە قازان شەھىرىدە ئوقۇپ كەلگەن كېرىماخۇن مۇئەللىمدە ئوقۇغان. شۇ ئوقۇغىنىم سودا تىجارەت ئىشلىرىمدا بەك ئەسقاتتى، پۇلنى پۇل تاپىدۇ دەيمىز، لېكىن ئىلىم — بىلىم پۇلنى تاپىدىكەن، — دېدى مىرزاباي.

— بىزمۇ تۇرپاندا يېڭى نىزامچە پەننىي مەكتەپ ئېچىپ بالىلىرىمىزنى تەربىيىلىمىسەك ئىشىمىز ئەپلەشمەيدىغان، سودىمىز ئاقمايدىغان يەرگە يەتتى يارەنلەر، — دېدى باياتىن جىم ئولتۇرغان پولاتباي گەپكە ئارىلىشىپ.

— مەكتەپ ئېچىش دېگەن بىر چوڭ ئىش، بۇنى ياخشىراق مەسلىھەتلەشسەك بولۇر، — دېدى ئىمىنباي ھاجى.

— يامۇلدىكى ئامبال دارىنلار نېمەدەر؟ — دېدى سەمەت ھاجى.

— ئامبال دارىنىلار نېمە دېمەكچى. مەكتەپ ئاچماڭلار دەيدۇ شۇ، — دېدى مىجىت هاجى، — بىز ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرساق هېچقانداق ئىش قىلالمايمىز، تۇگىشىپ كېتىمىز. مېهمانلار بىرى بىر نېمە دېسە، يەنە بىرى بىر نېمە دەپ بۇ پاراڭ خېلى كەچكىچە دەتالاش قوزغىدى.

※ ※ ※

ئەتىسى مىجىت هاجى مىرزابايغا ئادەم ئەۋەتىپ شېرىپجاننى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. مىرزاباي بىلەن شېرىپجان، مىرزابايىنىڭ خوتۇنى راهىلە خېنىم بىلەن شېرىپجاننىڭ خوتۇنى نۇراخېنىم چۈشكە يېقىن پەيتۇن بىلەن يېتىپ كېلىشتى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئىككى ئەر مېهماننى مېهمانخانىغا، نىيازخان ئىككى ئايال مېهماننى ئىچكى هويلىدىكى كىچىك مېه-مانخانىغا باشلىدى.

داستىخان ناهايىتى مول تەييارلانغانىدى. زىياپەت كۆڭۈل-لۈك بولدى. ئىككى مېهمان ناهايىتى رازى بولۇشۇپ ساهىبخانىغا كۆپ رەهمەت ئېيتتى. داستىخان يىغىشتۇرۇلدى. خىزمەتكار ئىككى مېهمانغا پەر ياستۇقلارنى ئېلىپ بەردى.

— قېنى ياستۇققا يۆلىنىپ ئازادە ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى مىجىت هاجى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم شېرىپجان بىلەن تونۇشۇپ تېزلا چى-قىشىپ قالدى. مىجىت هاجى مىرزاباي بىلەن تۆۋەن ئاۋازدا خېلى بىر پەسكىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. كەچقۇرۇنغا يېقىن ئىككىسىنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق، مەمنۇنلۇق جىلۋىلىنىپ:

— بولىدۇ، ياخشىراق مەسلىهەتلىشەيلى — دېيىشتى ئىك-كىسى تەڭلا.

مېهمانلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن مىجىت هاجى ئابدۇراخ-مان مەخسۇمنى مېهمانخانىغا چاقىرىپ تونۇگۇن مىرزابايىنىڭ ئۆ-

يىدە بولۇنغان گەپ سۆزلەرنى دەپ بەردى. ئاخىرىدا باياتىن مىرزاباي بىلەن بىر سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئېچىشنى مەسلىھەتلەشكىنىنى دېۋىدى، ئابدۇراخمان مەخسۇم ھەيران قالدى. ئۇ بىر پەس تۇرۇپ قېلىپ:

— ناھايىتى چوڭ ئىشنى مەسلىھەتلىشىپتىلا. پەننىي مەكتەپ ئاچماي بولمايدۇ. ئۆزلەمۇ ياشىنىپ قالدىلا، سودىگەرچىلىك ئەمدى بىزنىڭ ئائىلىمىزگە ئاتا كەسىپ بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ئىزىمىزنى باسىدىغان ئابدۇخالىقنى ھازىردىن باشلاپ تەربىيىلىمىسەك بولمايدۇ. ئۇ مەغرىپكە بارسا ئورۇسنىڭ، مەشرىققە، شاڭخەيگە بارسا خەنزۇنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بولۇشى كېرەك، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم ۋەزمىن ئاھاڭدا.

— ھەبەللى ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، تازا كۆڭلۇمدىكى گەپنى قىلدىڭىز، — دېدى مىجىت ھاجى مەمنۇن بولۇپ.

— ئۆيدە قىلغان گەپ بازارغا ماس كەلمەپتۇ دەپ مەخسۇتباي مانا ئۈچ يىل بولدى، مەكتەپ ئاچىمەن دەپ يۈرگىلى. بۇ ئىش ھازىرغىچە روياپقا چىقماي يۈرۈپتۇ. بىزنىڭ مەكتەپ ئېچىشىمىز قانداق بولۇر ئەمدى، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم سەل پەسكويغا چۈشۈپ.

— بىز مەخسۇتبايدىن ساۋاق ئېلىپ بىر ئەپچىل يول تۇتىشىمىز كېرەك. ‹چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ› دېگەن بىر گېپىمىز بارغۇ، مېنىڭ كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز ئاچىمىز دەپ بەل باغلىساقلا پەننىي مەكتەپنى چوقۇم ئاچالايمىز، — دېدى مىجىت ھاجى ئىشەنچ بىلەن.

— مەكتەپ ئورنىنى دېيىشتىلەمۇ؟ — سورىدى ئابدۇراخمان مەخسۇم.

— مەن دەسلەپتە بىزنىڭ قورۇدا ئاچىنى دېدىم. مىرزاباي بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ئۇ: «ئۆزلەنىڭ قورۇ شەھەرنىڭ ئىچىدە. داۋراڭ بەك چوڭ بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنداق بولغاندا يامۇل بۇ ئىشقا

ئاربلىشىپ ئىشىمىز سۇغا چىلىشىدۇ. مەكتەپنى ياخشىسى شە-
ھەرنىڭ سىرتىدا، دىققەتنى قوزغىمايدىغان، خالىيراق كەلگەن
بىزنىڭ قورۇدا تولا بەك داۋراڭ قىلمايلا ئېچىۋالىلى» دېدى.
ئويلاپ قارىسام مىرزابايىنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق ئىكەن، —
دېدى مىجىت ھاجى.

— باللارنى ئوقۇتىدىغان ئەپەندىنى نەدىن تاپىمىز؟ — دېدى
ئابدۇراخمان مەخسۇم گېپىنى داۋام قىلىپ، — ئۆزلە شەمەيدىن
كەلگەندە مەخسۇتباينى سورىسام: «مەخسۇتباي مەكتەپ ئاچقاندا
باللارنى ئوقۇتىدىغان ئەپەندى تاپمىغىچە تۇرپانغا قايتمايمەن دەپ
قازان شەھىرىدە قەپ قالدى، دېگەنغۇ؟

مىجىت ھاجى ئابدۇراخمان مەخسۇمغا قاراپ:

— باياتىن شېرىپجان بىلەن چىقىشىپ قالدىڭىز - ھە، —
دېدى.

— مىجەزى ئوبدان، ئاغىنىدارچىلىقتا يارايدىغان ئادەمدەك
تۇرىدۇ ئۇ ئاداش، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم.

— شېرىپجان ئەسلىدە غۇلجىدىكى ھۈسەينبايلار ئاچقان
«ھۈنەر كەسىپ مەكتىپى» دە ئەپەندى بولغانىكەن. بۇ يېقىندا ئۇ
مەكتەپتە ئىشلىمەس بولۇپ خوتۇننى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كەپتۇ.
ئۈرۈمچىدىمۇ مۇقىم ئىشى يوق ئىكەن. مىرزاباي نەۋرە ئىنىسى
شېرىپجاننى بىز ئاچىدىغان مەكتەپكە ئەپەندى بولۇپ بېرىشكە
كۆندۈرىدىغان بولدى، — دېدى مىجىت ھاجى.

— قارىغاندا بىزنىڭ مەكتەپ ئېچىشىمىز رۇياپقا چىقىپ
قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. مېنىڭچە شېرىپجان ئۇناپ قالۇر، — دېدى
ئابدۇراخمان مەخسۇم.

※ ※ ※

ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ پەرىزى توغرا چىقىپ قالدى.
شېرىپجان تاغىسى مىرزابايىنىڭ ئېچىلغۇسى مەكتەپكە ئەپەندى

بولۇپ بەرسىڭىز دېگەن تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ تۇرپاندا تۇرۇپ قالدى.

— ئاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىنكى مەسلىھەتتە مىرزاباي سىنىپ قىلىدىغان ئۆيگە چوڭراق بىر دېرىزە ئورنىتىپ تەييار قىلىدىغان بولدى. مىجىت هاجى ئون جۈپ پارتا، ئورۇندۇق، قارا تاختا ۋە باشقا نەرسىلەرنى تەق قىلىدىغان، كېلەر يىلى 1 ـ ئايدا رەسمىي دەرس باشلايدىغان بولدى

مىرزاباي يېڭىشەھەردىكى تونۇش ـ بىلىشلىرىنىڭ بىر نەچچە نەزىر ـ چىراغلىرىغا شېرىپجاننى بىرگە ئېلىپ باردى. شېرىپجان زۇپەر هاجىم ئۆتكۈزگەن بىر نەزىردە «سۇرە تابارەك» نى ئىلمىي تەجۋىد قائىدىسى بويىچە ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىرائەت قىلدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى توغرا، ئوقۇشى راۋان بولۇپ، ئوقۇغاندىكى ئاهاڭى ناهايىتى مۇڭلۇق بولغاچقا جامائەتنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن شېرىپجان بىر نەچچە نەزىر — چىراغلاردا قىرائەت قىلىپ جامائەتكە يېقىپ قالدى.

تۇرپانلىقلار ئەزەلدىن تارتىپلا باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن ئادەملەرنى ئاسانلا ئارىغا ئېلىپ هۆرمەتلەپ چوڭ كۆرەتتى. بىرەر ئارتۇقچىلىقى بار ئادەملەرنى بولسا تېخىمۇ ئىززەتلەپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگىدەك قىلىپ كېتەتتى.

شېرىپجانمۇ ناهايىتى تېزلا يېڭىشەھەر جامائىتىنىڭ هۆرمەت ئېتىبارىغا سازاۋەر بولۇپ «قارىم» دەپ ئاتالدى.

مىجىت هاجى بىلەن مىرزاباي بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇشتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ قارىشىچە شېرىپجاننىڭ قارىم دەپ تونۇلۇشى مەكتەپ ئېچىشقا پايدىلىق ئىدى.

12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى مىرزاباي هويلىنىڭ چېتىدىكى چوڭ بىر ئۆيگە يېڭىدىن دېرىزە ئورنىتىپ، مەش قويۇپ پاكىزە تازىلاتتى. مەشكە ئوت يېقىپ سىنىپنى ئىسسىتىش ئۈچۈن بىر هارۋا

كۆمۈر چۈشۈردى. مىجىت ھاجى غاپپار ياغاچچىغا بۇيرۇتقان پارتا، ئورۇندۇقلارمۇ پۈتۈپ سىنىپقا رەتلىك قويۇلۇپ تەييار قىلىندى.

پارتا، ئورۇندۇقلارنى ئەكىلىپ قويۇپ ئۆيگە قايتماقچى بولۇپ تۇرغان مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇمنى مىرزاباي ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇمنى ئۆي ئىچىدە شېرىپجان كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى. سالام سائەتتىن كېيىن داستىرخان سېلىندى. مىجىت ھاجى تاماق يەۋېتىپ دېدى:

— ئەمدى مەكتەپ ئېچىشىمىزنىڭ تەييارلىقىمۇ پۈتتى. بالىلارنى مەكتەپكە يىغىپ دەرسنى باشلىساق قانداق بولۇر؟ — مىجىت ھاجى مىرزاباي بىلەن شېرىپجانغا قارىدى.

— بالىلار يىغىلسىلا دەرسنى باشلاشقا مەن تەييار. مەكتەپنىڭ نامىنى نېمىدەپ ئاتىساق بولار؟ — دېدى شېرىپجان قولىدىكى چېنىسىنى داستىخانغا قويۇپ.

— مەن بۇرۇن «بىز بۇ مەكتەپنى ئېچىشتا بىر ئەپچىل يول تۇتمىساق بولمايدۇ» دېمەكچىدىم، — دېدى مىجىت ھاجى شېرىپجانغا قاراپ گېپىنى داۋام قىلىپ، — مېنىڭچە بۇ مەكتەپنىڭ نامىنى «مىرزابايىنىڭ قورۇسىدا ئېچىلغان مەكتەپ»، ياكى شېرىپجان قارىمنىڭ مەكتىپى» دەپ قويساقلا بولىدۇ. بىزنىڭ مەقسىتىمىز بالىلىرىمىزغا يېڭىچە پەننىي ئىلىمنى ئۆگىتىشقۇ. بىز بۇ مەقسەتكە يەتسەكلا بولدى. قانداقتۇ بىر تۇغ، ئەلەم تىكلەش بىزگە ھازىرچە بالدۇرلۇق قىلىدۇ.

— ھەبەللى تازا جايىدا گەپ بولدى بۇ، «زامان ساڭا باقمىسا سەن زامانغا باق» دېگەن گېپىمىز بار ئەمەسمۇ، زامان ھازىر بىزگە تەتۈر قاراپ تۇرۇۋاتقان بىر چاغدا بىز ھاجىم ئېيتقاندەك زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان بىر ئەپچىل يول تۇتمىساق بولمايدۇ، — دېدى مىرزاباي.

مىجىت ھاجى قولىدىكى چىنىنى ئالدىغا قويۇپ دېدى:

— تۇرپان يېڭىشەھەردە قارى كۆپ، خېلى ئاتاقلىق قارىلار- مۇ بار. ئەمما - زە، شېرىپجانداك دۇرۇس، مۇڭلۇق، تەسىر- لىك قىرائەت قىلىدىغان قارى بەك ئاز. شېرىپجاننىڭ ئاۋازى زىلمۇ ئەمەس، خىرىلداق بوممۇ ئەمەس، ئادەمگە بەك يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان يۇمشاق ئاۋاز ئىكەن. مېنىڭچە مەكتەپ ئېچىشتا بىز شېرىپجاننىڭ مۇشۇ ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلانساق دەيمەن.

— بۇمۇ بولىدۇ، — دېدى مىرزاباي بېشىنى لىڭشىتىپ مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇمغا قاراپ

ئۆي ئىچى سۇكۇتكە چۆمدى. بىر ئازدىن كېيىن جىمجىت- لىقنى شېرىپجان بۇزدى:

— مەن مۇنداق بىر چارىنى ئويلاپ باقتىم، — دېدى شېرىپ- جان گېپىنى داۋام قىلىپ، — ھازىرچە دەسلىۋانىسىدا بىزنىڭ ئاچىدىغىنىمىز بىرىنچى سىنىپ بولىدىغۇ، باللارغا بىز كۈندە تۆت سائەت دەرس ئۆتسەك. بىرىنچى سائەتتە دىن دەرسى، بۇنىڭ- دا ئاساسەن قىرائەت ئۆگەتسەك. كېيىنكى ئۈچ سائەتتە ئانا تىل، ھېساب، ئىملا، تەنتەربىيە دەرسلىرىنى ئۆتسەك دەيمەن. بۇنداق بولغاندا بىزنىڭ بۇ مەكتىپىمىزگە يامۇلمۇ، بىر نېمە دەلەلمەي- دۇ، سوپى، ئىشان، رىياكار موللاملارمۇ ئېغىز ئاچالمايدۇ.

— ھەبەللى ئەپچىل يول دېگەن مانا شۇ. ئەمدى بۇ ئايمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. يەنە بەش كۈندىن كېيىن بىرىنچى ئايغا بىر بولىدۇ. كۈنگە شەنبە. ئەتىدىن باشلاپ مەكتەپكە بالا جەلپ قىلىپ تىزىمغا ئالساق بولغىدەك ئەمىسە، — دېدى مىجىت ھاجى.

— شۇنداق قىلىلى، — دېدى مىرزاباي.

— بىرىنچىسىگە بىزنىڭ ئابدۇخالىقنى تىزىملاپ قوي- سىلا، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم شېرىپجانغا.

— بەك ياخشى بولدى، بىرىنچى تىزىملاپ قويااي، — دېدى

شېرىپجان.

— ئىككىنچىسىگە بىزنىڭ ئوبۇلھەسەننى تىزىملاپ قوي-سىلا، — دېدى مىرزاباي.

شېرىپجان تەكچىدىن بىر دەپتەرنى ئېلىپ ئىككى بالىنى تىزىملاپ يېزىپ قويدى.

— مۇھىم بىر گەپنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، — دېدى مىجىت ھاجى شېرىپجان بىلەن مىرزابايغا قاراپ، — شېرىپجان ئەپەندىمنىڭ ئايلىق تەمىناتىنى بىز ئۇستىمىزگە ئال-ساق، ئايلىقى ھازىرچە يۈز سەر بولسا قانداق؟

شېرىپجان مىرزابايغا قارىدى. مىرزاباي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت ھاجىكا، ئابدۇراخمان مەخسۇم ئۆزلىرىگىمۇ رەھمەت، — دېدى شېرىپجان ئورنىدىن تەۋرىنىپ قويۇپ.

— ھازىرچە شۇنچىلىك بولۇپ تۇرسا، مىرزاباي بىلەن بىز بار بولغاندىكىن، قالدى ئىشلارغا قاراپ تۇرمايمىز، — دېدى مىجىت ھاجى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، — دېدى مىرزاباي.

— مەكتەپنىڭ ئىشى شۇنداق بولسۇن، ئەمىسە بىز يانىنى، ئىش بولسا ھايت دەرلا، — دېدى مىجىت ھاجى مىرزابايغا.

— شۇنداق بولمامدىغان ھاجىم، — دېدى مىرزاباي. مىرزا-باي بىلەن شېرىپجان مىجىت ھاجىم بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم-نى ئۇزىتىپ قويدى.

# باللارنىڭ دوستى

مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم مىرزابايىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كەلگەندە ئابدۇخالىق ئۇلارنى كۈتۈپ مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا يۈرەتتى.

— سوغۇقتا بۇ يەردە تۇرۇپسىزغۇ بالام، — دېدى مىجىت ھاجى ئابدۇخالىقنى كۆرۈپ.

— ئۆزلەنى ساقلاپ تۇرغان، — دېدى ئابدۇخالىق.

— بۈگۈن ھەمدۇللا داموللام بىلەن نىياز موللام مېنىڭدىن پارسچە، ئەرەپچىدىن ئىمتىھان ئالدى. ھەمدۇللا داموللام كىتابنى ئۆزى ئوقىدى. ماڭا مەنا ئېيتتۇردى. ئىمتىھان تۈگەپ ھەمدۇللا داموللام مېنى ماختاپ كەتتى، — دېدى ئابدۇخالىق.

— ياخشى ئىش بولۇپتىغۇ، سىزنى مۇكاپاتلىساق بولغىدەك، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم.

— داموللام «سىز مەدرىسىمىزدە ئوقۇلىدىغان دەرسلەرنى ئەمدى ئوقۇپ بولدىڭىز، ئىمتىھاندىنمۇ ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتتىڭىز، مىجىت ھاجىم ياكى ئابدۇراخمان مەخسۇم ئەتە مەدرىسىگە كەلگەي» دېگەن — دېدى.

— مېنىڭ ئوغلۇم بۈگۈن مەدرىسىنى پۈتكۈزۈپتۇ ئەمەسمۇ، مۇبارەك بولسۇن، — دېدى مىجىت ھاجى سۆيۈنۈپ. ئۇ ئابدۇخالىقنى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

— مانا سىزگە مۇكاپات، ئېلىڭ، — دەپ مىجىت ھاجى يانچۇقىدىن ئون سەرلىك پۇلنى چىقىرىپ ئابدۇخالىققا تۇتقۇزۇپ قويدى.

ئابدۇراخمان مەخسۇممۇ ئابدۇخالىقنى مۇبارەكلەپ ئون سەر پۇل مۇكاپات بەردى.

ئەتىسى ئابدۇراخمان مەخسۇم ئابدۇخالىقنى ئېلىپ مەدرىسكە باردى. ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى ھەمدۇللا داموللام ئۆز خانىسىدا كۈتۈۋالدى. شۇ ئارىدا نىياز موللامۇ كىرىپ ھازىر بولدى.

— ئابدۇخالىق تۆت يىل ئىچىدە مەدرىسىمىزدە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى تولۇق ئوقۇپ بولۇپ، ئىمتىھاندىن ئەلا دەرىجە بىلەن ئۆتتى، ئون ئىككى ياشلىق بىر بالىنىڭ مەدرىسنى ئەلا دەرىجىدە پۈتكۈزۈشى ناھايىتى كەم كۆرۈلىدىغان مۆجىزىدۇر. بىز بۇ بالىنى مۇشۇ يەرگىچە ئوقۇتالايمىز، — دېدى ھەمدۇللا داموللام تەسىرلىك قىلىپ.

— ماڭا بىلىم بەرگەن ئۇستازلىرىمغا كۆپ رەھمەت! — دېدى ئابدۇخالىق دەس ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلىپ.

— سەبىي بالىمىزنى تۆت يىل تەربىيىلەپ ناھايىتى كۆپ ئەجىر سىڭدۇرۇپ موللا قىلىپ يېتىشتۇرۇپ بەرگەنلىكلىرىگە كۆپ رەھمەت! ئاز بولسىمۇ كۆپ-كە تاۋاپ قىلىپ قوبۇل قىلغايلا، — دەپ ئابدۇراخمان مەخسۇم ھەمدۇللا داموللامنىڭ ئالدىغا 500 سەر پۇل، پۈتۈن قوينىڭ گۆشىنى، نىياز موللامنىڭ ئالدىغا 200 سەر پۇل، يېرىم قوينىڭ گۆشىنى قويدى. ھەمدۇللا داموللام بىلەن نىياز موللام ئابدۇخالىققا دۇئا بەردى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم خوشلىشىپ قايتىدىغان چاغدا ھەمدۇللا داموللام بىلەن نىياز موللامنى كەچتە ئۆيىگە چايغا تەكلىپ قىلدى.

كەچتىكى زىياپەتكە ھەمدۇللا داموللام، نىياز موللامدىن باشقا ئابلىتىپ قازى ئاخۇنۇم، دۇگامەت ئەئلەم، زۇپەرھاجى، مىرزاباي، ئەبەيدۇللا شەمەيچى، پولاتباي، ئىمىنباي ھاجى قاتارلىق تۇرپاننىڭ ئۆلىما، قازى، چوڭ سودىگەر، بايلىرى قاتناشتى. زىياپەت داستىخىنى بەك مول بولدى.

داستىخان يىغىشتۇرۇلىدىغان چاغدا مىجىت ھاجى ھەمدۇللا داموللامغا، ئابدۇراخمان مەخسۇم نىياز موللامغا ئېسىل تون

يېپىپ ئابدۇخالىقنى مەدرىستە تۆت يىل ئوقۇتۇپ موللا قىلىپ يېتىشتۈرۈپ بەرگىنىگە رەھمەت ئېيتىشتى.

※ ※ ※

ئابدۇخالىق مەدرىسنى پۈتكۈزۈپ ئۈچىنچى كۈنى مىرزاباينىڭ قورۇسىدا ئېچىلغان مەكتەپتە ئوقۇش باشلاندى. ئابدۇراخمان مەخسۇم ئابدۇخالىقنى ئېلىپ مىرزابايىنىڭ قورۇسىغا كىرگىنىدە ھويلىدا ئۈچ بالا تۇراتتى. ئابدۇخالىق ئۇلارغا بىرىپ قوشۇلدى. شېرىپجان سىنىپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى. بالىلار سىنىپقا كىرىپ پارتا — ئورۇندۇقلارنىڭ رەتلىك قويۇلۇپ، ئالدى تامغا قارا تاختا ئورنىتىلىپ سىنىپ ئىچىنىڭ پاكىزە تازىلانغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ خۇشال بولۇپ سەكرىشىپ كېتىشتى. بالىلارنىڭ بىرى «مەن بۇ يەردە ئولتۇرىمەن، دېسە، يەنە بىرى مەن مۇنۇ يەردە ئولتۇرىمەن» دەپ پارتىلاردا ئولتۇرۇپ سىناپ بېقىشتى.

مىرزابايىنىڭ خىزمەتكارى كىرىپ مەشكە ئوت قالىدى. ئوت گۇرۇلدەپ كۆيۈپ، مەش قىزىرىپ سىنىپ بىردەمدىلا ئىسسىپ قالدى. يەنە يەتتە بالا كەلدى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم بالىلارغا تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئۈچ تېڭىق دەپتەر، ئىككى دەستە خوتەن قەغىزى ۋە بىرمۇنچە سامان قەغەزنى شېرىپجانغا تاپشۇرۇپ بېرىپ: «بۇگۈن بىر چوڭراق سودا ئىشىمىز بار ئىدى» دەپ ئۆزرىخالىق ئېيتىپ ئۆيىگە قايتتى.

شېرىپجان بالىلارنى بويىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكىگە قاراپ بىر پارتىغا ئىككىدىن بالىنى ئولتۇرغۇزدى. ئابدۇخالىقنى ئايرىم بىر پارتىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ كەينىدىلا خېلىل موللامنىڭ مەكتىپىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ئىمىن ئولتۇردى.

شېرىپجان سىنىپ خاتىرىسىگە ھەر بىر بالىنىڭ ئىسىم فامىلىسى، يېشى، ئاتىسىنىڭ كەسپى، ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى يې

ـزنۋالدى. ئۆنىڭدىن كېيىن ھەر بىر بالىغا بىر دەپتەر، ئون ۋاراق خوتەن قەغىزى، ئون ۋاراق سامان قەغەز، بىر تالدىن قېرىنداش قەلەم تارقىتىپ بەردى.

شېرىپجان بالىلارغا: «دەپتەرگە ئېلىپبەدىن ئۆتكەن دەرسنى يازىسىلەر، خوتەن قەغىزىنى ئۆزۈڭلەر دەپتەر تىكىۋېلىپ ھېساب دەرسىنى يازىسىلەر، سامان قەغەزگە ئىملا دەرسىنى يازىسىلەر» دەپ چۈشەندۈردى. ھەر بىر بالىنىڭ دەپتىرىنىڭ مۇقاۋىسىغا شۇ بالىنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى يېزىپ بەردى. ئاخىرىدا بالىلارغا:

— سىلەر بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلدىڭلار، شۇڭا ئوقۇغۇچى دەپ ئاتىلىسىلەر. مېنى شېرىپجان قارىم دېسەڭلەرمۇ، ئەپەندىم دېسەڭلەرمۇ بولىدۇ. بىز بۇ مەكتەپتە ھەپتىدە ئالتە كۈن ئوقۇپ جۈمە كۈنى دەم ئالىمىز. كۈندە تۆت سائەت دەرس ئوقۇيسىلەر، ھەر كۈندە بىرىنچى سائەتتە قىرائەت دەرسى ئۆتۈپ، ھەر بىر سۈرىنى ئىلمىي تەجۋىد قائىدىسى بويىچە قىرائەت قىلىپ ئوقۇشـ نى ئۆگىنىسىلەر، قالغان ئۈچ سائەتتە ئېلىپبە، ھېساب، ئىملا، ئەدەپ ـ ئەخلاق دەرسلىرى ئۆتۈلىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى.

شېرىپجان بالىلارغا:

— بۈگۈن 11 بالا كەپسىلەر. سىلەر ئۆيىڭلەرگە قايتىپ بارغاندا مەھەللەڭلەردىكى بالىلارغا دەڭلەر. مەكتەپتە ئوقۇيدىغانـ لار سىلەر بىلەن بىللە كەلسۇن. ئەتە رەسمىي دەرس باشلايمىز. ئەمدى ئۆيىڭلەرگە كەتسەڭلەر بولىدۇ. ئازاد! — دېدى. بالىلار خۇشال ھالدا سىنىپتىن چىقىپ ئۆيلىرىگە قاراپ يۈگۈرۈشۈپ كېتىشتى.

※ ※ ※

ئەتىسى مىرزابايىنىڭ قورۇسىدا ئېچىلغان بۇ بىر سىنىپلىق مەكتەپتە رەسمىي دەرس باشلاندى. تۇنۇگۈن كەلگەن بالىلارغا يېڭىدىن يەنە تۆت بالا قوشۇلۇپ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار سانى

16گە يەتكەنىدى.

بىرىنچى سائەتتە قىرائەت دەرسى ئۆتۈلدى. ئىككىنچى سا-
ئەتتە ئانا تىل دەرسىدە ئېلىپبەدىن «ئا» ھەرىپى ئۆتۈلدى. شې-
رىپجان ئوقۇغۇچىلىرىغا «ئا» نى سۆزلىگەندە «ئا» ئادەم، ئاتا،
ئانا، ئات دېگەندەك سۆزلەرنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. ئادەم دۇنيادىكى
مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ئەقىللىق، سۆزلىيە-
لەيدىغان، ئىش قىلالايدىغان، ئۆزىنىڭ ئەمگەك تەرى ئارقىلىق
دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدىغان بىرىنچى مەخلۇق. شۇڭا ئادەم كىچى-
كىدىن باشلاپ تەربىيە ئېلىشى، ئىلىم ئۆگىنىشى، ئۆزىنى بىلىم
بىلەن قوراللاندۇرۇشى لازىم. بىلىم ئادەمگە بەخت ئېلىپ كېلى-
دۇ. بىلىمسىز، نادان ئادەم بەختسىز بولىدۇ. شۇڭا ئاتا -
بوۋىلىرىمىز ‹بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىملىك مىڭنى›
دەيدۇ. ئاش، نان ئادەمگە قانداق مۇھىم بولسا بىلىممۇ شۇنداق
مۇھىم. شۇڭا بىز سىلەرنى بىلىملىك ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش،
يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن بۇ مەكتەپنى ئاچتۇق. بىلىم ئادەمگە بەخت
ئېلىپ كېلىدىغان ئەڭگۈشتەر. سىلەر بۇ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇ-
ساڭلار بىلىم دېگەن بۇ ئەڭگۈشتەرگە ئىگە بولىسىلەر» دەپ چۈ-
شەندۈردى. شېرىپجاننىڭ سۆزلىرى بالىلارغا بەك قىزىقارلىق
تۇيۇلۇپ، ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبىدە يېڭى ھېس - تۇيغۇلارنى
ئويغاتتى.

شېرىپجان ئۈچىنچى سائەتتە ھېساب، تۆتىنچى سائەتتە ئە-
دەب - ئەخلاق دەرسى ئۆتتى.

شېرىپجان ئابدۇخالىقنى سىناپ كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.
چۈنكى شېرىپجان ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئابدۇخالىقتەك بىلە-
مەيتتى. تىل - ئەدەبىياتتا ئابدۇخالىقنىڭ ئۇستاز ئەلىشىر نەۋا-
ئىنىڭ «چاردىۋان» ، «خەمسە نەۋائى» قاتارلىق ئالەمشۇمۇل
ئەسەرلىرىنى، لۇتفى، فۇزۇلىنىڭ نەزمە - غەزەللىرىنى، شەيخ
سەئىدىنىڭ «گۇلىستان» نامىلىق دۇنياغا مەشھۇر كىتابىنى، جا-

لالىدىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى شېرىف» ناملىق كىتابىدىكى ھېك-
مەتلەرنى يادلاپ بولغانلىقىنى، قۇل خوجائەخمەت يەسىۋى ھېك-
مەتلىرىنى سۇدەك بىلىدىغانلىقى شېرىپجاننى ھەيرەتتە قالدۇر-
دى. بىراق، ھېساب، بولۇپمۇ تەبىئەت، تارىخ، جۇغراپىيە دەرس-
لىرى ئابدۇخالىققا يېڭىلىق ئىدى.

شېرىپجان ئابدۇخالىقنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇ-
نىڭغا ھېساب دەرستە تۆت ئەمەلدىن دەرس ئۆتۇپ كەررىنى يادلات-
قۇزدى. تارىخ، جۇغراپىيە دەرسلىرىنى نۇقتىلىق ئۆتتى.

شېرىپجان كۆپنى كۆرگەن، بىلىدىغىنى كۆپ، بىلىملىك،
خېلى تەجرىبىلىك مۇئەللىم ئىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەر بىر
سائەتلىك دەرسنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، قىزىقارلىق سۆزلەپ
چۈشەندۇرەتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قوياt-
تى. ئۇلارنى سىنىپتا بەك قاتتىق تۇتاتتى. بىراق ئۇ دەرستىن
چۈشكەن چاغلاردا ئوقۇغۇچىلارغا خۇددى ئۆزىنىڭ ئۇكىلىرىغا
ئوخشاش قىزغىن كۆيۈنۇپ، ناھايىتى مۇلايىم، ئىلمىي مۇئامىلە
قىلاتتى. ئۇ دائىم باللارغا قىزىق ـ قىزىق چۆچەك ھېكايىلەرنى
ئېيتىپ بېرەتتى. بەزى چاغلاردا روسىيىنىڭ تاشكەنت، شەمەي،
قازان، موسكۋا شەھەرلىرىدە كۆرگەنلىرىنى ھەمدە روسىيىدىكى
يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. باللارنى روسىيىدىكى تۆمۇر-
يول، پويىز، ئاپتوموبىل، ماشىنىلار، قازان شەھىرىنىڭ يېنى-
دىكى ۋولگا دەرياسىدا قاتنايدىغان پاراخوت، كېمىلەر، كېچىسى
ئۆيلەرنى يورۇتىدىغان توك — ئېلېكتر چىراغلار ئالاھىدە قىزىق-
تۇردى. شېرىپجان ھەپتىدە بىر سائەت باللارنى تېپىشماق ئېيى-
تىش، تېپىشماق تېپىش ئويۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇراتتى. ھەپتىدە
ئىككى سائەت تەنتەربىيە دەرسى ئۆتۇپ باللارنى بويسىرى تىزى-
لىش، رەتلىك ساناش، مېڭىش ـ تۇرۇش، مەشكە دەسسەش،
يۇگۇرۇش، كۇچ سىنىشىش، قول قايرىش قاتارلىق تەنھەرىكەت
پائالىيەتلىرىگە ئۇيۇشتۇراتتى. باللار ئۆزلىرىنى دىنىي مەكتەپ-

تىكىدىن ئەركىن، ئازادە ھېس قىلىپ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئاشتى. بارا - بارا شېرىپجان باللار بىلەن چىقىشىپ كەتتى. باللار ئۇنى ھۆرمەتلەپ ياخشى كۆرۈپ قالدى.

شېرىپجان بىر ھەپتە دەرس ئۆتكەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار- دىن تۇنجى قېتىم ئىمتىھان ئالدى. ئۇ ئىمتىھان نەتىجىسىگە ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنى تۆت دەرىجىگە ئايرىدى.

ئابدۇخالىق ئەليۇلئەلا بولۇپ بىرىنچى دەرىجە بولدى. ئە- مىن، ئوبۇلھەسەن ئىككىنچى دەرىجە، توققۇز بالا ئۈچىنچى دەرى- جىدە ئىمتىھاندىن ئۆتكەنىدى. پەقەت ئابدۇرېھىم ئىسىملىك بىر بالا ئەدنا بولۇپ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنىدى.

شۇ كۈنى كەچتە مىرزاباي، شېرىپجان بىلەن مجىت ھاجى- نىڭ ئۆيىگە باردى. داستىخان سېلىنىپ چاي قۇيۇلدى. چايدىن كېيىن شېرىپجان مجىت ھاجىغا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر ھەپتىلىك ئۆگىنىش ئەھۋالىنى قىسقا قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئاندىن ئوقۇ- غۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى يېزىلغان قەغەزنى مجىت ھاجى- غا سۇندى.

مجىت ھاجى ئابدۇخالىقنىڭ مەكتەپ ئېچىلىپ ئېلىنغان تۇنجى ئىمتىھاندا ئەليۇلئەلا بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە شېرىپجانغا كۆپ رەھمەت ئېيتتى.

شېرىپجان مجىت ھاجى بىلەن مىرزابايغا « ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىگە ئەليۇلئەلا بىلەن ئەلا بولغان ئۈچ بالىنى ئەتە سىنىپ مەجلىسى ئېچىپ مۇكاپاتلىساق، دېگەن تەكلىپنى بەردى. مجىت ھاجى سەل ئويلىنىپ قالدى. ئۇ:

— باللارنى رىغبەتلەندۈرۈپ مۇكاپاتلىساق ياخشى بولىدۇ. مېنىڭچە باللارنى مەكتەپكە يەنىمۇ كۆپلەپ جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن ئەدنادىن باشقا ھەممە بالىنى ئازراق پەرقلەندۈرۈپ دەپتەر، قەلەم بىلەن مۇكاپاتلايلى، — دېدى.

شېرىپجان بىلەن مىرزاباي بۇ گەپكە قوشۇلدى. ئەتىسى

ئوقۇغۇچىلار سىنىپتا مۇئەللىمنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئالدىدا شېرىپجان مۇئەللىم كەينىدىن مىرزاباي بىلەن مىجىت هاجى كىرىپ كەلدى.

سىنىپ باشلىقى ئوبۇلهەسەننىڭ «بىر!» دەپ توۋلىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇستازىغا هۆرمىتىنى بىلدۈردى، «ئىككى!» دەپ توۋلىغاندىن كېيىن ئولتۇرۇشتى.

شېرىپجان مىجىت هاجى بىلەن مىرزابايىنى بوش پارتىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆزى دوسكا ئالدىغا ئۆتتى. ئۇ بۇ سائەتتە سىنىپ مەجلىسى ئېچىلىدىغانلىقىنى دېۋىدى، باللار بىر - بىرىگە قارىشىپ «سىنىپ مەجلىسى دېگەن قانداق دەرستۇ؟» دەپ پىچىرلىششقا باشلىدى.

شېرىپجان باللارنى تەرتىپكە چاقىرىپ تىنچلاندۇردى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا:

— دىققەت قىلىپ ئولتۇرۇڭلار، پىچىرلاشماڭلار، تۈنۈگۈن سىلەردىن بىر هەپتىدىن بۇيانقى ئوقۇغان دەرسىڭلاردىن ئىمتىهان ئالغانىدىم. هازىر ئاشۇ ئىمتىهاننىڭ نەتىجىسىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىمەن، — دېدى.

باللار «مەن ئىمتىهاندىن قانداق ئۆتكەندىمەن» دەپ قىمىر قىلماي مۇئەللىمنىڭ ئاغزىغا قاراپ تىك ئولتۇرۇشتى.

— كىمنىڭ ئىسمى چىقسا شۇ ئورنىدىن تۇرسۇن، قالغانلار چاۋاك چېلىپ قارشى ئېلىڭلار، — دېدى شېرىپجان ئىمتىهان نەتىجىسىنى ئوقۇشقا باشلاپ، — ئابدۇخالىق ئابدۇراخمان ئەلا-يۇلئەلا نەتىجە بىلەن ئىمتىهاندىن بىرىنچى بولۇپ ئۆتتى! بۇنى ئاڭلاپ ئوقۇغۇچىلار چاۋاك چېلىشتى. ئابدۇخالىق ئورنىدىن تۇردى. شېرىپجان ئوبۇلهەسەن بىلەن ئىمىننىڭ ئەلا نەتىجە بىلەن ئىككىنچى بولۇپ ئىمتىهاندىن ئۆتكەنلىكىنى ئېلان قىلغاندا سىنىپتا يەنە بىر قېتىم چاۋاك ساداسى ياڭرىدى

شېرىپجان مۇئەللىم توققۇز باللىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك

نەتىجە بىلەن ئەۋسات بولۇپ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ بولۇپ ئاخىرىدا ئابدۇرېھىمنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي تۆتىنچى دەرىجە يەنى ئەدنا بولۇپ قالغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا باللار «ئەدنا ــ ئەدنا» دەپ پىچىرلىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

ئابدۇرېھىم ئۈرۈمچى كوچىسىنىڭ غەربىي چېتىدە ئولتۇرۇشلۇق ھېلىم موزدوزنىڭ ئوغلى ئىدى. 12 ياشلاردىكى ئاق سېرىق كەلگەن بۇ بالىنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭغا ھېچكىم چاۋاك چالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا «ئەدنا» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالدى. باللار ئۇنى «ئابدۇرېھىم ئەدنا» دەپ چاقىرىدىغان بولدى.

شېرىپجان مۇئەللىم:

— ھازىر مۇكاپاتلاشنى باشلايمىز. ئىسمى چاقىرىلغانلار ئالدىغا چىقسۇن، — دېدى.

شېرىپجان باللارنىڭ ئىسمىنى بىر ـ بىرلەپ ئوقىدى. ئەڭ ئالدىدا ئەلىيۇلئەلا بولغان ئابدۇخالىق ئابدۇراخمان ئالدىغا چىقىپ بەش دەپتەر، ئىككى تال قېرىنداش بىلەن مۇكاپاتلاندى. ئەلا بولغان ئوبۇلھەسەن بىلەن ئىمىن تۆت دەپتەر، بىر تال قەلەم بىلەن مۇكاپاتلاندى. ئۈچىنچى دەرىجە ئەۋسات بولغان توققۇز ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر بىرى ئىككى دەپتەر، بىر تال قەلەم بىلەن رىغبەتلەندۇرۇلدى. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي ئەدنا بولۇپ قالغان ئابدۇرېھىمغىمۇ بىر دەپتەر، ئون ۋاراق سامان قەغەز، بىر تال قېرىنداش بېرىلىپ بۇنىڭدىن كېيىن تىرىشىپ ياخشى ئوقۇشىغا رىغبەتلەندۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئارىدىن ئون كۈن ئۆتتى. مىجىت ھاجى 100 تۆگىگە مال ئارتىپ كارۋان تارتىپ روسىيەنىڭ شەمەي شەھىرىگە قاراپ 20 نەچچە ھەمراھى بىلەن يولغا چىقتى.

مىرزاباي بۇ يىل ئەتىيازقى شەمەي سەپىرىدىن قالدى. ئۇ مىجىت ھاجى بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا:

— بودورەم ئۆزلىرى مېڭىپ تۇرۇشقايلا، شېرىپجان قارىم-نى ئاتايىتەن تەكلىپ قىلىپ ئۆز هويلامدا مەكتەپ ئېچىپ قويۇپ ئۇنى تاشلاپ كەتسەم بولماس. بىرەر پېشكەللىك روي بېرىپ قالمىغاي دەپ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى.

مىجىت هاجى چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، بىر تىنىپ قويۇپ دېدى:

— بىز بۇ مەكتەپنى ياخشى نىيەت، ياخشى كۆڭلىمىز بىلەن ئاچتۇق. هېچكىمگە يامانلىق ئەيلىمىگەندۇق. چوڭراق بىر كۆ-ڭۈلسىزلىك ئىشمۇ چىقماس. مەن سەپەرگە ئاتلىنىپ قالدىم. بۇدورەم نوۋگوردتىكى ئەتىيازلىق يەرمەنكىگە بارمايلا، ماللارنى شەمەيدە قولدىن چىقىرىۋېتىپلا پاتراق قايتىپ كېلىشنىڭ ئامالى-نى قىلۇرمەن. مەكتەپنىڭ ئىشى ئۆزلىرىگە قالدى. هەرقانداق بىر ئىشقا يولۇقسىلا بىزنىڭ ئابدۇراخمان مەخسۇمغا «هايت» دېسىلە، ئۇ هۇزۇرلىرىدا هازىر بولىدۇ. مەكتەپ ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتىدۇ.

مىجىت هاجى شۇنداق دەپ بولۇپ يېنىدىن 500 سەر پۇلنى چىقىرىپ شېرىپجانغا سۇنۇپ:

— خەج - خىراجەتلىرىگە ئىشلىتەرلا، — دېدى.

شېرىپجان رەهمەت ئېيتىپ پۇلنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى.

# زۇلمەتلىك بىر كۈن

مىرزابابنىڭ ئەنسىرەشلىرى بىكار ئەمەس ئىدى. يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسى ئالدىدا موزدوزلۇق قىلىدىغان ئىبراھىم موزدوز ھەر كۈنى كەچقۇرۇن ئىش يىغىپ ئۆيىگە قايتىشىدا مىرزابابنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختاپ ئۆتەتتى. ئۇ بازاردا مەكتەپ توغرىسىدا بولۇۋاتقان ياخشى - يامان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى كۈندە دېگۈدەك مىرزابايغا ئېقىتماي - تېمىتماي يەتكۈزۈپ تۇراتتى. مىرزاباي بولسا ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغان ھامان دەككە - دۈككىگە چۈشەتتى. ئۇ دەرھال شىرىپجاننى چاقىرىپ:

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەيتتى.

— ۋاي تاغا ھېچۋەقەسى يوق. بىز ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى كىچىككىنە ناننى تارتىۋالدۇق ئەمەسمۇ، شۇڭا ھېلىقى تۇرسۇن خەلپەت دېگەنلەر بىزگە كۈچەپ پىتنە ئوقلىرىنى ئېتىۋاتىدۇ. ئەتە - ئۆگۈنلۈككە نېمە ئىشلار بولۇر، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ تاغا، خاتىرجەم بولسىلا، — دەيتتى قولىنى سىلكىپ ئانچە پەرۋا قىلماي كەتمەي.

«تۇرپاندا پاراڭ تولا، توقسۇندا بوران» دېگەن گەپ بىكارغا تارقالمىغانىكەن. بەشىنچى ئاي كىرىپ مىرزابابنىڭ قورۇسىدا ئېچىلغان بۇ مەكتەپ توغرىسىدىكى ئۆسەك گەپلەر كۆپىيىپ كەتتى. يېڭىشەھەردىكى رىياكار موللىلار، سوپى، ئىشانلار: «مىرزاباي قۇيرۇق كۆرستىپ ئۆپكە ساتقاندەك ئىش قىپتۇ. ئۇ مەكتەپتە قىرائەت ئۆگەتمىز دېگىنى بىلەن شىرىپجان ئەسلىدە بىر جەدىت ئىكەن ئەمەسمۇ. ئۇ بالىلارنى يولدىن چىقىرىدىغان، بىدئەتلىككە باشلايدىغان بىسمىللاسى يوق ئېلىپبە، ھې-

ساب، ئىملا دېگەندەك بىر نېمىلەرنى ئۆگىتىدىكەن. بۇ مەكتەپ
بىزگە ئاخىرى ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن پىتنە ـ پاساتلارنى
تارقىتىشتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بەزى ئاتا ـ ئانىلار بۇ مەك-
تەپكە بالىلىرىنى ئەۋەتىشتىن تەۋرىنىپ قالدى.
ئالتىنچى ئاي كىرىشى بىلەن يېڭىشەھەردىكى سوپى، ئىشان-
لارنىڭ مۇرتلىرى ئىچىدە مىرزابايىنىڭ قورۇسىدىكى مەكتەپنى
تاقاش كېرەك، بولمىسا بۇزۇپ چاقىمىز! دېگەن چۇقانلار كۆتۈ-
رۈلۈشكە باشلىدى.
بىر كۈنى شېرىپجان ئوقۇغۇچىلارغا ئىككى سائەت دەرس
بېرىپ بولغاندىن كېيىن سىنىپنىڭ ئىچى قاتتىق ئىسسىپ دىمىق
بولۇپ تەر پۇراپ تۇراتتى. ئۇ نېمىنىدۇر ئويلانغاندىن كېيىن
ئوقۇغۇچىلارغا:
— ھەممەڭلەر دەپتەر ـ قەلىمىڭلارنى جىلتەڭلەرگە سېلىپ
ھويلىغا چىقىپ تىزىلىڭلار، — دېدى.
باللار چۇرۇقلىشىپ ھويلىغا چىقىپ بويىسىرى تىزىلدى.
شېرىپجان:
— ھازىر بىز پولۇچىنىڭ تاللىقىدىكى ئۆستەڭ بويىغا بارى-
مىز، يولدا تەرتىپ بىلەن رەتلىك مېڭىڭلار، قېنى پولۇچىنىڭ
تاللىقىغا قاراپ قەدەملەپ مارش! — دەپ كوماندا بەردى. باللار
ھويلىدىن چىقىپ ئۇرۇمچى كوچىسىنى بويلاپ غەربكە —
پولۇچىنىڭ تاللىقىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى.
پولۇچىنىڭ تاللىقى بىلەن مىرزابايىنىڭ قورۇسىنىڭ ئارىلى-
قى ئىككى چاقىرىم كېلەتتى. باللار 15 مىنۇتتىلا ئۆستەڭ
بويىغا يېتىپ كەلدى. شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بۇ ئۆستەڭدى-
كى ئۇلۇغ سۇ يېڭىشەھەردىن يارغولغا بارىدىغان يولنى كېسىپ
ئۆتۈپ كونا تۇگمەن بېشىغا كەلگەندە ئالتە ـ يەتتە مېتىر ئېگىز-
لىكتىن شارقىراتما ھاسىل بولۇپ پەسكە ئېتىلىپ چۇشۇپ پولۇ-
چىنىڭ تاللىقى دەپ داڭقى چىققان بۇك ـ باراقسان تال ـ

تىرەكلەر، ئۈژمە، جىگدە، قارىياغاچلار ئاسمانغا بوي سوزۇپ ئۆسكەن قويۇق دەرەخلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتەتتى.

ئىسسىقتا تەرلەپ ـ پىشىپ كەلگەن بالىلار شارقىراتمىنىڭ قىرغىقىدىكى يوغان ئۈژمىنىڭ تۈۋىگە جىلتە ۋە كىيىم ـ كېچەك-لىرىنى قويۇشتى. ئۇلار قىيا ـ چىيا ۋارقىرىشىپ ئاق بۇژغۇن چاچرىتىپ قاينام ھاسىل قىلىپ جەنۇبقا ئېقىپ كېتىۋاتقان سۇغا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى.

شېرىپجان بولسا ئۆستەڭ بويلاپ جەنۇبقا بىرەر ـ ئىككى يۈز مېتىر مېڭىپ دەرەخلەرنىڭ ئەڭ قويۇق يېرىگە يېتىپ بار-دى. ئۇ ئەتراپتا ئۆزىدىن باشقا ئادەم يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن كىيىملىرىنى سېلىپ ئۆستەڭگە چۈشۈپ مۇزدەك سۇدا راھەتلىنىپ يۇيۇنۇشقا باشلىدى.

※ ※ ※

مىرزاباي ئىككى ھەپتە بۇرۇن ئۇرۇمچىگە كەتكەنىدى. ئۇ-نىڭ خېنىمى راھىلە بۇۋى ئەتىگەندە يېڭىشەھەردىكى بىر باينىڭ خوتۇنى چاقىرغان چايغا ماڭغانىدى. شېرىپجان باللارنى پولۇچى-نىڭ تاللىقىغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن نۇرا خېنىم ھويلىدا يالغۇز قالغانىدى. ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندە قوشنا ھويلىدى-كى تۇرسۇن تۆمۈرچىنىڭ قىزى ئوغۇلخان يۈگۈرۈپ كىردى. ئۇ تېز يۈگۈرگەنلىكتىن ھاسىراپ تۇراتتى.

— پات بولسىلا نۇراخانئاغچا سوپى ـ ئىشانلار مەكتەپنى بۇزۇپ، چاقىـمىز دەپ كېـلىۋاتـقۇدەك. بازاردىن ئۇكەم ھە-مىت شۇنـداق دەپ كەلـدى، — دېـدى ئىـشىكنىڭ بوسۇغىدىلا تۇرۇپ.

— ۋاي نېمە دەيدىغانسىز ئەمدى، ۋاي ئاتام، ۋاي ئانام، ئۆيدە ئەرخەق بولمىسا قانداق قىلارمەن! — نۇراخېنىم شۇنداق دەپ ۋايساپ روملىنى بېشىغا سېلىپ يۈزىنى ئېتىپ شۇنداق

هويلىغا چىقىشىغا تاياق ـ توقماق كۆتۈرۈشكەن ئون نەچچە ئادەم هويلىغا باستۇرۇپ كىردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بېشىغا كىرلە-شىپ كەتكەن سەللە ئورىغان سېمىز، پاكار بويلۇق، ئالايەكتەك كىيگەن يۈزىنى ساقال بېسىپ كەتكەن بەتبەشىرە بىرسى ئالدىغا چىقىپ كېكەچلەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى:

— ق ـ قېنى شې ـ شېرىپجان قارىم دېگەن جە ـ جەدىت بۇ يەرگە چىق!

سوپىلاردىن بىرسى سىنىپنىڭ ئىشىكىنى بىر تېپىۋىدى، ئىشىك يان ياغاچتىن ئاجراپ گۈپپىدە يەرگە چۈشتى.

— سىنىپتا بىرمۇ ئادەم يوقكەن، — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ.

— ئۇرۇپ چېقىڭلار، جوزا ـ بەندىڭلەرنى، — دەپ چۇقان سالدى بىرسى.

ئەزۋەيلەشكەن بۇ زوراۋانلار قىيا ـ چىيا ۋارقىرىشىپ سى-نىپقا ئېتىلىپ كىرىپ پارتا ـ ئورۇندۇقلارنى چاققىلى تۇردى.

شۇ ئارىدا نۇراخېنىم يېنىدا تۇرغان ئوغۇلخانغا:

— شېرىپجان قارىم باللارنى پولۇچىنىڭ تاللىقىغا ئېلىپ كەتكەن. سىز سىڭلىم شۇ يەرگە بېرىپ خەۋەر قىلىڭ، — دەپ پىچىرلىدى. ئوغۇلخان دەرهال هويلىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەت-تى. سوپىلاردىن ئىككىسى نۇراخېنىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ سو-راشقا باشلىدى:

— جەدىت ئېرىڭ نەگە كەتتى؟

— بىلمەيمەن.

شۇ چاغدا سىنىپتىن بىر سوپى چىقىپ:

— هوي هازىم سوپى خوتۇن خەق بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ تۇرغىچە ماۋى يەرگە كىرىپ كۈچىڭنى كۆرسەتمەمسەن، — دەپ ۋاقىرىدى.

ئىككى سوپى يۈگۈرۈشۈپ سىنىپقا كىرىپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن نۇراخېنىم ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى.

ئاردىن ئون مىنۇت ئۆتۈپ سىنىپتىكى پارتا - ئورۇندۇقلارنى بۇزۇپ سۇندۇرۇپ سىنىپنىڭ ئىچىنى ۋەيران قىلغان بۇ زوراۋانلار چۇقان سېلىشىپ هويلىغا چىقىشتى. ئۇلاردىن ئىككى - ئۈچى نۇراخان كىرىپ كەتكەن ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ۋۇ دەججال بۇ ياققا چىق، جەدىت ئېرىڭنى تاپ! — دەپ ۋارقىراشقىلى تۇردى.

— نېمىدەپ مېنىڭ خوتۇنۇمنى هاقارەتلەيسىلەر؟ ئۇ سىلەرگە نېمە قىلغان؟ گېپىڭلار بولسا مانا مەندەك ئوغۇل بالىغا دەڭلار! — شېرىپجان شۇنداق دەپ توۋلىغان پېتى هويلىغا ئېتىلىپ كىردى.

— بالىلىرىمىزنى دىنىدىن چىقىرىپ، يامان يولغا باشلىغان جەدىتنى ئۇرۇڭلار! — دەپ ۋاقىرىدى هىمىت سوپى.

— هە بىز سېنى تاپالماي تۇرغان، بالىلارغا ئېلىپبە، هېساب ئۆگىتىمەن دەپ بىسمىللاسى يوق بىر نېمىلەرنى ئۆگەتكەن ئاغزىڭ مۇشۇمۇ، — دەپ هازىم سوپى شېرىپجاننىڭ ئاغزىغا بىر مۇشت سالدى.

شۇئان شېرىپجاننىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان ئېتىلىپ چىقىپ يۈز - كۆزىنى بوياۋەتتى.

بۇ چاغـدا ئوغۇلخانـدىن سوپى - ئىشانـلارنىڭ سىنىپنىڭ پارتا - ئورۇندۇقلىرىنى چېقىپ، شېرىپجاننى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىق ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۆيىگە ئاتىسى ئابدۇراخمان مەخسۇمنى چاقىرغىلى كەتكەنىدى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم سىرتتىن كېلىپ پەيتۇندىن چۈشۈۋاتاتتى. ئابدۇخالىق:

— ئاتا تېز بولسىلا، سوپى - ئىشانلار سىنىپنى بۇزۇۋاتىدۇ، — دېدى هاسىراپ.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئابدۇخالىقنى ئېلىپ پەيتۇنغا چىقتى. ئايۇپ هارۋىكەش پەيتۇننى ئۇچقاندەك هەيدەپ ئۇرۇمچى كوچىس-

دىكى مىرزابايىنىڭ قورۇسىغا يۈرۈپ كەتتى.

※ ※ ※

سوپى - ئىشانلار ئەزۋەيلىشىپ سۈرەن - چۇقان بىلەن شېرىپجاننى ئارىغا ئېلىپ ئۇ تەرەپتىن - بۇ تەرەپكە ئىتتىرىپ ئەپسانە تىللار بىلەن ھاقارەتلەۋاتقان چاغدا ھويلىغا بىر پەيتۇن كىرىپ توختىدى. توپىلاڭچى زوراۋانلار بۇنىڭدىن سەل چۆچۈپ كەينىگە قارىشىۋىدى، پەيتۇندىن تۇرپان يامۇلىنىڭ ئامبىلى جاڭ خۇالىڭ چۈشتى. مىلتىقلىق ئىككى ئەسكەر ئۇنىڭ يېنىدا تىك تۇراتتى. كەينىدىن ئورۇق، ئېگىز بويلۇق كېرەم تۇڭچى (تەرجىمان) پەيتۇندىن چۈشۈپ ئامبالنىڭ يېنىغا كەلدى.

بۇ چاغدا ھويلىدىكى چۇقان - سۈرەنلەر بېسىققانىدى. جاڭ خۇالىڭ يۈز - كۆزى، ئاق كۆينىكى قىپقىزىل قانغا بويالغان يالاڭباشتاق تۇرغان ئادەمنىڭ شېرىپجان مۇئەللىم ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدى - دە، يېنىدىكى ئەسكەرگە ئۇنى ئالدىمغا ئېلىپ كەل دەپ بۇيرىدى.

ئەسكەردىن بىرى شېرىپجاننى ئامبالنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئامبال شېرىپجانغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ «ھىم» دەپ دىمىقىنى قېقىپ قويۇپ كېرەم تۇڭچىغا گەپ قىلدى. كېرەم تۇڭچى:

— دارىن جانابلىرى شېرىپجان قارىم دېگەن سەن شۇمۇ دەپ سورايدۇ، — دېدى شېرىپجانغا قاراپ.

— ھەئە مەن شۇ، — دېدى شېرىپجان قەددىنى رۇسلاپ. كېرەم تۇڭچى ئامبالنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلغىلى تۇردى:

— شېرىپجان سەن ياخشى ئاڭلاپ تۇر. سىلەر ئاچقان بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىسىز ئېچىلغان قانۇنسىز مەكتەپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مانا مۇشۇ پۇقرالار بىزگە سىلەر ئاچقان بۇ مەكتەپ ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. ھازىر ئۇرۇمچىدىن

ياڭ جياڭجۇندىن [1] بۇ مەكتەپنى دەرھال تاقاش توغرىلىق پەرمان كەلدى. بىرىنچىدىن بۇگۈن مەكتەپ تاقالسۇن. ئىككىنچىدىن شېرىپجان ئۈچ كۈن ئىچىدە تۇرپاندىن چىقىپ كەتسۇن.

ئامبال قولىنى شىلتىپ پەيتۇن تەرەپكە ماڭغىلىۋاتقاندا شېرىپجان:

— توختاڭ گېپىم بار، — دەپ توۋلىدى.

ئامبال كېرەم تۇڭچىغا بىر نېمە دېدى. كېرەم تۇڭچى:

— دارىن جانابلىرى شېرىپجان قارىمىنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا ۋاقتىم يوق دەيدۇ، — دېدى.

— ئاھ كاج پەلەك، ئاھ زۇلمەتلىك كۈن! — دەپ نىدا قىلدى شېرىپجان.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھېلىقى پاكار، بەتبەشىرە سوپى كېكەچلەپ تۇرۇپ:

— سى - سەن بى - بىزنىڭ تۇر - تۇرپاننى بۇلغۇدۇڭ. بىز سېنى ئۇ - ئۇرۇپ ئۆل - ئۆلتۈرۈۋەتسەكمۇ ئۆچىمىز چىقمايدۇ، — دەپ سۈرەن سالدى.

سالغان سۈرىنىنى بۇيرۇق دەپ بىلگەن رىياكار موللا، سوپىلار شېرىپجاننى ئارىغا ئېلىپ ئىتتىرىشىپ دۈشكەللەشكە باشلىدى. شېرىپجان ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈشكە بىر سوپى:

— مانا باللارغا خەت ئۆگەتكەن قولۇڭغا، — دەپ توقماق بىلەن شېرىپجاننىڭ قولىغا قاتتىق ئۇردى.

— ۋايجان! — شېرىپجان ۋارقىراپ تاشلىدى.

— ۋاي خۇدايىم نېمە بولدى؟ — نۇراخېنىم ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقتى.

شېرىپجاننىڭ ئوڭ قولى جەينىكىدىن سۇنۇپ پولاڭلاپ ساڭگىلاپ قالغانىدى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ئامبال جاڭ خۇالىڭ

---

[1] ياڭ جياڭجۇن — ياڭ زېڭشىن.

«ھىم» دەپ دىمىغىنى قېقىپ زەھەرلىك كۈلۈپ «ئۆزىنىڭ گۆ-شىنى ئۆز يېغىدا قورۇش دېگەن مۇشۇ» دەپ پەيتۇنغا چىقىپ يۈرۈپ كەتتى.

جاڭ خۇالىڭنىڭ پەيتۇنى دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشىگە يەنە بىر پەيتۇن ھويلىغا كىرىپ توختىدى.

شېرىپجاننىڭ «ۋاي قولۇم!» دەپ زارلىنىۋاتقانلىقىغا قارى-ماي سوپىلار ئۇنى ھە دەپ ئۇرۇۋاتاتتى.

— ئۇرۇڭلار، ياڭ جياڭجۇننىڭ يارلىقىنى ئاڭلىدۇڭمۇ، بۇ جەدىتنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەكمۇ سورىقى يوق ئەمدى، — دەپ چۇقان سېلىشتى سوپىلار.

— تارتىش قولۇڭنى، ۋۇ ئادىمىي ھايۋانلار! — بۇ سۈرلۈك چۇقاندىن ھويلىنى بېشىغا كىيىۋاتقان سوپىلار چۆچۈپ كېتىش-تى. ئۇلار ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ پەيتۇندىن چۈشۈۋاتقان ئابدۇراخمان مەخسۇم بىلەن ئابدۇخالىقنى كۆردى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم پەيتۇنغا تاشلاپ قويغان ئات قامچىسى-نى قولىغا ئالدى ـ دە، ئېتىلغان پېتى كېلىپ پاكار، سېمىز، كېكەچ سوپىنى قامچا بىلەن نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم-نىڭ سۈرىدىن قورقۇپ كەتكەن سو-پىلار دەرۋازىغا قاراپ قاچقىلى تۇردى.

— ۋۇ ئەقلىنى بالا نەپسى يەپ كەتكەن قارغىش تەگكۈر نادانلار، قوينىڭ قوزىسىدەك يۇۋاش، بىر گۇناھسىز بەندىنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇپمۇ يەنە قولۇڭلارنى تارتمايسىلە-را. مانا ئۇردى دېگەن، — ئابدۇراخمان مەخسۇم دەرۋازا تۈۋىگە بېرىپ قاراپ تۇرغان بىرنەچچە سوپىغا قاراپ قامچىسىنى شىلتىپ يۈگۈردى. سوپىلار ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ قەھرىدىن قورقۇپ چاشقان تۆشۈكى ساراي بولۇپ كۆزدىن يوقالدى.

نۇراخان ياغلىقنى ھۆل قىلىپ شېرىپجاننىڭ يۈزىدىكى قانلارنى ئېرتىۋاتاتتى.

— ھەي كېچىكىپتىمەن، كېچىكىپتىمەن! — دەپ پۇشايمان قىلاتتى ئابدۇراخمان مەخسۇم.

— ھېلىمۇ ئابدۇخالىقنى كۆرۈپلا بۇ يەرگە ماڭدۇق، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ باشقا گەپنى كېيىن دېيىشسەك، شېرىپجان قارىمنى دەرھال كوناشەھەردىكى ئىمىن سۇنۇقچىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭىنى. ھاۋا ئىسسىق، سۇنغان قولنى دەرھال تاڭدۇرۇۋەتمىسەك، ئىسسىقتا دەت قىلىپ قالىدۇ، — دېدى ئايۇپ ھارۋىكەش ئاتنىڭ بېشىنى دەرۋازىغا بۇراپ. بۇ گەپ بىلەن نۇراخېنىم ئۆيدىن شېرىپجاننىڭ بىر قۇر پاكىزە كىيىمىنى ياغلىقىقا چىگىپ ئېلىپ چىقتى.

شۇ ئەسنادا راھىلە بۇۋى قايتىپ كېلىپ شېرىپجاننىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ بىر پەس يىغازارە قىلدى.

ئايۇپ ھارۋىكەش شېرىپجاننى يۆلەپ پەيتۇنغا چىقاردى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئابدۇراخمان مەخسۇم بىلەن ئابدۇخالىق پەيتۇنغا چىقتى. نۇراخېنىم راھىلە بۇۋىنى يېڭىشەھەردىكى چايغا ئېلىپ بارغان پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ سۇنۇقچىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

# مەشئەل

ياڭ زىڭشىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مىرزابايىنىڭ قورۇسىدا ئېچىلغان يېڭى مەكتەپنى تاقاتتۇرۇۋەتتى. ئامبال جاڭ خۇالىڭ رىياكار موللىلار، جاھىل سوپىلارنىڭ نادانلىق، قەبىھلىكىدىن، غالجىرلىقىدىن پايدىلىنىپ «ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش» سۇيىقەستىنى ئىشلىتىپ شېرىپجان مۇئەللىمنى قاتتىق دۇمبالىتىپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ ۋەھشىيلەرچە قولىنى سۇندۇرۇپ تاشلاپ تۇرپاندىن كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. جاھالەتنىڭ قارا كۈچلىرى تۇرپاندا يانغان بۇ مەرىپەت چىرىغىنى ئەنە شۇنداق ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. ئىلىم - مەرىپەت كۈشەندىلىرى بىر مەھەل كۆرەڭلەپ كېتىشتى.

ئوقۇۋاتقان مەكتىپى تاقىلىپ قالغان ئابدۇخالىق خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان قوزىچاقتەك مۆڭلاندى. قانات پەيلىرى يۇڭدالغان كەپتەر باچكىسىدەك ئازابلىق زارلاندى. بىر نەچچە كۈنگىچە گېلىدىن غىزا ئۆتمىدى. ھەتتا دوستلىرى ئۇنى ئوينىغىلى چاقىرسىمۇ ئۆيدىن چىقماي قويدى. ئەرەمسىما خېنىم بىلەن نىيازخان خېلى بەزلەپ باققان بولسىمۇ ھېچقانداق كار قىلمىدى.

يەتتىنچى ئاينىڭ بېشىدا مىجىت ھاجى، مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە روسىيىگە سودىغا بارغان ھەمراھلىرى بىلەن ناھايىتى نۇرغۇن مال ئېلىپ شەمەيدىن تۇرپانغا قايتىپ كەلدى.

ئابدۇخالىق چوڭ دادىسى مىجىت ھاجىنى كۆرۈپلا رىياكار موللىلار جاھىل سوپىلارنىڭ رەھىمسىز قىلمىشلىرى، ئامبال جاڭ خۇالىڭنىڭ يولسىزلىقلىرى ۋە بىگۇناھ ئۇستازىنى قاراپ

تۇرۇپ قارا كۈچلەرگە دۇمبالىتىپ تۇرپاندىن ھەيدىۋەتكەنلەكىدىن زارلىنىپ، بۇ زۇلۇم - زورلۇقلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ يىغلاپ كەتتى. ئابدۇخالىقنىڭ ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئازاب - كۈلپەتلىك يىغازارى مىجىت ھاجىنىڭ يۈرەك قەلبىنى پارە - پارە قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ يىغانى ئۆرلەپ، غەزىپى قايناپ تېشىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى. ئۇ بىر ئورۇندا تۇرالماي ھويلىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ:

— خەپ بۇ يۇندىخور ئىتلار، چالا موللا ئادەم ئۆلتۈرەر دېگىنى مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ ھېلىمۇ مەخسۇم ئاتىڭىز ۋاقتىدا كېلىپ ئۇ ئادىمىي ھايۋانلارنى قامچىلاپ قوغلىۋېتىپتۇ، بولمىسا ئۇلار شۇ ۋەھشىيلىكىدە بىچارە شېرىپجان قارىمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇركەندۇق، خەپ توختاڭلار، لەنەت تەگكۈرلەر، سىلەر بۇ قىلمىش - ئەتمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتماي قالمايسىلەر، — دېدى.

مىجىت ھاجى ئابدۇخالىقنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بالام يېشىڭىزنى سۈرتۈۋېتىڭ. ئوغۇل بالا دېگەن يىغلىمايدۇ. ئۈمىدلىك بولۇڭ، ئۈمىد ئادەمگە غەيرەت، شىجائەت ئاتا قىلىدۇ. ئۈمىدسىزلەنمەڭ، ئۈمىدسىزلىك ئادەمنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدۇ. قەددىڭىزنى رۇسلاڭ، مەن سىزگە بىر خۇش خەۋەر ئېيتىمەن، — دېدى.

ئابدۇخالىق كۆز يېشىنى سۈرتۈۋەتتى. ئۇ قەددىنى رۇسلاپ چوڭ دادىسىغا قارىدى.

— مەخسۇتباي بۇ قېتىم ئاستانىدە يېڭى مەكتەپ ئېچىشقا تولۇق تەييارلىق قىلىپ كەلدى. ئۇ روسىيىدىن موسكۋادا ئوقۇغان ھەيدەر سايرانى دېگەن تاتار يىگىتنى يېڭى ئاچىدىغان مەكتەپكە ئەپەندىلىككە ئېلىپ كەلدى. مەخسۇت باي پات ئارىدا مەكتەپنى ئاچىدۇ، — دېدى مىجىت ھاجى ئىشەنچ بىلەن.

— راستمۇ چوڭ دادا، نېمىدېگەن ياخشى. مەخسۇتكام مەكتەپ ئاچسا مەن بىرىنچى بولۇپ تىزىملىتىمەن، — دېدى ئابدۇخالىق خۇشاللىقىدىن مىجىت ھاجىمىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ.

— مەن قاچان يالغان سۆزلەپ باققان؟ مەخسۇتباي ئاچقان مەكتەپتە سىزنى چوقۇم ئوقۇتىمىز. يەنە تېخى ئىنىڭىز ئابدۇقەييۇممۇ بار، — دېدى مىجىت ھاجى.

※ ※ ※

دەرۋەقە مىجىت ھاجىنىڭ ئېيتقانلىرى راست ئىدى. پەن - مائارىپ نۇرى بىلەن جاھالەت بۇلۇتلىرى قاپلاپ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىغا چۆككەن ئانا يۇرتىنى يورۇتۇپ، زۇلۇم كۇلپەتتە ئازاب چېكىۋاتقان خەلقنى ئويغىتىپ قۇتقۇزۇشنى قەلبىگە پۈككەن مەخسۇت مۇھىتى تالاي مۇشكۇل، قىيىنچىلىقلارنى، نۇرغۇن توسالغۇلارنى يېڭىپ ئىلىم - مەرىپەت مەشئىلىنى ياندۇردى.

مەخسۇت مۇھىتى نۇرغۇن خەج - خىراجەت قىلىپ يۇرتى ئاستانىدا چوڭ، ئازادە، يورۇق، ئاستى - ئۈستى تاختايلىق سىنىپلارنى سالدۇردى. يېڭىچە پارتا، ئورۇندۇقلارنى ياساتتى. ئۈچ ئاي ئىچىدە يېڭى مەكتەپنىڭ جىمى تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ بولدى. مەخسۇت مۇھىتى مۇشۇ ئىشلارنى روياپقا چىقارغىچە كۆپ ئويلىنىپ، كۆپ يول مېڭىپ، كۆپ جەبىر چېكىپ، بىھېساب تەر تۆكتى. ئۇنىڭ جاپالىق ئەجرى ئاخىرى مېۋە بەردى:

1913 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۇرپان ئاستانىدا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ مۇبارەك نامى بىلەن ئاتالغان يېڭىچە پەننىي مەكتەپ «مەخسۇدىيە مەكتىپى» رەسمىي ئېچىلدى. بۇ خۇش خەۋەر خۇددى باھار گۈلدۇرمامىسىدەك تۇرپان ئاسمىنىدا ياڭراپ بۇ قەدىمىي يۇرتنى زىلزىلىگە سالدى. بۇ ئىلمۇ - ئىرپان گۈلىستانى خۇددى زۇلمەت تۈننى يورۇتقان نۇرلۇق مەشئەلدەك بۇ ئانا يۇرتنىكى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان سەبىي قەلبلەرگە ئۈمىد، ئى-

شەنچ خۇشاللىق ئاتا قىلدى. مەخسۇدىيە مەكتىپىنىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچىسى ھەيدەر سايرانى ئەپەندى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تۇرپان، پىچان، توقسۇن، ئۇرۇمچى، گۇچۇڭلاردىن قىرىق نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى.

مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم، پولاتباي، مىرزاباي، ئەبەيدۇللا شەمەيچىلەر مەخسۇدىيە مەكتىپىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا تۇرپاندىن كېلىپ قاتنىشىپ مەخسۇت مۇھىتىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم بۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۇچۇن ئابدۇخالىق بىلەن ئابدۇقەييۇمنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى.

ھەيدەر ئەپەندى ئابدۇقەييۇمنى مەكتەپكە قوبۇل قىلدى. ئابدۇخالىقنى سىناپ كۆرۈپ:

— بۇ بالا خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىكەن. سەۋىيىسى باشلانغۇچ مەكتەپتىن كۆپ ئېشىپ كېتىپتۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشقا لايىق ئىكەن. ئەپسۇس، بىز ئەمدىگىنە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى سىنىپىنى ئاچتۇق - تە، — دېدى بېشىنى چايقاپ.

ئابدۇقەييۇم مەخسۇدىيە مەكتىپىدە ئوقۇشقا قالدى. ئابدۇخالىق چوڭ دادىسى ۋە ئاتىسى بىلەن ئامالسىز تۇرپانغا قايتتى.

※ ※ ※

ئابدۇخالىق ھېچقانداق بالىغا ئوخشىمايتتى. «ياخشى ئاتقا قامچا كەتمەيدۇ» دېگەندەك ئۇ كىتاب ئوقۇيتتى، خەت يازاتتى، ئۆگىنىش قىلاتتى. ھەر دائىم ئىلىم ئۆگىنىشكە ئىنتىلەتتى. ئۇ ئاستانىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشنى باشلىۋەتتى. ئۇ بەزىدە ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «چاھار دىۋان» ناملىق كىتابىدىن غەزەللەرنى ئوقۇپ كېتەتتى. قاچانلا قارىسىڭىز ئۇنىڭ قولىدىن كىتاب چۈشمەيتتى.

ئاردىن بىر يىل ئۆتتى.

مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم ئابدۇخالىقنى داۋاملىق ئوقۇتماقچى بولۇپ باش قاتۇرۇۋاتقاندا ئۇلارنىڭ تەلىيىگە مەخسۇدىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ھەيدەر ئەپەندىنىڭ دوستى ئەلى ئىبراھىموۋ 1914 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇرپانغا كەلدى.

مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن ئەلى ئىبراھىموۋنى ئابدۇخالىققا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ئەلى ئىبراھىموۋ خۇشخۇي، چىقىشقاق، ئاددىي كىيىنگەن بىلەن ناھايىتى پاكىزە، رەتلىك، يۇرۇيدىغان يىگىت ئىدى. ئېگىز بويلۇق، ئاق سېرىق كەلگەن بۇ تاتار يىگىتى بىر قاراشتىلا كىشىگە ياخشى تەسىرات قالدۇراتتى. ئابدۇخالىق بۇ يېڭى ئۇستازى بىلەن ناھايىتى ئاسانلا چىقىشىپ كەتتى.

ئەلى ئىبراھىموۋ رۇس، تۈرك تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان، مەخسۇس ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان مول بىلىملىك زىيالىي ئىدى. ئۇ تۇرمۇشتىكى سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەپ ئۆز مەقسىتىنى بىلدۈرەلىگىنى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىنى ئۇيغۇرچە سۆزلەشكە تولىمۇ ئاجىزلىق قىلاتتى. چۈنكى ئۇ قازان شەھىرىدىن ئالغاچ كەلگەن دەرسلىك كىتابلارنىڭ ھەممىسى تاتارچە ئىدى. ئابدۇخالىقمۇ تاتارچىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيتتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەلى ئەپەندىنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەقىل كەلدى. ئابدۇخالىققا تاتار تىلىنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە، ئۆزىمۇ قوشۇمچە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئەلى ئەپەندىنىڭ بۇ ئوي ـ پىكرىگە مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم قوشۇلدى. ئابدۇخالىقمۇ ئۇنىڭغا قىزىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەلى ئەپەندى ئابدۇخالىققا تاتار تىلى ئېلىپبە-

سىدىن دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۆزىمۇ كەمتەرلىك بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەندى.

ھەش ـ پەش دېگىچە ئۈچ ئاي ئۆتتى. ئابدۇخالىق تاتار تىلى ئېلىپبەسىنى ئوقۇپ تاماملىدى. ئەلى ئەپەندى يەنە ئۈچ ئاي ئابدۇخالىققا مەخسۇس تاتارچە، ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئابدۇخالىققا يادلاتتى. بۇنىڭ ئۈنۈمى خېلى تېز بولدى. ئابدۇخالىق ئۇستازى تاتارچە سۆزلىگەن دەرسلەرنى چۈشىنىپ بىلەلەيدىغان بولدى. يېرىم يىلدىن كېيىن ئەلى ئەپەندى ئابدۇخالىققا ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا دەرسلىرىنى ئۆتۈشكە باشلىدى. ئابدۇخالىق ئۇزۇن يوللاردا، سەپەر ئۈستىدە، چۆل جەزىرىگە ئۇچراپ چاڭقاپ كەتكەن يولۇچى ئۇسسۇزلۇققا تەشنا بولغاندەك ئىلىمگە تەشنا، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ بۇ ئوقۇش پۇرسىتىنىڭ ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۆگىنىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ تىرىشىپ ئۆگەندى.

ئەلى ئەپەندى ئابدۇخالىقنىڭ ئۆگىنىش روھىدىن سۆيۈنۈپ ئىمكانقەدەر ئۇنىڭغا كۆپرەك بىلىم ئىگىلەش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشكە تىرىشاتتى. شۇڭا ئەلى ئەپەندى ئابدۇخالىققا دەرس ئۆتۈشتە نوقۇل دەرسلىك كىتابقىلا تايىنىۋالماي ھەر سائەتلىك دەرسنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ چوڭقۇرلىتىپ سۆزلەشكە تىرىشاتتى.

ئۇستاز بىلەن شاگىرتنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىقى مول مېۋە بېرىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى

ئابدۇخالىق دەرستىن چۈشكەن چاغلاردا ئۆزىچە پىچىرلاپ نېمىنىدۇ يادلايتتى. كېيىنچە بۇنى سېزىپ قالغان ئەلى ئەپەندى ئابدۇخالىقنىڭ شېئىرغا قىزىقىدىغانلىقىنى، بوش ۋاقىتلىرىدا دائىم ئەلىشىر نەۋائىنىڭ شېئىرلىرىنى يادلايدىغانلىقىنى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ پاراڭ ئارىلىقىدا بىلىۋالدى. ئابدۇخالىق بەزىدە

ئىلھامى قوزغالغان چاغلاردا خەلق قوشاقلىرىغا تەقلىد قىلىپ كىچىك شېئىر، قوشاقلارنى يېزىپمۇ قوياتتى. ئەلى ئەپەندى ئابدۇخالىقنىڭ بۇ خىل قىزىقىشىغا ئىلھام بېرىشنى ئويلىدى. ئۇ ئۆز شاگىرتىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆزى روسىيەدىن ئالغاچ كەلگەن ئابدۇللا توقاي شېئىرلىرى توپلىمىنى ھەدىيە قىلدى. ئابدۇخالىق بۇ ھەدىيەدىن تولىمۇ شادلاندى.

ئابدۇللا تۇقاينىڭ شېئىرلار توپلىمى ئابدۇخالىقنى شۇنچەلىق جەلپ قىلىۋالدىكى، ئەتىسى ئەلى ئەپەندى يېڭى دەرس سۆزلىۋىدى، ئابدۇخالىقنىڭ قۇلىقىغا دەرس كىرمىدى. ئەلى ئەپەندى ئابدۇخالىقنىڭ ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلار توپلىمىغا بەك بېرىلىپ ئەس - يادى شۇ كىتابقا تولىمۇ مەھكەم باغلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئابدۇخالىق كىتابنى مەيدىسىگە باسقىنىچە ئويغا چۆمگەنىدى.

«يېڭى دەرس دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ مەن نېمىشقا ئۆز شاگىرتىمنىڭ ئىنتىلىش ئىستەكلىرىنى ھېسابقا ئالمايمەن. تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقىشىم كېرەك. ئۇستازنىڭ شاگىرتىغا بىلىم ئۆگىتىشى، شاگىرتىنىڭ ئۇستازدىن بىلىم ئۆگىنىشتىكى ئاخىرقى مەقسەت ئۇنى ئىشلىتىشقۇ؟...» ئەلى ئەپەندىنىڭ خىيالىدىن شۇ ئوي - پىكىرلەر كەچتى. ئۇ يېڭىدىن سۆزلەۋاتقان دەرسنى توختاتتى. ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆكتى. پەقەت شۇ چاغدىلا ئابدۇخالىق ئۆزىنىڭ ئۇستازىنىڭ سۆزلەۋاتقان دەرسىگە قۇلاق سالماي ئەتىگەندە قولىدىكى كىتابتىن ئوقۇغان «مەدرىسىدىن چىققان شاگىرتلار نېمە دەيدۇ؟» دېگەن ساتىرىك داستان خاراكتېرلىك شېئىرنى ئويلاپ ئولتۇرغانلىقىنى سېزىۋالدى. ئۇ خىجالەت ئىلكىدە قولىدىكى كىتابنى جوزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئۇستازىغا قارىدى.

ئەلى ئەپەندى خىيال ئىلكىدىن ئۆزىنى تارتىۋالدى. ئۇ قەددىنى رۇسلاپ ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان ئابدۇخالىققا دېدى:

— بۈگۈن مەن سىزگە ھازىرقى زامان تاتار شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەكىلى، ئاتاغلىق تاتار خەلق شائىرى ئابدۇللا توقاي توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىمەن.

بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىقنىڭ خۇشاللىقىدىن كۆزلىرى چاق-ناپ كەتتى. ئۇ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۇستازىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇردى. ئەلى ئەپەندى گېپىنى ئابدۇللا توقاي بىلەن شەخسەن تونۇشلۇقى بارلىقىدىن، قازاندىكى چېغىدا ئۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە سورۇنلاردا بىرگە بولغانلىقىدىن باشلىدى. ئۇ ئابدۇللا توقاي ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— ئابدۇللا مۇھەممەتغەرىپ ئوغلى توقايىف يەنى ئابدۇللا توقاي 1886 - يىلى 14 - ئاپرېل كونى روسىيىنىڭ قازان شەھىرىگە ئانچە يىراق بولمىغان قۇشلاۋىچ يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئابدۇللا توقاي كىچىك چېغىدىلا ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ يېتىملىكتە ئۆسكەن بالا ئىكەن. ئەقىللىق، زېھنىي ئۆتكۈر ئاب-دۇللا توقاي كىچىكىدە مەكتەپتە ئوقۇپ بىلىم ئېلىشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، يوقسۇزلۇق دەستىدىن ئارانلا باشلانغۇچ مەك-تەپنى تۈگىتەلىگەن، ئۇنىڭ بالىلىقى ئېغىر ئەمگەك، خوجايىن-لارنىڭ تىل ھاقارىتى ئىچىدە ئازاب ۋە خورلۇق ئىچىدە ئۆتكەن. ئابدۇللا توقاي كىچىكىدىنلا ناھايىتى ئىرادىلىك، چىداملىق، غايىلىك بالا بولغان. ئۇ خوجايىنلارغا يالىنىپ ئېغىر ئىشلارنى قىلىپ ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي، كېچىلىرى كىتاب ئو-قۇپ ئۆز بىلىمىنى ئاشۇرغان. ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ رۇس تىلى-نى ئۆگىنىۋالغان. ئۇ 14 يېشىدا روسىيىنىڭ ئۇرالىسكى شەھى-رىدىكى باسما زاۋۇتىدا نابۇرچىك (ھەرپ تىزغۇچى) بولۇپ ئىش-لىگەن، كېيىن كوررېكتور، ئەدەبىي خادىم بولغان.

ئابدۇللا توقاي بىر يىغىلىشتا:

«قانچە خورلۇق ئازابلارغا دۇچار بولدۇم مەن يېتىم، پېشانەمدىن سىلاپ - سىلاپ ئادەم قىلدى مىللىتىم» دېگەن

شېئىرنى ئوقىدى. بىز شائىرنىڭ بۇ شېئىرىنى ئاڭلاپ ئۇزاققىچە چاۋاك چېلىشىپ توختىمىدۇق. شۇ چاغدا ئابدۇللا توقاي:

— كۆپ رەھمەت ئەمدى ئالقىش يېتەرلىك، — دېگەندى.

ئۇنىڭ بۇ گېپى ھازىرمۇ قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمەيدۇ. يۇقىرىقى ئىككى مىسرا شېئىر ئابدۇللا توقاينىڭ پۈتكۈل ھاياتىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى. شۇ قېتىم ئۇ سۆزلەپ كېلىپ: «خەلقىم مېنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئۇستازىمدۇر» دېگەندى.

ئەلى ئەپەندى چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ بىر پەس توختىۋېلىپ دەرسىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھاياتقا، خەلققە بولغان ئۆتتەك قىزغىن مۇھەببەت، ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادە، تىرىشچان، قەيسەر روھ، بۈيۈك غايە ئابدۇللا توقاينى شائىر قىلىپ يېتىشتۈرگەن. ئۇ تاتار خەلقىنىڭ ھايات - ماماتىغا، جانجان مەنپەئىتىگە تاقىلىدىغان ئەڭ بۈيۈك، مۇھىم ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى، خەلق قەلبىدىكى ئارزۇ - ئىستەكلەرنى، خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت، زۇلۇم - كۈلپەتتىن زارلىنىپ ئاھ ئۇرغان نىدالىرىنى تاتار ئەدەبىياتىدا بىرىنچى بولۇپ قەلەمگە ئالغان شائىر.

دەرستىن كېيىن ئەلى ئەپەندى قازان شەھىرىدىن ئالغاچ كەلگەن ئابدۇللا توقاي شېئىرلىرى بېسىلغان كىتاب - ژۇرناللارنى ئابدۇخالىققا ئوقۇشقا بەردى. ئابدۇخالىق بۇ كىتاب - ژۇرناللارنى خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ئاجايىپ ھېرىسمەنلىك بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى.

# باتۇرنىڭ بېشى

1914 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى تۇرپاندا: «يۇجى سۈن شياۋنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چېرىكلەر كوناشەھەردىكى بۇتخانىنىڭ ئالدىدىكى يوغان تېرەككە قاراغوجىلىق باتۇر ئەمەتنىڭ كاللىسىنى ئېسىپ قويۇپتۇ!» دېگەن قورقۇنچلۇق خەۋەر تارقالدى. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىق دوستلىرىدىن ھەبىبۇل، ھېسامىدىن، ئابدۇراخمانلار بىلەن بىللە جۇمە كۈندىكى دەم ئېلىشتا: «باتۇر ئەمەتنىڭ بېشىنى تېرەك بېشىغا قانداق ئاسقاندۇ، كۆرۈپ باقايلى» دېيىشىپ يېڭىشەھەردىن كوناشەھەرگە باردى.

سوغۇق راسا كۈچەيگەن چاغ ئىدى. كوچىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. دۇكانلار تاقالغانىدى. ئادەتتە جۇمە كۈنلىرى ئادەم مىغىلداپ كېتىدىغان بۇ كىچىك بازار ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەن بولۇپ، ناھايىتى سۈرلۈك ۋە قورقۇنچلۇق ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

تۆت بالا غەربتىن شەرققە سوزۇلغان بۇ بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىمالىي تەرەپكە جايلاشقان كونا بۇتخانىنىڭ ئالدىدىكى يوغان قاپاق تېرەكنىڭ ئەگمەچ شېخىغا ئېسىلغان ئادەم بېشىنى يىراقتىنلا كۆردى.

— قاراڭلار، ئاۋۇ ئەگمەچ شاختا راستتىنلا بىر ئادەمنىڭ بېشى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ، — دېدى ھېسامىدىن قورقۇمسىراپ.

دەرۋەقە قاقشال بولۇپ قالغان قاپاق تېرەكنىڭ بىر يوغان ئەگمەچ شېخىغا چاچلىرى چۇۋۇلغان بىر ئادەم بېشى ئېسىقلىق تۇراتتى. جاندىن ئۆتكىدەك سوغۇق شامالدا ئۇنىڭ چاچلىرى بىردە كەڭ پېشانىسىنى يېپىۋالسا، بىردە ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ،

ئۇنىڭ سۇرلۇك چىرايىنى تېخىمۇ دەھشەتلىك كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ يوغان بىر جۈپ كۆزى دەھشەت بىلەن بۇ زېمىنغا قارىغىنىچە قېتىپ قالغانىدى. بۇ كۆزگە چەكسىز غەزەپ ۋە نەپرەت، قانلىق قىساس ئوتى مۇجەسسەملەنگەنىدى. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ياڭاق سۆڭەكى بۈرتۈپ چىققان بولۇپ، قارىيىپ كەتكەن سۇرلۇك چىرايى ئۆلۈم دەھشىتىنى چېچىپ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتاتتى. قارىغان كىشىگە ئۇنىڭ كىرىشكەن چىشلىرى غەزەپتىن غۇچۇرلاۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئابدۇخالىقنىڭ كۆزىگە قاقشال قاپاق تېرەك خۇددى چۆچەكلەردىكى قان شورىغۇچ ياۋۇز ئالۋاستىدەك، ئەگەمەچ شېخى بولسا ئۇنىڭ ھەممىنى قاماللاپ تۇتۇۋالىدىغان لەنەت تەگكۈر قولىدەك قورقۇنچلۇق تۇيۇلدى. ئابدۇخالىقنىڭ بىغۇبار قەلبىنى قايغۇ - ھەسرەتلىك ئېچىنىش تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. يۈرىكى ئۆرتىنىپ، گويا قوقاستا پۇچىلانغاندەك بولدى، كۆزىدىن ئاققان ياشلار سوغۇقتا قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىنى يۇيدى.

نەدىندۇ بىر توپ قارا قاغىلار ئۇچۇپ كېلىشتى. ئۇلار قاپاق تېرەككە قۇنۇپ ئەنسىزلىك بىلەن قاقىلداشقا باشلىدى:

— قاق - قاق - قاق!

بالىلار كەينىگە داجىدى.

شۇ چاغدا كوچىنىڭ شەرق تەرىپىدىن بىر ھارۋا ئىتتىك مېڭىپ بالىلارنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى. ئۇچ ئات قوشۇلغان ھارۋىدا بېشىغا سۇسەر تۇماق كىيىپ، قارا چىبەرقۇتتا تاشلانغان يۇغان جۇگىغا ئورۇنۇۋالغان ئابدۇراخمان مەخسۇم ئورنىدا قىمىرلاپ:

— ئابدۇخالىق كېلىڭلار، ھەممىڭلار ھارۋىغا چىقىڭلار، ئۆيگە كېتىمىز، — دېدى.

بالىلار ئۈنچىقماي ھارۋىغا چىقىشتى. ئايىت ھارۋىكەش ئېغىر خۇرسىنىپ دېدى:

— ئەل قىساسۇل مىنەل ھەق. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى

بۇ قىساسنى ئالىدىغان ئەر چىقىدۇ، — دەپ ئاتقا بىر قامچا سوقتى.

ھارۋا يېڭىشەھەرگە قاراپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

كەچقۇرۇن ئابدۇخالىق ھويلىدا تۇراتتى. ئايىت ئاتلارغا بوغۇز بېرىپ بولۇپ ئېغىلدىن چىقتى. ئابدۇخالىق ئىتتىك ئايىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— سىز ئەمەتنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى:

ئايىت بىر پەس ئويلىنىپ قېلىپ:

— مەن ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇندىنلا تونۇشاتتىم. يۈرسىلە ئۆيگە كىرىنى، سۆزلىسەك بۇ ئۇزۇن گەپ، — دېدى. ئۇ ئىككىسى ئۆيگە كىردى:

— ئەمەت ناھايىتى مەرد، باتۇر ئوغۇل بالا ئىدى، — دەپ گېپىنى باشلىدى ئايىت، — ئۇ ئەسلىي قاراغوجا تۇگمەنبېشى مەھەللىسىدىكى بىر نامرات دېھقان. ئۇ پاكار بويلۇق، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدىغان، قارىمۇتۇق ئادەم ئىدى. ئۇ گەپ قىلغاندا سەل كېكەچلەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا «ئەمەت تاماق» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان. ئەمەت جۇغى كىچىك بولغىنى بىلەن ئۆزى ناھايىتى يۈرەكلىك، جىگەرلىك ئوغۇل بالا ئىدى. ئۇ ياماندىن قورقماي، يۇۋاشنى بوزەك ئەتمەيتتى. ئۇ ناھەق ئىشلارنى كۆرسە پەقەت چىدىمايتتى. ئەلگە زۇلۇم، ئاجىزلارغا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغانلارنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەدىبىنى بېرىپ ئادالەتنى ياقلىشى بىلەن ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ داڭق چىقارغانىدى.

بۇنىڭدىن نەچچە يىل بۇرۇن مۇمۇت دېگەن ئادەم ئاستانە، قاراغوجا، سىڭگىم، مۇرتۇق، ياڭخىغا جىسا بولغان.

— جىسا دېگەن نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — سورىدى ئابدۇخالىق.

— جىسا يامۇلنىڭ يېزىلارغا قويغان ئەمەلدارى. جىسالارنىڭ ھوقۇقى چوڭ. جىسالار يامۇل ئامبىلىغا ۋاكالىتەن يېزىلار-

دىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ. ئوغرى ـ قاراقچىلارنى تۇتىدۇ، گۇناھكارلارنى قولغا ئېلىپ قامايدۇ. تولىراق مەخپىي تىڭتىڭلاپ ھۆكۈمەتكە نارازى بولغان، قارشى سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلغان ئادەملەرنى تەكشۈرۈپ تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يامۇل جىسالاردىن پايدىلىنىپ يۇرت خەلقىنى قاتتىق باشقۇرىدۇ، باستۇرىدۇ، — دېدى ئايىت چۈشەندۈرۈپ.

— جىسا دېگەن ناھايىتى زالىم ئىكەندە ئەمىسە، — دېدى ئابدۇخالىق.

— شۇنداق، — دېدى ئايىت گېپىنى داۋام قىلىپ، — مەن بايا دېدىمغۇ، مۇمۇت جىسا ناھايىتى كۆڭلى قارا، زالىم ئادەم بولۇپ، پۇقرانى زار ـ زار قاقشاتقان. ئازراق ئۆچ ـ ئاداۋىتى بار ياكى ئۆزىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغان، گەپ تالىشىپ قالغان ئادەملەرنىمۇ ئۇرۇپ قاماقخانىسىغا قامىغان. ھەتتا پۇت ـ قولىغا كويزا ـ كىشەن سېلىپ كوچىلاردا سازايى قىلغان. ئازراق گۇمانلىق دەپ قارىغانلىكى ئادەمنى دەرھال تۇتۇپ قاماپ ئۇرۇپ قىيىنىغان. شۇڭا پۇقرالار مۇمۇت جىسانىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىلا قورقۇپ دىر ـ دىر تىترەيدىغان بولۇپ كەتكەن.

بىراق ئەمەت مۇمۇت جىسادىن قورقۇپ قالمىغان. ئۇنى ئانچە كۆزگە ئىلمىغان. بىر قېتىم مۇمۇت جىسا ئاستانىدىن قاراغوجىغا كەلگەندە ئەمەت ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ سالام بەرمەيلا ئۆتۇپ كەتكەن. مۇمۇت جىسا مۇشۇنى باھانە قىلىپ ئەمەتنى «خەتەرلىك ئادەم» دەپ يايىلىرىغا[1] تۇتقۇزۇپ پۇتىغا ئېغىر كىشەن سېلىپ سوغۇق، زەي ئۆيگە قامىغان، قاتتىق قىيناپ سوراق قىلغان.

مۇمۇت جىسا ئەمەتنى كۆپ قېتىملاپ سوراق قىلغان، بىراق جاۋاب ئالالمىغان. بىر قېتىملىق سوراقتا مۇمۇت جىسا ھەددىدىن

---

[1] يايى — ئامانلىقنى ساقلىغۇچى.

ئېشىپ ئۆزى چېكىۋاتقان غاڭزىدىكى تاماكىنىڭ ئوتىنى ئەمەتنىڭ پېشانىسىگە قېقىپ چۈشۈرۈپ قويغان. ئالدىرىماي، تېنىمەي غاڭزىسىغا قايتا تاماكا سالغان. ئاندىن ئەمەتنىڭ پېشانىسىدىكى تاماكا ئوتىنى ئېلىپ، غاڭزىسىغا سېلىپ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرغان. پېشانىسى تاماكا ئوتىدا پىژىلداپ كۆيۈۋاتقان ئەمەت خۇددى ھېچبىر ئىش بولمىغاندەك كۆيۈك ئاغرىقىغا قىلچە پەرۋا قىلمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەمەت خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە مۇمۇت جىسانىڭ تۇرمىسىدە سولاقتا يېتىپ ئازاب چەككەن.

سىزمۇ ئۆتكەن يىللاردا ئاڭلىغان لوجياڭجۇن تەختكە چىقىپ يۇرت سورىغاندىن بۇيان خەلق ئۇستىدىكى زۇلۇم ـ سىتەم بەك كۈچىيىپ كەتتى. ئالۋاڭ ـ ياساق، باج ـ سېلىقلار كۆپەيدى. گاڭ، غوجاملارنىڭ زۇلمى، زالىم، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ، ئاچكۆز، جازانىخور بايلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىغا چىدىمىغان قۇمۇل خەلقى تۆمۈر خەلپىنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قاراغوجا ئاستانە دېھقانلىرى مۇيدىن خەلپە باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ زالىملارنى تىتىرىتىۋەتكەن. لوجياڭجۇن ھىيلە ـ مىكىر، سۇيىقەست ئىشلىتىپ تۆمۈر خەلپە بىلەن مۇيدىن خەلپىنى ئالداپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەن. تۆمۈر خەلپە بىلەن مۇيدىن خەلپىگە ھەربىي مەنسەپ بېرىپ بىخۇدلاشتۇرۇپ كېيىن بەدنام چاپلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇ چاغدا ئەمەت مۇمۇت جىسانىڭ تۇرمىسىدە سولاقلىق ئىدى. ئۇ تۇرمىدىكى قىيناشلارغا چىدىماي، مۇمۇت جىسا ياڭخىغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتكەن. ئەمەت تۇرمىدىن قېچىپ قەبرىستانلىقتىن ئۆتىدۇ. بۇ چاغدا يۇرتداشلىرى مۇيدىن خەلپىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا خەتمە قۇرئان قىلىۋاتقانكەن. ئەمەت ئاستا كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلىدۇ. خەتمە قۇرئان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەمەت دېھقانلارنى زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىشقا، مۇيدىن خەلپە ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا چاقىرغان.

بۇنىڭ بىلەن قايغۇلۇق مۇسىبەت ئىچىدە تۇرغان دېھقانلارنىڭ
غەزىپىگە ئوت تۇتاشقان. بۇ يىل ئۇچىنچى ئاينىڭ ئاخىرى قارا-
غوجىدا ئەمەت باشچىلىقىدا زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈل-
گەن. بۇ خەۋەر قۇمۇلغا يېتىپ بارغاندا، تۆمۈرخەلپىنىڭ ئىند-
ىسى شاكىر ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرىدىن ئىمىن، سېيىت قاتارلىق
كىشىلەر دەرھال تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقىپ، تېزلا قاراغوجىغا
كەلگەن. ئۇلار ئەمەتنى ئىزدەپ تېپىپ قوزغىلاڭچىلار سېپىگە
قوشۇلغان. بۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچى زورايغان.

مۇمۇت جىسا قاراغوجىدا ئەمەت باشچىلىقىدا ھۆكۈمەتكە قار-
شى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى يامۇلغا مەلۇم قىلىدۇ. قوزغى-
لاڭنى باستۇرۇشقا ئەسكەر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تۇرپان
يامۇلى مۇمۇت جىسانىڭ مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ 30 نەچچە
ئەسكەرنى قوراللاندۇرۇپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا قاراغوجىغا
ئەۋەتىدۇ. ئەسكەرلەر قاراغوجىغا كاناي چېلىپ ھەيۋە بىلەن باس-
تۇرۇپ كىرىدۇ.

چېرىكلەرنىڭ كاناي ئاۋازىنى ئاڭلىغان قوزغىلاڭچىلار دەر-
ۋازىسى پۇختا، تاملىرى قېلىن ھەم ئېگىز، يەر شارائىتى ئەپلىك
بولغان تۆمۈر نىيازنىڭ قورۇسىغا يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. يامۇل ئەس-
كەرلىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ تۆمۈرنىيازنىڭ قورۇسىغا ئوق
ياغدۇرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار جىم تۇرۇۋېلىپ ھېچقانداق سادا چى-
قارمايدۇ. ئەسكەرلەر ئامالسىز قېلىپ بۇ چوڭ قورۇنى قورشاپ
ياتىدۇ. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشىدۇ. قوزغىلاڭچىلاردىن بىرەر
شەپە ئاڭلانمايدۇ. يامۇل ئەسكەرلىرى ئاخىر زېرىكىدۇ. ئۇلار
يىغىلىشىپ ئەپيۇن چېكىشكە باشلايدۇ. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدى-
لىنىپ يېرىم كېچە بولغاندا ئەپيۇن كۈچىنى كۆرسىتىپ چېرىك-
لەر خۇدىنى يوقىتىپ مەست بولۇپ يىقىلىپ چۈشۈپ مىلتىقىنى
قوچاقلىغان پېتى ئۇيقىغا كېتىدۇ. يامۇل ئەسكەرلىرىنىڭ ھەرى-
كىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان قوزغىلاڭچىلار ئەمەتنىڭ باشچىلىقىدا

قورۇدىن ئېتىلىپ چىقىپ، چېرىكلەرنىڭ مىلتىق، قىلىچ، ئوق ـ دورىلىرىنى يىغىۋالىدۇ. ئۇلار جىددىي مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن پىچانغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. ئۇلار پىچاندا توختىمايلا پىچاننىڭ شىمالىدىكى كۆكيارغا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار كۆكياردا بىر مەزگىل تۇرۇپ ھەربىي مەشىق قىلىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار كۆكياردا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن «يامۇل مۇمۇت جىسانى ھەرگىز جازالاپ بەرمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە يۇرتقا قايتىپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى ئۆزىمىز بەرگىنىمىز تۈزۈك، دېگەن قارارغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يوشۇرۇن ھالدا كۆكياردىن قاراغوجىغا كېلىدۇ.

ئەمەت ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ يوشۇرۇن قاراغوجىغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان مۇمۇت جىسا ئۆزىنىڭ قاراغوجىدىكى يېقىن ئادىمى ئابدۇللانى ئىشقا سېلىپ ئەمەتنى تۇتماقچى بولىدۇ. ئابدۇللامۇ ئەمەتنى ئالداپ ئەكىلىپ چوقۇم تۇتۇپ بېرىشكە ۋەدە بېرىدۇ.

ئابدۇللا كۆرۈنۈشتە مۇمۇت جىسانىڭ يېقىن ئادىمى بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە مۇمۇت جىسانىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن نارازى ئىدى. ئۇ ئەمەت باشچىلىق قىلغان قوزغىلاڭنى ئاستىرىتىن قوللايتتى. بىر كۈنى ئابدۇللا ئەمەت بىلەن يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ مۇمۇت جىسانىڭ يېڭىدىن مەخپىي تۇزاق قۇرۇپ ئەمەتنى تۇتماقچى بولۇۋاتقىنىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويىدۇ. ئەمەت بۇنى ئاڭلاپ ئابدۇللادىن كۆپ مىننەتدار بولىدۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئەمەت ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئابدۇللانىڭ ياردىمىدە مۇمۇت جىسانى تۇتۇپ ئالىدۇ. ئۇلار مۇمۇت جىسانى باغلاپ ئېشەككە مىندۈرۈپ سىڭگىم ئېغىزىدىكى قىزىل سىڭىر①غا ئېلىپ چىقىدۇ.

---

① قىزىل سىڭىر — يالقۇنتاغنىڭ يەرلىك تىلدا ئاتىلىشى.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ مۇمۇت جىسانى تۇتۇپ كەتكەنلىك خەۋ-
رى تارقىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن تۇرپان يامۇلىنىڭ يۇجىسى
سۇن شاۋشاڭ ئۆلكىدىن ئەۋەتىلگەن فىڭ يىڭجاڭ بىلەن ئەسكەر
باشلاپ تۇرپاندىن قىزىل سىڭىرغا چىقىۋالغان قوزغىلاڭچىلارنى
باستۇرۇشقا كېلىدۇ.

پوستا تۇرغان تاجى دۈشمەننى كۆرۈپلا ئالدىراپ كېتىپ،
مۇمۇت جىسانى ئېتىۋېتىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ھۆكۈمەت ئەسكەرلى-
رى بىلەن ئۈچ كۈن قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. جەڭدە قوزغىلاڭچىلار
دۈشمەننىڭ بىر نەچچە ھەربىي ئەمەلدارى ۋە نەچچە ئونلىغان
ئەسكەرنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەن تۇرپاندىن يەنە
نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ يېرىم كېچىدە قوزغىلاڭچىلارغا
قاتتىق ھۇجۇم قىلىدۇ. شىددەتلىك جەڭدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ
رەھبەرلىرىدىن شاكىر ۋە ئون نەچچە قوزغىلاڭچى دۈشمەننىڭ
قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. دۈشمەنلەر شاكىرنى تۇرپان شەھىرىگە
ئېلىپ كېلىپ ۋەھشىيلەرچە ئېتىپ تاشلايدۇ. شاكىر باتۇرلارچە
قۇربان بولىدۇ.

ئەمەت ئاساسىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پىچانغا
چېكىنىدۇ. قوزغىلاڭچىلار كۆكيارغا بارىدۇ. ئۇ يەردە كەينىدىن
نۇرغۇن چېرىكنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ تەڭرىتېغىدىن
ئۆتۈپ مورى ناھىيىسىگە بارىدۇ. گۇچۇڭ، جىمىسار ناھىيىلى-
رىدىكى تاغلاردا يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىپ دۈشمەنگە زەربە
بېرىدۇ.

شۇ يىل 8 - ئايدا ئەمەت باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار
گۇچۇڭ تەۋەسىدىكى تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە يۆتكىلىدۇ. بۇنىڭدىن
خەۋەر تاپقان لوجياڭجۇن ئۆلكە قوشۇنىدىن مافۇتەي، مىڭ گو-
سەي، شى زۇفەن دېگەن يىڭجاڭ، لىيەنجاڭلارنىڭ قوماندانلىقىدا
نۇرغۇن ئەسكەرنى پۇقراچە كىيىندۈرۈپ تاغ ئىچىگە كىرگۈزۈپ

قوزغىلاڭچىلارنى ئىزدەيدۇ. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېتىشىدۇ. بۇ قانلىق جەڭدە ئەمەتنىڭ يېقىن سەپدىشى ئابدۇللا قۇربان بولىدۇ.

تاغدا بالدۇرلا سوغ چۈشۈپ قىش باشلىنىدۇ. قوزغىلاڭچىلار يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن قاتتىق قىينىلىدۇ. ئەمەت كېسەل بولۇپ قالىدۇ.

دۈشمەن قوزغىلاڭچىلارغا كەينى ـ كەينىدىن ھۇجۇم قىلىدۇ. بىر قېتىملىق تۇيۇقسىز ھۇجۇمدا ئەمەتكە ئوق تېگىپ قۇربان بولىدۇ. ۋەھشىي دۈشمەنلەر ئەمەتنىڭ بېشىنى كېسىپ تۇرپانغا ئېلىپ كېلىدۇ.

……

ئايىت سۆزلەشتىن توختىدى. ئۆي ئىچى سۈكۈتكە چۆكتى. ئابدۇخالىقنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، قوشۇمىسى قاتتىق تۈرۈلگەندى. تۇرپاندا بۇ يىل پارتلىغان ئەمەت باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى ئابدۇخالىققا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى.

# تۆنجى سودا

ئەلى ئەپەندى ئابدۇخالىققا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ بىر يېرىم يىل دەرس ئۆتتى. 1916 - يىلى 2 - ئايدا ئابدۇخالىق ئەلا نەتىجە بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىنى ئوقۇپ تاماملىدى. بىراق ئۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەتلەنمەيتتى. ئۇ داۋاملىق ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۆز شاگىرتىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى چۈشەنگەن ئەلى ئەپەندى بىر كۈنى مىجىت ھاجىغا:

— ھاجىكا ئەمدى مېنى كەچۈرۈڭ، مەن ئابدۇخالىققا ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىنى ئۆتۈپ بولدۇم. ئۇ ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتتى. بالىنى ئەمدى چوڭراق بىر مەكتەپتە ئوقۇتقايسىز، — دېدى.

— بىزنىڭ نىيىتىمىزمۇ شۇ ئىدى، لېكىن بۇ يۇرتلاردا بىرەر چوڭ مەكتەپ بولمىسا، — دېدى مىجىت ھاجى ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ.

— سىزنىڭ يۇرتىڭىزدا چوڭ مەكتەپ بولمىسا ئابدۇخالىقنى چوڭ مەكتەپ بار روسىيىگە بىرگە ئېلىپ بېرىپ رۇس مەكتىپىدە ئوقۇتۇڭ. ئۇ رۇس تىلىنى ئۆگىنىۋالسا سىزنىڭ سودىڭىزغا پايدىسى كۆپ بولىدۇ، — دېدى ئەلى ئەپەندى.

— مەنمۇ بۇ ئىشنى ئويلىغان. قېنى مەسلىھەت قىلىپ باقۇرمىز، — دېدى مىجىت ھاجى.

مىجىت ھاجى كەچقۇرۇن ئابدۇخالىقنى روسىيىدە ئوقۇتۇش ئىشىنى ئابدۇراخمان مەخسۇم بىلەن ئەرەمسىما خېنىمغا دېدى. ئەرەمسىما خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ئاتتام، نېمىلەرنى دەيدۇ ئەمدى، روسىيە دېگەن نەئۇ؟

هېلىمۇ ئابدۇخالىق جىق ئوقىدى، موللا بولدى. شۇمۇ يېتۇر، مەن ئۇنىڭدىن قانداق ئايرىلۇرمەن، — دەپ كۆز يېشى قىلىپ قوشۇلمىدى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم سەل ئويلىنىپ قېلىپ دېدى:

— هاجىم ئاپامنىڭ دېگەنلىرىغۇ راست، ئەمما ـ زە، ئەلى ئەپەندىنىڭ تەكلىپىمۇ ئورۇنلۇق. مەسلىھەت بىلەن بىر ئىش قىلۇرمىز.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. مەخسۇت مۇهىتى بىلەم نەمەت خەلپەت كەلدى. بۇ چاغدا مېهمانخانىدا ئەلى ئەپەندى ئابدۇخالىق يازغان بىر شېئىرنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. مىجىت هاجى ئىككى مېهماننى باشلاپ ئۆيگە كىردى. ئەلى ئەپەندى دوستى مەخسۇت مۇهىتى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

مېهمانلار ئورۇن ئېلىپ بولغاندىن كېيىن نەمەت خەلپەت ئەلى ئەپەندىدىن سورىدى:

— قولىڭىزدىكى شېئىرمۇ نېمە؟

— هەئە، ئابدۇخالىقنىڭ يېڭىدىن يازغان شېئىرى، — دېدى ئەلى ئەپەندى پەخىرلەنگەن هالدا شېئىرنى نەمەت خەلپەتكە سۇنۇۋېتىپ.

نەمەت خەلپەت ئابدۇخالىق يازغان شېئىردىن ئىككى مىسرانى ئوقىدى:

— يەتتە يىلدۇر تىنىم تاپماي ئوقۇيمىزلا، ئوقۇيمىز،

بابى ئىستىنجا[1] غا كەلدى ئەمدى بىزنىڭ دەرسىمىز. نەمەت خەلپەت ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى. باشقىلارمۇ بىر پەس كۈلۈشتى.

نەمەت خەلپەت پەگادا ئەدەپ ساقلاپ تۇرغان ئابدۇخالىققا قاراپ:

---

① ئىستىنجا — نامازغا تاهارەت ئالغاندا تۆۋەينى تەرىپىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش ئىستىنجا دەپ ئاتىلىدۇ.

— بىزنىڭ كەلگۈسىنىڭ بۇ كاتتا شائىرىمىز پەگادا ئۆرە تۇرۇپ قالسا بولماس. مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭ، — دېدى ئابدۇ- خالىققا مەرھەمەت كۆرسىتىپ.

ئابدۇخالىق مىجىت ھاجىنىڭ شەرەت قىلىشى بىلەن نەمەت خەلپەتنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇردى.

نەمەت خەلپەت قولىدىكى شېئىرنى ئابدۇخالىققا قايتۇرۇپ بەردى. ئۇ ئۆي ئىچىگە تەكشى قاراپ:

— ئابدۇخالىقنىڭ شېئىرىيەت بابىدا ئالاھىدە ئىستېداتى بارلىقى مۇشۇ شېئىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. مەن دەيمەن، ئەلى ئەپەندىم ئابدۇخالىقنى ئوقۇتۇپ مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەندىن كېيىن بۇ بالىنى چەت ئەللەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇت- ماق كېرەك. بولمىسا ئابدۇخالىقتىكى ئالاھىدە قابىلىيەت زايە كېتىدۇ. ئالتۇن مىسقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

نەمەت خەلپەتنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە گېپى ئۆي ئىچىدىكى- لەرگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ھەممەيلەن بىر پەس جىم ئولتۇرۇپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئەلى ئىبراھىمۇف:

— نەمەت خەلپەت بىزنىڭ قەلب سۆزىمىزنى ئېيتتى. ئىن- سان بالىسى ئۇچۇن بىلىمدىن ئارتۇق بايلىق بولماس، ئابدۇخا- لىقتەك تالانتلىق بالىنى ئاخىرىغىچە ئوقۇتمىساق كېيىنكى كۈن- لەردە تۇگىمەس - پۇتمەس پۇشايمانغا قالىمىز، — دېدى ساھىب- خانغا قاراپ.

— شۇنداق ھاجىكا، — دېيىشتى مەخسۇت مۇھىتى بىلەن نەمەت خەلپەت تەڭلا.

※ ※ ※

1916 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مىجىت ھاجى نەرۋىسى ئابدۇخالىقنى ئېلىپ مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئون نەچچە سودىگەر بۇرادەرلىرى بىلەن نۇرغۇن مال ئېلىپ روسىيىنىڭ

شەمەي شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ بىر توپ چوڭ سودا كارۋىنى تۇرپاندىن ئۇرۇمچىگە، ئۇرۇمچىدىن چۆچەككە، ئاندىن چېگرىدىن ئۆتۈپ ئۇزاقـقا سوزۇلغان قازاق دالـىلىرىنى بېسىپ 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا شەمەيگە يېتىپ باردى.

مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى شەمەيگە كېلىپ تو-نۇش سودىگەر ئىسھاقـنىڭ سارىيىـغا چۈشـتى. بۇ ئىككىيلەن 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا باشلىنىدىغان نوۋگوردتىكى چوڭ يەر-مەنكىگە دەل ۋاقتىدا يېتىپ بېرىشقا ئالدىرايتتى. شۇڭا ئۇ ئىك-كىسى شەمەيدە بىر كېچە قونۇپ ماللىرىنى پاراخوتقا بېسىپ ئېرتىش دەرياسى بىلەن شىمالغا مېڭىپ ئومىسكى شەھىرىگە يېتىپ باردى. ئۇ يەردىمۇ تۇرمايلا ماللىرىنى يەنە پويىزغا بېسىپ قازان شەھىرىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار قازان شەھىرىگە يېتىپ كەلگىچە 5 ـ ئايغا 15 بولۇپ قالدى.

مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىقنى ئېلىپ بىر تونۇش تاتار سودىگەرنىڭ سارىيىغا چۈشتى. ئۇلار چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كوچىغا چىقتى.

مىجىت ھاجى ئابدۇخالىققا:

— بۇ قازان دېگەن چوڭ شەھەردە ئادەم بەك جىق. ھەر خىل ئادەملەر بار. سىز بۇ شەھەرگە يېڭى كەلدىڭىز ھېچ يەرنى بىلمەيسىز، شۇڭا مېنىڭدىن بىر غېرىچمۇ يىراق كەتمەڭ، — دېدى.

ئابدۇخالىق كوچىدا چوڭ دادىسىنىڭ گېپى بويىچە ئۇنىڭدىن ئايرىلمىدى. ئۇلار كوچىدا ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا بىر تونۇش تاتار سودىگەرگە ئۇچرىشىپ قېلىپ قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قېشىدا خېلى ئۇزۇنغىچە تۇرغان ئابدۇخالىق زېرىكىشكە باشلىدى. ئۇ ئەتراپىغا قارىدى. بىر چاغدا ئون قەدەمچە كېلىدى-غان بىر سېرىق بىناغا ئادەملەر كىرىپ ـ چىقىپ ئۇ يەردىن كىتاب كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئابدۇخالىقنىڭ دىققى-

تى قوزغالدى. ئۇ قاراپ تۇرغانىدى. ئىككى تاتار بالا ئاشۇ سېرىق بىنادىن كىتاب كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ ئىككى بالا ئابدۇخالىقنى كۆرۈپ قېلىپ ماڭماي تۇرۇپ قېلىشتى. چۈنكى ئۇلارنى ئابدۇخالىقنىڭ بېشىغا كىيىۋالغان گۈللۈك دوپپىسى بىلەن ئۇچىسىدىكى قارا چىبەرقۇتتىن تىكىلگەن پەشمەت چاپىنى قىزىقتۇرغانىدى. ئۇلار يېقىنلىشىپ كەلدى. ئۇلاردىن بىرى سورىدى:

— قايدىن كېلدىڭىز، هوي بالىجان؟

— تۇرپاندىن، — دېدى ئابدۇخالىق.

— تۇرپان قاي تاماندا بۇلا؟

ئابدۇخالىق شەرقنى كۆرسىتىپ دېدى:

— شۇ تەرەپتە.

— سەن تاتارمۇ؟

ئابدۇخالىق ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— مەن ئۇيغۇر، — دېدى.

تاتار بالا قولىدىكى كىتابنى كۆرسىتىپ سورىدى:

— ئوقۇشنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن، — دېدى ئابدۇخالىق.

ئىككى بالا خوشلىشىپ ماڭغاندا ئابدۇخالىق ئۇلاردىن سورىدى:

— بۇ كىتابنى نەدىن ئالدىڭلار؟

— ئاۋۇ كىتابخانىدىن، — دېدى تاتار بالا سېرىق بىنانى كۆرسىتىپ.

ئابدۇخالىق چوڭ دادىسىغا قارىۋىدى، ئۇنىڭ يېنىغا يەنە ئۈچ ئادەم كەلدى. ئابدۇخالىق بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ گېپى تۈگىمەيدىغانلىقىنى هېس قىلدى. «يېقىنلا تۇرسا، بىردەمدىلا كىرىپ چىقمايمەنمۇ» ئابدۇخالىق شۇنى ئويلاپ كىتابخانىغا كىردى. كىتابخانا چاققانغىنە بىر زال بولۇپ تام ياقىلاپ قويۇلغان

جاۋەنلەرگە ھەر خىل كىتابلار رەتلىك قويۇلغانىدى. بۇنداق جىق كىتابنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان ئابدۇخالىق ھەيران بولۇپ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئابدۇخالىق بىر ئۇ جاۋەنگە قارىسا بىر بۇ جاۋەنگە قاراپ تەمتىرەپ قالدى.

كىتابخانا خىزمەتچىسى ئەللىك ياشلاردىكى مۇلايىم بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ تەقى ـ تۇرقىغا قاراپ ئۇنىڭ بۇ يەرلىك ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئۇ ئابدۇخالىققا جاۋەنگە تىزىلغان كىتابلار-نى كىر قىلماي كۆرۈپ ئېھتىياجلىقلىرىنى سېتىۋالسا بولىدىغان-لىقىنى دېدى. ئابدۇخالىق جاۋەنلەردىكى كىتابلارنى قولىغا ئې-لىپ بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا بۇ كىتابلار بىر ـ بىردىن قىزىق تۇيۇلدى. ئۇ بىر كەمدە بىر كىتابنى كۆرۈپ تولىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. بۇ كىتاب ئۇستازى ئەلى ئىبرا-ھىمۇف دەرسىدە تونۇشتۇرغان تاتار خەلق شائىرى ئابدۇللا توقاي-نىڭ «شېئىر ۋە داستانلار» ناملىق كىتابى ئىدى. بۇ كىتابتىكى شېئىرلار ئەلى ئەپەندى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان كىتابتا يوق ئىدى.

«بۇ كىتابنى سېتىۋالاي» ئابدۇخالىق شۇنى ئويلاپ ئابدۇللا توقاينىڭ «شېئىر ۋە داستانلار» ناملىق كىتابىدىن بىرنى ئېلىۋې-تىپ يېڭى بىر كىتابقا كۆزى چۈشتى. ئۇ قىرىم تاشلىق بۇ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا قاراپ «تارىخىي ئەمىنىيە» دېگەننى ئوقۇپ كىتابنى ئاچتى. كىتابنىڭ بېشىدا بۇ كىتابنى شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى باي ناھىيىسىدە تۇغۇلغان ئۇيغۇر تارىخ ئالىمى موللا مۇسا سايرامىنىڭ يازغانلىقى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەنىدى.

«بىزنىڭمۇ كىتاب يازىدىغان ئالىملىرىمىز بار ئىكەن. بىز-نىڭ ئۆز تارىخىمىز يېزىلغان بۇ كىتابنى ئالاي» ئابدۇخالىق پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن كىتابنى مەيدىسىگە باستى. ئۇ-نىڭ جاۋەننىڭ ئالدىدىن كەتكۈسى كەلمەيتتى. ئۇ شۇنداق قىلىپ

كەچ كىرىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

كىتابخانا خىزمەتچىسى:

— ئىشتىن چۈشۈپ كىتابخانىنى تاقايمىز. كىتاب سېتىۋالغۇچىلار تېز بولۇڭلار، ھەي بالا كەچ بولدى ئەمدى، — دېدى ئابدۇخالىقنىڭ قېشىغا كېلىپ.

شۇ چاغدىلا ئابدۇخالىق كەچ كىرىپ قالغانلىقىنى سەزدى. ئۇ پۇلىنى تۆلەپ ئىككى كىتابنى سېتىۋېلىپ كوچىغا چىقتى. ئۇ ئۇياق - بۇياققا قاراپ يە دادىسىنىڭ يە مەخسۇت ئاكىسىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمەي تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزلىرى چۈشكەن سارايىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي قالدى. «سارايغا كېتەلمىسەم، چوڭ دادامىلارنى تاپالمىسام قانداق قىلۇرمەن؟» ئابدۇخالىق شۇنى ئويلاپ تۇرۇپ بىردىنلا قورقۇپ قالدى. ئۇ بىردەم ئۇيان - بۇيان مېڭىپ بىر كەمدە: «ياق مۇنداق قىلسام بولمايدۇ. چۈشتە چوڭ دادامدىن ئايرىلغان يەردە كىتابخانىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇراي، چوڭ دادامىلار مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ» دەپ ئويلاپ يېڭىلا سېتىۋالغان ئىككى پارچە كىتابنى مەيدىسىگە باسقىنىچە جايىدا جىم تۇرۇپ قالدى.

ئابدۇخالىق بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن چوڭ دادىسىنىڭ تۆت ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاراپ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقىنىنى كۆردى.

— چوڭ دادا! — ئابدۇخالىق ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ مىجىت ھاجىنىڭ ئالدىغا باردى.

مىجىت ھاجى ئابدۇخالىقنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئۇ ھاسىراپ، تەرلەپ كەتكەنىدى.

— نەگە باردىڭىز جېنىم بالام؟ ئادەمنى شۇنداقمۇ چۆچىتىۋېتەمسىز؟ سىزنى «يوقاپ كەتتى دەپ بۇ قازان شەھىرىدە ئىزدىمىگەن يېرىمىز قالمىدى. ئۇھ، ئەمدى كۆڭلۈم ئارامىلىق تاپتى، — دېدى مىجىت ھاجى ئابدۇخالىقنى قويۇپ بېرىپ. ئۇ

يانچۇقىدىن قولياغلىقنى ئېلىپ كۆزىدىن ياشنى، پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى.

ئابدۇخالىق ئەيىبلىك قىياپەتتە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ:

— مەن يىراققا بارمىغان. ئۆزلە ھېلىقى ئۈچ تاتار سودىگەر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغاندا ئاۋۇ سېرىق بىنا كىتابخانا ئىكەن، شۇ يەرگە كىرىپ چىقاي دەپ ماڭغانىدىم. ئۆزلەگە دەپ قوياي دېسەم، گەپلىرىنى بۆلۈۋەتكىدەكمەن. ئەدەپسىزلىك بولمىسۇن دەپ ئويلاپ گەپ قىلمىغان. كىتابخانىغا كىرىپ بىردەمدىلا قايتىپ چىقىمەن دەپ ئۇ يەردىكى كىتابلارغا قىزىقىپ قېلىپ كەچ كىرىپ كەتكىنىنى ئۆزەممۇ تۇيمايلا قاپتىمەن، — دېدى.

— مەخسۇتباي مىلتسىيىگە① خەۋەر قىلىمەن دەپ كەتكىلى خېلى بولدى، — دېدى مىجىت ھاجى.

— ئەنە ـ ئەنە، مەخسۇتكام كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇخالىق كوچىنىڭ ئۇ بېشىنى كۆرسىتىپ.

يىراقتىن كېلىۋاتقان مەخسۇت مۇھىتى مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇخالىقنى كۆرۈپ جايىدا تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇمۇ ئابدۇخالىقتىن ئەنسىرەپ چۈشتىن تارتىپ ھازىرغىچە كوچىمۇ ـ كوچا بالا ئىزدەپ توختىماي ماڭغاچقا بەكلا ھېرىپ كەتكەنىدى.

ئابدۇخالىق مەخسۇت مۇھىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ دادىسىغا سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى تەكرارلاپ قولىدىكى ئىككى كىتابنى كۆرسەتتى.

— بىز ئەتىگەندىن بۇيان بىكارغا ئاۋارە بولۇپتىمىز ھاجىكا، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى سارايغا كېتىۋېتىپ، — بۇ بالىنىڭ ئەقىللىقلىقىنى قارىمامدىغان، قازان شەھىرىگە كېلىپ تۇنجى قىلغان سودىسى كىتاب ئېلىش بوپتۇ. كىتاب بىلىم باغچىسى. ئىنساننىڭ يېقىن دوستى. ئابدۇخالىق تۇنجى سودىگىمىز

① مىلتسىيە — ساقچى.

ئەھمىيەتلىك، پايدىلىق سودا بولۇپتۇ. بىراق ئۇنداق جىم -
جىملا كېتىپ قالماڭ. «پالانى يەرگە بارىمەن» دەپ قويسىڭىز
ياخشى بولىدۇ.

— گەپلىرىنى ئېسىمدە ساقلايمەن مەخسۇتكا، مەن كىتابخا-
نىغا كىرىپ كىتابلارغا قىزىقىپ كەچ كىرگىنىمنى تۇيماي قاپ-
تىمەن. ئەمدى چوڭ دادام بىلەن ئۆزلەنىڭ قېشىلىرىدىن بىر
قەدەممۇ نېرى كەتمەيمەن، دېدى ئابدۇخالىق ۋەدە بېرىپ.

# ئەڭ چوڭ شائىر

ئەتىسى مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى كېمىگە بېسىپ قازان شەھىرىدىن نوۋگوردقا ئېلىپ باردى. نوۋگوردتىكى بۇ يىللىق يەرمەنكىدە چەت ئەللەردىن كەلگەن سودىگەرلەر ئالدىنقى يىللاردىكىدىن ئازراق ئىدى. چۈنكى 1914 - يىلى باشلانغان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تەسىرىدە ياۋروپادىكى گېرمانىيە، فرانسىيە ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى بىرقانچە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىكى ئۇرۇشنىڭ تەسىرىدە گۈللىنىشتىن خارابلىشىشقا يۈزلىنىپ، مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ بازارلىرى كاساتلىشىپ كەتكەچكە ئۇ دۆلەتلەردىن يەرمەنكىگە كېلىدىغان سودىگەرلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. ئىككى يىلدىن بۇيان روسىيە بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇۋاتقاچقا گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، پولشادىن ھەر يىلى يەرمەنكىگە كېلىدىغان سودىگەرلەر كۆرۈنمەيتتى. يەرمەنكىدە ئەنگلىيە سودىگەرلىرى بىلەن يەھۇدىي سودىگەرلەر كۆپرەك ئىدى. مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى ئۈچ كۈنگىچە يەرمەنكىنى ئارىلاپ بازار ئەھۋالىنى كۆزەتتى.

مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى نەگە بارسا ئابدۇخالىقمۇ ئۇلاردىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي يۈردى. ئابدۇخالىقنى يەرمەنكىدىكى ھېچقانداق مال كىتابلاردەك جەلپ قىلالمىدى. ئۇ مىجىت ھاجىغا ئېيتىپ قويۇپ يەرمەنكىنىڭ كىتاب بازىرىغا باردى. كىتاب بازىرىدىكى دۇكانلارنىڭ كۆپىنچىسىگە رۇسچە كىتابلار قويۇلغانىدى. پەقەت بىر نەچچە تاتار سودىگەرلىرى ئاچقان كىچىك دۇكانلاردىلا تاتارچە، تۈركچە، ئەرەبچە، پارسچە كىتابلار

تىزنىلىق ئىدى. ئۇ بىر چوڭراق كىتاب دۇكىنىنىڭ پارسچە كىتابلار جاۋىنىدىن پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ناملىق كىتابىنى ئەللىك رۇبلىغا[1] ئۆمەر ھەييامنىڭ «رۇبائىيات» ناملىق كىتابىنى بىر رۇبلىغا سېتىۋالدى. ئۇ يەنە باشقا كىتاب دۇكانلىرىدىن بىرمۇنچە تاتارچە كىتابلارنى سېتىۋالدى.

مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى يەرمەنكىگە كېلىپ تۆتىنچى كۈنى يۇڭ، تېرىلىرىنى بىر يەھۇدىي سودىگىرىگە ئۆزلىرى كۆزلىگەن باھادىنمۇ يۇقىرىراق باھادا سېتىپ خېلى جىق پايدا ئالدى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ھېلىقى يەھۇدىي سودىگەرنىڭ كېلىشتۇرۇپ قويۇشى بىلەن مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى يەرمەنكىگە ئېلىپ كەلگەن ئاساسلىق مېلى بولغان پاختىنى بىر ئىنگلىز سودىگەرگە ئۆزلىرى كۆزلىگەن باھادا سېتىپ كۆپ پايدا ئالدى.

مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى ماللىرىنى ئوڭۇشلۇق سېتىپ بولغاندىن كېيىن ئەتىسى ئۆزلىرىگە كېرەكلىك ھەر خىل گەزلىمە رەخت، تۆمۈر، يىپ، چاي، شېكەر قاتارلىق كۈندىلىك لازىمەتلىك بۇيۇملارنى خېلى ئەرزان باھادا نۇرغۇن سېتىۋالدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇلار موسكۋاغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار كەچقۇرۇن موسكۋاغا يېتىپ بېرىپ شەھەر مەركىزىدىكى بىر مېھمانسارايغا چۈشتى. ئۈچ كۈنگىچە مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى ئەتىگەندىلا مېھمانسارايدىن چىقىپ، ئابدۇخالىققا موسكۋانىڭ قايناق بازار بولىدىغان چوڭ كوچىلىرى، ماگىزىن، دۇكانلار، ھەيۋەتلىك پىراۋۇسلاۋ چىركاۋلىرى، مەكتەپلەر، كىتابخانىلارنى كۆرسەتتى. ھېرىپ ـ چارچاپ قالغاندا باغچىلارغا كىرىپ سەيلە قىلغاچ دەم ئالدى. ئۇ موسكۋادىكى چوڭ بىر كىتابخانىغا ناھايىتى قىزىقىپ كىرىپ ئۇمىدسىزلىنىپ قاي-

① رۇبلى — روسىيىنىڭ پۇلى.

تىپ چىقتى. چۈنكى بۇ كىتابخانا ناھايىتى چوڭ، ھەيۋەتلىك، كىتابلار شۇنچە كۆپ بولغىنى بىلەن ھەممىسىلا دېگۈدەك رۇسچە كىتابلار ئىدى. ئۇ بىلىدىغان تاتارچە، ئەرەبچە ياكى پارسچە كىتابلار يوق ئىدى.

موسكۋادا ئابدۇخالىقنى قىزىقتۇرغىنى كۆپرەك مەكتەپلەر بولدى. قايسىلا مەكتەپ بولمىسۇن بۈك - باراقسان دەرەخلەر ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنى موسكۋانىڭ كەڭ ئازادە كوچىلىرى، تىنىمسىز هالدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈۋاتقان چوڭ - كىچىك ماشىنىلار، بىر نەچچە ئات قوشۇلغان پەيتۇن، پوۋىسكىلار قىزىقتۇرالمىدى. ئابدۇخالىق رەتلىك، پاكىزە كىيە-نىپ خۇرۇم پوبكىلىرىنى مۇرىسىگە ئېسىۋالغان چىرايلىق ئوقۇ-غۇچىلىق سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ مەكتەپكە كېتىۋاتقان مەغ-رۇر، شوخ رۇس بالىلىرىدىن كۆزىنى ئۈزۈۋالالماي قالدى. «مەنمۇ شۇلاردەك مەكتەپتە ئوقۇغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. بىر قېتىم مەخسۇتكام ‹ئۇ رۇسلارنىڭ چارپادىشاھى بەك زالىم› دېگەن ئىدىغۇ؟ مۇشۇنداق زالىم پادىشاھمۇ مەكتەپ ئې-چىشنى چەكلىمەپتۇ. مەخسۇتكام تۇرپاندا مەكتەپ ئاچىمەن دەپ ئۈچ يىل تىرىشىپ مىڭ تەسلىكتە «مەخسۇدىيە مەكتىپى» نى ئاچتى...» ئابدۇخالىق شۇلارنى ئويلاپ ئېغىر دەردتە قالغان ئا-دەمدەك چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ئىچىدە ئاھ ئۇرۇپ قويدى.

تۆتىنچى كۈنى مجىت هاجى «ھېرىپ - چارچاپ قالدىم. ياتاقتا ئارام ئالاي» دەپ مېھمانسارايدا قالدى. مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىقنى ئەگەشتۈرۈپ كوچىغا چىقتى. بۇ كوچا ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغانىدى. ئىككىسى بىر پەس مېڭىپ ھېرىپ قال-دى. ئىككىيلەن بىر دوقمۇشتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ چوڭ بىر مەيدانغا كېلىپ قالدى. مەيدانغا تۆت چاسا قىزىل گىرانىت تاش يېيىتىلغاچقا كۈن نۇرىدا چاقناپ تېخىمۇ قىزىل كۆرۈنەتتى.

— قىپقىزىللا مەيدانغۇ بۇ، — دېدى ئابدۇخالىق ھەيران

بولۇپ مەيداننىڭ ئۇ چېتىگە قاراپ.
— شۇڭا ئورۇسلار قىزىل مەيدان دەيدۇ، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى. مەيداننىڭ بىر تەرىپىدە ھەيۋەتلىك بىر بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئابدۇخالىق ئۇ بىناغا قاراپ قىزىققان ھالدا سورىدى:
— مەخسۇتكا ئاۋۇ بىنا ئېگىز ھەم چىرايلىق ئىكەنغۇ ئۇ كىمنىڭ؟
— ئۇ كرېمىل سارىيى. بۇرۇن ئۇ يەردە روسىيىنىڭ پادىشاھلىرى تۇرۇپتىكەن. كېيىنكى زامانلاردا پېتىر I دېگەن پادىشاھ روسىيىنىڭ شىمالىدىكى نىۋا دەرياسى بويىغا ھازىرقى پېتىربۇرگ شەھىرىنى بىنا قىلىپ دۆلەتنىڭ پايتەختىنى شۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەتكەنىكەن، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى كېتىۋېتىپ.
— مەخسۇتكا ھېرىپ قالدىم. بىردەم ئولتۇرىنا، — دېدى ئابدۇخالىق.
مەخسۇت مۇھىتى «ئۇھ!» دېگىنىچە مەيداننىڭ چېتىدىكى بىر بىنانىڭ پەلەمپىيىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئابدۇخالىقمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن جاي ئالدى. ئۇ مەخسۇت مۇھىتى سۇنغان شاكىلاتنى يەۋېتىپ ئاسماندا غۇڭىلدىغان كەپتەر قوڭغۇرىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئابدۇخالىق بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. ئاسماندا بىر توپ كەپتەرلەر ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇ كەپتەرلەرنىڭ ئەركىن قانات قېقىپ كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىشلىرىغا قاراپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قالدى.
ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى قانات قېقىپ ئانا يۇرتى تۇرپانغا كەتتى. تۇرپاننىڭ تار، ئەگرى - بۈگرى، توپىلىق يوللىرى، ئېشەكلىك، ھارۋىلىق كېتىۋاتقان ئادەملەر، جۇل - جۇل كىيىملىك تىلەمچى، سەرگەردانلار، ساياقلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ كۆڭلىدە تۇرپاننى قازان شەھىرىگە سېلىشتۇردى. «ياق قازان شەھىرىنىڭ بىر كوچىسىلا تۇرپانغا تەڭمىكىن» دەپ

ئويلىدى ئۇ.

ئۈنىڭ كۆز ئالدىغا ئۈرۈمچى كەلدى. ئۈرۈمچىنىڭ دۆڭكۆۋرۈكتىكى قايناق، ئاۋات بازار، مىغىلدىغان خىلمۇخىل ئادەملەر، بۇ بازاردىن باشلىنىپ شىمالغا قاراپ سوزۇلۇپ سەنشىخاڭزىغا تۇتىشىدىغان، ياز كۈنلىرى يامغۇردىن بولغان پاتقاقتا، قىش كۈنلىرى قاردىن بولىدىغان مۇزدا مېڭىش تەس بولغان ئەگرى - توقاي كوچىلىرىغا گويا جان كىرىپ ‹ئەي بالا بىزنى موسكۋانىڭ ئاۋات كوچىسىغا سېلىشتۇرمىساڭچۇ›، دەۋاتقاندەك تۈيۈلۈپ ئابدۇخالىق كۈلۈۋەتتى:

— ئىھ - ھى!

بۇنى ئاڭلىغان مەخسۇت مۇھىتى چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئابدۇخالىقتىن سورىدى:

— نېمىنى كۆردىڭىز؟ نېمىگە كۈلۈۋاتىسىز؟

— موسكۋانى بىزنىڭ ئۈرۈمچىگە سېلىشتۇرۇپ كۈلۈۋاتىمەن، — دېدى ئابدۇخالىق ئوڭايسىزلىنىپ.

مەخسۇت مۇھىتى قىزىقىپ سورىدى:

— قېنى ئېيتىڭچۇ سىزچە ئۈرۈمچى چوڭمىكەن، موسكۋامۇ؟

— موسكۋا ئۈرۈمچىدىن بەش، ئالتە ھەسسە چوڭمۇ نېمە. قارىسىلاچۇ موسكۋا كوچىلىرىنىڭ كەڭ، تۈز، پاكىزلىقىنى. موسكۋادا نېمە كۆپكەن دېسە، مەكتەپ كۆپكەن، — دېدى ئابدۇخالىق مەخسۇت مۇھىتىغا قاراپ، — ئۆزلە ئۆتكەندە «ئۇرۇسلارنىڭ چارپادىشاھى بەك زالىم» دېگەن ئىدىلە. ئاشۇ زالىم پادىشاھمۇ موسكۋا، قازان، شەمەيلەردە ئېچىلغان شۇنداق جىق مەكتەپلەرنى چەكلىمەپتۇ. بىزنىڭ تۇرپاندا مىرزاباي داداملار ئىلىدىن شېرىپجان ئەپەندىنى ئەكېلىپ بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىۋىدى، بىز يىگىرمە بالا ئالتە ئاي ئوقۇغاندا ئۈرۈمچىدىن لوجياڭجۇن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مەكتىپىمىزنى تاقىۋەتتى. تۇرپان ئامبىلى

جاڭ خۇالىڭ شىرىپجان ئەپەندىنى ئۇردۇرۇپ تۈرپاندىن قوغلىـ
ۋەتتى. لوجياڭجۇن بىلەن جاڭ خۇالىڭ چارپادىشاھدىنمۇ ئەسـ
كى، زالىم ئىكەن. ئابدۇخالىقنىڭ قەلبىدىكى دەرد ـ ئەلەملىك
شىكايەت، ئاچچىق ھەسرەت موسكۋانى كۆرگەندىن كېيىن كۈچـ
لۈك غەزەپ ۋە نەپرەتكە ئايلاندى. ئۇ «مەن چوقۇم يە موسكۋادا،
يە قازاندا، ئەڭ بولمىغاندا شەمەيدە قېلىپ ئۇستازىم ئەلى ئەپەندى
دېگەندەك ئورۇسچە مەكتەپتە ئوقۇيمەن» دەپ ئويلىدى.
مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىقنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئېغىر
ئۇھ تارتىۋەتكەندىن كېيىن يانچۇقىدىن پاپىروسنى چىقىرىپ چېـ
كىشكە باشلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:
— جۈرۈڭ كوچا ئايلىنايلى، — دېدى ئابدۇخالىققا. ئابدۇـ
خالىق مەخسۇت مۇھىتنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بىر چوڭ كوچىـ
غا كەلگەندە يىراقتىن ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم توۋلىغان پېتى
قولىنى پۇلاڭلىتىپ يېتىپ كەلدى.
— ھاي مۇھىتوف، ھاي مۇھىتوف!
مەخسۇت مۇھىتى بىر قاراپلا ئۇ ئادەمنى تونۇۋالدى:
— لاتىپ قەدىناس دوستۇم! — مەخسۇت مۇھىتى خۇشاللىـ
قىدىن قۇچىقىنى كەڭ ئاچتى.
ئىككى دوست قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بىر ـ بىرىدىن
قىزغىن ھال ـ ئەھۋال سوراشتى.
مەخسۇت مۇھىتى لاتىپ بىلەن قازان شەھىرىدە تونۇشۇپ
قالغانىدى. بۇ نەچچە يىل بۇرۇنقى ئىش ئىدى. مەخسۇت مۇھىتى
ئېلىپ كەلگەن پاختىنى بىر رۇس سودىگەر ئالماقچى بولغاندا
ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ تىلىنى ئۇقمىغاچقا نېمە قىلىشىنى
بىلەلمەي تۇرغاندا ئېگىز بويلۇق، ئورۇق بىر تاتار يىگىت كېلىپ
ئىككىسىگە تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىپ سودا ئوڭۇشلۇق بولغانىـ
دى. ئاشۇ ئورۇق ئېگىز بويلۇق يىگىت لاتىپ ئىدى. شۇ قېتىمـ
قى سودىدىن كېيىن ئۇلار ئوبدانلا تونۇشۇپ قالدى. لاتىپ مەخـ

سۇت مۇھىتىنىڭ سودا ئىشىغا ياخشى ياردەملەشتى. شۇ جەرياندا مەخسۇت مۇھىتى لاتىپتىن رۇس تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى.

ئەسلىدە لاتىپ موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدىغان ستۇدېنت ئىدى. ئۇ يازلىق تەتىلدە قازان شەھىرىدىكى ئائىلىسىگە قايتىپ ئۈچ كۈن بولغاندا بازاردا مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر ئاي ئۆتۈپ لاتىپنىڭ ئاتىسى بىلەن ئاپىسى كەينى - كەينىدىن يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئاغرىپ قازا قىلدى. ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنى داۋالىتىپ ھەم ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ قەرزدار بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇشنى داۋام قىلىشقا ئامالسىز قالغان. بۇ ئەھۋالنى بىلگەن مەخسۇت مۇھىتى لاتىپنىڭ قەرزىنى مەردلىك بىلەن تۆلىۋەتتى. موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش باشلىنىشنىڭ ھارپىسىدا مەخسۇت مۇھىتى لاتىپقا مەكتەپتە ئوقۇشقا يەتكۈدەك پۇل بەردى. شۇنىڭ بىلەن لاتىپ موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئوڭۇشلۇق پۈتكۈزۈپ، ھازىر موسكۋادىكى بىر مەكتەپتە فرانسۇز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى.

لاتىپ مەخسۇت مۇھىتى بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئابدۇخالىق بىلەنمۇ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئەجەپ ئوماق بالىكەن، ئوغلىڭىزمۇ؟ ئىسمى كىم؟ — سورىدى لاتىپ.

— ئاكىمىز مىجىت ھاجىنىڭ نەۋرىسى، ئىسمى ئابدۇخالىق، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى، — مەن ئۇنىڭغا شەھەرنى كۆرسىتىپ يۈرۈپتىمەن.

— كەلگىلى تۆت كۈن بولسۇنمۇ، ئۆيۈمگە پەتىگە كەلمەڭ، بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى لاتىپ قىيىدىغاندەك، — ھازىر ئۆي - ئوچاقلىق بولدۇم. بىر ئوغلۇم بار. خوتۇنۇم دوختۇرخانىدا ئىشلەيدۇ.

— مەنمۇ ئىزدەي دەپ تۇراتتىم. تەلىيىمگە ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۆيىڭىز نەدە؟ — سورىدى مەخسۇت مۇھىتى.
— پۇشكىن كوچىسىدا، ئىشلەيدىغان مەكتىپىمگە يېقىن، يۇرۇڭلار، — دېدى.
— كوچىلارنى كۆرۈپ مېڭىشقا ئەپلىك، — دەپ لاتىپ تۆت چاقلىق خادىكنى توختاتتى.
— قېنى مۇھىتوۋ مەرھەمەت. ھە ئابدۇخالىق سىز كوچىلارنى كۆرگەچ ماڭىسىز - دە. شۇڭا ئالدىدا ئولتۇرۇڭ، — لاتىپ شۇنداق دەپ ئابدۇخالىقنى خادىكقا چىقىرىپ ئالدىغا ئولتۇرغۇزدى. مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ئىككىسى كەينىدە ئولتۇرۇشتى.
— پۇشكىن كوچىسى 85 - نومۇر ھەيدەڭ! — دېدى لاتىپ. ئۇچ ئات قوشۇلغان خادىك مېڭىپ كەتتى.
— خەيدەر سايرانى ئامانمۇ؟ ئاچقان مەكتىپىڭلاردا قانچە بالا ئوقۇۋاتىدۇ؟ — سورىدى لاتىپ كېتىپ بېرىپ.
مەخسۇت مۇھىتى ھەيدەر سايرانىنىڭ ساق - سالامەت ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىنى ۋە مەخسۇدىيە مەكتىپى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى لاتىپقا قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.
لاتىپ گەپ ئارىلاپ ئەلى ئىبراھىموۋنى سورىدى. مەخسۇت مۇھىتى:
— ئەلى ئىبراھىموۋ تۇرپان يېڭىشەھەردە مانا بۇ ئابدۇخالىقنى ئازكەم ئىككى يىلغا يېقىن ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولدى. ئابدۇخالىق تېخى يېقىندا ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىنى تاماملىدى، — دەپ ئەلى ئەپەندىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى.
ئۇلار شۇ يوسۇندا پاراڭلىشىپ بىر نەچچە كوچىلاردىن ئۆتۈپ پۇشكىن كوچىسىغا يېتىپ كېلىشكەنلىكىنى تۇيمايلا قېلىشتى. ئابدۇخالىق قويۇق دەل - دەرەخلەر بىلەن ئورالغان، ئەتراپىدا

گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا ئورنىتىلغان بۇدرە چاچلىق بىر ئادەمنىڭ ھەيكىلىنى كۆرۈپ لاتىپتىن سورىدى: — ئۇ كىم؟

— ئۇ شائىر پۇشكىننىڭ ھەيكىلى، — دېدى لاتىپ.

— شائىر بولسا بىر كۆرۈپ باقساق، — دېدى ئابدۇخالىق.

— بولىدۇ، ياخشى گەپ، كۆرەيلۇق، — دېدى لاتىپ.

خادىك توختىدى. ئۇلار يەرگە چۈشتى. لاتىپ خادىكنىڭ ھەققىنى بېرىۋەتتى. ئۇ ئىككى مېھماننى پۇشكىننىڭ ھەيكىلى ئالدىغا باشلاپ باردى. بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتىكى گىرانىت تاش ئۇستىگە ئورنىتىلغان پۇشكىننىڭ باش ھەيكىلى ئاستىغا ئىككى قۇر رۇسچە خەت ئويۇلغاندى. لاتىپ ئۇنى تاتارچە ئوقۇپ بەردى.

«ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ پۇشكىن. 1799 - يىلى تۇغۇلۇپ 1837 - يىلى ۋاپات بولغان».

— رۇس ئەدەبىياتى پۇشكىندىن باشلاپ دۇنياغا تونۇلغان. شۇڭا رۇسلار پۇشكىننى بەك چوڭ بىلىدۇ، ئۇنى «رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئاتىسى ۋە ئۇستازى» دەپ پەخىرلىنىپ تىلغا ئېلىشىدۇ، — دېدى لاتىپ ئابدۇخالىققا چۈشەندۈرۈپ.

ئابدۇخالىق لاتىپنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلاپ شائىر نەمەت خەلپەتنىڭ بۇنىڭدىن نەچچە يىللار بۇرۇن نەۋائىينىڭ «فەرھاد - شېرىن» داستانىنى ياد ئېتىپ تۇرۇپ، «پىر ئۇستازىمىز، ئۇلۇغ شائىر ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائى» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كەلدى. ئۇ پۇشكىننىڭ ھەيكىلىگە ھۆرمەت بىلەن قاراپ تۇرۇپ:

— پۇشكىن ئورۇسلارنىڭ ئەلىشىر نەۋائىيسى ئىكەن - دە، — دېدى ئەستايىدىللىق بىلەن.

ئابدۇخالىقنىڭ ۋەزىنلىك گەپلىرى لاتىپنى ھەيران قالدۇردى. لاتىپ ھاياجانلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— پاھ، ھوي! ماۋۇ بالىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپنى

مەن ئۆزۈمنى بىلىملىك دەپ يۈرۈپتىمەن تېخى. ھەقىقىي بىلىم
ئىگىسى، ھەقىقىي تالانت بۇ يەردىكەن ئەمەسمۇ؟! مەن قازاندىكى
چاغلىرىمدا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ئىلىم-
مەرىپەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقانمەن. قايسىبىر تۈركىي تىللىق
خەلقلەر، قايسىبىر شەرقلىق ئەلىشىر نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىدىن
تەلىم ئالمىغان، ھۇزۇرلانمىغان دەيسلەر، قايسىبىر شائىر ئۇنى
ئۇستاز بىلىپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭمىغان دەيسلەر. مەن رۇس
تىلى ئۆگىنىپ، رۇس مەكتىپىدە ئوقۇغىنىمدىن تارتىپ پۇش-
كىنىنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىنى ئوقۇغانمەن. پۇشكىننى خېلى
ياخشى بىلىمەن دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمەن. مېنىڭ پۇشكىنغا
بولغان چۈشەنچەم ئابدۇخالىقنىڭ چۈشەنچىسىدەك چوڭقۇر ئە-
مەسكەن ئەمەسمۇ. لاتىپ سۆزىدىن توختاپ ئالدىدىكى بىنانى
كۆرسىتىپ:

— پۇشكىن بۇرۇن مۇشۇ بىنادا بىر مەزگىل تۇرغان ۋە
بەزى ئەسەرلىرىنى مۇشۇ يەردە يازغانىكەن. ھازىر بۇ بىنا «پۇش-
كىن خاتىرە ئۆيى» قىلىنغان. بىز بۇ خاتىرە ئۆينى زىيارەت
قىلىپ بولۇپ بىزنىڭ ئۆيگە بارساقمىكىن دەيمەن، بالا بەك
قىزىقىۋاتسا كېرەك، — دېدى لاتىپ.

— مەنمۇ شۇنى دەي دەپ تۇرغان، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى.

لاتىپ ئىككى مېھماننى پۇشكىننىڭ قەدىمىي تۇرالغۇسىنىڭ
ئىچىگە باشلاپ كىردى. ئۇلارنى ئوتتۇرا بويلۇق، سېرىق چاچ-
لىق، كۆك كۆزلۈك، خۇشخۇي، چىرايلىق، پاكىزە كىيىنگەن
بىر رۇس ئايال قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇ ئايال ئۇلارنى كىچىكرەك
بىر زالغا باشلىدى. ئابدۇخالىق زالغا كىرىپ كۆردىكى —
زالنىڭ ئىچىگە تام ياقىلىتىپ قاتىرىسىغا ئەينەكلىك يوغان ئىش-
كاپلار قويۇلغانىدى. ئىشكاپلار كىتاب بىلەن لىق تولغانىدى.
لاتىپ ھەر بىر ئىشكاپنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئىشكاپقا تىزىپ
قويۇلغان پۇشكىن ئەسەرلىرىنىڭ رۇسچە ھەر خىل نەشر نۇسخى-

لىرىنى ئابدۇخالىققا كۆرسىتىپ قىسقا چۈشەندۈرەتتى. ئابدۇخالىق ئىشكاپلارغا تىزىپ قويۇلغان پۇشكىن ئەسەرلىرىنىڭ ئىنگلىز، فرانسۇز، نېمىس، لاتىن، گرېك، تاتار، تۈرك، ئەزەربەيجان، ئىسپان، پۆلەك، ياپون، ۋېنگىر، رومىن، ئەرەب، پارس، ھىندى . . . تىللىرىدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىنى كۆرۈپ «پۇشكىننىڭ شېئىرلىرى پەقەت ئۇيغۇر تىلىغىلا تەرجىمە قىلىنماي قاپتۇ ـ دە» دەپ ئويلىدى ئېچىنىش بىلەن.

— ئابدۇخالىق سىزنى دەۋاتىمەن. چاقىرساممۇ ئاڭلىمايسىزغۇ؟ — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىقنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ.

ئابدۇخالىق پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزىنى خىيال ئىلكىدىن تارتىۋالدى. ئۇ مەخسۇت مۇھىتى بىلەن قاراپ تۇرغان لاتىپنىڭ يېنىغا كەلدى.

لاتىپ ئىشكاپنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— مانا بۇ ئىشكاپتىكى پۇشكىننىڭ «كاپىتان قىزى» رومانىنىڭ ھەر خىل نەشرى نۇسخىلىرى، مانا بۇ «دوبروۋىسكى» دېگەن پوۋېستى، بۇ بولسا «بىلكىن قىسسىلىرى» دېگەن كىتابى، ماۋۇ بولسا «بورىس گودۇنوف» دېگەن درامىسى، مانا بۇ پۇشكىننىڭ «يېۋگېنى ئونېگىن» ناملىق شېئىرى رومانى…»، — دەپ چۈشەندۈرەتتى.

ئابدۇخالىق پۇشكىننىڭ مۇقاۋىسى زەڭگەر رەڭلىك قېلىن كىتابى «يېۋگېنى ئونېگىن»غا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ ئۆز ـ ئۆزىگە «ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىنىڭ خەمسە، سىدەك بار ئىكەن» دېدى پىچىرلاپ.

ئابدۇخالىق مەخسۇت مۇھىتى بىلەن لاتىپقا ئەگىشىپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى. ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىر ئۆيدە پۇشكىن ئەسەرلىرىنىڭ قوليازمىلىرى قويۇلغانىدى. بۇ ئۆي بۈيۈك پۇشكىننىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس خانىسى ئىكەن.

لاتىپ بۇ ئۆيدىن چىقىۋېتىپ دېدى:

— مىڭلارچە ئەپسۇسكى شۇنداق ئۇلۇغ شائىر 37 يېشىدا دانتىس دېگەن چەت ئەللىك لەنەتتەگكۇر بىلەن دوئىلغا چىقىپ بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن ـ دە، ھەي ئىسىت!

لاتىپ پۇشكىننىڭ ئۆلۈم ۋەقەسىنى ئابدۇخالىققا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىقنىڭ بىغۇبار قەلبىنى ئازابلىق ھېسسىيات ئۆرتىگەچكە، غەزەپتىن چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

ئابدۇخالىق پۇشكىن خاتىرە ئۆيىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ ئۇلارنى زالغا تەكلىپ قىلغان ھېلىقى ئايالغا چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى «خەجلەڭ» دەپ بەرگەن 100 رۇبلى پۇلنى «پۇشكىن خاتىرە ئۆيىگە ئىئانەم» دەپ تەقدىم قىلدى.

پۇشكىن خاتىرە ئۆيىدىن چىقىپ لاتىپ مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ئابدۇخالىقنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئۇلار چۇشلۇك تاماقنى شۇ يەردە يېدى. چۈشتىن كېيىن ۋە ئەتىسى بىر كۈن لاتىپ ئابدۇخالىقنى ئەگەشتۇرۇپ يۇرۇپ موسكۋا شەھىرىنى ئايلاندۇ-رۇپ ئوينااتتى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن مىجىت ھاجىنىمۇ تەكلىپ قىلىپ ئۆيىدە زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى.

# تۇنجى سۆز — ئوچىن خاراشىشۇ

مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىقنى موسكۋادا بىر ھەپتە ئايلاندۇرۇپ، سەيلە قىلدۇرۇپ ھەممە يەرنى كۆرسەتتى. سەككىزىنچى كۈنى ئۇلار يۈك - تاق، ماللىرىنى پويىزغا بېسىپ شەرققە — ئومىسكىغا قاراپ يولغا چىقتى. مىجىت ھاجى ئابدۇخالىقنى قازان ياكى موسكۋادا ئوقۇتۇشنى ئويلاپ ئىزدەنگەن بولسىمۇ، ئابدۇخالىققا مۇۋاپىق تۇرالغۇ ياتاق ئەپلەشمەي قالدى. مىجىت ھاجى مەخسۇت مۇھىتى بىلەن بۇ ئىشنى مەسلىھەتلەشتى. مەخسۇت مۇھىتى:

— ئابدۇخالىق ئوتتۇرا مەكتەپ ياكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماقچى بولغان بولسا ئىدى، ئۇنى چوقۇم قازان ياكى موسكۋادا ئوقۇتماي بولمايتتى. ھازىر ئۇ تېخى ئەمدى رۇسچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ - دە. ئۇ رۇسچە بىر ئېغىز گەپنىمۇ بىلمەيدۇ. ئەمدى تېخى 15 ياشقا كىردى. مېنىڭچە ئۇنى شەمەيدىكى رۇس مەكتىپىدە ئوقۇتساق ھەر جەھەتتىن ئەپلىشىدۇ. قانداق دېسىلە، خوجايىن ئىسھاقنىڭ سارىيىدىن بىر ئېغىز ئۆينى ئابدۇخالىققا ئېلىپ بەرسەك، ئۇ شۇ يەردە يېتىپ - قوپۇپ تۇرسا، تاماقنى خوجايىنىنىڭ ئۆيىدە يېسە بولىدۇ ئەمەسمۇ، ئۇ تاتار تىلىنى بىلگەچكە تىلدىن قىينالمايدۇ، تۇرمۇشىمۇ بىر قەدەر خاتىرجەم بولىدۇ. ئۆزلە بالىنى گاشات قىلىپ كەتمەيدىلا. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەمەيگە تۇرپان، ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان ۋە شەمەيدىن ئۇ يەرگە بارىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. خوجايىن ئىسھاقنىڭ تۇرپان يېڭىشەھەردە تېخى دۇكىنى بارغۇ. ئۇ بىزگە ياردەم قىلىدۇ. خېلى ئىشەنچلىك، — دېدى.

مىجىت ھاجى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆردى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن ئابدۇخالىقنى قازان ياكى موسكۋادا قالدۇرۇپ قويماي شەمەيگە بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى.

مىجىت ھاجى شەمەيگە كېلىپ بىر كۈن دەم ئالدى. ئەتىسى ماللىرىنى رەتلەپ تېگىش بىلەن سەپەرگە تەييارلىق قىلدى. ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە مەخسۇت مۇھىتى ۋە باشقا 20گە يېقىن سودىگەر بىلەن تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى.

مىجىت ھاجى ئالدىنقى ئاخشىمى خوجايىن ئىسھاق بىلەن ئابدۇخالىقنى شەمەيدە رۇسچە مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئىشىنى مەسلىھەتلەشكەنىدى. خوجايىن ئىسھاق مىجىت ھاجىمدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپلا:

— بۇ ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. سىزنىڭ بالىڭىز مېنىڭ بالامغا ئوخشاش. بىز ئىككىمىز دېگەن 20 يىللىق كونا قەدىناسلاردىن تۇرساق، سىزنىڭ مەدىتىڭىز بولغاچقا تۇرپاندىكى دۇكىنىمنىڭ سودىسىمۇ ياخشى بولۇۋاتىدۇ. ئابدۇخالىق ئۆز بالامدەك تۇرسا، سارايدا يېتىپ نېمە ئىش قىلىدۇ. بىزنىڭ قورۇ جايىمىز شۇنچە كەڭ تۇرسا. ھويلىدا بىز بىلەن بىرگە تۇرسۇن، تاماقنىمۇ بىزدىن يېسۇن. بىزنىڭ شېرىپىنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ يېنىدىكى ئۆينى راسلاپ بەرسەك شۇ يەردە يېتىپ - قوپسۇن. ھازىر ئەمدى باللار تەتىلگە چىقىدۇ. يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن ئابدۇخالىقنى ئۆزۈم رۇسچە مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىمەن، — دېدى قىزغىنلىق بىلەن.

ئابدۇخالىق سودا كارۋىنىنى ئۇزىتىپ شەمەينىڭ سىرتىغىچە چىقتى. ئۇ جان جىگەر دادىسىدىن ئايرىلىپ يات ئەلدە قالغىنىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ غېرىپسىنىدى. بىراق بۇنداق غېرىپلىق ئۈچ كۈنگە بارمايلا تۈگەپ كەتتى.

ئابدۇخالىقنىڭ دادىسى مىجىت ھاجى تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن خوجايىن ئىسھاقنىڭ ئومىسكى شە-

ھىرىدىكى گىمنازىيە (ئوتتۇرا مەكتەپ)دە ئوقۇيدىغان ئوغلى شېرىپ يازلىق تەتىل قىلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئابدۇخالىق ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك شېرىپ بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ دوست بولۇپ كەتتى. شېرىپ ئانا تىلىدا سۆزلەۋېتىپلا بەزىدە رۇسچە سۆزلەپ كېتەتتى. ئابدۇخالىق بۇ بالىنىڭ رۇسچە راۋان سۆزلىگىنىگە قاراپ ھەيرەتتە قالدى. ئۇ شېرىپنىڭ ئاغزىغا بىر دەم قاراپ تۇرۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئاستىنقى كالپۇكىنى چىشلىگىنىچە بويىنىنى قىسىپ تۇرۇپ قالدى. شېرىپ ئابدۇخالىقتىكى ئۆزگىرىشنى سېزىۋېلىپ سورىدى:

— دوستۇم سىزگە نېمە بولدى؟

— مەن ئورۇسچە ئوقۇيمەن دېگىنىم بىلەن ئۇلارنىڭ گېپىنى بىر ئېغىزمۇ بىلمىسەم، قانداق قىلۇرمەن؟ — دېدى ئابدۇخالىق خۇرسىنىپ.

— بىلمىسىڭىز ئۆگەنمەمسىز؟ — دېدى شېرىپ.

— كىمدىن ئۆگىنىمەن؟ كىم ماڭا ئورۇسچە ئۆگىتىپ قويۇر ئەمدى؟

— مانا مەن ئۆزۈم ئۆگىتىمەن، مەن ئەمدى ئۈچ ئايغىچە ئۆيدە بىكار.

— راستمۇ؟

— راست بولمايچۇ.

— ئۇنداق بولسا قولىڭىزنى ئەكېلىڭ، — ئابدۇخالىق شۇنداق دەپ شېرىپقا قولىنى سۇندى.

— گېپىم راست، رۇسچە ئۆگەنمەك تەس ئىكەن دەپ توختىۋالسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى شېرىپ-مۇ ئابدۇخالىق-قا قول بېرىپ.

ئىككى كىچىك قول بىر - بىرىنى چىڭ سىقتى.

— ئوچىن خاراشۇ! — دېدى شېرىپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇ نېمىدېگەن سۆز؟ — سورىدى ئابدۇخالىق قىزىقىپ.

— «ناھايىتى ياخشى»، دېگەن سۆز، — دېدى شېرىپ.
— «ئوچىن خاراشۇ، مەن تۈنجى ئۆگەنگەن رۇسچە سۆز بولدى، ئوچىن خاراشۇ، ئوچىن خاراشۇ، — دەپ تەكرار-لىدى ئابدۇخالىق كەينى - كەينىدىن.
شېرىپ «ئابدۇخالىق مېنى جىندەك ساقلاپ تۇرۇڭ» دەپلا ياتاق ئۆيگە ئالدىراش كىرىپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن ئۇ بىر بوكۋار[1] بىلەن دەپتەر، قەلەمنى كۆتۈرۈپ چىقتى.
شۇ كۈندىن باشلاپ شېرىپ «كىچىك ئەپەندى» بولدى. ئابدۇخالىق ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ رۇسچە ئۆگىنىشنى باشلىۋەتتى.
شېرىپ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغان، زېھنىي ئۆتكۈر بالا ئىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا رۇس بالىلىرى بىلەن ئويناپ چوڭ بولغاچقا رۇس تىلىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ خۇددى مۇئەللىملەر سىنىپتا دەرس ئۆتكەندەك ئابدۇخالىقنىڭ ياتاق ئۆيدە تامغا كىچىك قارا تاختا ئورنىتىپ ھەر بىر ھەرپنى تاختىغا يېزىپ قانداق تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگەتتى. ئابدۇخالىق بىرقانچە قېتىم ئوقۇپ توغرا تەلەپپۇز قىلغاندىن كېيىنلا، شۇ ھەرپنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ ئابدۇخالىقنىڭ دەپتەرگە يېزىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئابدۇخالىق دەپتەرگە بەش قۇر يازغاندىن كېيىن شېرىپ شۇ ھەرپتىن تۈزۈلگەن ئاددىي سۆزلۈكلەرنى ئۆگىتىشكە باشلايتتى. ھەر بىر سۆزنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىنى 40 - 50 قېتىملاپ تەكرارلىتاتتى. ئاندىن كېيىن شۇ سۆزنىڭ ئۇدۇلىغا تاتارچە مەنىسىنى يېزىپ قوياتتى. ئابدۇخالىق ئوقۇپ زېرىكمەيتتى، يېزىپ ھارمايتتى. ئۇ ئۆگىنىشكە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلىپ كەتكەچكە بەزەن چاغلاردا ئاشپەز ئەكىرىپ قويغان تاماق سوۋۇپ كېتەتتى. ئابدۇخالىق شۇ كۈندىكى دەرسنى تولۇق چۈشىنىپ، پىششىق بىلىۋالغاندىن كېيىنلا ئوقۇش يېزىشتىن توخ-

---

[1] بوكۋار — رۇس تىلى ئېلىپبە كىتابى.

تاپ كىتاب، دەپتەرنى يىغىشتۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا ئاشپەز كىرىپ تاماقنى ئەپچىقىپ كېتىپ باشقىدىن ئىسسىتىپ ئەكىرىپ بېرەتتى.

شېرىپ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئالدىنقى كۈنى ئۆگەتكەن دەرسنى ئابدۇخالىققا ئوقۇتاتتى. ئاندىن كىچىك تاختىغا ياد يازغۇزاتتى. ئابدۇخالىقنىڭ ئۆتكەن كۈندىكى دەرسنى پىششىق بىلگىنىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىنلا يېڭى دەرسنى باشلايتتى. چۈشكىچە ئۇلارنىڭ مەشغۇلاتى شۇ تەرتىپتە بولاتتى. چۈشتىن كېيىن ئابدۇخالىق چۈشتىن بۇرۇن ئوقۇغان يېڭى دەرسنى ئوقۇش، يېزىشنى مەشىق قىلاتتى. ئابدۇخالىق شۇ قەدەر ئاڭلىق، ئۆگىنىشتە شۇ قەدەر تىرىشچان ئىدىكى بەزىدە شېرىپ:

— بولدى ئەمدى كېيىن مەشىق قىلىڭ، دەريا بويىغا بېرىپ ئويناپ كېلەيلى، — دېسىمۇ جايىدىن مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلايتتى. ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىشنىڭ پەقەت ھاجىتى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەر بىر يېڭى دەرس، يېڭى مەزمۇنلارنى ئاسانلا پىششىق بىلىۋالاتتى. بەلكىم ئادەملەرنىڭ قابىلىيەت، تالانت دېگىنى مۇشۇدۇر. ئىككى بالا ئىككى يېرىم ئاينىڭ قانداقلارچە ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالدى. تىرىشچانلىق ھېچقاچان زايە كەتمەيدۇ. ئىككى دوستنىڭ تىرىشچانلىقى چېچەكلەپ مېۋە بەردى. ئابدۇخالىق بوكۋارنى ئوقۇپ تۈگەتتى. ئابدۇخالىق ئادەتتىكى كىچىك تېكىست، شېئىرلارنى ھەجىلەپ ئوقۇيالايدىغان، تۇرمۇشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىرمۇنچە سۆزلۈكلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلالايدىغان ئۇنىڭ تاتارچە، ئۇيغۇرچە مەنىسىنى چۈشىنەلەيدىغان بولدى.

يازلىق تەتىل ئاخىرلاشتى. ئابدۇخالىق بۇ چاغدا شەمەيگە يېڭى كەلگەن چاغدىكىدىن خېلىلا جۇدەپ، ياداپ قالغانىدى. ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى شېرىپ دوستى ئابدۇخالىق بىلەن خوشلىشىپ ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق پاراخوت بىلەن

ئومىسكى شەھىرىگە ئوقۇشقا كەتتى. ئابدۇخالىق ئۇنى قىيالمىغان هالدا ئۇزىتىپ قويدى.

ساراي خوجايىنى ئىسهاق ئابدۇخالىققا مېغىزرەڭ چىبەرقۇتتىن ئوقۇغۇچىلار فورمىسى تىككۈزۈپ بەردى. ئابدۇخالىق تۇرپاندىن كىيىپ كەلگەن گۈللۈك دۇپپا، پەشمەت چاپان بىلەن شىمئىشتاننى سېلىۋېتىپ يېڭى كىيىملەرنى كىيدى. ئوقۇغۇچىلار فورمىسى بىلەن فۇراژكا (ئالدى ئېگىز چېكىلىكى قارا پارقىراق شەپكە) ئابدۇخالىققا تولىمۇ ياراشقانىدى. بۇنى كۆرگەن ئىسهاق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مانا ئەمدى ياخشى بولدى. ئوچىن خاراشىۇۋ دېسەك بولىدۇ. بۇ كىيىملىرىڭىز بىلەن مەكتەپكە بارسىڭىز، شەمەيلىك باللارنىڭ ئارىسىدا چانمايسىز، — دېدى ئابدۇخالىقنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ.

ئۇزاقتىن بۇيان كۈتكەن كۈن يېتىپ كەلدى. 1 - سېنتەبىر ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن خوجايىن ئىسهاق ئابدۇخالىقنى رۇس مەكتىپىگە ئېلىپ باردى. مەكتەپنىڭ ئېگىز بويلۇق، كۆزلىرى كۆككۈش، ئۆزى سېرىق كەلگەن 40 نەچچە ياشلاردىكى مەكتەپ مۇدىرى مىخايلوف ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئىسهاق ئابدۇخالىقنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن بۇ بالىنى مەكتەپكە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈندى. مۇدىر مىخايلوف ئابدۇخالىقتىن يۇرتى، ئىسىم - فامىلىسى، يېشى قاتارلىقلارنى سورىدى. ئابدۇخالىق شېرىپنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى ئەسلىدى - دە، مۇدىرنىڭ ھەربىر سوئالىغا دۇدۇقلىمايلا رۇسچە جاۋاب بەردى.

ئىسهاق بۇنىڭدىن بەكمۇ هەيران قالدى. ئۇنىڭ بۇرۇن رۇسچە سۆزنى بىلمەيدىغىنىنى ئاڭلىغان ئەمەسمىدى. ئۇ مانا ئىككى يېرىم ئاي ئىچىدىلا خېلى گەپلەرنى بىلىپ قاپتۇ. «نېمىدىگەن زېهنىي ئۆتكۈر تىرىشچان بالا بۇ» ئىسهاق شۇنى ئويلاپ

سۆيۈنۈپ كەتتى.

مۇدىر مىخايلوۋ بوكۋارنى ئېچىپ ئاخىرىدىكى ئىككى تېكستنى ئابدۇخالىققا ئوقۇتتى. ئابدۇخالىق ھەر ئىككى تېكستنى دۇدۇقلىمايلا ئوقۇدى. مۇدىر ئىككىنچى سىنىپنىڭ ئوقۇش كىتابىنى ئېچىپ بىر ماۋزۇنى كۆرسەتتى. ئابدۇخالىق ئۇ تېكستنىمۇ ئانچە قىينالمايلا ئوقىدى. مۇدىر ئابدۇخالىققا ياد ئىملا يازغۇزدى. ئابدۇخالىق بەزى سۆزلەرنى ياد يېزىشتا خېلىلا قىينالدى. مۇدىر ئۇ سۆزنى قايتا - قايتا ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىنلا ئاندىن توغرا يازالىدى. مۇدىر ئۇنىڭ يېزىم بەت ئىنشاسىنى كۆرۈپ بەش يەردە خاتا كەتكەن جاينى كۆرسىتىپ تۈزەتكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇدىر ئارىفمېتىكىدىن (ھېساب) تۆت ئەمەل مىساللىرىنى كۆرسىتىۋىدى، ئابدۇخالىق ئۇلارنى تېزلا توغرا ئىشلەپ بولدى.

مىخايلوۋ ئىسھاققا:

— بالىنى مەكتەپكە ئوقۇشقا قوبۇل قىلساق بولىدىكەن. ئۇ بىرىنچى سىنىپنىڭ دەرسلىرىنى ئۆگىنىپ بوپتۇ. 3 - سىنىپقا قوبۇل قىلساق تىلدىن قىينىلىپ قالارمىكىن بوپتۇ، 2 - سىنىپتا ئوقۇسۇن، — دېدى.

2 - سىنىپنىڭ سىنىپ مۇدىرى ئاننا ۋاسىلىيېۋنا ئىدى. مۇدىر مىخايلوۋ ئابدۇخالىقنى ئاننا ۋاسىلىيېۋنا مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ بەردى.

ئوتتۇرا بويلۇق، سېرىق چاچلىق، 35 ياشلاردىكى ئانناۋاسىلىيېۋنا بىلىمى مول، تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ رۇس مەكتىپىدە ئوقۇش ئۈچۈن يىراق تۇرپاندىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ھەپتە، ئون كۈن ئۆتمەيلا ئاننا مۇئەللىم ئابدۇخالىقنىڭ تىرىشچان، قەيسەر، ئەدەپلىك، ئېغىر - بېسىق مىجەز - خۇلقىنى ياقتۇرۇپ قالدى. قازان شەھىرىدە چوڭ بولغان بۇ رۇس قىزى تاتار تىلىنى

پىششىق بىلەتتى. ئۇ ئابدۇخالىق بىلەن سۆزلىشىش جەريانىدا تۇرپاندىكى چېغىدا ئۇستازى ئەلى ئىبراھىموفتىن تاتارچىنى ئۆگىنىۋالغىنىنى ئاڭلاپ بۇنىڭدىن سۆيۈندى. چۈنكى ئۇنىڭغا رۇس تىلىدىكى بەزى مۇرەككەپ سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە رۇس تىلى گراماتىكا قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئاسانراق بولىدۇ ـ دە.

ئانىنا مۇئاللىم ئابدۇخالىقنىڭ رۇس تىلىنى تېز ئۆگىنىشى ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇردى. ئۇ ھەر كۈنى دەرستىن كېيىن ئابدۇخالىققا بىر سائەت رۇس تىلى ئۆگەتتى. ھەر بىر يېڭى سۆزلۈك ۋە ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى تاتارچە ئېيتىپ بېرىپ يازغۇزدى. ئۇ ئابدۇخالىققا تېخىمۇ ئاسان بولسۇن ئۈچۈن قازان شەھىرىدىن بىر سودىگەر ئارقىلىق «تاتارچە ـ رۇسچە لۇغەت» نى ئەكەلدۈرۈپ ئابدۇخالىققا بەردى. ئابدۇخالىق ئۇستازىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن لوغەتتىن قانداق پايدىلىنىشنى تېز ئۆگىنىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇخالىقنىڭ رۇس تىلىنى مۇكەممەل ئۆگىنىشىگە ئاسانلىق تۇغۇلدى.

1917 ـ يىلى يانۋار ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى شەمەيدىكى رۇس مەكتىپى ئوقۇغۇچىلارنى قىشلىق تەتىلگە قويۇپ بەردى. ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتۈپ قىشلىق تەتىل قىلىپ شېرىپ ئومىسكىدىن قايتىپ كەلدى. ئىككى دوست قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. گەپ ئارىلىقىدا شېرىپ ئابدۇخالىقنىڭ بىر ئېغىزمۇ تاتارچە سۆز قوشماي رۇسچە سۆزلەۋاتقىنىنى سەزدى. ئۇ ھەيران قېلىپ:

— ئابدۇخالىق سىز رۇسچىنى بەكمۇ تېز ئۆگىنىۋاپسىز جۇمۇ، — دېدى.

— ۋاي دوستۇم، بۇمۇ سىزنىڭ ياردىمىڭىزدىن بولدىغۇ، ئەگەر سىز يازلىق تەتىلدە ماڭا «كىچىك ئەپەندى» بولۇپ تۇنجى سۆز — ئوچىن خاراششۇۋدىن باشلاپ ياخشى ئۆگەتمىگەن بولسىڭىز، رۇسچىنى ھازىرقىدەك بىلەلەيتتىممۇ، — دېدى ئابدۇخالىق.

قىش كۈنلىرى شەمەيدە سوغۇق بەك قاتتىق بولاتتى. قار بەك قېلىن ياغاتتى. ئىككى بالا بېشىغا كىيگەن قۇلاقچىسىنى ئېڭىكىدىن چىگىپ، قېلىن جۇۋىسىنىڭ بېلىنى پوتا بىلەن باغلاپ پۇتىغا كېگىز ئۆتۈك كىيىپ بىرسى بىردىن چانىنى سۆرەپ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى توپىلىككە چىقاتتى. قېلىن قاردا توپىلىكتىن چانىغا چىقىۋېلىپ پەسكە ۋىژىلداپ سىيرىلىپ چۈشۈپ ئوينايتتى. پەستىن يەنە ھاسىراپ - ھۆمىدەپ تۆپىلىككە چانىلىرىنى سۆرەپ چىقاتتى. ئۇ يەردىن پەسكە سىيرىلاتتى.

تېخى شېرىپ ئومىسكىدىن ئىككى جۈپ كانكى ( مۇز تېيىلىش ئايىغى) ئالغاچ كەلگەنىدى. ئۇلار ئىككىسى بەزەن كۈنلىرى كانكىلىرىنى مۇرىسىگە ئارتىپ مۇزلۇققا باراتتى - دە، مۇز تېيىلىشقا باشلايتتى. ئابدۇخالىق كانكىدا مۇز تېيىلىشنى بىلمىگەچكە ھە دېسىلا مۇزغا يىقىلىپ چۈشەتتى. شېرىپ ئۇنىڭغا كانكىدا مۇز تېيىلىشنى ئۆگەتتى. ئۇ بىر نەچچە كۈن يىقىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى كانكىدا مۇز تېيىلىشنى ئۆگىنىۋالدى.

ئىككى دوست تۈن ئۇزاق بولىدىغان قىش ئاخشاملىرى قىشلىق تەتىللىك تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەشكە باشلايتتى. ئابدۇخالىق شېرىپتىن رۇسچە سۆزلەرنى كۆپرەك ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا دائىم رۇسچە سۆزلەپ ئۇنىڭدىنمۇ ئۆزىگە رۇسچە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. شېرىپ ھەرقاچان دوستىنىڭ تەلىپىنى قاندۇراتتى. ئۇنىڭغا ئۇ بىلمىگەن رۇسچە يېڭى سۆز، ئاتالغۇلارنىڭ تاتارچە مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ قوياتتى.

قىشلىق تەتىل ۋاقتى توشۇپ شېرىپ يەنە ئومىسكىغا گىمنازىيىگە كەتتى. 2 - مەۋسۇملۇق ئوقۇش باشلىنىپ ئابدۇخالىق يەنە كۈندە مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇشنى داۋام ئەتتى.

2 - مەۋسۇم ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن ئاننا مۇئەللىم ئابدۇخالىقنىڭ تۇرالغۇسىغا يېقىن بولغان ئالىيۇشا، تۆلە ئىسسىملىك ئىككى رۇس ۋە سارجان ئىسمىلىك بىر قازاق بالىنى

بىر ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قىلىپ تەشكىللىدى. بۇ تۆت ساۋاق-داش كۈندە كەچقۇرۇن بىللە تاپشۇرۇق ئىشلەپ، بىللە دەرس تەكرارلايتتى. تەكرارنى تۈگىتىپ بىللە ئويناپتتى. بۇنىڭ ئۈنۈ-مى بولدى. ئابدۇخالىق رۇس تىلىنى ئۆگىنىشتە تېخىمۇ تېز ئىلگىرىلىدى.

ئاننا مۇئەللىم ئۆز سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن يىللىق ئىمتىھان ئالدى. ئابدۇخالىق ھەممە دەرسلەردىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتتى. ئاننا مۇئاللىم ئابدۇخالىقنىڭ ئەلا نەتىجە بىلەن 3 - سىنىپقا كۆچكەنلىكىنى ئېلان قىلغاندا سىنىپ-تىكى ساۋاقداشلار قاتتىق چاۋاك چېلىشىپ ئابدۇخالىقنى ئالقىش-لىدى. ئابدۇخالىق مەكتەپتىن خۇشال قايتىپ كەلدى. ئۇ دەرۋا-زا ئالدىدا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى، مەخسۇت مۇھىتى، ئەبەيدۇللا شەمەيچىلەرنى كۆرۈپ يۈگۈرگەن پېتى كېلىپ:

— چوڭ دادا! — دەپ مىجىت ھاجىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ چوڭ دادىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن مەخ-سۇت مۇھىتى:

— ئىزدىراستۇۋيتى! — دەپ قۇچىقىنى ئاچتى.

— ئىزدىراستۇۋيتى! — دەپ ئابدۇخالىق مەخسۇت ئاكا بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

مىجىت ھاجى ئابدۇخالىقنىڭ رۇسچىنى شۇنچە تېز ئۆگىنى-ۋالغانلىقىدىن 3 - سىنىپقا ئەلا دەرىجە بىلەن كۆچكەنلىكىدىن بەك سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئەتىسىلا مەكتەپ مۇدىرى بىلەن ئاننا مۇئەللىمنى يوقلاپ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە باردى. ئۇلارغا تۇرپاننىڭ قۇرۇق يېشىل ئۈزۈمى، ئۆرۈك قېقى، مېغىز، قوغۇن قېقى قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن مەخسۇس تەييارلىغان سوۋغى-سىنى تەقدىم قىلدى. مۇدىر مىخايلوفقا رەھمەت ئېيتىپ 500 سوم پۇل قويدى. مەكتەپكە 1000 سوم پۇل ئىئانە قىلدى.

مىجىت ھاجى ئاننا مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئۇنىڭ ئابدۇخالىقنى تەربىيىلىگەن ئەجرىگە كۆپ رەھمەت ئېيتتى. ئۇ ئاننا مۇئەللىمگە 500 سوم پۇل بىلەن خاڭجۇنىڭ ئېسىل تاۋاردىن ئىككى كۆينەكلىك قويدى. ئاننا مۇئەللىم ئابدۇخالىقنىڭ ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقىنى ئاڭلىقلىقىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى. مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇخالىق قايتىدىغان چاغدا ئاننا مۇئەللىم ئۆزى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان «رۇس تىلى لۇغىتى» نى ئابدۇخالىققا تەقدىم قىلدى.

مىجىت ھاجى شۇ كۈنىلا خوجايىن ئىسھاققا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىپ ئۆيىگە پەتىلەپ كىردى. ئۇ ئىسھاقنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي تۇرپاندىن ئۇلارغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن سوۋغا سالاملىرىنى ئىسھاقنىڭ ئالدىغا قويدى. ئابدۇخالىقنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن دەپ 1000 سوم پۇلنى ناھايىتى مۇشكۈلدە ئىسھاقنىڭ ئايالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىر نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە تېز ھەرىكەت قىلىپ تۇرپاندىن ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى بەزىلىرىنى سېتىپ، بەزىلىرىنى مالنى - مالغا تېگىشىپ قولدىن چىقىرىپ بولۇشتى. ئۇلار بىر كۈن تەييارلىق قىلىپ ئابدۇخالىق ۋە ئىسھاق بىلەن خوشلىشىپ تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئومىسكىدىن شىرىپ قايتىپ كەلدى. ئابدۇخالىق شىرىپ بىلەن بىرگە دەرس تەكرارلىدى. تەتىللىك تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىدى. زېرىككەندە ئىككىسى شەھەردىكى ئاغىنىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئېرتىش دەرياسىغا بېرىپ سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىدى. دەريادىن بېلىق تۇتتى. ئۇلار ئۆيلىرىدىن تۇز، دورا - دەرمەك، پىياز ئېلىۋېلىپ تۇتقان بېلىقلىرىنى دەريا ياقىسىغا ئوت قالاپ كىچىك چېلەكتە پىشۇرۇپ بېلىق شورپىسى قىلىپ مەززە قىلىپ يېيىشتى. بۇ خىل دالا تامىقىنى ئابدۇخالىق تۇنجى قېتىم يېگەچ-

كىمۇ ئاغزىغا تېتىپ قالدى.

يازلىق تەتىل ئاخىرلىشىپ يېڭى ئوقۇش يىلى باشلاندى. قەلبىدە يېڭى ئارزۇ - ئارمانلار چېچەك ئاچقان ئابدۇخالىق ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان هالدا كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن مەكتەپكە كەلدى. ئۇ 3 - يىللىقتا ئوقۇش هاياتىنى باشلىدى. ئارىدىن ئازكەم ئىككى ئاي ئۆتتى. ئۆكتەبىر. ئېيىنىڭ ئاخىرىدا پېتىربۇرگتا لېنىننىڭ رەهبەرلىكىدە ئىنقىلاب پارتلىدى. بۇ «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى. نويابىر ئېيىنىڭ 7 - كۈنى پېتىربۇرگتا سوۋېت هاكىمىيىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا روسىيىنىڭ هەرقايسى ئۆلكە، شەهەر، ئوبلاستلىرىدا كەينى - كەينىدىن سوۋېت هاكىمىيىتى قۇرۇلدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە جاهانگىرلىرى روسىيىدە سوۋېت هاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇردى. ئۇلار روسىيىدىكى ئاغدۇرۇلغان چار پادىشاھ كۈچلىرىگە، يېڭى هاكىمىيەتكە قارشى هەر خىل دۈشمەن كۈچلەرگە پۇل، ئوق - دورا ۋە ماددىي ياردەم بېرىپ ئۇلارنى سوۋېت هاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشقا كۈچەپ قۇتراتتى. سوۋېت هاكىمىيىتىنىڭ بۇ دۈشمەنلىرى «ئاقلار» دەپ ئاتالدى. سوۋېت هۆكۈمىتى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئارمىيە قۇردى. بۇ «قىزىل ئارمىيە» دەپ ئاتالدى. قىزىل ئارمىيە سوۋېت هاكىمىيىتىنىڭ دۈشمىنى بولغان ئەكسىيەتچى كۈچلەر — ئاقلارغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن روسىيىدە ئىچكى ئۇرۇش قوزغالدى. بۇ ئۇرۇش روسىيە تارىخىدا گراژدانلار ئۇرۇشى دەپ ئاتالدى.

ئۇزاققا بارمايلا ئەكسىيەتچى ئاق باندىتلار سىبىرىيىدىمۇ سوۋېت هاكىمىيىتىگە قارشى توپىلاڭ قوزغىدى. هەممىلا يەر ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالدى. 1918 - يىلى 1 - ئايدا مەكتەپلەردە ئوقۇش توختاپ تاقىلىپ قالدى. يىراق، چەت شەهەرلەرمۇ ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئەنسىزلىك، پاتىپاراقچىلىقتا قالدى. ئاق باندىت-

لار بۇ يەردىمۇ ئالىتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ ھېچكىمنى تىنچ قويمىدى.
چىن ئىشتىياقى بىلەن تىرىشىپ ئوقۇۋاتقان ئابدۇخالىق يەنە
ئوقۇشتىن مەھرۇم قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چىن دوستىغا ئايلىنىپ
قالغان رۇس تىلى كىتابىنى مەيدىسىگە باسقىنىچە تەقدىرىنىڭ
قىسمىتىدىن زارلىنىپ ھەسرەت بىلەن كىندىك قېنى تۆكۈلگەن
سۆيۈملۈك يۇرتى تۇرپانغا تەلپۈندى.

3 - ئاينىڭ بىر كېچىسى خوجايىن ئىسھاق بىرقانچە ئون
تۆگىلەرگە پۈتۈن مال - مۈلۈكلىرىنى ئارتىپ، بالا - چاقىلىرى-
نى ئېلىپ يوشۇرۇنچە چۆچەككە قاراپ يولغا چىقتى. ئابدۇخالىق-
مۇ ئىسھاقنىڭ كارۋىنى بىلەن چۆچەككە كەلدى. ئۇ يەردىن
ئۈرۈمچىگە ماڭغان سودىگەرلەر بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. 6 -
ئاينىڭ ئاخىرى ئابدۇخالىق ئايرىلغىنى ئىككى يىلدىن ئاشقان ئانا
يۇرتى تۇرپانغا قايتىپ كەلدى.

مەسئۇل مۇھەررىر :  رىسالەت ئابلا
مەسئۇل كوررېكتور : خۇدابەردى خېلىل

# كەلگۈسىنىڭ شائىرى

( رومان)

ئاپتورى: مۇھەممەت شاھنىياز

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2007 ـ يىل7ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2007 ـ يىل 7 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 1168×850م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 12
سانى 0001 ـ 2000:
باھاسى 20.00يۈەن
ISBN 978-7-105-08406-7/ I. 1841/(维 266)

责任编辑 ：热沙来提 .阿不拉
责任校对 ：胡达白尔的

图书在版编目(CIP)数据
“未来”的诗人:维吾尔文/买买提.夏尼亚孜著.
北京：民族出版社，2007.7
(托起明天的太阳 ___ 民文青少年读物丛书)
ISBN 978-7-105-08406-7

Ⅰ.未 ... Ⅱ.买 ...Ⅲ.长篇小说-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第 099957 号

出版发行：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2007 年 7 月第 1 版　2007 年 7 月北京第 1 次印刷
开　　本：850 毫米×1168 毫米 32 开
印　　张：12
印　　数：0001-2000 册
定　　价：20.00
ISBN 978-7-105-08406-7/ I.1841/(维 266)

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

ISBN 978-7-105-08406-7
9 787105 084067 >
定价: 20.00 元